شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

ئەزىز ئىمىر ياڭغىن

# قوشكېزەكلەر

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى



## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئەزىز ئىمىر يانغىن 1985 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاۋات ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 2010 ـ يىلى 6 ـ ئايدا غەربىي جەنۇب مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇچۇر باشقۇرۇش كەسپىنى پۈتكۈزگەن. 2014 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو ئېلېكتىرون پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش كەسپىنى پۈتكۈزگەن.

ئەزىز ئىمىر يانغىننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 2002 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «پەخرىم ـ ئانا تىل» ناملىق نەسر بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن بۇيان «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «قەشقەر»، «كىرروران»، «يېڭى قاشتېشى»، «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى»، «تەڭرىتاغ»... قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا «مۇھەببەتنىڭ كۆز يېشى»، «مۇھەببەت قاتىلى» ناملىق

پوۋېستلىرى، «مۇھەببەت جاۋابىڭ نېمە؟»، «قەپەستىكى يۈرەك»، «مۇھەببەت قەدىرلىگەنلەرگە مەنسۇپ»، «قىز قەلبى»... قاتارلىق ھېكايىلىرى، «مۇھەببەت مەكتۇپلىرى»، «سېغىنىش ئىزتىراپلىرى»، «گۈگۈم پەسلى»... قاتارلىق نەسرلىرى بولۇپ 100 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، نەسر، شېئىر، ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ÜBERREICHT VON DER
DEUTSCHEN
FORSCHUNGSGEMEINSCHAFT

N 978-7-5466-2872-1
87546 628721>
定价：30.60元

شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت،
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

ئەزىز ئىمىر يانغىن

# قوشكېزەكلەر

(رومان)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

# قوشكېزەكلەر

(رومان)

ئاپتورى: ئەزىز ئىمىر يانغىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا ئابدۇنەيىم
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلناز مۇھەممەت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ۋاڭ ياڭ
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن تېخنىكا نەشرىياتى
تېلېفون: 2862725 ـ 0991
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 255 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830049
باسقۇچى: سانجى ئوبلاستلىق شېڭخۇا باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 11.75
خەت سانى: 207 مىڭ
نەشرى: 2015 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 ـــ 12300
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5466 - 2872 - 1
باھاسى: 30.60 يۈەن

# كىرىش سۆز

شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئاساس قىلىنغان ھەرمىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەر ئىجادىيىتىگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىش، ھەرمىللەت يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمە ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى ۋە ھۇزۇرلۇقلۇقى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 2011 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويۇپ، ھەر يىلى ھەرمىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلىدى ھەم «ياخشىسىنىڭ ياخشىسىنى تاللاش» تىن ئىبارەت باھالاش ئۆلچىمى بويىچە نۇقتىلىق يۆلىدى ۋە ئۇلارنى نەشر قىلىشقا ماددىي ياردەم بەردى.

يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتا، شىنجاڭدىكى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇش، كەڭ ئېچىۋېتىش، زور تەرەققىي قىلدۇرۇش قىزغىن ئەمەلىيىتى بەدىئىي ئىجادىيەت ئۈچۈن پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنبە بولدى. شىنجاڭدىكى كەڭ يازغۇچى، سەنئەتكارلار زامانىۋى

مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دەۋر روھى ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ئىدىيەۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىي جەلپكارلىقى كۈچلۈك، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە شىنجاڭچە ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەرمىللەت ئاممىسى ياقتۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ياراتتى. «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى «بىر گەۋدە كۆپ مەنبەلىك» زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، «نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىش» خىزمەت نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىيەتنى تارقىتىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات ـ يېڭىلىق يارىتىش يادرو قىلىنغان دەۋر روھىنى جانلاندۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈپ، بىر نىيەتتە ئىناق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم رىئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» مەجمۇئەسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت يازغۇچىلىرى ئىجاد قىلغان دەۋر ئۆزگىرىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شىنجاڭچە روھ گەۋدىلەندۈرۈلگەن، مىللىي مەدەنىيەت ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ قايناام ـ تاشقىنلىق رىئال تۇرمۇشى

نامايان قىلىنغان نادىر ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار ھېكايە، شېئىر، نەسر، ئوبزور، ئەدەبىي ئاخبارات، باللار ئەدەبىياتى قاتارلىق تۈرلۈك ئەدەبىي ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر يىلى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتكەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر ياردەم مەبلىغى بىلەن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت خەلق تۈرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ۋە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا تەقدىم قىلىندى ھەم شىنخۇا كىتابخانىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىپ، ھەرمىللەت يازغۇچىلىرى، ئوقۇرمەنلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت باغچىسىنى تېخىمۇ كۆركەم تۈسكە كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك مەنىۋى كۈچكە ئايلانغۇسى. بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈلەش ۋە تۈزۈش ـ تاللاش خىزمىتىدە، بىز ئاشكارا، ئادىل، لىللا بولۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت ئىچىدە مەشھۇر بولغان بىرىنچى قاتاردىكى داڭلىق ئەدەبىيات ماركىسىنى يارىتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى، ھۇزۇرلۇقلۇقى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم نادىر ئىجادىي ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل مەنىۋى

مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئۇزۇكسىز قاندۇرىمىز، دەۋرنى كۈيلەپ، خەلقنى مەدھىيەلەپ، قەھرىمانلارغا ئابىدە تىكلەپ، ھەرمىللەت ئاممىسى جۇشقۇن يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان گۈزەل داستاننى بىرلىكتە يېزىپ چىقىپ، مەدەنىيەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىمىز.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي

# 1

— ئوغرى! ئوغرىنى تۇتۇڭلار! ئوغرى!

پىيادىلەر كوچىسىدا ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدىن بىر خەنزۇ قىزچاق تۇيۇقسىز ۋارقىرىدى، ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە غەلىتە قاراپ:

— ۋاي، مېنىڭ پورتمانىم، — دەپ نالە قىلىۋاتاتتى. بۇ چاغدا داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىشقان كىشىلەر جىددىيلىشىپ دەرھال يانچۇقلىرىنى تۇتۇشتى. قىزچاق شۇ تاپتا خۇددى بىر توپ ئوغرىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك، ئەتراپىدا تۇرغان ھەربىر ئادەمگە گۇمان بىلەن قارايتتى. نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ، خۇددى ئوغرىنىڭ ئىچى ئاغرىپ پورتمىنىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغاندەك ئەتراپىغا تەلمۈرەتتى.

— پورتمىنىڭىزدا قانچە پۇل بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى ئارىدىن بىر ئۇيغۇر يىگىت قىزغا ئىچ ئاغرىتىپ.

— ئىككى يۈز يۈەن، يەنە بانكا كارتىسى، سالاھىيەت كىنىشكام، بانكا كارتىسىدا ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن تاپشۇرىدىغان بەش مىڭ يۈەن پۇل بار ئىدى... — ئۇنىڭ ئۈنى بارغانسېرى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئەتراپتىكى بەزىلەر قىزغا ئىچ ئاغرىتىپ ئوغرىنى نېمىنىدۇر دەپ تىللاپ قىزغا تەسەللى بېرەتتى. قىز بولسا نېمە قىلارىنى بىلمەي قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالغانىدى.

ئادىلە پىيادىلەر كوچىسىدىن ئۆتۈپ، مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئارقىسىدىكى ھاجەتخانىغا كىرىۋالدى. بەك تېز يۈگۈرگەنلىكتىن ھاسىراپ، يۈرىكى سىلىپ، پۈتۈن ئەزايى چىلىق ـ چىلىق تەرگە

چۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ھاجەتخانىغا كىرىپلا تامغا يۆلىنىپ بىردەم تۇرۇۋالدى، ئاندىن بايا كوچىدا ھېلىقى خەنزۇ قىزنىڭ يانچۇقىدىن ئوغرىلىۋالغان پورتماننى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئاۋايلاپ ئاچتى. ئىچىدىكى يۈز يۈەنلىك پۇلدىن ئىككىنى كۆرۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئالمان ـ تالمان پورتماننىڭ ئىچىدىكى پۇلنى ئېلىۋېتىپ، ھەممە يەرلىرىنى ئېچىپ تەكشۈ ـ رۈپ باققاندىن كېيىن، ئۆزىگە لازىملىق باشقا نەرسىلەرنىڭ يوق ـ لۇقىنى ھېس قىلىپ، پورتماننى ھاجەتخانىغا تاشلىۋەتتى.

ئۇ ھاجەتخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇدۇل يەنە پىيادىلەر كوچىسىغا يېتىپ كەلدى. بازار بەكمۇ ئاۋات بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيتتى. ئادىلە كۆڭلىدە يەنە بىرنەچچە «سودا» نىڭ ئوڭۇشلۇق پۈتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، خۇددى تەجرىبىلىك ئوۋچىلاردەك ئەتراپتىكىلەرنى كۆزەتكىلى تۇردى. تۇساتتىن ئۇ ـ نىڭ كۆزى كوچىدا كېتىپ بارغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەيلەنگە چۈشتى، چېھرىدە ئۈمىد نۇرلىرى سۇس بالقىدى. ئۇ قەدەملىرى ـ نى تېز ـ تېز ئېلىپ ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا ئەمدىلا كېلىشىگە ئۇ كىشى كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقتى، ئادىلەمۇ قىلچە ئىككىلەنمەس ـ تىن ئۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئاپتوبۇستا ئادەملەر كۆپلۈكىدىن، ھەتتا پۇت قويغۇدەك يەرمۇ تېپىلمايتتى. بايىقى كىشى ئىككى قولىدا سومكا ـ چامدانلىرىنى كۆتۈرۈپ، باشقىلارغا سوقۇلۇپ كېتىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئولتۇرغۇدەك ئورۇن ئىزدەپ ئاۋارە ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئورۇن بوشىتىپ بەرگۈدەك ھېچكىم چىقمىدى. شۇ چاغدا ئادىلەمۇ بۇ قىستا ـ قىستاڭ كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ، ئۇ كىشىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيۋاتاتتى. ئۇ كىشىنىڭ ئىككىلا قو ـ لىدا نەرسە بارلىقىنى كۆرۈپ ئادىلە قەدىمىنى ئاستا ـ ئاستا يۆتكەپ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە

دادىسىنىڭ ئەتىگەن دېگەن: «ئەگەر بۇگۈنمۇ قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن!» دەپ ۋارقىراشلىرى كەتمەيتتى. ئاپتوبۇس تۇيۇقسىز قاتتىق تورمۇز قىلىنىپ، بىر نەچچە كىشى يىقىلىپ چۈشتى. ئادىلە بۇ قالايمى-قانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ھېلىقى ئادەمنىڭ يانچۇقىدىن پورتماد-نى سوقۇۋالدى ـ دە، ئۆزى ئادەملەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ چىقىش ئىشىكىگە يېقىن بىر جايغا كېلىپ تۇرۇۋالدى. ھېلىقى ئادەممۇ ئۇنىڭ كەينىدىن قىستىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى يېڭىلا بوشىغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئادىلە ئۇنىڭ ئۆ-زىگە يېقىن كېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى.

شۇ ئارىدا ئاپتوبۇس توختاپ بىر نەچچە ساقچى چىقىپ يولۇچىلارنىڭ سالاھىيەت كىنىشكىسىنى بىر ـ بىرلەپ تەك-شۈرگىلى تۇردى. ھېلىقى ئادەم ساقچىلارنى كۆرۈپ، قولىدىكى نەرسىلەرنى ئاستا يەرگە قويدى ـ دە، ئادىلەگە قاراپ قويدى. ئا-دىلە دەرھال يەرگە قارىۋالدى. ھېلىقى ئادەم ئەتراپىغا قارىۋېتىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى :

ـــ قىزىم، سىز ئېلىۋالغان پورتماننىڭ ئىچىدە سالاھىيەت كىنىشكام بار ئىدى، سالاھىيەت كىنىشكامنى ماڭا بېرىپ، پورت-ماننى ئۆزىڭىز ئېلىپ قالسىڭىز.

ئادىلە ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئۆزلىرى تەرەپكە يېقىنلاپ كې-لىۋاتقان ساقچىلارغا قاراپ قويدى. ھېلىقى ئادەم بايىقى سۆزلىد-رىنى يەنە بىر قېتىم سىلىق ئېيتتى. ئادىلە نېمە قىلارىنى بىد-لەلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى. شۇ چاغدا بىر ساقچى ھېلىقى ئا-دەمگە گەپ قىلدى:

ـــ سىزنىڭ سالاھىيەت كىنىشكىڭىز؟

ـــ ھە، قىزىمنىڭ يانچۇقىدا ئىدى، قىزىم، سالاھىيەت كى-

نىشكىنى بەرگىنە، ــ ئۇ ئادىلەگە مېھىر بىلەن تىكىلدى. «قىد-زىم» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئادىلە خىجىل بولغىنىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى ۋە تىترىگەن قوللىرى بىلەن پورت-مانىنى ئېلىپ ھېلىقى ئادەمگە بەردى. ئۇنىڭ كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ساقچى ئادىلەگە قارىۋىدى، ئادىلە سالاھىيەت كىنىشكىسىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتى.

ــ قىزىمنىڭ سالاھىيەت كىنىشكىسى يىتىپ كېتىپ، يې-قىندا يېڭىدىن بېجىرگەنىدۇق، تېخى چىقمىدى، ــ ھېلىقى ئا-دەم ئالدىراش - تىنەش چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ساقچىمۇ ئار-تۇقچە گەپ قىلماي ئۇلارنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالدى.

ئادىلە ھېلىقى ئادەمگە قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالغانىدى، ئۇنىڭ بىر نېمە دېگۈسى كېلەتتى، لېكىن خىجىللىقتا ئاغزىنى ئاچال-مايتتى. نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

ــ ئىسمىڭىز نېمە؟ ــ سورىدى ھېلىقى ئادەم.

ــ ئادىلە، ــ ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

ــ قارىسام ئۆزىڭىز شۇنداق چىرايلىق قىز ئىكەنسىز، نېمە ئۈچۈن مۇنداق ئىشنى قىلىسىز؟

ــ ...

ئادىلە ئۈندىمىدى.

ــ يوقسۇزچىلىقتىن مۇشۇنداق قىلىۋاتقان گەپمۇ؟

ــ ياق، ياق... ــ قىز تېخىمۇ ھودۇقتى.

ــ كىم ئۇ، سىزنى مۇشۇنداق نومۇسسىز ئىشنى قى-لىشقا مەجبۇرلاۋاتقان؟

ــ دادام، ــ ئادىلە شۇنداق دېدى - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ھېلىقى ئادەمگە تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۈرىكىدىكى ھەسرەت - نادامەتنى ئىزھارلاپ تۇراتتى.

ئاپتوبۇس بېكەتكە كەلگەندە توختىدى، ئادىلە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا باشقىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن، ئىتتىك ـ ئىتتىك ماڭدى.

ــ ئادىلە!

توساتتىن بىرىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ بايىقى ئادەمنى كۆردى. قولىدا يەنە سومكا، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قىستىلىپ ئادىلە تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

ــ نەگە بارىسىز ؟

ــ ھېچنەگە.

ــ قىزىم، خاپا بولماي نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئۆيۈمگە ئاپىـرىشىپ بەرگەن بولسىڭىز، ئۆيۈم ئالدىمىزدىكى بىنادا ئىدى، ــ ئادىلە رەت قىلىشقا ئامالسىز، ئۇندىمەي نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ھېلىقى ئادەم ئادىلەنىڭ تېخىچە قورقۇپ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

ــ ئىسمىم ئابلەت، ئۆزۈم ساقچى، ئايالىم تۇغۇپ كەتكەن، بىر نەچچە يىل بولدى، پېنسىيەگە چىقىپ يالغۇز ياشاۋاتىمەن.

«ساقچى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئادىلەنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇندىمەي ئۇ ئادەمنىڭ گېپىنى زەن سېلىپ ئاڭلىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

ــ بايا دادامنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئاشۇنداق ئىشنى قىلىۋاتىمەن دېدىڭىز، توۋا، ئۆز قىزىنى شۇنداق ئىش قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان دادىمۇ بارمىدۇ، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ـ ھە... ــ ئابلەت سۆزلەۋېتىپ تۇيۇقسىز توختىۋالدى. ئۇ ئادىلەنىڭ چىرايى باشقىچە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدى. «ئۆز قىزىنى شۇنداق ئىش قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان دادىمۇ بارمىدۇ؟» دېگەن گەپ ئادىلەنىڭ يۈرىكىگە تەگكەنىدى،

كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بىر پەس جىم-جىتلىق قاپلىدى، ئۇ ئادەممۇ ئادىلەنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ باشقا گەپ قىلمىدى.

— قىزىم، خاپا بولىسىڭىزمۇ سىزگە بىر نەسىھەت قىلاي، ياشلىق گۈللىگىزنى مۇنداق خاراب قىلمىۋەتمەڭ. ئادەم ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلىشى كېرەك، بۇ ئىشقا راستىنىلا دادىڭىز زورلىغان بولسا، ئۇنىڭغا ياخشى چۈشەندۈرۈڭ، بۇ ئىش-تىن قول ئۈزۈڭ...

ئادىلە شۇ تاپتا يەرنىڭ يېرىلىشىنى شۇنداق خالايتتى، ئەگەر يېرىلغان بولسا ئاشۇ يەرنىڭ ئاستىغا كىرىۋالسا...

ئىككىسى پاراڭ بىلەن بولۇپ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قېلىشقانىدى. ئادىلەنىڭ يۈرىكى يىڭنە تىققاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئىككى ئاتا ئارىدىكى پەرق نېمىدېگەن زور - ھە! بىرى، قىزغا تەربىيە قىلىپ ياخشى يولدا مېڭىشقا ئۈندەۋاتىدۇ، يەنە بىرى، ئۆز قىزىنىڭ يولىغا ماڭدامدا بىر تىكەن ئۈندۈرۈپ، قىزىنىڭ بەختىنى نابۇت قىلىۋاتىدۇ... قىز ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى.

ئۇ ئادەم ئادىلەنىڭ مىسكىن چىرايىغا مېھىر بىلەن قارىدى:

— قىزىم، قېنى ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى ئۇنىڭ قوللىرىدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى ئالغاچ.

ئادىلە بىر پەس ئىككىلىنىشتىن كېيىن ئۇنىڭ كەينىدىن ئاستا ئەگىشىپ، قورۇنۇش، خىجىللىق ئىچىدە ئۆيگە كىردى. ئۇ ئازادە، ئېسىل سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆينى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ مۇنداق ئېسىل ئۆيگە ئۆمرىدە تۇنجى قې-تىم كىرىشى ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تېز - تېز سوقۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆيگە قايتا - قايتا سەپسالدى، ئۆزىنى خۇددى بىر دەمنىڭ ئىچىد-دە قاپقاراڭغۇ بىر دۇنيادىن يوپيورۇق دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك

ھېس قىلىنىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭغا تامامەن ناتونۇش ئۆي بولسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر بەكمۇ يېقىملىق تۇيۇلماقتا ئىدى.

تۇيۇقسىز ئادىلەنىڭ كۆزى تامغا چوڭقايتىپ ئېسىپ قويۇلغان سۈرەتكە چۈشتى. سۈرەتتە بايىقى كىشى، يېنىدا چىرايلىق بىر ئايال، ئايالنىڭ قولىدا تۆت ـ بەش ياشلار چامىسىدىكى ئوماق بىر قىز تۇراتتى.

— سۈرەتتىكى ئايالىم بىلەن قىزىم.

ئادىلە ھەيرانلىقتا ئارقىسىغا قارىدى، ئۇ ئادەممۇ سۈرەتكە تىكىلىپ قاراپ قالغانىدى.

— سىزنىڭ قىزىڭىز؟ — ئادىلەنىڭ قىزغا بەكمۇ مەستلىكى كەلگەنىدى، مۇشۇنداق باياشات ئائىلىدە، مېھرىبان دادىنىڭ كۆيۈنۈشىدە ياشاۋاتقان نېمىدېگەن بەختلىك قىز ـ ھە.

— شۇنداق، مېنىڭ بىر تاللا قىزىم ئىدى، ئىسمى مۇنىرە ئىدى. لېكىن...

ئادىلە ئۇ كىشىنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي كۆزىگە تىكىلدى، ئۇ كىشى ئادىلەنىڭ مەڭدەپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— ئون بەش يىل بولدى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدىم. ئۇنى ھەر قېتىم ئەسلىسەم يۈرىكىم پۇچۇلىنىدۇ، — سۆزلەۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزى لىققىدە ياشقا تولدى. ئادىلە ئۇنىڭ يۈرەك جاراھىتىنى قوزغاپ قويغانلىقىنى سېزىپ ئارتۇقچە سوئال سورىمىدى.

— سىز، — دېدى ئۇ كىشى كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — مەن سىزنى ئاپتوبۇستا تۇنجى كۆرگەندە قانداق تۇيغۇغا كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ مەن خۇددى ئۆز قىزىمنى كۆرگەندەك بولدۇم.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئادىلە ئۇنچىقماي ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇ كىشى ئادىلەنىڭ ئۇندىمىگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ۋۆي قىزىم، سىزنى ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلماپتىد-ـمەن، قېنى، بىر ئاز ئولتۇرۇپ هاردۇقىڭىزنى چىقىرىۋېلىڭ...
— بولدى، رەهمەت تاغا... مېنىڭ يەنە نۇرغۇن ئىشلىرىم بار ئىدى. سىزدىن بەك خۇش بولدۇم.
— مەيلى ئەمىسە قىزىم، سىزنى تۇتۇۋالماي، — ئۇ كىشى شۇنداق دېگەچ يېنىدىن 100 يۈەنلىك پۇلدىن ئىككىنى چىقىرىپ ئادىلەگە تەڭلىۋىدى، ئادىلەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.
— بۇگۇن، — دېدى ئادىلە، — تۇنجى قېتىم ئاتا مېهرىگە ئېرىشكەندەك هېسسىياتتا بولدۇم. بۇ پۇلنى بەرگىنىڭىزدىن مەن شۇ مېهرنى هېس قىلدىم؟
— ئېلىڭ قىزىم، مېهىر - مۇهەببەت پۇل بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ.
ئادىلە بېشىنى كۆتۈرمەي، پۇلنى ئېلىپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
— قىزىم، مانا، ئۆيىمىزنى كۆرۈۋالدىڭىز، قانداق قىيىنچىلىق-قا ئۇچرىسىڭىز مېنى ئىزدەپ كېلىڭ.
ئادىلە بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى.
— ئەمىسە ئامان بولۇڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ!
- رەهمەت، ئۆزىڭىزمۇ شۇنداق، — ئۇ ئەلەم بىلەن شۇنداق دې-ـدى - دە، كۆز ياشلىرىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن بۇرۇلۇپلا يۈگۈردى.

## 2

ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىغان نەرگى-ـزە ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كىيىم - كېچەكلىرىنى چالا - بۇلا كىيىپ سىرتقا چىقتى.
تۇن تەڭ بولاي دەپ قالغانىدى، ئاسماندا سانسىزلىغان يۇل-ـتۇزلار يېقىملىق جىمىرلىشىپ تۇراتتى. مەيىن شامال نەرگىزە-

نىڭ يۈزىنى يۇمشاقلىق بىلەن سىيپاپ ئۆتەتتى.
نەرگىزەنىڭ كۆڭلىنى ئالىقاندىقتۇر خۇشاللىق ھېسلىرى چىرمىۋالدى. كەنت ئىچى گويا دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەندەك شۈنداق جىمجىت، شۇنداق سۈرلۈك ئىدى. بۇ سۈرلۈك جىمجىت-لىقنى پەقەت كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن شىرىلداپ ئېقىپ ئۆتكەن ئېقىننىڭ ساداسى، سەگەك ئىتلارنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ ھاۋ-شىشلىرى بۇزۇپ تۇراتتى. ھەممە ئۆيلەردە چىراغلار ئۆچكەن، ھەممە شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغان. پەقەت نەرگىزەلا بۇ خىل جىمجىتلىقتىن مۇستەسنا ئىدى. شۇ تاپتا بۇ خىل قاراڭغۇلۇق-تىن بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقان كىشىدەك ئەتراپقا توختىماي نە-زەر سالاتتى. شامالنىڭ مەڭزىگە ئۇرۇلۇشىدىن شېرىن ئەللەي-لىنەتتى.
نەرگىزەدە شائىرلارنىڭ نەپىس غەزەللىرىدەك شۇنداق بىر شېئىرىي گۈزەللىك بار ئىدىكى، ئۇ گويا سەھەر ئاسمىنىدىن ئاستا - ئاستا يېتىۋاتقان كەچكى شەپەقنى يورۇتماقچى بولغان كۆچلۈك نۇر دەستىسىگە ئوخشايتتى.
قار لەيلىسىدەك، ئاپئاق بولۇتتەك يۇمشاق، كەڭ ئېتەكلىك، نېپىز يىپەك كۆڭلىكى ئۇنىڭ مەرمەردەك سۈزۈك، تولغان يوتى-لىرىنى شامالنىڭ ئۇرۇشى بىلەن سۆيۈپ ئەركىلەتمەكتە ئىدى.
قوڭۇر رەڭلىك، دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۇزۇن چاچلىرى يەل-كىسىنى ياپقان، قىياقتەك ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى قاپقارا ئوتلۇق كۆزلىرىدە، جىنەستىدەك قىزىل لەۋلىرىدە، تاڭ شەپە-قىدەك مەڭزىدە ئوماقلىق، ئىشەنچ ۋە تەبەسسۇملۇق كۆلكە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.
— شۈكرى خۇدايىم، كىشىنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىغا يەتمىكى دېڭىز ئاستىدىن ئۈنچە - مەرۋايىت سۈزۈۋالماقتىنمۇ تەس دەيدى-كەن، — دېدى نەرگىزە ئۆز - ئۆزىگە، — جاپالىق تىرىشىشلى-

رىمنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندىم. ئارزۇ دېگەن خەتەرلىك چوققا بولسىمۇ، سەۋر قىلـ-غان، ئىرىشقان، قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بەرگەن ئادەم چوقۇم چىقالايدىكەن. ئالىي مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئىرىشىپ ئۆگىنىمەن. ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى بەختىم ئۈچۈن بىر مىنۇت ۋاقىتنىمۇ بوش ئۆتكۈزمەيمەن. دادامنىڭ، مەرھۇم ئانامنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى چوقۇم ئاقلايمەن...

شۇ دەقىقىلەردە نەرگىزەنىڭ دادىسى نۇرلان ئاكىمۇ ئويغاق ئىدى. ئۇ ئارزۇلۇق، يالغۇز قىزىنىڭ ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىـ-لىنغىنىغا بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كۆڭـ-لى يېرىم ئىدى. نۇرلان ئاكا مۇشۇ كەنتتە خېلى داڭقى بار ئۇستا سەيپۇڭ ئىدى. بەزىدە شەھەرلەردىنمۇ خېرىدارلار چىقىپ نۇرلان ئاكىغا كىيىم تىككۈزەتتى. ئايالى تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن قايـ-تا تۇرمۇشلۇق بولغان. لېكىن نەرگىزە ئون ياشقا كىرگەندە ئىككىنچى ئايالىمۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. شۇ-نىڭدىن كېيىن باشقا ئاياللار نۇرلان ئاكىنى شور پېشانە دەپ ئۇ-نىڭغا ياتلىق بولۇشنى رەت قىلغانىدى. نەرگىزەگە ھەم دادا، ھەم ئانا بولۇپ مۇشۇنچىلىك قىلغۇچە ئۆزىنىڭ قانچىلىك جاپالارنى چەككىنىنى بىر ئۆزى بىلىدۇ...

نەرگىزە ئەتە يولغا چىقىدۇ، بۇ كەنتتىن ئايرىلىپ ئۆزىگە تا-مامەن ناتونۇش بولغان شەھەردە ياشايدۇ. نۇرلان ئاكا ئۆزىنىڭ يە-نە يالغۇز قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتى. ئۇ-نىڭ شالاڭ ساقىلى تىترەپ، كۆزلىرىدە پەرىشان ئۇچقۇنلار پىلـ-دىرلىدى.

نۇرلان ئاكا كىچىچە كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزدى. ئۇ قىزى نەرگىزە بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ئىغىر كۈنلەرنى ئەسلىگەنـ-سېرى كۆزلىرى نەمدىلەتتى. نەرگىزە نەقەدەر ئوماق قىزىم ــ ھە؟

نۇرلان ئاكىنىڭ يۈرىكى ئاشۇ قىزى بىلەن شاد - خۇراملىققا تولاتتى. بىر كۈنلۈك ئىشنى تۈگىتىپ ئېغىر قەدەملىرىنى بې-سىپ ئۆيگە كەلگىنىدە، نەرگىزەنىڭ «دادا» دېگەن ئوماق ئاۋازىنى ئاڭلىسا بىر كۈنلۈك ھارغىنلىقى ۋۇجۇدىدىن تۇماندەك تارقىلىپ كېتەتتى. نۇرلان ئاكا ئۆزىنى بۇ دۇنيادا پەقەت نەرگىزە ۋە ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

— سەن ئانىسىز چوڭ بولدۇڭ قىزىم، — دېدى نۇرلان ئاكا ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن نەرگىزەنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ. ئۇ-نىڭ چىرايىدىن مەيۈسلۈك، قىزىغا چىدالماسلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— ئەمدى مەندىن، يۇرتتىن ئايرىلىپ، ناتونۇش جايغا مېڭىۋا-تىسەن. مېنىڭ ئۈمىدىمنى ئاقلاپ، ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قى-لىنغىنىڭدىن بەك خۇش بولدۇم قىزىم، سەندىن ئۆمۈرۋايەت رازىمەن، مەيلى قەيەردە بولما، مېنى ئۇنتۇپ قالمىغىن. ھەرۋا-قىت ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، دوستلىرىڭغا ئالدىراپ ئىشەنمە. قى-يىنچىلىق تارتىپ، قىسىلىپ قالساڭ ماڭا تېلېفون قىلغىن...

— ماقۇل دادا... ماقۇل! چوقۇم سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك ياخ-شى ئوقۇيمەن. سۆزلىرىڭىزنى ھەرۋاقىت ئېسىمدە چىڭ تۇتىمەن.

نەرگىزە يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى زورىغا بېسىپ تۇر-سىمۇ، ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ، بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى. يۈرەكلەر ئايرىلىشقا چىداشلىق بېرەلمەيۋاتات-تى، ئۆي ئىچىنى بارغانسېرى سىر بېسىپ كېتىپ باراتتى.

نەرگىزە ئۆزىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇ-رۇش، شۇنداقلا كەلگۈسى بەختى ئۈچۈن قۇتلۇق سەپەرگە ئاتلاندى.

نۇرلان ئاكا نەرگىزەنى ئۇزىتىپ قويۇپ، دۇكانغا چىقماي،

ئۇدۇل قەبرىستانلىقتا باردى. ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرىنى قەبرى-
لەرگە تىككەندە، ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدى. بىر ھازا ئۆتكەن-
دىن كېيىن ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ، يېنىغا سۆگەت شېخى
سانجىپ قويغان، شاخقا ئاق رەڭلىك لاتا چېگىلگەن قەبرىنىڭ يې-
نىغا كەلدى. بۇ نەرگىزەنىڭ ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئىدى. ئۇ قەب-
رىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، مۇڭلۇق خەتمىقۇرئان ئوقۇدى. ئۇزاق
دۇئا قىلغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا قارىدى:
— ئەي خۇدا، قىزىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، مۇشكۇ-
لىنى ئاسان قىلغايسەن...
ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىسى قېتىپ قالغانىدى. ئۇ بىر-
دىنلا قەبرىنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.
— جېنىم پاتەمخان، ياتقان يېرىڭلا جەننەتتە بولسۇن! شۇ تاپ-
تا ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتامدىغانسىلە؟ مانا قىزىمىز ئالىي
مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلاندى. ئەگەر ھايات بولغان
بولساڭلا قانچىلىك خۇشال بولغان بولاتتىڭلار - ھە! مېنى كە-
چۈرۈڭلا، مەندەك ئازغۇننى كەچۈرۈڭلا، مەن گۇناھ پاتقىقىغا پات-
قان چوڭ جىنايەتچىمەن. روھىمنى ئىس - تۈتەك قاپلىغان گۇ-
ناھكار بەندىدۇرمەن. يەنە بىر قىزىمىزمۇ يېنىمىزدا بولغان بول-
سا قانچىلىك بەختلىك بولار ئىدىم، شۇ بىچارە قىزىم نېمە كۈن-
لەرنى كۆرۈپ يۈرگەندۇ ؟ مەندەك گۇناھكار دادىسىدىن نەپرەتلە-
نەرمۇ؟... ئاھ خۇدا، قىزلىرىمغا ئاسايىشلىق، ئۇلارنىڭ دىلىغا
ھەرۋاقىت ئىنساب ئاتا قىلغايسەن...
نەرگىزەنىڭ ئارمىنى رېئاللىققا ئايلاندى، ئۇ بېيجىڭ تىل
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نېمىس تىلى فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغا-
نىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ھاياجانغا چۆمگەنىدى. بىراق، ئۇنىڭ خىيا-
لىدىن ھامان يىراقتىكى دولان يۇرتى، يالغۇز دادىسى كەتمەيتتى.
ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا ماكانىدىن ئايرىلىپ بۇ قاينام-

تاشقىنلىق پايتەخت شەھەر بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. پويىزدىن چۈشۈشى بىلەن كۆككە بوي سوزغان سانجاق ـ سانجاق بىنالار ئۇنىڭ كۆزىنى ئالا ـ چەكمەن قىلىۋەتتى. ئۇ ھەم ھەيران بولاد-تى، ھەم ھاياجانلىناتتى. ئوقۇتقۇچىلىرىدىن تولا ئاڭلايدىغان، تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ ھەۋەسلىنىپ كېتىدىغان شەھەرگە يېتىپ كەلگىنىگە تۇرۇپ ئىشەنمەي قالاتتى...

نەرگىزە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ باشلىشى بىلەن ئۆزى ئوقۇيدىغان بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلدى. ئۇنىڭ قاد-لىرى قىزىۋاتاتتى، يۈرىكى ھېلىلا ئاغزىغا تىقىلىپ قالىدىغاندەك دۇپۇلدىمەكتە ئىدى. ئاھ، كېلىشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلغان سۆيۈملۈك مەكتەپ، مېنىڭ گۈزەل كەلگۈسۈمنىڭ باشلانمىسى بولغان مېھرى ئىللىق ماكان، مەن كەلدىم!

نەرگىزە ئۆزىنى شۇنچىلىك بېسىۋېلىپ قولىدىكى ئوقۇتقۇ-چىسى بەرگەن كىچىك خەرىتىگە قاراپ، كۇتۇپخانا ئالدىدىكى تار يول بىلەن قىزلار ياتاق بىناسىغا قاراپ ماڭدى. كۆركەم سې-لىنغان بىنالار، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان چىرايلىق لو-زۇنكىلار، ئاسفالت يوللار، يوللارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ياپيې-شىلچىلىق ۋە ئاجايىپ چىرايلىق گۈللۈك. ھەيۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كەينىدىكى ئاستى سېمونتلانغان كىچىك كۆل، يۆ-لەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلار... نەرگىزە ھەممە نەرسىگە تويماي قارايتتى. ئۆزىنى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، ھېلىلا چۈشىدىن ئويۇ-غانسا ھەممە نەرسە يوقاپ كېتىدىغاندەك سەزمەكتە ئىدى...

## 3

يېقىندىن بۇ رايونغا يۆتكىلىپ كەلگەن ساقچى باشلىقى ئادىل چۈشلۈك دەم ئېلىشتىن كېيىن، ئىشخانىغا ئەمدى كىرىپ تو-رۇشىغا، سىرتتىن ۋارقىراشقان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئادىل سىرتقا

چىقمۇىدى، بىر ئادەم ئامانلىق قوغدىغۇچى ساقچى بىلەن ھەدەپ تاكاللىشىۋاتاتتى. ئادىل ئامانلىق قوغدىغۇچى ساقچىغا قاراپ توۋلىدى:

— ياقۇپجان، نېمە ئىش بولدى؟

— بۇ ئادەم بىرى پورتمانىمنى ئوغرىلىۋالدى، دەپ كىرىپتۇ...

ئۇ ئادەم ئۇدۇل ئادىلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى ھەمدە:

— يېرىم سائەت ئالدىدا كىنو كۆرۈپ، قايتىپ چىقىشىمدا پورتمانىمنى ئوغرىلىتىپ قويدۇم.

— قايسى كىنوخانىدا؟

— مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى كىنوخانىدا...

— پورتمانىڭ ئىچىدە نېمىلەر بار ئىدى؟ — ئادىل ئەستايىدىللىق بىلەن سورىدى.

— مىڭ يۈەن نەق پۇل، يەنە سالاھىيەت كىنىشكام، بانكا كارتام... قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى.

— ھە... مۇنداق دەڭ، — ئادىل شۇنداق دەپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويدى ھەم ياقۇپجانغا قاراپ:

— ياقۇپجان، سىز بۇ كىشىنىڭ پۇل يىتتۈرگەنلىكىنى خاتىرىلەپ قويۇڭ.

ياقۇپجان دەرھال دەپتەر ـ قەلەم ئېلىپ خاتىرىلەشكە باشلىدى، ئادىل ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ چېكەي دەپ تۇرۇشى بىلەن ئىشىك يېنىك چېكىلدى.

— كىرىڭ.

ئىشىك ئېچىلىپ چىرايىدىن ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئۆزى

چىرايلىق، گۈزەل بىر قىز كىرىپ كەلدى. بۇ ئادىلە ئىدى. ئادىل ئىختىيارسىز مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى، ئادىلە ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، ئادىلنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئۇ بۇ ساقچى باشلىقىنىڭ يېڭى كەلگەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغانىدى.

— قىزچاق، نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى ؟ — ئادىل ئۇ قىزغا سەپسېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن سورىدى.

— مېنىڭ ئىسمىم، قىزچاق ئەمەس، ئادىلە، — ئۇ شوخلۇق بىلەن شۇنداق دېگىنىچە ئادىلغا قاراپ مۇلايىمغىنە بىرنى جىلمايدى.

— راست، راست، بۇنى مەن بىلىمەن، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— مەن بىر نەرسىنى تاپشۇرۇپ بەرگىلى كەلگەنىدىم...

— نېمە نەرسىنى ؟

— يولدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدىم. ئېڭىشىپ قارىسام پۇتلاشقىنىم باشقا بىر نەرسە ئەمەس، ماۋۇ پورتمان ئىكەن... — ئادىلە شۇنداق دەپ يېنىدىن بىر پورتماننى ئېلىپ ئادىلنىڭ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى، — ئىچىنى ئېچىپ قارىسام خېلى جىق پۇل بار ئىكەن، مەن شۇ يەردە كىمنىڭ دەپ ۋارقىرىسام چوقۇم ئىگىسى جىق چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە ئەكەلدىم.

باياتىن بېرى ئامانلىق قوغدىغۇچى ساقچى ياقۇپجاننىڭ يېزىۋاتقان نەرسىسىگە قاراپ تۇرۇۋاتقان كىشى پورتماننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئادىلەنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ پورتماننى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى سۇنۇۋىدى، ساقچى باشلىقى ئادىل چاققانلىق بىلەن پورتماننى قولىغا ئېلىۋالدى ھەمدە ئۇ كىشىدىن سورىدى:

— بۇ پورتماننى مېنىڭ دېيىشكە نېمە ئاساسىڭىز بار؟

— باشلىق، بۇ پورتمان راستىنلا مېنىڭ، ئىشەنمىسىڭىز ئىچىنى ئېچىپ قاراپ بېقىڭ. ئىچىدە مىڭ يۈەن نەق پۇل، يەنە

سالاھىيەت كىنىشكام، بانكا كارتام قاتارلىقلار بار. ئىسمىم ئابـ-
دۇل، سالاھىيەت كىنىشكىسىدىكى ئىسمىغا قارىسىڭىز بولىدۇ.

ئادىل ئادىلەگە لەپپىدە قاراپ قويغاندىن كېيىن پورتماننى ئېچىپ ئىچىدىكى پۇلنى ساناشقا باشلىدى، دەرۋەقە پورتماننىڭ ئىچىدىكى پۇل ئۇ كىشىنىڭ دېگىنى بىلەن ئوخشاش، سالاھىيەت كىنىشكىسىدىكى ئىسمىمۇ ئابدۇل ئىدى. ئادىل پورتماننىڭ ھەـ قىقەتەن شۇ كىشىنىڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، پورتماننى ئۇ كىشىگە بەردى.

— بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىڭ، بۇگۈن تەلىيىڭىز بار ئىكەن. ئەگەر پورتمان باشقا كىشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا قايتۇرۇپ كېلىش تەس ئىدى. تەلىيىڭىزگە بۇ ئۆزىمۇ، قەلبىمۇ گۈزەل قىزغا ئۇچرىغىنى ياخشى بوپتۇ.

ئۇ كىشى پورتماننىڭ تېپىلغىنىدىن خۇشال بولۇپ، ئادىلغا ئارقا ـ ئارقىدىن رەھمەت ئېيتىپ كېتىۋىدى، ئادىل رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك كىشىنىڭ ئادىلە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويدى.

— رەھمەت سىزگە، شۇ تاپتا سىزگە قانداق رەھمەت ئېيـ-
تىشنى بىلمەيۋاتىمەن، سىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت. خۇدايىم ئىشلىرىڭىزنى تېخىمۇ ئاسان، خىزمىتىڭىزنى ئۇتۇقلۇق، تېنـ-
ڭىزگە سالامەتلىك ئاتا قىلغاي، — ئۇ كىشى شۇنداق دەپ ئادىـ-
لەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەچ، پورتماننىڭ ئىچىدىن يۈز يۈەنـ-
لىك پۇلدىن بىرنى چىقاردى ـ دە، ئادىلەگە سۇندى.

— بۇ... بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، — دېدى ئادىلە نېمە قىلارىنى بىلمەي. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۇ كىشى ئۇزاتقان پۇلنى ئالغۇسى كېـ-
لىۋاتاتتى. لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ھەم ئۇ كىشىگە قاراپ ئىلـ-
لىق تەبەسسۇم قىلدى.

— رەھمەت سىزگە. جەمئىيەت قانچە تېز تەرەققىي قىلغانـ-

سىرى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتمۇ شۇنچە كۆچىيىپ بارىدۇ. مەن ئىشىنىمەن، ئەگەر پورتمانىتىڭىزنى باشقا كىشى تېپىۋالغان بولسىمۇ سىزگە قايتۇرۇپ بېرەتتى، جەمئىيە-تىمىزدە يەنە نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بار، — ئادىلە سۆزلەپ بولۇپ بۇنداق گەپلەرنىڭ قانداق ئاغزىدىن چىققانلىقىغا ھەيران قالدى، دەرۋەقە ساقچى باشلىقى ئادىلمۇ ئادىلەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ھەم ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى، ئادىلە ئۇ-نىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ئەمىسە مەن كەتتىم، — دېدى ئادىلە ئادىلغا قاراپ قويۇپ.

— رەھمەت سىزگە، بۈگۈن ناھايىتى ياخشى ئىشتىن بىرنى قىلدىڭىز، سىزدەك ئالىيجاناب قىزلار كۆپرەك چىققان بولسا، بۇ جاھان تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. ئەگەر خالىسىڭىز تېلېفون نومۇرىڭىزنى يېزىۋالسام بولامدۇ؟ كېيىن ساقچىخانىدىن سىزنى ئىزدەپ رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز، — ئادىل قەستەن سوراۋات-تى، ئۇ كۆڭلىدە بۇ گۈزەل قىز بىلەن تونۇشۇپ قېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىۋاتاتتى.

— رەھمەت، مەن ئادەتتە تېلېفون ئىشلەتمەيمەن. نېمىشقا دېسىڭىز تېلېفونىڭىز بولمىسا سىزنى ئاۋارە قىلىپ تۇرىدىغان ئىشلاردىن بىردەملىك بولسىمۇ قۇتۇلۇپ، ئەركىن ياشايسىز ئەمەسمۇ؟!

ئادىلەنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان بۇ گېپى ئادىلغا بەك يېقىملىق ئاڭلاندى، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ئېشىپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشقا تېخىمۇ تەلپۈنۈپ كېتىپ بېرىۋاتاتتى.

— خالىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ نومۇرىنى ماڭا يېزىپ بەرسىڭىز بولىدۇ. مەن سىز ياردەم قىلىدىغان ئىش چىققاندا چوقۇم سىزنى ئىزدەپ تېلېفون قىلىمەن.

ئادىل بۇ گەپتىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى ھەم ئالدىراپ

بىر ۋاراق قەغەزگە ئۆزىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يوغان قىلىپ يېزىپ، ئادىلەنىڭ قولىغا ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى.
ئادىلە كۇلۇمسىرىگىنىچە ھەممەيلەن بىلەن خوشلىشىپ يەڭ- گىل قەدەم تاشلاپ ساقچىخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئادىل كۆزلىـ- رىنى ئادىلەدىن ئۈزەلمەيۋاتاتتى، ئادىلەنىڭ سەممىيلىكى ھەم گۈزەللىكى ئادىلنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. ئۇ ئادىلە- نى قىياسەن ھالدا بىرەر داڭلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، بىرەر ئىبسىل ئورۇندا خىزمەت قىلىۋاتقان قىزمىكىن دەپ ئويلىدى...
ئادىلە يول بويى كۇلۇمسىرەپ مېڭىۋاتاتتى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆڭلىدە نەپرەتلىنىپ كېلىۋاتقان دادىسىغا بۈگۈن قانداق- تۇر ئامراقلىقى كېلىپ قالدى، دادىسىنىڭ بۇ «قالتىس» ھىيـ- لىسىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى، كۆز ئالدىدىن ئادىلنىڭ مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان، قاملاشقان چىرايى، قولاق تۈۋىدىن بولسا ئا- دىلەنى ماختاۋاتقان سۆزلىرى كەتمەيتتى...
ئەسلىدە بۈگۈن ئادىلە كىنوخانا ئالدىدا كېتىۋېتىپ، قىستا- قىستاڭ كىشىلەر توپى ئارىسىدىن ئۇ كىشىنى كۆرگەن، ئۇنىڭ يانچۇقىدىن چىقىپ قالغان پورتماننى ناھايىتى ئاسانلا ئەپچىللىك بىلەن قولىغا چۈشۈرگەنىدى. ئىچىنى ئېچىپ قارىغىنىدا بولسا كۆزلىرى بۈگۈنكى ئولجىنىڭ موللۇقىدىن ئويناپ كەتكەنىدى. ئۆيگە قايتىپ دادىسىغا تاپشۇرغىنىدا دادىسى بۇ رايونغا يېڭىدىن بىر ساقچى باشلىقىنىڭ يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىنى، ئادىلەنى پورتماننى تېپىۋالغان كىشىنى دوراپ ساقچى باشلىقىنى تىڭ- تىڭلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئادىلە بۇ ساقچى باشلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىدە ئەزەلدىن پەيدا بولۇپ باق- مىغان بىر تۇيغۇنىڭ قەلبىدە خۇددى شامغا ئوخشاش پىلدىرلاۋات- قانلىقىنى سېزىپ قالدى...

# 4

مانا ھەش - پەش دېگۈچە نەرگىزەنىڭ بېيجىڭغا كەلگىنىگە بىر يىلدىن ئېشىپ قالدى.

ئۈچ سائەت مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەش نەرگىزەنى ھەددىدىن ئارتۇق چارچىتىۋەتكەنىدى. ئۇ ئازراق سەگىدەپ كىرىش ئۈچۈن سىنىپنىڭ ئىشىكىنى ئاستا يېپىپ قويۇپ سىرتقا چىقتى.

ئاھ! كەچنىڭ ھاۋاسى نېمىدېگەن پەيزى، جانغا ئارام - ھە! ئۇ بۇ ساپ ۋە ئىللىق ھاۋادىن ھۇزۇرلانغاچ، مەكتەپ ئىچىدە يالغۇز ئايلىنىشقا باشلىدى. باشقا ئىستۇدېنتلار تېخى كەچلىك مۇزاكىرىدىن قايتمىغاچقا، مەكتەپ ئىچى جىمجىت، تىنچ ئىدى. بۇ كەچ مەكتەپ ئىچىمۇ، يوللارمۇ، مەكتەپ بېغىدىكى مەجنۇنتال، قارىغاي، گۈللەرمۇ، ئېرىقتىكى سۇنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشلىرىمۇ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ نەرگىزەگە باشقىچە ئىللىق ۋە يېقىملىق بىلىندى.

ئۇ بۇ گۈزەل مەنزىرىلەردىن كۆڭلى شادلىنىپ چوڭقۇر خىياللار بىلەن چىراغ نۇرى ئاپئاق يورۇتۇپ تۇرغان تار باغچە يولىدا كېتىپ باراتتى. قاياقتىندۇر كەلگەن يېقىملىق كۈلكە ئاۋازى ئۇنى خىيالىدىن توختىتىپ، ئەتراپىغا قاراشقا مەجبۇر قىلدى. ئەتراپتا دەرس تەكرارلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلار كۆرۈنەتتى. ئارقىدىنلا بىر يىگىتنىڭ چەت ئەل تىلىدا سۆزلەۋاتقان غۇۋا تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. نەرگىزە تەئەججۇپ ئىلكىدە ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىۋىدى، رەڭگارەڭ گۈللۈكلەر ۋە مەجنۇنتاللىق باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا بىر يىگىت چىراغ يورۇقىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. نەرگىزە قىزىقىش ئىلكىدە قويۇق ئۆسكەن بىر تۈپ قارىغاينىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ ئۇ يىگىتكە

سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. يىگىت ئىنگلىزچە كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. نەرگىزە ساۋاقداشلىرىدىن بۇ يىگىتنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانىدى، بەستلىك، خۇش چىراي، بۇغداي ئۆڭ، قاراقاش، مەردانە قىياپەتلىك بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ئەخمەت بولۇپ، ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىدا ئوقۇيتتى ھەم مەكتەپتە خېلى داڭقى بار ئىدى. قىز ئۇنىڭغا قايىللىق ھېسلىرى بىلەن ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا قاراپ قالغانىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى. ئۇ جىددىيلىشىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، شۇ پەيتتە ئەخمەتمۇ كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، قارىغاي دەرىخىنىڭ ئارقىسىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان نەرگىزەنى كۆرۈپ قالدى. ئوتلۇق كۆزلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتى. نەرگىزە دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىتتىك قەدەملەر بىلەن مېڭىشقا باشلىدى.

— نەرگىزە!

ئەخمەتنىڭ ئۆزىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ نەرگىزەنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. «ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى قانداق بىلدىكىنە؟ ۋاي ئاللاھ... قانداق قىلىشىم كېرەك؟ توختايمۇ ياكى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ كېتىپ قالايمۇ؟...» نەرگىزە شۇلارنى ئويلاپ يەنىلا توختاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

ئەخمەت نەرگىزەگە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى، نەرگىزەنىڭ يۈرەك سېلىشى بىردىنلا تېزلىشىپ كەتتى.

— نەرگىزە!... — دېدى ئەخمەت ئۇنىڭغا سالام بەرگەچ، — سىزنى بۇ مەكتەپتە ئۇچرىتىپ قېلىشىمنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن. ئالدىنقى كۈنى مەكتەپ ئاشخانىسىدا سىزنى كۆرۈپ ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالغانىدىم. مېنى تونۇيالىدىڭىزمۇ؟

نەرگىزە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، ئەخمەتنى تونۇشقۇ تونۇيتتى، ساۋاقداشلىرىدىن گېپىنى، تىرىشچانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ناھايىتى مۇلايىم، ئېسىل بالا ئىكەنلىكىنى تولا

ئاڭلىغان. لېكىن ئۇنىڭ گېپىدىن قارىغاندا ئەخمەت ئۇنى خېلى بۇرۇنلا تونۇيدىغاندەك قىلاتتى، نەرگىزە ئۇيقۇدىن يېڭىلا ئويغان-غان ئادەمدەك سەگەكلەشتى.

— بىر يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوقۇغۇ-چىلار قۇرۇلتىيىغا قاتناشقانمىدىڭىز؟ — دېدى ئەخمەت نەرگى-زەنىڭ ئۆزىنى تونۇيالمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن.

نەرگىزەنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرى كەلدى، نەرگىزە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، بىر قې-تىم ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلتى-يىغا مەكتەپتىن ۋەكىل بولۇپ ئەۋەتىلگەنىدى. شۇ چاغدا ئەخمەت-مۇ مەكتىپىدىن ۋەكىل بولۇپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەرگىزە بىلەن بىر گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەنىدى.

— تېخىچە تونۇيالمىغان ئوخشىمامسىز؟

نەرگىزە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەسلىگە قايتىپ ئەخمەتنى تونۇيال-مىغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ بېشىنى ئېگىپ تۇردى ھەم:

— ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، قەتئىي خاپا بولماڭ، ئارىدىن ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى ئەمەسمۇ، راستتىنلا تونۇماي قاپتىمەن... — ئۇنىڭ گەپلىرى قولاشماي قالغانىدى، بۇ ھالدىن ئەخمەت كۈلۈپ كەتتى.

— ھا... ھا... ھېچقىسى يوق، تونۇغان بولسىڭىزلا بولدى، يەنە تونۇمىغان بولسىڭىز تېخى ئۆزۈمنى قايتىدىن تونۇشتۇراي دەپ تۇرغان...

ئىككىسى شۇ ھالدا خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ تۇردى، بىر-بىرىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىشىۋالغاندىن كېيىن پات - پات ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ خوشلاشتى. شۇدەمدە ئەخمەتمۇ، نەرگىزەمۇ خۇشال ئىدى، بۇ ئاي تولغان كېچە ھەر ئىككىسىگە

تېخىمۇ گۈزەل بىلىنمەكتە ئىدى، قەلبىنى بولسا خۇشاللىق، ھا ـ ياجان ھېسلىرى چۇلغىۋالغانىدى...

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن نەرگىزە سىرتقا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى چىقتى. ئۇ يول بويىدا ناھايىتى قىزغىن پاراڭلىـ ـشىپ كېتىپ بارغان بىر جۈپ قىز ـ يىگىتنى كۆرۈپ تۇيۇق ـ سىزلا ئەخمەتنى ئويلاپ قالدى. لېكىن نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئويلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ھېلىقى كۈنى ئەخمەتنى ئۇچراتقاندىن بۇيان ئۇنى مەكتەپتە كۆرۈپ باقمىغانىدى، «ئۇ بەل ـ كىم ئۆزىنىڭ ئالىيقاندا قتۇر پەلسەپىسىنى ئىزدەش بىلەن ئاۋا ـ رىدۇ.» نەرگىزە كۆڭلىدە شۇلارنى ئويلاپ مېڭىۋېتىپ تۇيۇقسىز بىرىگە يېنىك سوقۇلۇپ كەتتى. ئۇ كەچۈرۈم سورىماقچى بولۇپ بېشىنى شۇنداق كۆتۈرۈپلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئەخمەت مۇلايىم ھالدا ئىللىق كۈلگىنىچە نەرگىزەگە قاراپ تۇراتتى. بۇ ھالدىن نەرگىزە ھەم ھودۇقۇپ، ھەم ھەيران قالدى.

— تۇۋا، زامان ئاخىرى بولۇۋاتامدۇ نېمە؟

ئۇ بۇ گەپنىڭ ئېغىزىدىن قانداقلارچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ـ مۇ تۇيماي تېخىمۇ خىجىل بولۇپ بېشىنى ئېگىپ تۇردى.

— راست... راست... زامان ئاخىرى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ. كىمنى خىيال قىلسا شۇ كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئەخمەت كۈلگەچ نەرگىزەنىڭ گېپىنى تولۇقلاپ، — تېخى ھازىر سىزگە تېلېفون قىلاي دەپ تۇرغانىدىم.

بۇ گەپتىن نەرگىزەمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— بۈگۈن ئۆزىڭىز يالغۇز بازارغا چىقىپسىزغۇ؟ — سورىدى ئەخمەت نەرگىزەنىڭ تېخىچە خىجىل بولۇپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ.

— ھەئە، چۈشتىن كېيىن دەرس يوق ئىدى، ئۆزۈمچە سىرتقا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى چىققانىدىم، ئۆزىڭىزمۇ يالغۇز بازارغا چىقىپسىزغۇ؟

— بۇگۈن ئۆيدىكىلەر پۇل سېلىپتىكەن. ئازراق ئالدىغان نەرسىلىرىم بار ئىدى، شۇڭا چىققانىدىم.

ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولغاچ بىللە بازارغا چىقتى، ئەخمەت نەرگىزەنى قورۇنۇپ قالمىسۇن دەپ يول بويى قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلىپ ئۇنى كۈلدۈرۈپ ماڭدى، نەرگىزە ئۆگىنىشتە تىرىشچان، ئۆزى كېلىشكەن بۇ شوخ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

ئۇلار ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن بىللە مەكتەپكە يېنىپ كەلدى.

— نەرگىزە، ھازىر كىرىپ ئوبدان ئارام ئېلىڭ، كەچ بولىدىغانغا يەنە خېلى بار ئىكەن، ئەگەر خالىسىڭىز كەچتە بىللە تاماق يەيلى، بولامدۇ؟ — سورىدى ئەخمەت نەرگىزەنىڭ قوشۇلماسلىقىدىن ئەنسىرىگەندەك قىلىپ.

— بۇ... مەيلى ئەمىسە. ئۇنداقتا كەچتە كۆرۈشەيلى.

ئەخمەت نەرگىزەنىڭ بۇ ئوماق تۇرقىغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا سىزنى سائەت 6 دە 1 ـ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدا ساقلايمەن.

ئۇلار خوشلىشىپ ئۆز ياتاقلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

نەرگىزە ئەمدى ياتاققا كىرىپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان قوشنا ياتاقتىكى ساۋاقدىشى شەھىدە كىرىپ كەلدى. ئىككىسى بىر ـ بىرى بىلەن مەكتۇپلىرىنى يېقىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار ئادەتتە بەك يېقىن بولۇپ قانداق گەپلىرى بولسا بىر ـ بىرىگە ئېيتىشىپ مەسلىھەت سورىشاتتى. بۇرۇن نەرگىزە ئەخمەتنى تونۇمايدىغان ۋاقىتتا شەھىدە ئۇنىڭ گەپلىرىنى بەك رەك قىلاتتى.

— سېنى ئىزدەپ ياتىقىڭغا بۇنىڭ بىلەن تۆت قېتىم كىردىم، نەگە كەتتىڭ، تېلېفون قىلسام تېلېفونۇڭ ئېتىك ئىكەن، قارىسام توك قاچىلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىپسەن.

شەھىدە كىرە - كىرمەيلا ئۇنى سوتلاپ كەتتى.

— شۇ، بازارغا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى چىقىپ ھازىر كىرىشىم. ئۆزۈڭ چۈشتىن كېيىن ئىشىم بار دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟

— شۇ... ئەسلىي يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر دوستۇم بىزنىڭ مەكتەپكە چىقماقچى ئىدى، ساقلىسام - ساقلىسام كەلمەي تېخى بايا بارالمايدىغان ئوخشايمەن دەپ ئۇچۇر يېزىپتۇ. ئاچچىقىمدا يېرىلغۇدەك بولدۇم... ھەراست، كەچتە بىزنىڭ سىنىپتىكى نۇربىيە بىلەن ئېرشات يۇرگىنىنىڭ بىر ئايلىقىنى تەبرىكلەپ سىنىپتىكى ئۇيغۇر ساۋاقداشلارنى مېھمان قىلىدىغان بولۇپتۇ. تاماقنى شۇ يەردىن يەيدىكەنمىز، بىللە چىقامىز جۇمۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نەرگىزە نېمە قىلارىنى بىلمەي قىزىرىپ كەتتى.

— ئاداش... مەن... مەن... — ئۇ كەچتە ئەخمەت بىلەن تاماق يەيدىغان ئىشنى ئۇنىڭغا قانداق دېيىشنى بىلمەي قالغانىدى.

— ۋاي، سەن نېمە؟ تولا تىلىڭنى چاينىما دېمەمسەن تېز؟

— مەن كەچتە بىرسى بىلەن تاماق يەيدىغان بولۇپ دېيىشىپ قويغانىدىم.

— ئوھوي... — ئەزەلدىن ناھايىتى تارتىنچاق نەرگىزەنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان شەھىدە ھەيران قېلىپ، — مۇنداق دە ! سەندەك قار مەلىكە بىلەن تاماق يېيىشكە جۈرئەت قىلالىغان قايسى ئاق ئاتلىق شاھزادىكەن ئۇ؟

بۇ گەپتىن نەرگىزە تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى.

— ھېلىقى ئەخمەتنى بىلىسەنغۇ. سەن دائىم گېپىنى قىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغان، شۇ مېنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

ــ ھە؟ ــ شەھىدە ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان بىر گەپنى ئاڭلىغاندەك ھەيران بولۇپ چىرايى باشقىچە تۈس ئالدى، نەرگىزە بۇلارغا دىققەت قىلمىغانىدى، شەھىدە تېزلا يالغاندىن كۈلگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى.

ــ ھوي، ھېلىقى چىرايلىق ئەخمەت سېنى تاماقتا تەكلىپ قىلدىمۇ؟ مەن تېخى ئۇنى كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەيدىغان تازا كىتاب خالتىسى ئوخشايدۇ دەپتىمەن، سېنى تاماقتا قانداق تەكلىپ قىلالىغاندۇ؟ ئۇمۇ قىزلارغا گەپ قىلالايدىكەن ـ ھە؟!

شەھىدە نەرگىزە بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا بۇزۇلۇپ، ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. نەرگىزە ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا ئەخمەت بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ ئۆزى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان چىرايلىق ئەتلەس كۆڭلىكى بىلەن چىمەن دوپپىسىنى كىيدى.

ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى، نەرگىزە ناھايىتى جىددىيلەشكەن ھالدا ئەخمەت بىلەن دېيىشكەن جايغا قاراپ يول ئالدى، ئۇ بارغىنىدا ئەخمەت ئاللىبۇرۇن كېلىپ بولغان، نېمىنىدۇر خىيال قىلغان ھالدا نەرگىزەنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇلار بىللە مەكتەپنىڭ غەربىي ئىشىك تەرىپىگە يېقىندىن ئاچقان خۇيزۇ ئاشخانىسىغا كىرىپ تاماق يېدى، تاماقتىن كېيىن مەكتەپنىڭ گۈللۈك باغچىلىرىدا بىللە ئايلاندى، ئەخمەت ئۆزىنىڭ كەلگۈسى غايىلىرىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى يەتمەكچى بولغان نىشانىنى سۆزلەپ نەرگىزەنى تېخىمۇ جەلپ قىلىۋالغانىدى، نەرگىزە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىپ بارغىنىدىن ئالەمچە شادلىققا چۆمۈپ ئۆزىنى شۇنچە ئەركىن، خۇشال ھېس قىلماقتا ئىدى.

## 5

ئادىلە ناھايىتى ھارغىن ھالدا بازاردىن يېنىپ ئۆيگە كېتىپ باراتتى، يولدا بىر نەچچە ياش بالىلار يىغىلىۋېلىپ قارتا ئويـ ناۋاتقانىدى، ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغىنىدا تۇـ يۇقسىز بىرى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئىسقىرتتى. ئادىلە بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقلانغان ھالدا ئۇلارغا پىسەنتمۇ قىلماي ئۆز يولىغا كېتىـ ۋەردى. لېكىن ئارىدىن بىرىنىڭ قىلغان قىلىقسىز گېپى قۇلىـ قىغا كىرىپ قېلىپ جايىدا توختاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى، ئۇلار ئادىلەگە قاراپ كۈلۈشمەكتە ئىدى، ئادىلە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىنى تونۇيتتى، بۇ يىگىت ئادىلە بىلەن قوشنا بولۇپ، ئۇمۇ «بازار ئوينايدىغان»لارنىڭ بىرى ئىدى. ئادىلە غەزەپ بىلەن ئۇـ نىڭغا قاراپ ھومىيىپ قويدى ھەم قول ئىشارىسى بىلەن ئۇنى چاقىرىپ:

— مەمەت، بۇياققا كېلە.

مەمەت ھىجايغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بايا ماڭا ئىسقىرتقىنىڭ قايسىڭ؟

— ھېچقايسىمىز ئىسقىرتمىدۇق. كاللاڭ قىزىپ قالدىمۇ سېنىڭ، بۈگۈن سوداڭ ياخشى ئەمەس ئوخشىمامدۇ؟... — دېدى مەمەت تېخىمۇ سەت ھىجىيىپ.

ئادىلە ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن غەزەپلىنىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ ئاغزىنى ئۈپرىتىشىنىڭ ئورنىغا كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق سالدى. چاڭگىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن مەمەتنىڭ باشقا دوستلىرى تەڭلا پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ساڭا دەپ قوياي، بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا مۇنداق ماز قىلىق قىلىپ بەرمە، ئۆيۈڭگە بېرىپ ئاچا ـ سىڭىللىرىڭغا ئىسقىرتىپ بەر، بىلدىڭمۇ؟

ئادىلە شولارنى دەپ شۇنداق بېشىنى كۆتۈرۈپ يان تەرىپىگە قارىۋىدى، ساقچى باشلىقى ئادىل ئۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتـتى. ئادىلە بۇنىڭدىن تېخىمۇ خىجىلچىلىقتا چۆمۈپ ئارتۇق گەپ قىلمايلا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. مەمەتنىڭمۇ شۇ تاپتا ئادىلەنى كېـلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق سالغۇسى بولسىمۇ، ساقچىنى كۆرۈپ جايىدا مىدىر قىلماي جىم تۇرۇۋالدى. ئادىل ئادىلە تاكى يان تەرەپتىكى تار كوچىغا بۇرۇلۇپ كىرىپ كەتكۈچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى. ئۇ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن مەمەتكە قاراپ ئېيتتى:

— بۇ قىزچاق بەك يامان ئوخشىمامدۇ؟

— هەئە، بىز كونا تونۇشلاردىن.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— مەمەت.

— نېمە ئىش قىلىسەن؟ — ئادىل ئۇنىڭدىن جىددىي تەلەپپۇزدا خۇددى جىنايەتچىنى سوراق قىلىۋاتقان قىياپەتتە سورىدى.

— هازىر ئىشلەيدىغان ئورۇن يوق، خىزمەت ئىزدەپ يۈرۈيمەن.

— شۇڭا ساڭا ئىش چىقماي يولدا كېتىپ بارغان قىزلارغا چاقچاق قىلىپ يۈرۈيدىكەنسەن ـ دە!

بۇ گەپتىن مەمەت قىزىرىپ خىجىل بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ باشقا دوستلىرىمۇ بىزنى سوراق قىلىپ قالمىغىيتتى دەپ تەشۋىشكە چۈشكەنىدى. لېكىن ئادىل ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي بايا ئادىلە كىرىپ كەتكەن كوچا تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى.

ئادىلە يول بويى ئادىلنى ئويلاپ ئۆيىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى، ئۇنىڭ ئەس ـ يادى مەمەتنىڭ قالايمىقان گەپ قىلىپ ئادىلغا ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق قىلىپ يۈرۈيدىغان قىز ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويۇشى ئىدى، ئادىلنىڭ ئۆزىنىڭ ئەيت ـ بەشىرىسىنى بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتاتتى، ئۇ ئۆزد-

ـنىڭ غېرىبانە كۆلىمسىگە كىردى ـ دە، قانداقتۇر ئۇھ تارتىپ ئاھ ئۇرغىنىچە تامغا ئېسىپ قويۇلغان ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلـ ـدى. ئەينەكتە قوڭۇر ئۈزۈن چاچلىق، يۈزلىرى يۇمىلاق كەلگەن، قاشلىرى ھىلال ئايغا ئوخشاش، كۆزلىرىدىن ھەسرەت ئۇچقۇنلىد ـرى ئوخچۇپ تۇرىدىغان، زىلۋا، ئېگىز بويلۇق بىر قىز نامايان بولدى، بۇ ئادىلە ئىدى. ئۇ ئەينەككە قاراپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى... ئۇنىڭ ھاياتمۇ ئالدىدىكى مۇشۇ خۇنۈك، بەزى يەرلىرى پۇچۇلغان ئەينەككە ئوخشايتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئويلاپ ئۆز ـ ئۆزىدىن نومۇس قىلىپ كەتتى، ئۇنىڭمۇ باشقا قىزلارغا ئوخشاش ھالال ياشاپ، ھاياتىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتـ ـكۈزگۈسى كېلەتتى. ئۇ شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش ئىختىيارسىز سىرغىپ چۈشتى. ئادىلە چىراي دېسە چىرايى بار، قاملاشقان، لىۋەن، كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك قىز ئەمەسىدى، لېكىن بۇ جەمئىيەت، ئۇنىڭ دادىسى بۇ غۇنچىنى ئېچىلدۇرمايلا غازاڭ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ گۈزەللىكىمۇ ئۆزىگە تالىق ئەمەس...

ئادىلەنىڭ خىيالىدىن ئادىل ئېخىچە كەتمەيۋاتاتتى، ئۇ ھەر ـ قانچە قىلىپمۇ ئۇنى خىيالىدىن چىقىرالماي، ئاخىر دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن ئۆي يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇندى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە توختاپ قالدى. ئۇ دادىسىنى كۆرۈپ قالغانىدى. دادىسى ئۇنىڭغا غەزەپلىك قاراپ تۇراتتى.

— بۈگۈن بازارغا چىقمىدىڭما؟ — دادىسىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— چىقتىم، تېخى بايىلا يېنىپ كىرگەن. بۈگۈن بازاردا ئا ـ دەملەر ئازكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەگىلا قارىسىڭىز ساقچى...

بۈگۈن ئادىلەگە دادىسى باشقىچە قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كەتـ ـتى، ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىنى تىللاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ بېشىـ

نى ئېگىپ تۇردى. تۇيۇقسىز دەرۋازىنى بىرسىنىڭ ئۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئادىلە تېزلا سىرتقا چىقىپ توۋلىدى.
ــ كىمۇ؟
ـ ئادىلەمۇ سەن قىزىم، مەن... مەن... ئەركىن تاغاڭ.
ئادىلە بۇ ئاۋازنى بىر ئاڭلاپلا تونۇۋالدى، ئۇ كىچىكىدىن مۇ-شۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ چوڭ بولغانىدى.
ئەركىن دادىسىنىڭ كونا ئاغىنىسى بولۇپ، ئادىلە ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ ئىچكى ئۆلكىلەردە شۇ ئادەمنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن ئوغرىلىق قىلدى، بەزىدە ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىيال-مىغانلىرىدا بولسا ئۇنىڭ تاياقلىرى، تىللاشلىرىدىن قېچىپ قۇ-تۇلالمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەردە ئوغرىلىق قىلىپ 16 ياشقا كىرگەندە ئاخىر دادىسى ئۇنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ ئەكەلگەنىدى.
ئادىلە كېيىن دادىسىنىڭ ئۇنى ئەركىن لوبەنگە ھەر يىللىقىنى 10 مىڭ يۈەندىن سېتىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان، شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئەمدى خۇشال بولۇپ تۇرۇشىغا دادىسى ئۇنى يەنە كونا كەسىپنى قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. ئادىلە ھېچ چۈشەنمەيت-تى، باشقىلارنىڭ دادا ـ ئانىسى ئۆز قىزلىرىنىڭ بەختىگە ئولتۇ-رۇش تۇگۇل، ئۇلارنى قەدىرلەپ، ياخشى ئوقۇتۇپ جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. لېكىن ئا-دىلەنىڭ دادىسى ئۇنى مەجبۇرلاپ جىنايەت پاتقىقىغا سۆرەپ ئە-كىرىدۇ...
ئەركىن لوبەننى كۆرگەن ئادىلەنىڭ دادىسى پايپېتەك بولۇپ، قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ ھېلى ئادىلەنى تاماق ئېتىشكە بۇيرۇسا، ھېلى ئۇنى سىرتتىن ھاراق ئەكېلىشكە بۇيرۇيتتى. ئادىلە ئەركىن لوبەننى پەقەت ياق-تۇرمايتتى، ئۇنى ھەربىر كۆرگىنىدە ئىچكى ئۆلكىلەردە كۆرگەن ئېچىنىشلىق كۈنلىرى ئېسىگە كېلىۋېلىپ، ئۇنى چايناپ ـ چاي-

ناپ يۈركۈۋەتكۈسى كېلىپ كېتەتتى. دادىسىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇ پەقەت ئەركىن لوبەننىڭ ھەر قېتىم كەلگىنىدە كۆڭلۈم دەپ ئەكېلىدىغان نەچچە مىڭ يۈەن پۇلىنى كۆزلەپلا ئۇنىڭغا شۇنچە قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى...

ئادىلە ئاشخانا ئۆيدە تاماق ئەتكەچ ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ تۇردى.

— گېپىمگە كىر ئاداش، بالىنى ئۇ ئىشقا سېلىۋەرمە... ئۇ-نىڭغا قارىغىنە. قارىساڭ گۈلدەك گۈزەل چىرايلىق قىز بوپتۇ. سەن ئۇنى مەڭگۈ مۇشۇنداق يۈرۈۋەرسۇن دەمسەن؟

— ياق، ئاداش... مېنىڭمۇ ئۇنى مەڭگۈ بۇ ئىشقا سېلىۋەرگۈم يوق. بەزىدە ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كېتىدۇ. مەن ئۇنى مۇشۇ كۈنگە قويۇپ، تىللاپ ـ ئۇرساممۇ، يەنە مېنى دادا دەپ بەك ھۆرمەتلەيدۇ.

ئادىلە دادىسىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا بولغان مېھرى نەپرىتىدىن ئېشىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئاداش، بۇ دېگىنىڭ بەك توغرا بولدى، ساڭا دەپ قويا ي، ئۇ ھازىر 18 ياشقا كىرىپ قالدى، بۇ، ئۇنىڭ خۇش پۇراق گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان ۋاقتى، مەن پەقەت سېنىڭ ئاغىنەڭ بولغاندى-كىن ساڭا ياخشى بولسۇن دەيمەن. ئەگەر ئادىلەنى ماڭا ياتلىق قىلساڭ ئۇنى ھەرگىز جاپادا قويمايمەن. سېنىڭ تۇرمۇشۇڭمۇ بۇ-نىڭدىن ياخشى بولىدۇ. ھازىر كۆرۈۋاتىسەنغۇ. نۇرغۇن قىزلار باشقا ئوغۇللارنىڭ كەينىدىن قېچىپ ئاتا ـ ئانىسىنى داغدا قو-يۇۋاتىدۇ. سەن دىققەت قىلمايدىغانلا بولساڭ ئۇمۇ بىر كۈنلەردە سېنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدۇ...

ئادىلە ئەركىن لوبەننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئايلىنىپ چۇ-شەيلا دەۋاتاتتى، دادىسىدىن چوڭ ئادەمنىڭ ئۆزىگە قانات سۆرەپ

خجىل بولماي مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىۋاتقانلىقىدىن غەزەپلەندـ
ـمەكتە ئىدى.
ـــ بۇ دېگىنىڭلىمۇ توغرا ئاداش... مەن ئويلىنىپ باقاي. مەن
دېسەم ئادىلە ھەرگىز گېپىمنى يېرمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ
رايىنى ئېلىشىمىز كېرەك، مەن ئۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىپ
باقاي.
دادىسى بولغان ئادەمنىڭ قاراپ تۇرۇپ مۇشۇ گەپلەرنى قىـ
لىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئادىلە ھازىرلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇدەك
بولۇپ كەتتى، بايىقى ئۇنىڭغا بولغان مېھرى بىردەمدىلا غايىب
بولۇپ، يۈرىكى مۇز بولۇپ قاتتى، ئىچىدە دادىسىنى قارغىدى...

ئەتىسى كەچتە ئادىلە بىر كونا بازار چۆرگىلەپ ھېرىپ كەتـ
كەنلىكتىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئويقۇغا كەتكەنىدى. بىر چاغدا
ئۆيدىكى تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتـ
تى. دادىسى مەست ھالدا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ دادىسىنىڭ
مەست ھالىتىدىن بەك قورقاتتى، شۇڭا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ
دادىسىنىڭ ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ تۇردى.
ـــ قېنى ئەتكەن تامىقىڭ؟ ـــ ۋارقىرىدى دادىسى.
ـــ بۈگۈن تاماق ئەتمىدىم.
ـــ نېمىشقا؟
ـــ ئۆيدە سەيلەر قالماپتىكەن...
ـــ ئۇنداقتا ماڭ يۈگۈر، بازاردىن ئەكەل.
ـــ يېنىمدا پۇل يوق... ـــ ئادىلە قورقىنىدىن تىترەپ
كەتتى.
ـــ بۈگۈن تاپقان پۇلچۇ؟
ـــ بۈگۈن سودا قىلالمىدىم.
ـــ يالغان! ماڭا تولا يالغان ئېيتما!

— راست دادا، بۈگۈن بىر كۈن بازار چۆرگىلەپ سودا قىلالمىدىم.

— ماڭا تولا يالغان سۆزلىمەي، تاپقان پۇلنى تېز چىقارا! — دادىسى بارغىنچە ئادىلەنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ سىلكىشلەشكە باشلىدى. ئادىلە ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى.

دادىسى توختىماي ۋارقىرايتتى.

— يالغان سۆزلىمەي پۇلنى چىقار دەيمەن...

— راست دادا، بۈگۈن راستىنلا ھېچنېمە جۆندىيەلمىدىم...

— ۋۇ يارىماس پاسكىنا! — ئۇ ئادىلەنىڭ يۈزىگە قاتتىق بىر كاچات سالدى، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيدىن دەلدەڭشىگەن ھالدا چىقىپ كەتتى. ئادىلە قاتتىق خورلۇق، ئەلەم ھېس قىلىپ ھۆركىرەپ يىغلىماقتا ئىدى...

6

تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن قۇربان ھېيتمۇ يېتىپ كەلدى. مەكتەپتىكى بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار قۇربان ھېيتنى تەبرىكلىشىپ يىغىلىش ئۆتكۈزگەنىدى. يىغىلىش ناھايىتى شوخ كەيپىيات ئىچىدە داۋام قىلماقتا ئىدى. تانسا ـ ئۇسسۇل ئوينايدىغانلار ئۆچرەتتە، ناخشىغا ھېرىسمەنلەر ئۆزىنىڭ شوخ ناخشىلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كەيپىياتقا كۆتۈرمەكتە ئىدى. ئارىدىن رىياسەتچى ئەخمەتنى بىر ناخشا ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەخمەتنىڭ چالغان گىتارلىرى بىلەن ئوقۇغان ناخشىسىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر كىشى ئۇنىڭغا مەھلىيا بولماي قالمايتتى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ چاقناپ تۇرىدىغان يوغان كۆزلىرى، قوشۇما قاشلىرى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلاتتى. سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى، بىرنەچچە جۈپ قىز ـ يىگىت مۇڭغا

چۆككەن هالدا تانسا ئوينىماقتا ئىدى. شۇ تاپتا نەرگىزەمۇ ئەخ-
مەتكە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا مەپتۇنلارچە قاراپ قالغانىدى.
— دەرستىلا ئۆتكۈرمىكىن دېسەك، گىتارنىمۇ پەيزى چېلىپ
قويىدىكەن - ھە! — دېدى شەھىدە يېنىدىكى قىزغا قاراپ.
— شۇ ئاداش، ھەممە جەھەتتە تالانتى بار ئىكەن جۇمۇ. بىل-
سەم - بىلمىسەم ئۇنىڭغا كۆزۈڭ چۈشتىغۇ دەيمەن، — دېدى
ھېلىقى قىز شەھىدەگە مەنىلىك بېقىپ، — بىراق تېز ھەرىكەت-
لەنمىسەڭ قۇرۇق قالىسەن.
— قانداقىسىگە؟
— بۇنى مەندىن ياخشى بىلىدىغانسەن. بەزىلەر ئۇنى پايلاپ
يۈرۈۋاتىدىغۇ، — دېدى قىز كۆزىنى قىسىپ نەرگىزەنى شەرەت
قىلغان ھالدا.
نەرگىزە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ تۇرۇۋالدى.
— شۇنى دەيمەن. بەزىلەر نېمىسىگە يوغانچىلىق قىلىدۇ. قې-
نى قولىدىن كەلسە ئۇنى مەندىن تالىشىپ باقسۇن! — دېدى شە-
ھىدە نەرگىزەنى ئاڭلىسۇن دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا.
شۇ ئارىدا بىرسى شەھىدەنى تانسىغا تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ
پارىڭىنى ئۈزۈپ قويدى. شەھىدە تانسا ئوينىغاچ ئەخمەتكە سەپ-
سېلىپ قارىماقتا ئىدى.
ئەخمەت ناخشىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئورنىغا كېلىپ ئول-
تۇردى. نەرگىزە تېخىچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيۋاتاتتى، بايا
شەھىدەنىڭ دېگەنلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىماقتا، خۇددى
ھازىرلا ئەخمەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ كۆڭ-
لى يېرىم بولماقتا ئىدى... ئۇ بۇنىڭدىن ئەخمەتنى ياخشى كۆرۈپ
قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. تۇساتتىن ئەخمەت بىلەن ئۇنىڭ
كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. نەرگىزە تېزلا يەرگە قارىۋالدى.
يېقىملىق ۋالىس مۇزىكىسى قويۇلدى. ئەخمەت ئۇدۇل كې-

لىپلا نەرگىزەنى بىرگە ئويناشقا تەكلىپ قىلدى، بۇنى كۆرگەن شەھىدە نەرگىزەگە تېخىمۇ ھەسەت قىلىپ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قاراپ قويدى. لىرىك ۋالىس مۇزىكىسى، ئوتلۇق تىنىقلار... كۆز-لەر پات-پات ئۇچرىشىپ قالاتتى. نەرگىزەنى ئىللىق بىر سې-زىم چىرماشقا باشلىدى، ياڭراتقۇدىن چىقىۋاتقان ناخشا خۇددى ئۆزىگە، پەقەت ئەخمەت بىلەن ئىككىسىگىلا قارىتىلىپ ئېيتى-لىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

ئولتۇرۇش كەچ سائەت 9 لەر بىلەن ئاخىرلاشتى. نەرگىزە ئۆزى يالغۇز خىيال ئاسمىنىدا لەيلەپ، مۇڭلانغىنىچە كېتىپ باراتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىككى بالىنى كۆرۈپ، يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئەخمەت ئىدى. ئەخمەتنىڭ دوستى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان نەرگىزەنى كۆرۈپ قالدى.

— ئاداش، مەن تورخانىغا كىرمەكچى ئىدىم، كەچتە كۆرۈ-شەيلى، — دېدى دوستى ئەخمەت بىلەن خوشلاشقاچ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان نەرگىزەنى شەرەتلەپ...

ئەخمەت ئارقىسىغا قاراپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يالغۇز كې-لىۋاتقان نەرگىزەنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. دوستى ئەخمەت بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى، نەرگىزە كۆڭلىدە مۇشۇنداق بولۇشىنى كۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— يالغۇزلا مېڭىپسىزغۇ؟ — سورىدى ئەخمەت.

— دوستلىرىمنىڭ بىر نەچچىسى بالدۇرلا كېتىپ قېلىش-قان، قالغانلىرى ئارقامدىن كېلىپ قالار، — نەرگىزە بۇ سۆز-لەرنى ئارانلا دېيەلىدى.

— ھە، مۇنداق دەڭ. خالىسىڭىز مەن سىزنى ياتىقىڭىزنىڭ

ئالدىغا ئاپىرىپ قويىاي...
— سىزنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ؟ — نەرگىزە شۇنداق دەپلا خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى.
— مەن ۋالىسنى ئانچە ياخشى ئوينىيالمايتتىم، بايا نەچچە قېتىم پۇتىڭىزغا دەسسىۋەتتىم، كەچۈرۈڭ.
— تۇزۇت قىلماڭ، ئۆزۈممۇ ئانچە ياخشى ئوينىيالمايمەن، — دېدى ئەخمەت كۈلۈپ.
— بايا ناخشىنى بەك ياخشى ئېيتتىڭىز، كۆپ جەھەتتە تالانتىڭىز بار ئىكەن، سىزنى تېخىمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم، — نەرگىزە تۇيۇقسىز ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ سۆزدىن ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى.
بۇ گەپتىن ئەخمەت بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ نەرگىزەگە قارىۋىدى، نەرگىزە خىجىل بولۇپ بېشىنى يەردىن كۆتۈرەلمەي قالغانىدى.
— سىزمۇ بەك چىرايلىق... ھېچبولمىغاندا كۆڭلىڭىزگە پۈككەن بىرەرسى باردۇر؟ — دېدى ئەخمەت گەپنى ئەگىتىپ.
بۇ گەپتىن نەرگىزە تېخىمۇ خىجىل بولۇپ كەتتى.
— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، بۇنداق ئىشلارنى ئەمدىرەك ئويلاشساقمۇ كېچىكمەيمىز.
ئەخمەت نەرگىزەنىڭ بۇ گېپىدىن ئالەمچە شادلىققا چۆمۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، دېمەك نەرگىزەنىڭمۇ ئۆزىگە كۆڭلى بار ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى.
ئۇلار پاراڭلىشىپ نەرگىزەنىڭ ياتاق ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى.
— ئەمىسە ياخشى ئارام ئېلىڭ، — دېدى ئەخمەت نەرگىزەدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي.

— سىزمۇ ياخشى ئارام ئېلىڭ، — دېدى نەرگىزە ئەخمەت بىلەن خوشلىشىپ.

ياتاق دېرىزىسىدىن پەسكە قاراپ تۇرغان شەھىدە ئەخمەتنىڭ نەرگىزەنى ئەكېلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىدە نەرگىزەنى ئەڭ سېسىق گەپلەر بىلەن تىللىماقتا، ئەخمەتنى قارغىماقتا ئىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە تۇيۇقسىز بىر خىيال يالت قىلىپ كەلدى - دە، ئۆزىنىڭ خىيالىدىن مەمنۇن بولۇپ ناھايىتى زە - ھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ كەتتى...

7

نۇرلان ئاكا كۈنبويى نەرگىزەنى خىيال قىلىش بىلەن ھەس - رەت - نادامەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىدى. قىزىنى سېغىنىش ئازابى ئۇنىڭ يۈرىكىنى لەختە قىلىۋەتكەنىدى. مانا شۇ تاپتا ئۇ كۆز ئالدىدىكى نەرگىزەنىڭ كۈلۈپ چۈشكەن سۈرىتىگە قاراپ كۆڭلى يېرىم بولدى، بۈگۈن نەرگىزە بىلەن نەفىسەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، ئۇ ئەتىگەن سەھەردىلا نەرگىزەگە تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭغا ئەڭ ساپ ھەم ئەڭ پاك بولغان تىلەكلەرنى تىلىدى، نە - فىسەنى خىيال قىلىشى بىلەنلا ئۆز - ئۆزىدىن نەپرەتلىنىپ قىل - غان - ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ كەتتى. نەرگىزە ئۆزىنىڭ بىر قوشكېزەك ھەدىسى بارلىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتى، نۇرلان ئاكا بۇنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ كەلگەنىدى. نەفىسەدىن ئايرىلغانغا مانا بۈگۈن توپتوغرا ئون ئالتە يىل بولدى، لېكىن يۈرەككە چۈشكەن جاراھەت تېخىچە ساقىيىدىغاندەك ئەمەس، ئازابلىق ئەسلىمىلەر ھېلىھەم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى. ھەرقې - تىم ئۇ دۇكاندىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتقاندا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قوشكېزەك قىزلىرىنىڭ سىماسى كېلىدۇ. ئۇ ئازاب - تىن پۇچىلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. ئۇنىڭ تارتىۋاتـ -

قان ئازابىدا كىچىككىنە بىر ئۈمىدمۇ بار ئىدى... يەنە بىر قىزد-
نى قانداقلا بولمىسۇن تېپىۋېلىشنى، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش-
نى ئويلايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ سۆيۈملۈك قىزى نەفىسە
قەيەرلەردە تەمتىرەپ يۈرۈيدىغاندۇ؟ زادى نېمە ئىشلارنى
قىلىۋاتقاندۇ؟...
نۇرلان ئاكىنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

## 8

ئەتىگەندىن بېرى يېغىۋاتقان يامغۇر ھېچ توختايدىغاندەك قىلمايتتى. ئادىلە ھېچقانداق «سودا» قىلالمىدى، ئۇ ئەپلىگۈدەك بىرەرسىنى ئۇچرىتالماي، ئاللىقانداق بىر خىياللار بىلەن قىي-نىلاتتى. ناۋادا بۇگۈن ھېچقانداق سودا قىلالمىسا دادىسىدىن چوقۇم تاياق يەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئېغىر قەدىمىنى سۆرەپ بازاردىن چىقتى ـ دە، يولۇچىلار بېكىتىگە كىرىپ كەل-دى. بېكەتتە بىر مۇنچە كىشىلەر يامغۇردىن پاناھلىنىۋاتاتتى. قىستىلىشىپ تۇرغان بۇ ئادەملەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭدا ئۈمىد نۇر-لىرى پەيدا بولدى، ئۇ كىشىلەر توپى ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ «ئولجا» ئىزلەشكە باشلىدى ۋە ئانچە كۆچىمەيلا بىر ئوتتۇرا ياش كىشىنىڭ پورتمانىنى سۇغۇرۇۋالدى ھەم بېكەتنىڭ تازلىق ئۆ-يىگە كىرىپ پورتمانىنى ئېچىپ قارىۋىدى، يۈز يۈەنلىك پۇلدىن نەچچىنى كۆرۈپ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى.

بىر نەچچە سائەتلەردىن كېيىن يامغۇر سەل پەسەيدى، لېكىن سوغۇق شامال ھەدەپ ئۇشقىرتماقتا ئىدى... ئادىلە تۇيۇقسىز بىر ياشانغان ئايالنى كۆرۈپ قەدىمىنى توختاتتى. ئۇ ئايال ئېغىر بىر چامادانىنى تۇتقىنىچە بېكەت ئالدىدا تۇراتتى. ئادىلە ئۇ ئايالغا ئىچ ئاغرىتىپ ئالدىغا كەلدى ۋە چامادانىنى قولىغا ئېلىپ:

— ئانا، ئەكەلسىلە، مەن كۆتۈرەي، سىلىنى ئۆيلىرىگە ئاپىد-رىپ قوياي، — دېدى ئۇ ئايالغا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ.

— رەھمەت قىزىم، سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويارمەنمۇ؟ — دې-
دى ئايال ئادىلەنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلىدىن سۆيۈنۈپ.

— ھېچقىسى يوق ئانا... — ئادىلە چامادانىنى كۆتۈرۈپ ئۇ ئايالنى يۆلەشتۈردى. ئۇ ئايال ئادىلەنىڭ بۇ ياخشىلىقىغا خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلماقتا ئىدى. ئەمدىلا نەچچە قەدەم ماڭغان ئادىلە نېمە قىلارىنى بىلمەي خۇددى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك جايىدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز ساقچى باشلىقى ئادىل پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئادىلمۇ باشتا ئادىلەنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ئارقىدىن تېزلا ئادىلەگە سالام قىلىپ، ئۇ ئايالغا قاراپ ئېيتتى.

— ئانا، ساق - سالامەت كېلىۋالدىڭىزمۇ؟ بۇگۈن ئىدارىدە جىددىي يىغىن ئېچىلىپ سەل كېچىكىپ قالدىم...

ئادىلە بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ بىر ئۇ ئايالغا، بىر ئادىلغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ھېچقىسى يوق بالام، چامادانىنى كۆتۈرەلمەي تۇرسام بۇ قىزىم كېلىپ كۆتۈرۈشۈپ بەردى... خۇدايىم ياخشىلىقىغا ياخشىلىق يانسۇن.

ئادىل ئانىسىغا كۈلۈپ قويۇپ ئادىلەنىڭ قولىدىن چامادانىنى ئالدى.

— رەھمەت ئادىلە. سىز بېكەتكە نېمىشقا كەلگەنتىڭىز؟

ئانا ئوغلىنىڭ قىزنىڭ ئىسمىنى ئاتاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

— ھە؟ بىر تۇغقىنىمىزنىڭ بالىسى كەلمەكچى ئىدى، شۇنىڭ ئالدىغا چىققانىدىم، لېكىن ئەتىگەندىن بىرى ساقلىسام تېخىچە كەلمىدى، — ئادىلە تېزلا يالغاندىن بىرنى توقۇدى. ئادىل ئۇنىڭ-غا كۈلۈپ قويۇپ، ئانىسىغا ئادىلەنى كۆرسىتىپ:

— ئانا، بۇ ئادىلە بولىدۇ. مەن ئىشلەۋاتقان بازاردا ئولتۇرىدۇ.

— ھە! — ئانا ئادىلەگە مەستلىكى كېلىپ سۆزلىدى، — ئە-جەپ ئەدەپلىك، چىرايلىق قىز ئىكەن.

ئادىلە بۇ گەپنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى.

— قىزىم، ئەگەر باشقا ئىشىڭىز بولمىسا بىزنىڭ ئۆيگە بې-رىپ ئولتۇرۇپ كېتىڭ، — دېدى ئانا ئادىلەگە قاراپ.

ئادىلە بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى، گەرچە ئۇنىڭ ئادىل-نىڭ ئۆيىگە بېرىپ باققۇسى بولسىمۇ، لېكىن:

— رەھمەت ئانا... مېنىڭ يەنە ئازراق ئىشىم بار ئىدى. مەن كېيىن چوقۇم بارىمەن، — دېدى.

— بولىدۇ ئەمىسە قىزىم. خۇدايىم كېيىن يەنە كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلسۇن!

ئادىلە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى، ئانا-بالا ئىككىسى يىراقلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئادىلە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ خۇددى ئېسىل بىر نەرسىنى تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئادىلغا مەستلىكى كېلىپ ئويلا-ئويلا كۆزلىرى ياشقا تولدى.

9

جانغا ئارامبەخش كۈز ئايلىرى... بۇ ۋاقىتتا بېيجىڭنىڭ ھاۋاسى تولىمۇ ياخشى بولۇپ ساياھەت قىلىشقا ماس كېلەتتى.

مەكتەپتە ئۈچ كۈنلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە قاتناشمىغان ئوقۇغۇچىلار بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۈچ كۈن ئارام ئېلىۋالاتتى.

ئەخمەت بىلەن نەرگىزە بۇ كۈندىن پايدىلىنىپ يېقىن ئەتراپ-تىكى مەنزىرىلىك جايغا ساياھەتكە چىقىشنى پىلانلاشقانىدى.

ئۇلار ئەتىگەن سەھەردىلا يولغا چىقىشتى. گۈزەل مەنزىرىلەر ھەر ئىككىيلەننىڭ بۇ خۇشال كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆ-تۈرۈپ، قانداقتۇر ھاياجانغا سالماقتا ئىدى.

ئۇلار تاغدىن-باغدىن پاراڭلىشىپ مېڭىپ كۆزلىگەن مەن-

نزىلگە قانداق يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيماي قېلىشتى.
قىزىل يوپۇرماقلارغا پۈركەنگەن دەرەخلەر، ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن خۇش پۇراق گۈللەر ئۇلارنى ھاياجانغا سالماقتا ئىدى. سۈزۈك سۇ دولقۇنلىرى چىملار قاپلاپ كەتكەن قىرغاقتا نازۇك، ئاجىز ھەرىكىتى بىلەن ئۆرۈلەتتى. ئورمانلىقلاردىكى قويۇق دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا مۆكۈشۈۋالغان بەزمىچى قۇشلار تىنماي سايرىشاتتى.
ئۇلار خۇشال ھالدا ئۆزلىرىنى شۇنچە ئەركىن، بەختلىك ھېس قىلماقتا، ئۇلار يول بويى خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپ مېڭىشتى.
— قاراڭ، نەرگىزە، ئۇلار نېمىدېگەن رومانتىك ـ ھە! — دېدى ئەخمەت قولى بىلەن كۆل بويىنى كۆرسىتىپ.
ئاپئاق نىلۇپەر گۈللىرى بىلەن پۈركەنگەن، سۈيى سۈزۈك كىچىك بىر كۆلنىڭ بويىدا بىر جۈپ ياش ئاشىق ـ مەشۇق يالىڭاياغ پۇتلىرىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇشقان ھالدا بىر ـ بىرى بىلەن شېرىن سۆھبەت قۇرۇشقانىدى.
نەرگىزە ئۇلارغا بىر قارىدى ـ يۇ، يەنە تېزلا يەرگە قارىۋالدى. ئۇلارغا ھەۋەس قىلغانىدى، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئەخمەتتىن خىجىل بولغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.
— بىزمۇ شۇ يەردە ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام ئالمامدۇق؟ — دېدى ئەخمەت.
نەرگىزە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيلا ئەخمەتكە ئەگىشىپ كۆل بويىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەخمەتنىڭ كاللىسىدا تومەنمىڭ خىيال ئەگىيتتى. ئۇ بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن نەرگىزەگە تەلەپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يۇرۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتماقچى بولغان. لېكىن ھەربىر قېتىم ئۇنىڭغا قارىغىنىدا تىلى تۇتۇلۇپ، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي قالغانىدى.
ئەخمەت شۇ تاپتا كۆلگە قاراپ ھەم ئويلۇپ، ھەم چىرايلىق

كۆلۈمسىرىگىنىچە قولىدىكى كاككۇككۇلىنى ئويناپ ئولتۇرغان نەرگىزەگە تەلمۈرەتتى، ئەمما ئەيمىنىش تىزگىنى بىلەن تارتىپ تۇرۇلغان جۈرئەت ئېتى مۇددىئا پەللىسىگە قاراپ چاپچىيالماي قالغانىدى.

نەرگىزە تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك سومكىسىنى ئاختۇرۇپ، ئەخمەتكە قارىدى.

ــ ئۇسساپمۇ قالغانسىز، ئازراق ئىچىملىك ئىچىۋېلىڭ.

ئۇ ئەخمەتكە بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇنى سۇندى. ئەخمەت قو-لىنى ئۇزىتىۋېتىپ نەرگىزەنىڭ سومكىسىدىن كۆرۈنۈپ قالغان بىر كىتابنى كۆرۈپ قالدى.

ــ قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسىز؟ ــ ئۇ قىزىقىش ئىلكىدە نەرگىزەدىن سورىدى.

ــ ناۋايىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنى.

ــ كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ ــ ئەخمەت كىتابنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئېيتتى.

نەرگىزە كىتابنى ئېلىپ ئەخمەتكە شۇنداق سۇنۇۋىدى، خەت يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەز يەرگە چۈشۈپ كەتتى. نەرگىزە ئەمدى قولىنى ئۇزىتىپ ئالاي دەپ تۇرۇشىغا، ئەخمەت چاققان چىقىپ قەغەزنى ئاۋۋال ئېلىۋالدى. بۇ ئەسلىدە خېلى تونۇشلۇق بولغان بىر شائىرنىڭ چۈش ھەققىدە يېزىلغان بىر لىرىكىسى ئىدى.

ئۇيقۇدا ئېرىشىسەم نىگار ۋەسلىگە،
جەملىنەر لەززىتى شۇئان ئۇيقۇمغا.
چۈشۈمدە نامايان بولغىن چىن سۆيگۇ،
ئويغانسام قوشۇلار ئاققان يېشىمغا.

ئال مېنى ئىلكىڭگە ئۈيقۇنىڭ پىرى،
پاتقۇزغىن كۆزۈمنى گۈگۈم قوينىغا.
رازىمەن بۇ كېچە ئۆتسە شۇ يەڭلىغ،
سۇ بەرسەڭ سۆيگۈدىن چاڭقاق دىلىمغا.

بەزىلەر ئۆزىچە ئۈيقۇنى دەيدۇ،
ئۆلۈمگە باراۋەر سەگەك ياتمىسا.
ئۈيقۇدىن سۆيگۈمنى تاپسامىلا مەيلى —
مەن پاتاي ھازىرلا شېرىن ئۈيقۇغا.

ئەخمەت شېئىرنى ئوقۇپ لاسسىدە بولۇپ قالدى. «ھەي، بىر-رەرسىگە كۆڭۈل بېرىۋېتىپتۇ - دە! كۆڭلۈمنى بالدۇرراق ئىزھار قىلسام بوپتىكەن ئەسلىي...» دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كەچتى. ئۆتكۈر ھەسەت خەنجىرى ئۇنىڭ نازۇك يۈرىكىگە ئۇرۇلماقتا ئىدى.

— ياھ، نەرگىزە، بىرسىگە كۆڭۈل بېرىۋېتىپسىز - دە! — دېدى ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي.

— قانداق ؟

— شۇنداقلىقى مۇنۇ شېئىردىن چىقىپ تۇرۇپتىغۇ!

نەرگىزەنىڭ چىرايى ۋىللىدە قىزاردى.

— قەلب كۆزىڭىز بەك ئۆتكۈر ئىكەن سىزنىڭ.

— نەرگىزە، — دېدى ئەخمەت بىر ئاز ھودۇقىقان ھالدا (ئۇ قانداقلا بولمىسۇن نەرگىزەگە كۆڭلى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتماق-چى بولغانىدى)، — بىر گەپنى ئېيتسام بولارمۇ؟

نەرگىزەنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى، ئۇ گەرچە ئەخمەتنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاشنى ئۇزۇندىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن نې-

مىشقىدۇر يەنە قورقۇپ تۇراتتى. مانا بۇگۇنمۇ ھالقىلىق پەيتتە ۋۇجۇدىنى ئەنە شۇنداق روھىي تۈيغۇ قاپلىۋېلىشقا باشلىدى. نەرگىزە چىرايلىق كۆزلىرىنى ئەخمەتكە قىيا تىكتى.

— قانداق گەپ ئىدى، — نەرگىزەنىڭ يۈزى سۈس قىزاردى.

— راست گەپ قىلسام نەرگىزە، گەپنى قانداق باشلاشنى بىلمەي قالدىم. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئاڭلاپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. گەپلىرىم تاققا - تۇققا چىقىپ قالسا كەچۈرۈڭ... مەن... مەن نېمە دېسەم بولار... مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بۇنىڭغا خېلى ئۇزۇن بولغان، مەن ئەسلىي بالدۇرلا سىزگە دېمەكچى ئىدىم، لېكىن جۈرئەت قىلالمىدىم، مەن... مەن بەك دۆت ئىكەنمەن، سىز باشقا بىرسى بىلەن ئارىلىشىۋاتمىغانسىز - ھە! — ئەخمەت ھودۇقۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇنجى قېتىم بىر قىزغا كۆڭۈل سۆزىنى ئىزھار قىلىۋاتقان بولغاچقا، گەپلىرىمۇ قولاشماي قالغانىدى. لېكىن ئۇ شۇنداقتىمۇ كۆڭلىدىكىنى نەرگىزەگە دەۋالغىنىغا ئۆزىنى خېلى ئەركىن ھېس قىلىۋاتاتتى.

نەرگىزەنىڭ قەلبىنى ھەرخىل تۈيغۇلار چىرمىۋالغانىدى، ئۇ بىر ھازا ئۈن چىقماي ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەخمەتكە لاپپىدە قاراپ قويدى - دە، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئېيتتى.

— راست گەپ قىلسام مەن بىرسىنى ياخشى كۆرىمەن!

ئەخمەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىترەپ كەتتى. مەيلى كىملا بولمىسۇن ئۆزى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەن نەرگىزەنىڭ زادى كىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىراپ كەتتى.

— ئېيتىڭا، كىمنى ياخشى كۆرىسىز؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ دەردىنى ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم چۈشەنمەيتتى.

— بىرسىنىڭ ئىشقىدا، لېكىن ئۇ مېنى ياقتۇرامدۇ - يوق، بۇنى بىلمەيمەن.

— مەن ياردەم بېرەلەيمەنمۇ ـ يوق؟ — سورىدى ئەخمەت. ئۇنىڭ دىلى قاتتىق ئارامسىزلانماقتا ئىدى.

— سىزلا ياردەم بەرگەن بولسىڭىز ھەممە ئىشلار كۆتكىنىمدەك بولغان بولاتتى، — نەرگىزە بىر ئاز جۇرئەتكە كېلىپ شۇنداق دېدى ـ دە، شەھلا كۆزلىرىنى ئەخمەتكە تىكتى.

— سىز ئۈچۈن جېنىم پىدا!

— راستىمۇ؟

— ئەلۋەتتە. سىز ياخشى كۆرىدىغان يىگىتنى ماڭا دەپ بېرەلەمسىز؟ مەن... مەن... مەن ئۇنى چوقۇم ماقۇل كەلتۈرىمەن.

— ئۇ...

نەرگىزە تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزىنى يۇتۇۋەتتى. ئۇ يەنىلا خىجىل بولۇۋاتاتتى ھەم قاتتىق ئوڭايسىزلىنىۋاتاتتى.

— ئۇ... ئۇ... ئۇ... دەل سىز!

— نېمە؟ مەن؟

ئەخمەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى. ئۆزىنىڭ ئوڭى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى، قۇلاقلىرىغىمۇ ئىشەنمەيۋاتاتتى. يۈرىكى ۋىسال شادلىقىدىن دۈپۈلدەپ سوقتى.

— نەرگىزە... رەھمەت سىزگە. سىزگە كۆپ رەھمەت.

ئۇ نەرگىزەگە قايتا ـ قايتىلاپ رەھمەت ئېيتتى. نەرگىزەنىڭمۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا ھازىرلا ئېتىلىپ بېرىپ نەرگىزەنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرىگە قانغۇچە سۆيگۈسى كەلگەنىدى، لېكىن ئۇ خىجىل بولۇپ تورۇپ قالدى. ھەمدە نەرگىزەگە بىر قاتار ۋەدىلەرنى بېرىپ ئۇنى مەڭگۈ بەختلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇلار بىر كۈنلۈك ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مەكتەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پات ـ پات ئۇچرىشىپ قالاتتى. نەرگىزەنىڭمۇ، ئەخمەتنىڭمۇ چېھرىدە يېقىملىق بىر

تەبەسسۇم جىلۋىلىنەمەكتە، ئۇلارنىڭ قەلبى ئالەمچە شادلىققا چۆممەكتە ئىدى. كۆل ئۈستىدە بىر جۈپ ئاق قۇ ئۈزۈپ يۈرمەكتە، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئەنە شۇ كۆل بويىدىن باشلاندى...

## 10

قۇلاقنى يارغۇدەك مۇزىكا ساداسى، كۆزنى چاقنىتىدىغان رەڭگارەڭ چىراغلار...

بۈگۈن ئادىلەنىڭ نەچچە كۈن ئالدىدا تاسادىپىي بىر يىغىلىشتا تونۇشۇپ قالغان دوستى دىسكوخانىدا تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزگەنىدى. سورۇنغا ئادىلەنىمۇ چاقىرغان، لېكىن ئۇ ئادىلەنىڭ بىر ئوغرى قىز ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئادىلە سورۇنغا ئۆزۈن قوڭۇر چاچلىرىنى قويۇۋېتىپ، ئۆزى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىنەپشە رەڭ كۆڭلىكىنى كىيىپ كەلدى. ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر كىشى ئۇنى بىرەر داڭلىق مودېل ياكى ئۇسسۇلچىمىكىن، دەپ قالاتتى.

سورۇندا ئولتۇرۇشقان ھەممە ئوغۇللارنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى، ھەربىر مۇزىكا باشلانغاندا بەس - بەس بولۇشۇپ ئۇنى تانسا - ئۇسسۇلغا تارتىپ تۇراتتى. ئادىلە ئۆز بېشىغا كەلگەن بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇپ ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. شۇڭا ئوغۇللار ئۇنى تانسا - ئۇسسۇلغا تارتقىنىدا ھېچقانداق نازلىنىپمۇ ئولتۇرمىدى، ناھايىتى قىزغىن ھالدا ئۇلار بىلەن تانسا ئوينىدى.

ئارىدىن بىر بەستىلىك، خۇش چىراي، بۇغداي ئۆڭ، كېلىشكەن يىگىت ئۇنى تانسا ئويناشقا تەكلىپ قىلدى. مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ ئادىلەنىڭ يۈرىكىمۇ دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى گويا تانسا ئۈچۈنلا يارالغاندەك لەرزان پىرقىرايتتى.

— ئىسمىڭىزنى بىلسەم بولامدۇ؟ — سورىدى يىگىت.
— ئادىلە، — ئۇ ناھايىتى ئەركىن جاۋاب بەردى.
يىگىت ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىغا مەپتۇنلارچە تىكىلىپ قالغاـ نىدى، لېكىن ئادىلە بۇلارغا قىلچە قىزىقمايتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇلارنىڭ يېنىدا تانسا ئويناۋاتقان بىر قىزنىڭ بويندـ دىكى ئالتۇن زەنجىرگە تىكىلىپ قالغانىدى. ئادىلە پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن ئۇنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىشنىڭ غېمىدە ئۆزى بىلەن تانسا ئويناۋاتقان يىگىتنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.
— نېمە ئىش قىلىسىز؟ — سورىدى يىگىت قايتىلاپ. بايا ئۇ بىر قېتىم سورىغانىدى، لېكىن ئادىلەنىڭ ئىپادە بىلدۈرمىگەـ نىنى كۆرۈپ ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك دەپ قايتا سوراۋاتاتتى.
ئادىلە ئۇنىڭ گېپىدىن ئەسلىگە كەلگەندەك بولۇپ، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالدى ھەم تېزلا يىگىتكە سۈس كۈلۈمـ سىرەپ:
— ھازىرچە خىزمىتىم يوق، ئۆيدە خىزمەت كۈتۈپ تۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. يىگىت ئۇنىڭ سۆزىدىن رازىمەنـ لىك بىلەن كۈلۈپ:
— باياتىن ئىسمىڭىزنى سورىسام، مېنىڭ ئىسمىمنى سوراپـ مۇ قويمىدىڭىز. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، ئىسـ مىم يارقىن، ئۆزۈم ھەربىيلىككە قاتنىشىپ، يېقىندا قايتىپ كەلدىم. ھازىر پىراكتىكا ساقچى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن...
— ساقچى؟! — ئادىلە ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن چۆچۈپ كەتتى، لېكىن شۇنداقتىمۇ كۈلۈمسىرىگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى.
يارقىن ئۇنىڭ بىردىنلا چۆچۈپ كەتكەنلىكىنى، كۈلۈپ تۇرـ سىمۇ كۆزلىرىدىن بىرخىل قورقۇنچ ئۇچقۇنلىرىنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئېيتتى:
— شۇنداق، ساقچى. ساقچى دېسەم نېمانچىلا چۆچۈپ كېتىدـ

سىز؟ چوقۇم بىرەر قانۇنغا خىلاپ ئىشتىن بىرنى سادىر قىلىپ قويۇپسىز ـ دە!ــ يارقىن بۇلارنى دەۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى.
ــ نەدە چۆچۈپ كەتتىم. شۇ مۇزىكىنىڭ ئاۋازى ئۇنلۇك بولۇپ كەتكەچكە ئاڭلىماي قايتا سورىدىم، ــ دېدى ئادىلە تېزلا ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ.
يارقىن تېخىچە كۈلۈۋاتاتتى.
ــ چاقچاق قىلىپ قويدۇم ئادىلە. سىز بىلەن تونۇشقىنىمدىن بەكمۇ خۇشالمەن... خالىسىڭىز ئىزدىشىپ ئۆتەيلى، مەن ھەل قىلىپ بېرىدىغان قانداقلا ئىش بولسۇن مېنى ئىزدىسىڭىز بولىدۇ.
يارقىن شۇنداق دەپ ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سورىماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا مۇزىكا ئاخىرلىشىپ قالدى. ئادىلە تېزلا ئۇنىڭغا يېنىك ئاۋازدا «رەھمەت» دېگىنىچە ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.
ــ توۋا، ــ دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، ــ مەن تونۇشقان يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ساقچىمۇ نېمە؟ جاھاندا ساقچىلار نېمانچە كۆپ؟ ئۇلاردىن قانچە ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچقانسېرىم ماڭا ئۇچراپ تۇرغىنىنى...
شوخ، يۈرەكنى تىترىتىدىغان ئۇسسۇل مۇزىكىسى ياڭرىماقتا ئىدى. ئادىلە بايا ئۇنى بىر پەدە ئۇسسۇلغا تارتقان يارقىنغا «كەچۈرۈڭ، بەك ھېرىپ كەتتىم. بىردەم ئارام ئېلىۋالاي» دېگەننى باھانە قىلىپ ھېلىقى ئالتۇن زەنجىر ئېسىۋالغان قىزنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇ قىز ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا كەلتۈرۈپ ئەسەبىيلەرچە سەكرەپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى.
تۇيۇقسىز زالنىڭ بىر يېرىدە مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلدى. مۇزىكىمۇ توختاپ قالدى. ئەسلىدە بىر يىگىت ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ ئۇنىڭ قولى تاسادىپىيلىقتىن ھېلىقى ئالتۇن زەنجىر ئېسىۋال-

غان قىزنىڭ يۈزىگە تېگىپ كەتكەن، ئۇ قىز بىلەن ئۇسسۇل ئوي-ناۋاتقان يىگىت بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانىدى. ھەممەيلەن ئۆرە - توپا بولۇشۇپ ئۇلارنىڭ ئۇرۇشىنى تاماشا قىلىپ تۇراتتى. بىر كەمدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەمراھلىرى بىر - بىرىگە ئېتىلىپ كېلىشتى. ھەش - پەش دېگۈچە دىسكوخانا ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇستەللەر ئۆرۈلۈپ، ئورۇن-دۇقلار ئۇيان - بۇيان ئۇچۇپ ئادەملەر پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى.

يارقىن ساقچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئۇلارنى ئاجرىتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى، بىر كەمدە ساقچىلار تېزلا نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىشتى ھەم ئۇلارنى ئاجرىتىپ ئۇرۇشقانلارنى ئېلىپ مېڭىش-تى. يارقىنمۇ قايتىپ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئادىلە ئول-تۇرغان ئورۇنغا قارىدى، ئادىلە كۆرۈنمەيتتى. يارقىننىڭ يۈرىكى ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ باقمىغان بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدى، ئۇ بەلكىم ئادىلەنى بايىقى قالايمىقانچىلىقتىن قورقۇپ سىرتقا چىقىۋالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ دەرھال سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— ۋاي، مېنىڭ زەنجىرىم يوق تۇرىدۇ؟

بىر قىز ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ كەتتى. ھەممەيلەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى. بايىقى ئالتۇن زەنجىر ئېسىۋالغان قىز بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە ئالتۇن زەنجىرىنىڭ يوقاپ كەتكەنلى-كىنى، ئۇنى تېخى نەچچە كۈن ئالدىدا نەچچە تۈمەنگە ئالغانلىقى-نى ئېيتىپ يىغلاپ كەتتى. ساقچىلار ئۇ قىزدىن ئەھۋال سو-رۇشتۇرۇپ خاتىرە قالدۇرۇۋاتاتتى.

يارقىن سىرتقا چىقىپ قارىۋىدى، ئادىلەنىڭ سايىسىمۇ كۆ-رۈنمىدى. ئۇ بۈنىڭدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ باشقا ھەمراھلىرىغا ئېيتىپمۇ قويماي قايتىش ئۈچۈن ماڭدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سا-ئەتمۇ كېچە 11 دىن ئاشقانىدى.

ئادىلە ئۆزىنى باشقىلار ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، تېخىمۇ ئىتتىك يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تېخى ئورنىغا چۈشمىگەنىدى.
ــ ئادىلە!
ئادىلە ئالدىدىكى بىر گۈللۈكتىن ئاتلاپ ئەمدىلا يولنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتەي دەپ تۇرۇشىغا بىرى ئۇنى چاقىردى. ئۇ چۆچۈپ كەينىگە قارىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر قېتىم ئادىلە پورتمىنىنى ئوغرىلىۋالغاندا سېزىپ قالغان ئابلەت ساقچى تۇراتتى. ئۇ ئابلەت ساقچىنى كۆرۈپلا ئەينى ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىشلار ئېسىگە كې-لىپ تېخىمۇ ئالاقزەدە بولۇپ كەتتى.
ــ «قىزىم، سالاھىيەت كىنىشكامنى قايتۇرۇپ بېرىپ پورت-مانىنى ئۆزىڭىز ئېلىپ قالسىڭىز...»
ئابلەت ساقچىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ھەربىر ئېسىگە ئالغاندا ئا-دىلە ئۆز ـ ئۆزىدىن، دادىسىدىن نەپرەتلىنىپ كېتەتتى.
ــ قىزىم، بۇ كېچىدە سىرتتا نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ ــ سورىدى ئابلەت ساقچى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.
ــ مەن... مەن... ــ ئادىلە تەمتىرەپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.
ــ ۋۇي قىزىم، زادى نېمە ئىش بولدى؟ ــ ئابلەت ئۇنىڭغا مېھرىبانلارچە، ئاتىلىق مېھرى بىلەن تىكىلدى.
ــ سىزگە راست گەپ قىلسام تاغا، بۈگۈن بىرمۇ سودا قىلالـ-مىغانىدىم. دادام مېنى ئۇرۇپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى، ــ ئادىلە يالغان سۆزلىدى، ئابلەت ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇ-نىڭغا تېخىمۇ ئىچى ئاغرىپ كەتتى.
ــ ھەي، بوپتۇ قىزىم، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ. ھېچ ۋەقەسى يوق. ئەگەر خالىسىڭىز بۈگۈن مېنىڭ ئۆيۈمدە قونۇپ قې-

لىلىڭ... ـــ ئابلەت قىلچە گۇمان قىلغىلى بولمايدىغان ئالاھىدە تەلەپپۇزدا سۆزلىدى، ـــ دادىڭىزنى مەن ئەتە ساقچىلارنى ئەۋەتىپ تۇتقۇزۇپ كېلەي!

ـــ ياق... ياق... ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ تاغا! ـــ ئادىلە چۇ-چۇپ كەتتى، ئەقىلسىزلىق قىلىپ تاپقان بۇ يالغان سۆزىگە پۇ-شايمان قىلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا يېلىنىش، بىچارىلىك ئارىلاشقان كۆزلىرى بىلەن قارىدى...

ـــ بوپتۇ ئەمىسە. بۇ كېچىدە يالغۇز يۈرسىڭىز ياخشى بول-مايدۇ. ئەمىسە مېنىڭ ئۆيۈمدە قونۇپ قېلىڭ...

ئادىلە ئۆيگە قايتمىسا دادىسىدىن ئۆلگۈچە تاياق يەيدىغانلىقى-نى بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇ ئاق كۆڭۈل ساقچىدىن تەسىرلىنىپ ھەم دادام ئۇرۇپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى، دېگەن يالغان سۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى خالىماي ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئۇلار بىردەمدىلا ئابلەتنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ قالدى، ئادىلە ئۇندىمەي بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى. ئابلەت ئۇنىڭ قورۇنۇپ قال-غانلىقىنى كۆرۈپ:

ـــ قېنى، ئۆيگە كىرىڭ، ـــ دېدى ئۆزى باشتا ئۆيگە كىرىپ.

ئادىلە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى.

ئابلەت ساقچى ئادىلەگە بۇرۇلۇپ سەپسالدى، چىراغ نۇرىدا ئۇنىڭغا بۇ قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا پەۋقۇلئاددە بىر جەزبىدارلىق بار-دەك بىلىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادىلەگە تىكىلىپ قاراپ قالغانلىقى-دىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

ئۇ ئادىلەنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ئۆزى ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەيلا ئۇ قولىدا مىنېرال سۇ كۆ-تۈرۈپ كەلدى.

ـــ مەڭ، ـــ دېدى ئۇ مىنېرال سۇنى ئادىلەگە تەڭلەپ، ـــ ئۇسساپمۇ قالغانسىز...

— رەھمەت تاغا، — ئادىلە تېخىچە ئوڭايسىزلىنىپ قورقۇپ تۇراتتى.
— ھېچقىسى يوق قىزىم، ھەرگىز تارتىنماڭ، ئەگەر ئۇيقۇڭىز كەلگەن بولسا ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ ئارام ئېلىڭ.
ئادىلە ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن مىنبىرال سۇنى ئېلىپ ئابلەت ساقچى كۆرسەتكەن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئابلەت ساقچىمۇ ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى.
ئادىلە ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ياپقاندىن كېيىن ئۆيدىكى ئېسىل سەرەمجانلارنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىگە ئورۇن سېلىپ بولۇپ، يوتقانغا پۈركۈنۈپ ياتقىنىچە خىيالغا چۆمۈپ كەتتى.
ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز ئۇرۇلغان ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ «بۇ كېچىدە ئۆيگە كەلگەن كىمدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىشىك يېنىغا كېلىپ تۇردى.
— ۋۇي، كەل، كەل ئوغلۇم. بۇگۈن بۇ غېرىبانە خانەمگە قەدىمىڭ يېتىپ قاپتىغۇ؟ — ئابلەت ساقچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
— بۇگۈن بىر دوستۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە قاتنىشىپ سەل كەچ قالغانىدىم، ئۆيگە قايتىشقا ئېرىنىپ، سىزنىڭ ئۆيىڭىز يېقىن بولغاچقا مۇشۇ يەرگىلا كەلگەنىدىم.
ئادىلە بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتا قېتىپلا قالدى، بۇ بايا دىسكوخانىدا تونۇشقان يارقىن ئىدى.
— ھە، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ ئوغلۇم. قېنى ئولتۇر. ئۇسسۇزلۇق ئىچەمسەن؟
— بولدى، رەھمەت تاغا... بۇ يېرىم كېچىدە كېلىپ سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم. بەك چارچاپ كېتىپتىمەن. مەن ئارام ئالاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە بېجىرىدىغان جىددىي بىر ۋەزىپە بار

ئىدى. سىزمۇ بالدۇر ئارام ئېلىڭ، ــ يارقىن شۇنداق دېگىنىچە بايا ئادىلە كىرىپ كەتكەن ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

ــ ۋۇي... ئۇ ئۆيدە ئادىلە بار ئىدى.

ــ ئادىلە؟ ــ سورىدى يارقىن ئەجەبلىنىپ.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ئادىلە ئۆيدىن چىقتى. يارقىن ئۇنى بۇ ئۆيدە كۆرۈپ قېتىپلا قالدى. ئادىلەمۇ ھودۇقۇپ ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەي قالدى. ئابلەت ساقچى ئادىلەنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ بۇياق ئادىلە، ــ دېدى ئۇنى يارقىنغا تونۇشتۇرۇپ، - بىر دوستۇمنىڭ قىزى بولىدۇ. بۈگۈن دادىسى سىرتقا چىقىپ كېتىپ يالغۇز قالغاچ بۇ ئۆيگە كېلىپ تۇرغانىدى...

ــ ھە!

يارقىن تېخىچە ھەيرانلىقتا قېلىۋاتاتتى. ئادىلەنى بۇ ئۆيدە ئۇچرىتىپ قالغىنى ئۇنىڭغا مۆجىزە بولۇپ بىلىندى.

ــ بۇ ياق يارقىن... مېنىڭ ئۆز ھەدەمنىڭ يالغۇز ئوغلى بولىدۇ. ئادىلە، سىز كىرىپ ئارام ئېلىۋېرىڭ، بۈگۈن يارقىن بىلەن ئىككىمىز بۇ ئۆيدە ياتايلى.

ئابلەت ساقچى مېھىر يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئادىلەگە قارىدى، ئادىلە يەرگە قارىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى.

كېچىنىڭ سوغۇقى كۈچەيدى، پۈتۈن ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆمگەندى، ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتكەن، بىر تال يۇلتۇزنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى.

ئادىلە خىيال ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلاتتى... ئۇنىڭغا يولۇقۇۋاتقىنى خۇددى ھىندىستان فىلىملىرىگە ئوخشاش ۋەقەلىك ئىدى، ئۇ ئۆزىنى كىنودا رول ئېلىۋاتقان ئايال باش قەھرىمانغا ئوخشات-

تى. ئوخشاتقانسېرى بۇ ئىشلارنىڭ راستتىنلا بىر كىنو ۋەقەلىدىكى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۆزىنىڭ باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ، يېڭى بىر ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنى ئارزۇ قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا نە دادىسى، نە بىر كۈن يوقاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يەيدىغان تاياقلىرى كىرىپ چىقمايتتى...

يارقىنمۇ ئۇخلىيالماي ئۇيان ـ بۇيانغا ئۆرۈلەتتى، ئادىلەنى خىيال قىلاتتى. ئۇنىڭ ھۆسىن ـ جامالى كۆز ئالدىدا نامايان بولغانسېرى چىقىسپلا ئادىلە بىلەن كۆرۈشكۈسى، قانغۇچە مۇڭداشقۇسى كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنى پەقەت بىر قەۋەت تام توسۇپ تۇرماقتا ئىدى... ئۇ ئادىلەنى خىيال قىلغانسېرى ئۇنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى...

## 11

نەرگىزە بىلەن ئەخمەتنىڭ ئارىلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتۈن مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىلىپ كېتىشتى. بەزىلەر ئۇلارغا بەختلەرنى تىلەشتى، يەنە بەزىلەر ئۇلارغا ھەۋەس قىلىشتى. لېكىن بۇلارنى ئاڭلىغان شەھەرنىڭ ھەسەت ئوتلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ، نەرگىزەگە ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ ئەخمەتنى تارتىۋېلىش ئويلىرى ئۇنىڭ پۈتۈن قەلبىدە ئىسيان كۆتۈرمەكتە ئىدى. ئالتۇن كۈز پەسلى ئاخىرلىشىپ قىش ئايلىرى يېتىپ كەلدى. بۇگۈن قىشنىڭ بېرىكى بولغان تۇنجى قار ياغقان بولۇپ، نەرگىزە قىز ساۋاقداشلىرى بىلەن كۇتۇپخانا ئالدىدىكى قارغا كۆمۈلگەن ئارچا دەرىخى يېنىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. قىزلار قوللىرىغا بىر پومزەكتىن قار ئېلىۋالغان بولۇپ، ئەستىن چىقمايدىغان بىر گۈزەل خاتىرىنى قالدۇرۇش ئىستىكى ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۇلـ

غىۋالغانىدى. نەرگىزە ئۆزۈن قوڭۇر چاچلىرىنى يانتۇ تاشلاپ، نېپىز لەۋلىرىنى چىلق يۇمغانچە ئاپپاراتقا تىكىلگەنىدى. «چارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قىزلار قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ بىر توپ قىزلار خاتىرە رەسىمگە چۈشمەكتە ئىدى. ئۇلار يەنە بىر قېتىم باشقا مەنزىرە يېنىدا چۈشۈش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغىلىشتى. نەرگىزە ئالدىغا چۈشۈۋالغان ھاۋارەڭ شارپىسىنى كەينىگە تاشلىغاندىن كېيىن سەپكە قېتىلدى. شۇ ئەسنادا كۇتۇپخانا ئىشىكىدىن ئەخمەت چىقىپ كەلدى. ئۇ ساۋاقداش، دوستلىرىنىڭ رەسىمگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئۇلارغا قاراپ ئورنىدا توختاپ قالدى.

— قانداق، سىنىپىمىزنىڭ كۇيۇئوغلى، — دېدى نەرگىزەنىڭ يېقىن ساۋاقدىشى شەھرىبان شوخلۇق قىلىپ، — نەرگىزەنى ماراپ تۇرمىسىڭىزمۇ، ئۇنى ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن سىزگە تاپشۇرۇپ بېرىمىز، خالىسىڭىز كېلىڭ. سىزنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ بىر پارچە رەسىمگە چۈشۈۋېتەيلى، بۇنى كېيىن بالىلىرىڭلارغا كۆرسەتسەڭلار قالتىس ھاياجانغا چۆمۈسىلەر!

نەرگىزە ئىزا تارتقىنىدىن شەھرىبانغا تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ قويدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاق سۇزۇك بويۇنلىرى ۋە ئالۇچىدەك كىچىك ئېغىزى ئادەمنى مەست قىلغۇدەك دەرىجىدە گۈزەللىككە تولغانىدى. قىزلار ئەخمەتنى مەجبۇرىي دېگۈدەك سەپكە سۆرەپ كىرىشتى ۋە نەرگىزە ئىككىيلەنگە ئوتتۇرىدىن ئورۇن بەردى، ھەممەيلەن بۇ بىر جۈپلەرگە بەخت تىلەيتتى.

قىزلار تارقاپ كېتىشتى، ئەخمەت بىلەن نەرگىزە ئۇلار دائىم ئۆگىنىش قىلىدىغان كۇتۇپخانىغا قاراپ ئاستا مېڭىشتى. يات يېقىندا مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان ئىنگلىز تىلى 4 ـ دەرىجە ئىمتىھانى باشلىناتتى. ئىككىيلەن خېلى ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇ ئىمتىھانغا بىللە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

ئۇلار تىنچ ئـولتۇرۇپ خۇشـاللىق، ئـۇمىد نۇرلـىرى چاقنـاپ تۇرغان كۆزلىرىنى كىتابقا تىكىشتى. شۇ تاپتا ھەر ئىككىلـىسـى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىـلەن ئۆزلـىرىنىڭ گـۈزەل كەلگۈسـى ئۈچۈن خىيال سۈرمەكتە ئىدى. بىر چاغدا نەرگىزە كـۆزلىرىنـى ئۇۋۇلاپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ــ دە، بەل ــ پۇتلىرىنـى ئېگىـپ ھەرىكەتلەندۇرۇشكە باشلىدى. ئاندىن سائىتىگە قاراپ بىر ئـەس- نىدى ۋە:

ــ ئەخمەت، چارچىمىدىڭىزمۇ؟ بىز تەكرار قىلغىلـى ئىككـى سائەتتىن ئېشىپتۇ، مەن سەل چارچىدىم، ــ دېدى پۇتۇن دىققىـ- تى بىلەن كىتاب كۆرۈۋاتقان ئەخمەتكە قـاراپ. ئەخمەت كـىتابقا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم قارىۋالـدى ــ دە، ئاستا ئـورنىدىن تـۇ- رۇپ، ئۇمۇ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېرىلىشكە باشلىدى.

ــ نەرگىزە، مۇشۇنداق قادىلىپ ئۆگىنىش قىلىش سىز ئـۈ- چۈن جاپامۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئەخمەت.

ــ بىر ئاز، ــ دېدى نەرگىزە جاۋابەن ۋە ياندۇرۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

ــ سىزچۇ؟

ــ ماڭىمۇ شۇنداق، ــ دېدى ئەخمەت كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ لېـ- كىن سىز قېشىمدا بولسىڭىز ھېچقانچە جاپا ئەمەس، ئەكسىچە ئۇتمەس ــ تۈگىمەس راھەت. ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلاش، ماڭا ئوخشـاش ئەمدىلا ئـۆز مۇھەببىتى ئۆز سۆيگۈسىگە ئېرىشكەن يىگىت ئۈچۈن ئـېيتىـپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىق ۋە بەخت! نەرگىزە، سىز قېشىمدىلا بول- سىڭىز بۇ جاھاندا غەم ــ ئەندىشە، ھېرىپ ــ چارچاش دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن.

نەرگىزە مەنىلىك كۈلگىنىچە ئەخمەتكە قاراپ باش لىڭشىتتى. ئەخمەتنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن بىر خىل كۈچلۈك غەيرەت ــ

جاسارەت ۋە چەكسىز مېھىر -مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

— ئەخمەت، سىزمۇ مېنىڭ قېشىمدىلا بولسىڭىز دەرستىن باشقا ھېچقانداق نەرسە خىيالىمغا كىرمەيدۇ. ئازراق چارچىغاندەك قىلسامۇ يەنە سىزگە قاراپ غەيرەتلىنىمەن، سىزدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئالىمەن، سىز بىلەن ئۇمىدلىنىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كۈتكەن يېرىڭىزدىن چىقىمەن.

— رەھمەت نەرگىزە، بىز بىلىم ئىگىلەش ئىستىكى بىلەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت، قەدىرلىك ئاتا - ئانا ۋە دوست - يارەنلەردىن ئايرىلىپ ئۆزىمىزگە تولىمۇ ناتونۇش بىر مۇھىت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. بىزنىڭ بۇ جايدا ئۆگىنىشتىن باشقا يەنە نېمە ۋەزىپىمىز بار؟ ئۆگىنەيلى! — ھاياجاندىن ئەخمەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— شۇنداق، — دېدى نەرگىزە قەتئىيلىك بىلەن، — بىز ياشلارنىڭ يۈرىكىدە ھەر دائىم بىلىمگە بولغان قىزغىن ئىشتىياق، يالقۇن يېنىپ تۇرۇشى كېرەك!

ئۇلار بىللە مەكتەپ ئاشخانىسىغا قاراپ مېڭىشتى. شۇ چاغدا قىشنىڭ لەرزان شاماللىرى بۇ تەشنا يۈرەكلەرگە ھۇزۇر ۋە راھەت بېغىشلىدى. ياشلىق ئوتلىرى يالقۇنجاپ تۇرغان بۇ بىر جۈپلەرنىڭ كۆزلىرىدە سەمىمىي، ساپ مۇھەببەتنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. چوغدەك يۈرىكى بولسا تاتلىق سۆيگۈ رىتىمى بىلەن سوقۇپ تۇراتتى.

## 12

سەھەر، ئادىلە بالدۇرلا ئورنىدىن تۇردى. ئابلەت ساقچى بىلەن يارقىن تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان بولۇپ ئۆي ئىچى جىمجىت،

پەقەت ئابلەت ساقچىنىڭ خورەك ئاۋازى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئادىلە ئۆز قولى بىلەن تاماق ئېتىپ ئۇلارنى خۇش قىلىۋېتىشنى ئويلىدى.

ئۇ ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن تاماق ئېتىشكە باشلىدى.

ئابلەت ساقچى بىلەن يارقىن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇشقانىدى، ئۇلار ئۆي ئىچىدىن چىقىۋاتقان مەززىلىك پولۇنىڭ ھىدىنى پۇرىشىپ ھەيران قېلىشتى.

— ۋاھ، نېمىدېگەن ئوخشىغان پولۇ بۇ، بۇنداق ئوخشىغان پولۇنى يېمىگىلى بەكمۇ ئۇزۇن بوپتىكەن، رەھمەت ئادىلە، — دېدى يارقىن تاماقتىن بىر قوشۇق ئېلىپ.

ئادىلە جاۋابەن كۈلۈمسىرەپ قويدى ھەم:

— رەھمەت، قارىسام ئۆيدە سەۋزە، پىيازدىن باشقا سەيلەرمۇ يوق ئىكەن، شۇڭا پولۇ ئېتىپ باقاي دەپ...

— رەھمەت قىزىم، — دېدى ئابلەت ساقچى ئادىلەنىڭ گېپىدىن ئۆتۈپ، — بۇ ئۆيدە تاماق ئېتىپ باقمىغىلىمۇ بەك ئۇزۇن بولغانىدى. تامىقىڭىز بەك ئوخشاپتۇ قىزىم، خۇدايىم قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن...

ئابلەت ساقچى بەكمۇ خۇشال ئىدى، ئايالى تۈگەپ كەتكەندىن بۇيان بۇ ئۆيدە بىرەر ئايال كىشى تاماق ئېتىپ باقمىغان، ئادىلەنىڭ ئەتكەن تامىقى ئۇنىڭغا ئائىلە ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

ئۇلار تاماقنى ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئادىلە ئۆيگە قايتماقچى بولدى.

— قىزىم، سىزنى ئۆزۈم ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي، — دېدى ئابلەت ساقچى.

— بولدى تاغا، سىز ئاۋارە بولماڭ، — دېدى يارقىن ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۇشۇپ بولغۇچە، — مەن ئىشقا كېچىكىپ بارساممۇ بولىدۇ، ئادىلەنى مەن ئاپىرىپ قوياي.

— ئۇنداقتا تېخى ياخشى، — دېدى ئابلەت ساقچى كۈلۈپ، — ئەمسە قىزىم، ۋاقتىڭىز يەتسە ئۆيگە پات - پات كېلىپ تۇرۇڭ، — ئۇ شۇنداق دەپ مېھىر يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئادىلەگە قارىدى، ئادىلە يەرگە قارىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن يارقىن بىلەن بىللە ئۆيدىن چىقتى.

سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ ئازادىلىككە تولدۇرماقتا ئىدى. ھەر ئىككىلىسى ئۈن - تىنسىز كېتىپ باراتتى. يارقىن خىيال بىلەن ماڭغان ئادىلەنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇ ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق ئىدى. شەھلا كۆزلىرى كىشىگە تولىمۇ يېقىملىق بىر تۇيغۇ بېغىشلايتتى.

— نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز ئادىلە؟ - يارقىن جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن.

— نېمە ئىشنى؟

— ئادەمگە جاھان بەزىدە بەكمۇ تاردەك، بەزىدە بەكمۇ كەڭدەك بىلىنىدىكەن. بىز ئاخشام تونۇشقانىدۇق، كەچتە سىزنى ئابلەت تاغامنىڭ ئۆيىدە كۆرۈپ ھەيرانلىقتا قېتىپلا قالدىم. شۇڭا دەيمەن، جاھان بەزىدە بەك تار ئىكەن...

— ھا... ھا... — يارقىن كۈلۈپ كەتتى، — كىم بىلىدۇ، تەقدىرىمىز شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانمۇ تېخى...

ئادىلە قىزىرىپ كەتتى. يارقىنغا قارىۋېدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى.

— ھە راست، ئاخشام ئابلەت تاغامنىڭ ماڭا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — يارقىن ئادىلەدىن سورىدى.

— نېمە دېدى؟

— ئۇ، ئادىلەنى ھەربىر قېتىم كۆرگىنىمدە قىزىمنى كۆرگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن، — دېدى.

— ھە... — ئادىلە كۈلۈمسىرىدى، خۇددى كۆتكەن جاۋابقا ئېرىشكەندەك كۆزلىرىدىن رازىمەنلىك ئالامىتى چاقناپ كەتتى.
— سىز تېخى ئۇنىڭ قىزى توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەمسىز؟ ئۇنىڭ قىزى كىچىك ۋاقتىدا باشقىلار تەرىپىدىن ئوغرىلىنىپ كېتىپتىكەن.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئادىلە ھەيرانلىقتا قېتىپ تۇرۇپ قالدى.
— ئۇنى كېيىن تاپالمىدىمۇ؟
— تاغام قىزىنى كۆپ ئىزدىدى، لېكىن ھېچ يەردىن تاپالمىدى، ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ قىزىنى ئىزدەپ كۆپ باردى، لېكىن ئىز - دېرىكى بولمىدى. كېيىن ئايالى دەرد - ئەلەمدە كېسەل سەۋەبى بىلەن تۈگەپ كەتتى، كىم بىلىدۇ، شۇنچە ئۇزۇن يىللار بولدى، ئۇ ھازىر نەدە، تىرىكمۇ ياكى...
سوغۇق شامال ئۇرۇلدى. ئادىلە يارقىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يەنە جىمىپ كەتتى. كۆڭلىدە «ئوغرىلىنىپ كېتىلگەن قىز مەن شۇمۇ يا...» دېگەنلەرنىمۇ ئويلاشقا ئۈلگۈردى. يارقىن تېخىچە ئا-دىلەگە سەپسالماقتا ئىدى. راست، ئادىلە تولىمۇ مۇلايىم، چىرايلىق بىر قىز ئىكەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن پەۋقۇلئاددە بىر خىل جەزبىدارلىق، ئوماقلىق چىقىپ تۇرۇپتۇ. چىرايىدىن ياشلىق با-ھارى ئۇرغۇپ تۇرۇپتۇ. يارقىن ئادىلەگە شۇنداق مەپتۇنلۇق بىلەن تىكىلدىكى، بۇنى سېزىپ تۇرغان ئادىلە ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن خىجىل بولۇپ قالدى.
ئۇلار بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئادىلە ئولتۇرۇشلۇق بازارغا يېتىپ كېلىشتى.
— ئۆيۈمگىمۇ كىلەي دەپ قالدۇق، ئەسلى ئۆيگە كىرىپ بىر-رەر پىيالە چاي ئىچىپ ماڭسىڭىز بولاتتى. لېكىن... كېيىن سىزنى چوقۇم ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلىمەن. سىزگە رەھمەت، ئەمدى سىزمۇ ئىشقا كېچىكىپ قالماڭ.

ئادىلە شۇنداق دەپ يارقىن بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى. يارقىن ئامالسىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئادىلە يارقىنىنىڭ يۈرىكىدىكى ھاياجان، مۇھەببەتنى چۈشەنمەيتتى. يارقىن ئىختىيارسىزلا ئادىلەگە تۇيدۇرماستىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى، ئادىلە ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ بارماقتا، يارقىن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى بولسىمۇ بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەگەشمەكتە ئىدى.

ئابلەت ساقچى ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن بىردەم تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇردى. لېكىن تېلېۋىزور كۆرۈشمۇ ئۇنىڭغا خۇشياقمىدى، ئادىلەنىڭ ئەتكەن تامىقىنىڭ تەمى ھېلىھەم ئۇنىڭ ئاغزىدىن كەتمەيتتى. ئۇ قىزغا ئالەمچە بەختلەرنى تىلەيتتى، ئويلاپ - ئويلاپ ئادىلەنىڭ دادىسىغا نەپرەتلىنىپ كەتتى. شۇنچە چىرايلىق، ئەقىللىق قىزنى ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان قانداق دادىدۇر... ئۇ خىيال قىلغانسېرى ئۆز قىزى ئېسىگە كېلىپ قالدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئادىلە، ھەر قېتىم ئادىلەنى كۆرگىنىدە ئۆز قىزىنى كۆرگەندەك بولۇپ قېلىشلىرى... بۇ... بۇ... ئۇنىڭ خىياللىرى بارغانسېرى قالايمىقانلىشىشقا باشلىدى. ئادىلە مېنىڭ يوقاپ كەتكەن قىزىم بولۇپ قالمىسۇن يەنە... دېگەنلەرنىمۇ ئويلاپ ئۈلگۈردى. ئۇ تېزلا ئادىلە ياتقان ئۆيگە كىرىپ كەلدى. يوتقان - كۆرپىلەر چىرايلىق يىغىشتۇرۇلغان، ئۆي ئىچى پاكىز تازىلانغان بولۇپ، ئادىلە ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينى تازىلاپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمىغان ئىدى. تۇيۇقسىز ئابلەت ساقچىنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ تىترىگەن قوللىرى بىلەن كۆرپە ئاستىدا كۆرۈنۈپ قالغان ئالتۇن زەنجىرنى ئالدى. بۇ ئاخشام ئادىلە دىسكوخانىدا ھېلىقى قىزنىڭ بويىنىدىن ئېلىۋالغان نەرسە ئىدى. ئابلەت ساقچى قولىدىكى ناھايىتى قىممەت باھالىق ئالتۇن زەنجىرگە قاراپ خىيالغا پېتىپ كەتتى.

ئادىلەگە تېخىمۇ ئىچى ئاغرىدى، بىچارە قىز دادىسىنىڭ مەجبۇر-لىشى بىلەن مۇشۇ ئىشلاردىن تېخىچە قولىنى ئۈزەلمەپتۇ ـ دە... ئۇنىڭ دادىسى زادى قانداق ئادەم؟ ئادىلەنىڭ كېلىپ چىقىشى قانداق؟... ئۇ بۇلارنى ئېنىقلاپ چىقىشنى ئويلىدى.

ئادىلە ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چوڭقۇر بىر تىنىق ئالدى. ئۇ ئۆيگە كىرسە چوقۇم بىر ئاخشام ئۆيگە قايتمىغانلىقى ئۈچۈن دادىسىدىن ئۆلگۈچە تاياق يەيتتى. ئۇ دادىسىغا نېمە دەپ چۈشەن-دۈرۈشنى، نېمە دەپ يالغان ئېيتىپ ئۇنىڭ تاياقلىرىدىن قۇتۇ-لۇشنى بىلمەي تۇراتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ دادىسى چى-قىپ كەلدى. ئادىلە تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى، ئۇ دادىسىنىڭ كۆ-زىدىن قېچىش ئۈچۈن ئالدىراپلا ئۆي ئىچىگە قاراپ ماڭدى. لې-كىن ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تېنى شۈركىنىپ كەتتى ۋە ئامالسىز ئورنىدا توختاپ بېشىنى ئېگىپ تۇردى. دادىسىنىڭ پۈرلىشىپ تۇرغان چىرايىدا غەلىتە بىر ئالا-مەت پەيدا بولدى.

— ئاخشام نەگە بارغانلىقىڭنى ھېلى سوراي، ئاۋۋال تۈنۈگۈن تاپقان پۇلنى چىقار، — دېدى ئۇ قولىنى ئۇزىتىپ.

— بىر قىممەتلىك ئالتۇن زەنجىر.

— قېنى؟ — سورىدى ئۇ بىردىنلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

ئادىلە ئۈستىبېشىنى تېز سىيپاشتۇرۇپ چىقتى، ئارقىدىن يە-نە ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سالدى. زەنجىر بۇ يەردىنمۇ چىقمىغاندىن كېيىن چىرايى تامدەك تاتىرىپ قېتىپلا قالدى. ئۇ زەنجىر نەدە قالغاندۇ، دەپ ئويلاپ تۇرغاندا، دادىسى ئۇنىڭ ئالدىغا تېخىمۇ يېقىنلاپ كەلدى. ئادىلە دادىسىغا قورقۇمسىراپ قارىدى.

— قېنى ئالتۇن زەنجىر؟

— چۇ... چۇ... چۇشۇپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئادىلە دۇدۇقلاپ.

دادىسى بۇ گەپتىن دەرغەزەپكە كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە چاڭگىدە بىرنى سالدى ۋە:

— ۋۇ تۇزكور، تېخى مېنى ئالدايمەن دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ ئاخشام بىر كېچە ئۆيگە قايتماي نەلەردە پوق يەپ يۈردۈڭ؟ مېنى بۇ يەردە ياشىغىلى قويامسەن - يوق؟ قىز بالا تۇرۇپ بىر كېچە ئۆيگە قايتماي كىملەرنىڭ قوينىدا ياتتىڭ، — ئۇ شۇنداق دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى.

ئادىلە بۇ گەپكە زادىلا چىداپ تۇرالمىدى، ئۇ نەچچە يىللاردىن بېرى كۆڭلىدە ساقلىنىپ كەلگەن ئاچچىقنى بىراقلا چىقىرىۋېتىشنى ئويلىغاندەك، ناھايىتى يۇقىرى ئاۋازدا دادىسىغا قاراپ ئېيتتى:

— سەن مېنىڭ داداممۇ - ئەمەس؟ ئۆز قىزىڭغا مۇشۇنداق دېيىشكە قانداق تىلىڭ باردى؟ ئۆز قىزىڭنى ئوغرىلىقتا سېلىپ ياشاشتىن نومۇس قىلماق يوق، بىر ئاخشام ئۆيگە قايتمىغىنىمغا ياشىيالماي قالامتىڭ؟ ئەمدى چۈشەندىم، سەن مېنىڭ دادام ئەمەسكەنسەن!!

دادىسى ئادىلەنىڭ ئۆزىگە بۇنداق ھۆركىرىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ ۋەھىمىلىك تۇسكە كىردى ھەم ئادىلەنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قاتتىق بىر شاپىلاق سالدى، ئادىلە بۇ شاپىلاق زەربىسىدىن يىقىلىپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى.

— سەن... سەن... تۇزكور شۇم. ماڭا مۇشۇنداق دېيىشكە قانداق پېتىندىڭ؟ بۈگۈن سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام...

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئولتۇرۇپ قالغان ئادىلەنىڭ چېچىدىن تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئادىلە بۇ ئاغرىقلارغا، بۇ ئاھانەتلەرگە چىدىماي ئۈن سېلىپ قاتتىق يىغلىماقتا ئىدى. دەل شۇ

چاغدا سىرتتىن بىر ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، بىر كىشى ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئادىلە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قارىدى، ئىشىك ئالدىدا يارقىن تۇراتتى. ئادىلە ئۇنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى ھەم لەۋلىرى تىترەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. دادىسى ئالدىدا ساقچى فورمىسىنى كىيىپ تۇرغان يارقىننى كۆرۈپ قورققىنىدىن تىترەپ، كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتكەنىدى.

— بەلكىم مۇشۇ ئالتۇن زەنجىر بولسا كېرەك! — يارقىن شۇنداق دەپ يانچۇقىدىن ئالتۇن زەنجىرنى ئېلىپ پۇلاڭلىتىپ قويدى، — مۇشۇنى دەپ قىزىڭىزنى شۇنچە رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇردىڭىزمۇ؟

ئادىلەنىڭ دادىسى ئېخچە قورقۇمسىراپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن، قىممەت باھالىق ئالتۇن زەنجىرنىڭ قولغا كېلىپ قالغانلىقىغا خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ساقچىنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن چۆچۈپ تۇراتتى.

— تۈنۈگۈن سىز ئۆيدە بولمىغاچ ئادىلە ئاغىنىڭىز ئابلەت تاغامنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قاپتىكەن، — دېدى يارقىن، — بۇ ئالتۇن زەنجىرنى شۇ ئۆيدە ئۇنتۇپ قاپتۇ، بايا ئادىلەنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويۇپ ئىشقا ماڭاي دەپ تۇرسام، ئابلەت تاغام تېلېفون قىلىپ ئادىلەنىڭ ئالتۇن زەنجىرنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى، شۇڭا مەن ئابلەت تاغام بىلەن كۆرۈشۈپ زەنجىرنى ئالغاندىن كېيىن بۇ يەرگە ئەكېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم.

— ئابلەت... ئۇ... ئۇ... — ئادىلەنىڭ دادىسى بۇ ئىشلارنى ئاڭقىرىپ بولالماي كېكەچلەپ قالدى ھەم شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي، ئۇلاپلا، — رەھمەت سىزگە... قىزىمنىڭ ئالتۇن زەنجىرنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلىپ يۈرىكىم ئېچىشىپ تۇراتتى.

— بۇ زەنجىر بەك قىممەتلىك دەيمەن — ھە؟

— شۇنداق... شۇنداق... بۇ زەنجىر قىزىمغا ئانىسىدىن قال-

غان. رەھمەتلىك ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئادىلەگە ئاران مۇشۇ زەن-جىرنىلا قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۆزۈم كىيسەلچان، شۇنداق بولسى-مۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە كۈندە مەدىكارلار بازىرىغا بېرىپ شۇ يەردىن ئىش تېپىپ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايمەن...

دادىسىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئادىلەنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى، ئۇ يارقىنىنىڭ ئۆزىنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. تېخى تۈنۈگۈن ئۇ يارقىنغا ئۆزىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن دەپ ئېيتقانىدى، ئەمدى بولسا دادىسىنىڭ بۇ گېپىدىن يالغان ئېيتقانلىقى چې-نىپلا قالغان بولۇپ، ئۇ يارقىنىنىڭ ئۆزىگە سىرلىق تۈستە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىتتىك بېشىنى يەرگە ئېگىپ تۇرۇۋالدى.

— بولىدۇ ئەمىسە. مەنمۇ ئىشقا باراي، ئادىلەنىڭ خىزمەت ئىشىدىن تېخىچە خەۋەر يوقمۇ؟ — يارقىن قەستەن شۇنداق سورىدى.

— ئۇ... ئۇ... خىزمەت... تېخى خىزمەت ئىشىدىن خەۋەر يوق. سىزمۇ بىلىسىز، ھازىر كىمنىڭ پۇلى، يۈزى بولسا شۇنىڭ گېپى ئۆتىدىغان گەپكەن. خۇدايىم بىزگىمۇ بىر كۈنلەردە بېرىپ قالار، قىزىمنىڭ خىزمىتىمۇ ھەل بولۇپ قالار...

— ئادىلەنىڭ خىزمەت ئىشىغا قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن.

— رەھمەت... رەھمەت، — دېدى دادىسى ھىيلىگەرلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن خۇشامەت نۇرلىرىنى چاچرىتىپ، — ھوي، تېخىچە سىزنى ئۆيگە باشلىماپتىمىزغۇ... قېنى ئۆيگە كىرىڭ، بىرەر پىيالە ئىسسىق چاي ئىچىپ ئاندىن مېڭىڭ...

— ياق... ياق... رەھمەت سىزگە. مەن ئەمدى ئىشقا ماڭمىسام بولمايدۇ. كېيىن يەنە كېلىمەن، شۇ ۋاقىتتا ئادىلەنىڭ خىزمەت ئىشىنى سۆزلەشكەچ پاراڭلىشايلى...

يارقىن ئادىلەنىڭ دادىسى بىلەن خوشلىشىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى، ئۇ ئىشىكتىن چىقمۇېتىپ ئادىلەگە قاراپ قويدى، ئادىلەنىڭ كۆزلىرىدىن ۋەھىمە، قورقۇنچ، تەشۋىشكە ئوخشاش نۇرلار تامامەن بىلىنىپ تۇراتتى. يارقىنىنىڭ يۈرىكى ئۆزىمۇ بىلمىگەن تۈيغۇلار ئىلكىدە ئاچچىق تولغىناقتا ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇلار بىلەن كۈلۈمسىرەپ خوشلاشتى ـ دە، سالماق قەدەم تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئادىلەنىڭ دادىسى ئۇنى ئىشىك ئالدىغا ئۇزىتىپ چىقىپ، ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى.

يارقىنىنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتىشى بىلەن تەڭلا، ئۇنىڭ مىيىقىدىكى كۈلۈمسىرەشلەرمۇ يوقالدى، نۇرلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مەيۈسلۈكنىڭ خۇنۇك پەردىلىرى قاپلىدى. ئۇ بايا يارقىن ئىشىكتىن چىقىش ئالدىدا ئادىلەگە قارىغان چاغدىكى قىياپەتلىرىدىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بۇ ئالتۇن زەنجىر ئۇنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويدى، ئۇ بەلكىم ئادىلەنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن ئويلار كاللىسىغا كىچىپ، يۈرىكى ھەرخىل تەشۋىشلەر بىلەن سىقىلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جىنايەت بىلەن قانۇنىنىڭ سىماسى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن، مېڭىسىدە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن سوئاللار پەيدا بولغانىدى.

ئۇ دەرھال ھويلىغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ، ئالدىراپ ئۆي ئىچىگە كىردى. ئۇ كارىۋات ئۈستىدە بېشىنى ئېگىپ جىمىدە ئولتۇرغان ئادىلەنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى.

ـــ بۇ ساقچى يىگىت بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەپتۇ؟

ئادىلە بۇنى ئاڭلاپ چۈشىنىكسىز ھېسسىيات ئىلكىدە دادىسىغا سوغۇق تەلەپپۇزدا قاراپ قويدى.

ـــ نېمە قىلغىلى كېلەتتى، شۇ ئالتۇن زەنجىرنى ئەكېلىپ بەرگىلى كەپتىغۇ!

— سەن... سەن... قانداق بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇپ قالدىڭ؟ ئۇ دېگەن ئابلەت دېگەن كىمۇ ئۇ؟
— دىسكوخانىغا بېرىپ تونۇشۇپ قالدىم، كېيىن يولدا كېتىۋاتقىنىمدا ئابلەت تاغام ئۇچراپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم.
— كىم سېنى ئۇنداق دىسكوخانىغا بېرىشقا بۇيرۇغان؟
— هى... — ئادىلە سوغۇق كۈلۈۋەتتى، — كىم بولاتتى، مەن قىلىۋاتقان تىرىكچىلىك... — ئۇ قورۇنمايلا جاۋاب بەردى.
— بېشىمنى ئىلەشتۇرۇپلاۋەتتىڭغۇ!! كىم ئۇ ئابلەت تاغام دېگەن... — دادىسى هېچنېمىنى ئاڭقىرالماي. ئۇ بۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشلاردىن گاڭگىراپلا قالغانىدى.
— شۇ تىرىكچىلىك قىلىمەن دەپ، تونۇشۇپ قالغان، هازىر پېنسىيەگە چىققان بىر ساقچى. ئۇ ئادەم بەك مېھرىبان، ماڭا خۇددى ئۆز قىزىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ، مەنمۇ...
ئادىلەنىڭ گېپى تۈگىمەيلا دادىسى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:
— ساڭا دەپ قوياي، بۈگۈندىن باشلاپ مەيلى كىم بولمىسۇن، بايىقى يىگىت بولامدۇ، هېلىقى ئابلەت تاغاڭ بولامدۇ، هېچقايسىسى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمايسەن. ھە راست، هېلىقى ئادىل دېگەن ساقچى بىلەنمۇ بېرىش - كېلىش قىلمايسەن، چۈشەندىڭمۇ؟
— دادا! — ئادىلەنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى.
— بۇ ماڭىمۇ، ساڭىمۇ پايدىلىق، تولا جىق گەپ قىلماي، تېز تاماق ئەت. بۈگۈن بازارغا چىقمايسەن...
ئادىلە دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ناهايىتى نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويدى. دادىسى ئالتۇن زەنجىرنى سىقىمدىغىنىچە قاراڭغۇ بۇلۇڭغا كەتتى، ئوغرىلاپ كېلىنىگەن پۇل ۋە باشقا قىممەت باهالىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىكى

بىر كونا ساندۇققا تىقىپ قويۇلاتتى. دادىسىنىڭ سۆزلىرى ئادە-
لەنىڭ يۈرىكىگە قاتتىق تەگكەن، ئۇنىڭ قەلبىدە ئەمدىلا ئويغان-
غان كىچىككىنە بىر ئۈمىد يوققا چىققانىدى. ئۇ چاي ئىچىش
ئۈچۈن بىر ئىستاكاننى ئالدى ـ دە، قۇرۇق چايداننى كۆتۈرۈپ
بېقىپ، بۇ خورلۇقلارغا، ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىستا-
كاننى يەرگە ئۇرۇپ جاراڭگىدە چېقىۋەتتى.

دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان ئاجىز نۇرلار يورۇقىدا ئادىلە ئىستا-
كاننىڭ سۇنۇقلىرىغا تىكىلگىنىچە تۇراتتى. گويا ئۇنىڭدىن ئۆ-
زىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتى. ئۇ پەرد-
شان هالدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. قۇلاق تۈۋىدە دادىسىنىڭ با-
يا ئېيتقان سۆزلىرى جاراڭلىدى:

ـــ هېلىقى ئادىل دېگەن ساقچى بىلەنمۇ هەرگىز بېرىش-
كېلىش قىلمايسەن، چۈشەندىڭمۇ؟...

## 13

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى، نەرگىزە ساۋاقداش-
لىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئەخمەت بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن
ماڭدى، ئەخمەت نەرگىزەنى ئىككىسى دائىم بىللە دەرس تەي-
يارلايدىغان مەكتەپ باغچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق ئۆسكەن
قارىغايلىقنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانىدى.

ـــ نەرگىزە، ـــ دەپ سۆز باشلىدى ئەخمەت، ـ ئەتە چۈشتىن
كېيىن هەر ئىككىلىمىزگە دەرس يوق ئىكەن. شۇڭا سىرتقا چى-
قىپ بىر نەرسە سېتىۋالغاچ ئايلىنىپ كەلسەك دەپ ئويلىغانىد-
دىم. ئۆزۈڭدىن بېرى ئىنگلىز تىلى 4 ـ دەرىجە ئىمتىهانىغا تەي-
يارلىق قىلىمىز دەپ، سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىپ كەلمەپتىد-
مىز. سىزنىڭچە قانداق؟ باشقا ئىشىڭىز يوقتۇ؟...

نەرگىزە خۇشاللىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈردى.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت بىر بىلەن مۇشۇ يەردە كۆرۈشەيلى.

ئۇلار بىللە مەكتەپ ئاشخانىسىغا كىرىپ تاماق يېيىشتى، ئاندىن ئەتە كۆرۈشىدىغان بولۇپ خوشلاشتى.

نەرگىزە ياتىقىغا ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇشىغا، ئارقىدىن شەھەردەمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇ نەرگىزەگە سوغۇق بىرنى قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بۇيرۇق تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

— ئەتە چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىكى بىر يۇرتلۇق باللار يىغىلىش قىلىدىكەنمىز. قىزلار 50 يۈەندىن يىغقاندۇق، شۇڭا ساڭا دەپ قوياي دەپ كىرىشىم...

نەرگىزە بۇنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى، ئۇ ئادەتتە مەكتەپتە بولىدىغان بۇنداق يىغىلىشلارنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى... بارماي دېسە تېخى، باراي دېسە تېخى...

— ئاداش، ئەتە چۈشتىن كېيىن ئازراق ئىشىم بار ئىدى. قانداق قىلسام بولار؟

— قانداق قىلاتتىڭ، ھەرقانچە مۇھىم ئىشىڭ بولسىمۇ تاشلاپ قويۇپ، ئەتىكى يىغىلىشقا بارمىساڭ بولمايدۇ.

— لېكىن... شۇ...

— ۋاي بولدى قىلە، ئۇنداق لېكىن - پېكىنلىرىڭنى ماڭا سۆزلەپ بەرمەي، ئاۋۇ چوڭ سىنىپتىكى ھەدەشلەرگە ئېيت. ماڭا 50 يۈەن بەرسەڭلا بولدى، مەن پەقەت پۇل يىغىشقىلا مەسئۇل، باشقىسى بىلەن كارىم يوق...

نەرگىزە ئۇنىڭ قوپال سۆزلىرىگە ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، 50 يۈەننى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. شەھەردە پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بىرنى ئالىيىۋەتكەندىن كېيىن ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

شەھەردە چىقىپ كېتىشى نەرگىزەنىڭ تېلېفونى سايراپ كەت-

تى، ئۇ ناتونۇش نومۇرنى كۆرۈپ سەل ئىككىلەنگەندىن كېيىن تېلېفوننى ئالدى:
— ۋەي، ياخشىمۇسىز، نەرگىزە قىز بولامسىز؟ — تېلېفوندىن ناتونۇش بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتاتتى.
— ھەئە، مەن شۇ... ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟
— مەن رىيات، بەلكىم مېنى تونۇمايسىز؟ لېكىن سىزنى مەن ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. سىز نېمىس تىلى فاكۇلتېتىدا ئوقۇيسىزغۇ؟
— ھە؟! — نەرگىزە بۇ ناتونۇش يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىمۇ بىلمىگەن بىر تۇيغۇلار ئىلكىدە تەمتىرەپ قالدى، — مېنى قانداق تونۇيسىز؟
— سىز بىلەن بىر يىللىقتا ئوقۇيدىغان شەھەردە مېنىڭ يۇرتداشىم بولىدۇ. ئۇ ھەرقېتىم سىزنى كۆرگەندە ياخشى گەپلىرىڭىزنى قىلىپ بېرەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزمۇ بىر يۇرتتىن ئىكەنمىز. سىزنى مەكتەپ ئاشخانىسىدا جىق كۆرگەنىدىم، ھەراست، ئەتىكى يۇرتداشلار يىغىلىشىغا سىزمۇ قاتنىشىدىغانسىز؟
نەرگىزە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالدى، ئۇنىڭ خىيال ئاسمىنىنى بىر توپ قاپقارا بۇلۇتلار ئورىۋالغانىدى، شەھەردە باشقىلارغا ئۆزىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ بېرىشى مۇمكىنمۇ؟... ئەخمەت بىلەن ئارىلاشقاندىن بۇيان شەھەردە بىرەر قېتىم ئۇنىڭغا ياخشى گەپ قىلىپ باقتىمۇ؟ تېخى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن گەپ تارقىتىپ يۈرمىدىمۇ؟ بۇ...
— نەرگىزە؟! گەپ قىلمايسىزغۇ؟ ئەتە بىرەر مۇھىم ئىشىڭىز يوقتۇ؟...
رىياتنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى.
— ياق... ياق... مەن ئەتە يىغىلىشقا چوقۇم بارىمەن. ھازىر ئازراق ئىشىم بار ئىدى، ئەتە يىغىلىشتا كۆرۈشەيلى — نەرگىزە

ئارتۇقچە گەپ قىلىشنى خالىماي شۇنداق جاۋاب بەردى.

— ناھايىتى ياخشى، ئەمىسە ئەتىكى يىغىلىشتا كۆرۈشەيلى، خوش، ياخشى ئارام ئېلىڭ.

نەرگىزە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويدى، ئالدى بىلەن قانداقلا بولمىسۇن بۇ يىغىلىشنىڭ ئىشىنى ئەخمەتكە ئېيتىپ بېقىشنى ئويلاپ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى. لېكىن ئەخمەتنىڭ تېلېفونى ئېتىۋېتىلگەنىدى.

ئەخمەتكە بۈگۈن نېمە ئىش بولغاندۇ؟ ئۇ ئەزەلدىن تېلېفوننى ئېتىپ قويمايتتى، بۈگۈن...

ئەتىسى بالدۇرلا دەرستىن چۈشكەن نەرگىزە ئەخمەت بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ماڭدى. ئۇ ئىككىسى تۈنۈگۈن دېيىشىپ قويغان يەرگە كېلىپ ئەخمەتنىڭ تېخىچە كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدى، ئۇنىڭ تېلېفونى تېخىچە ئېتىۋېتىلگەن، تۈنۈگۈندىن بېرى نەرگىزە بىلەن ئالاقىلىشىپ باقمىغانىدى.

ئۇ ئەخمەتنى كۈتۈپ ئولتۇردى، لېكىن يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ساقلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. نەرگىزەنىڭ سەل ئاچچىقى كېلىپ ياتىقىغا قايتىپ كېتىشنى ئويلاپ ئەمدىلا بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ تۇرۇشىغا ئارقىدىن ئەخمەتنىڭ ئۈنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

نەرگىزە ئەخمەتكە قاراپ سەل قېيىدىغاندەك قىلىپ تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ قويدى.

— نەرگىزە، ئازراق ئىشىم چىقىپ قېلىپ كېچىكىپ قالدىم، يەنە... — ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ مەيۈس، تولىمۇ پەس چىقىۋاتاتتى.

نەرگىزەنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك ئۇنىڭدىن سورىدى:

ــ خاپىغۇ بولمىدىم، شۇ، تۈنۈگۈندىن بېرى سىزگە تېلېفون قىلسام تېلېفوننى ئېتىپ قويۇپسىز. سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟
ــ تۈنۈگۈن ئۆيدىكىلەر تېلېفون قىلىپتىكەن، چوڭ... چوڭ ئانام تۈگەپ كېتىپتۇ، ــ ئەخمەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئۇ-نىڭ چىرايىنى مۇڭ باسقان بولۇپ، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى.
ــ نېمە؟! ــ نەرگىزە ئۇنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ ئۆ-زىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى.
ــ بولدى يىغلىماڭ نەرگىزە، بۇنداق قىلسىڭىز تېخىمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالىدىكەنمەن. تۈ-نۈگۈن بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالال-ماي يىغلاپ بىر كېچە كىرپىك قاقمىدىم. تېلېفوننىڭ توكى تۈ-گەپ كېتىپتىكەن، توك قاچىلاشمۇ خىيالىمغا كەلمەپتۇ...
نەرگىزە ئەخمەتكە قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي تەمتى-رەپ قالدى، كۆزلىرىدىن بولسا ياشلار تېخىچە تۆكۈلۈپ ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى.
ــ ئەخمەت... چوقۇم بەرداشلىق بېرىڭ. ئۆلۈم ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار. ئەمدى قانداق قىلغىنىمىز بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەي-دۇ. شۇڭا ئۆزىڭىزنى بەك تاشلىۋەتمەڭ. چوقۇم غەيرەتلىك بو-لۇڭ... ــ نەرگىزە ئېسەدەپ ئاران مۇشۇلارنىلا دېيەلىدى.
ــ رەھمەت نەرگىزە، مەن چوقۇم غەيرەتلىك بولىمەن. رەھمەت سىزگە! ــ ئەخمەت ئاغزىدا بۇنداق دېگىنى بىلەن ئۇنى ئىچ-ئىچ-چىدىن يىغا تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ مەن ئەتىگەندىن بېرى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ بىر ھەپتىلىك رۇخسەت سورىدىم، يۇرتقا قايتىپ چوڭ ئانامنىڭ نەزىرىسىگە قاتنىشىپ، تۇپراق بېشىغا بېرىپ كېلىشنى ئويلاشتىم. شۇڭا ئۆزىڭىزنى

ئاسراڭ، تامىقىڭىزنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يەڭ، بولامدۇ؟
— مەندىن ئەنسىرىمەڭ ئەخمەت، مەن ئۆزۈمگە ياخشى قاراي-مەن، قاچان ماڭماقچى بولۇۋاتىسىز؟
— كەچتە ماڭىمەن، شىنجاڭغا ماڭىدىغان ئايروپىلان بىلەن-تىنى زاكاز قىلىپ قويدۇم.
— ھە، ئۇنداقتا چۈشتىن كېيىن ياخشى ئارام ئېلىڭ، ھازىر بىللە تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى، تېخى چۈشلۈك تاماق يېمىگەن-سىز؟...
ئۇلار ئىككىسى بىللە تاماق يېگەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. نەر-گىزە ئەخمەت بىلەن بىر ھەپتە كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئاقيول تىلەپ، چوڭ ئانىسىنىڭ تۇگەپ كەتكەنلىكىگە تەڭ قايغۇرماقتا ئىدى...
بىر چاغدا نەرگىزەنىڭ تېلېفونى سايراپ كەتتى. تېلېفوننى شەھەدە ئۇرغانىدى.
— مەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن... — نەرگىزە ئۆزىنىڭ يىغىلىشقا بارمايدىغانلىقىنى دەپ قويماي دەپ ئەمدى گەپ باشلىۋىدى، شەھەدە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.
— ئاداش، بىز ھەممىمىز بولغان ئىشلارنى بىلدۇق، چۈشتىن كېيىنكى يىغىلىشقا كەلمىسەڭمۇ بولىدۇ. يىغىلىشقا بەرگەن پۇ-لۇڭنى كەچتە ئەكىرىپ بېرەي. ئەخمەتكە بىزدىن سالام ئېيت-قىن، ئۇ ئۆزىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمىسۇن، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا ئوبدان ھەمراھ بولغىن...
نەرگىزە شەھەدەنىڭ تۇيۇقسىز دېگەن سۆزلىرىدىن تەسىرلى-نىپ كەتتى، ئۇ شەھەدەنى تېلېفوننى ئېلىپلا نېمىشقا يىغىلىشقا كەلمەيسەن دەپ ئەيىبلەپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنداق بولماي قالدى.

— رەھمەت ئاداش، مېنىي چۈشەنگىنىڭگە رەھمەت، مەن چوقۇم ئەخمەتكە ياخشى گەپلەرنى قىلىمەن... خوش ئەمىسە!

ئەخمەت كىمدىن كەپتۇ دېگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ نەرگىزەگە قارىدى.

— شەھەردەدىن كەلگەن تېلېفون ئىكەن، سىزگە سالام ئېيتتى، قارىغە، ھەممە باللار سىزگە شۇنداق ھېسداشلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشلارنى بەك ئويلاۋەرمەڭ، چوقۇم غەيرەتلىك بولۇڭ.

كەچ بولغانسېرى ھاۋا ئۆزگىرىپ ئاسماننى قاپقارا بۇلۇتلار قاپلىدى. نەرگىزە ۋە ئەخمەتنىڭ بىر قانچە دوستلىرى ئۇنى ئۆزىتىپ قويۇش ئۈچۈن چىققانىدى. ئۇلار ئەمدىلا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ تۇرۇشى بىلەن شارىلداپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئەخمەتنىڭ سەپرىگە ئاقىۋول تىلىگەندەك تېخىمۇ ئەدەپ چۈشۈۋاتاتتى. دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، ئاسفالت يوللار قاتتىق يامغۇرنىڭ شاپائىتى بىلەن پاك - پاكىز يۇيۇلغانىدى. نەرگىزەنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشلار يامغۇر سۈيىگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى، ئەخمەت كەتتى...

## 14

ساقچى باشلىقى ئادىل بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا كەچ سائەت 11 دىن ئېشىپ قالغانىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ تېخىچە ئۆزىنى ساقلاپ ئۇخلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئانا، تېخىچە ئارام ئالماپسىزغۇ؟ — دېدى.

— سەن قايتىپ كەلمىسەڭ قانداق كۆزۈمگە ئۇيقۇ كېلىدۇ بالام، قورسىقىڭ ئاچقاندۇ؟ مەن بايا لەڭمەن ئەتكەن، سەن ئولتۇرۇپ تۇر، مەن ئىسسىتىپ ئەكىرەي.

ئانىسى ئوغلىغا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ئۇ تېلېۋىزور كۆرمەكچى بولۇپ سافاغا كېلىپ ئولتۇر - دى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزى ئۇستەل ئۈستىدىكى بىر پارچە سۈ - رەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇ بىر قىزنىڭ رەسىمى ئىدى، ئۇ رەسىم - نى كۆرۈۋاتقاندا ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى:

— سېنىڭچە قانداقراق بالام؟

— بۇ كىم، ئانا؟

— قارا، چىراي دېسە چىرايى بار، بىلىم دېسە بىلىمى بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە تېگى - تەكتىمۇ ياخشى، هازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپتۇ. كېلەر يىلى مەكتەپنى پۈتكۈزگۈدەك... ئىسمى زۆھرە.

— ھىم... مۇنداق دەڭ. لېكىن بۇ سۈرەتنى بۇ يەرگە قويۇپ قويغىنىڭىز نېمىسى؟

— ما بالىنى... تېخىچە چۈشەنمىدىڭمۇ بالام. بۇ قىزنى ئۆيىـ - مىزگە ئەكېلىۋېلىپ ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىۋالسام دەيمەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتا - ئانىسى بىلەنمۇ ئوبدان تونۇشىمەن.

— ۋاي توۋا دەڭا ئانا... توي ئىشى دېگەن ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. ئاددىيسى مەن قوشۇلماي تۇرۇپ، نېمىلەرنى ئويلاپ كەت - كەنسىز. ئەڭ ياخشىسى ئانا، سىزگە ھەمراھ بولىدىغان قىزنى ئۆزۈملا تاپاي.

— مۇنداق دە... ئۇنداقتا كۆڭلۈڭگە پۈكۈپ قويغان بىرسى بارمۇ؟...

— ھازىرچە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن... بىر قىز بار، ئۇ - نى سىزمۇ كۆرگەن. لېكىن ئۇنىڭ ماڭا كۆڭلى بارمۇ - يوق، بۇنى بىلمەيمەن.

ئادىلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئانا چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى...

— بۇ رەسىمدىكى قىزنى، — دېدى ئانا ئاردىكى جىمجىت -

لىقنى بۇزۇپ، ـــ بەش ياش ۋاقتىدا باشقىلار ئالداپ ئەكېتىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ئوغرىلىققا سېلىپتۇ... كېيىن ئۇ-نىڭ هازىرقى ئاتا - ئانىسى بۇ قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، ئۆزد-نىڭ بىرمۇ پەرزەنتى بولمىغاچقا بېقىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قىزنى ياخشى تەربىيەلەپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ ئۆز قىزىدەك ياخشى كۆيۈنۈپتۇ. قارىغىنە... ئالدىنقى يىلى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا بۇ قىزنى كۆرگەن، ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈپلا شۇنداق ياقتۇرۇپ قالغاندىم. ئەمما سەن قوشۇلمىساڭ مېنىڭمۇ باشقا ئامالىم يوق، ئىشقىلىپ توي ئىشىڭغا ئارىلاشمايمەن، ۋاقتى كەلگەندە ماڭىمۇ، ساڭىمۇ كۆيۈنىدىغان ۋاپادار قىزدىن بىرنى تاپساڭ مەن شۇنىڭدىن خوش... ماڭا ئېيتقىنە، سەن دېگەن ئۇ قىز مەن شەھەردىن قايتىپ كېلىپ، بېكەتتە تۇرغىنىمدا مې-نىڭ يۈك - تاقلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ بەرمەكچى بولغان قىز شۇمۇ؟...

ئادىل ئانىسىغا مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئانىمۇ مەمنۇنلۇق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئوغ-لىغا تىكىپ كۈلۈمسىرىدى.

ـــ ھە دېگىنە، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىۋاتامسەن؟

ـــ ياق تېخى... ئىشقىلىپ ئۇ قىز كۆزۈمگە باشقىچىلا ئىس-سىق كۆرۈنىدۇ.

ـــ ئەمىسە بۇ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يې-گىنىڭغۇ... قىزنىڭ ساڭا مەيلى بارمۇ؟

ـــ بۇنىمۇ بىلمەيمەن. لېكىن مەن قارىسام ئۇنىڭمۇ ماڭا مەي-لى باردەك... قېنى ۋاقتى كەلسۇن ئانا. ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئال-غاندىن كېيىن ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كېلىمەن. مەندىن ئەمدى سو-ئال سورىماڭ، تامىقىمنى يەۋالاي، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.

ئادىل تامىقىنى ئىشتىها بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئانا ئوغ-

لىغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، سۈرەتنى ئېلىپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

15

چۈشتىن كېيىنكى دەرستىن چۈشۈشكە نەچچە مىنۇت قال- غاندا زۆھرە دوستى ماھىرەنىڭ باغاقچىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى:
«مەكتەپ ئالدى دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى ھېلىقى يېمەكلىك كوچىسىغا بىر ئۇيغۇر كاۋاپچى كەپتۇ دەيدۇ، شىنجاڭنىڭ كاۋاپ- لىرىنى سېغىنىپمۇ قالغانسەن، قانداق، دەرستىن چۈشۈپ يەپ كىرەمدۇق؟» باشقا چاغلار بولسىدى، زۆھرە كۇتۇپخانىدا ئورۇن قالمايدۇ دەپ ئۇنىمىغان بولاتتى، ئەمما كاۋاپنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭمۇ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىشقا باشلىدى، راست ئەمەسمۇ، زۆھرەگىمۇ ئۇزاق بولدى، سىرتتىكى ئۇيغۇر ئاشخانى- لىرىنى يىراق كۆرۈپ تاماققا بېرىپ باقمىغىلى، مەكتەپنىڭ بىرلا خىل تاماقلىرىدىن زېرىكىپ ئاران تۇرغاندا بۇ گەپ ئۇنىڭ- غا يېقىپ قالدى. دوستىغا قاراپ ماقۇللۇق ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپ تاتلىق كۈلدى.
— تېز بولە كىتاب خالتىسى، سېنى يەنە ئۇنىماسمىكىن دەپ ئويلىغۇدىم، بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىقتىكىن، مەلىكىمىزنىڭ مەن بىلەن سىرتقا چىقىشقا قانداق چولىسى تەگدىكىن؟! شەرەپ ھېس قىلىۋاتىمەن جۇمۇ، — ماھىرە دوستىنى ئالدىراتقاچ ئۇنىڭ بىلەن چېقىشقىلى تۇردى.
— يەنە مەن بىلەن چېقىشساڭ بىكار گېپىمدىن يېنىۋالىمەن جۇمۇ، پۇشايمانغا ئۇلگۇرەلمەيلا قالىسەن...
— ماقۇل، ماقۇل، خوپ مەلىكەم، قېنى مەرھەمەت...
— ۋۇ شەيتان...!
ئىككى قىز چاقچاقلاشقاچ مەكتەپ ئالدىدىكى خۇيزۇ ئاشخانى-

لىرى ۋە ئۇششاق سېتىمچىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئۇزۇن تار كوچىغا كىلىشتى.
— ئىچىدىراقمىكىن، باللار ھېلىقى شورپىخانىنىڭ يېنىدىراق دېگەندەك قىلغان، — ماھىرە يول باشلىغاچ ئەتراپقا بىسرمۇبىر قاراپ مېڭىۋاتاتتى.
— قارا، ئاشۇ شۇمۇ يا، ئۇيغۇر بالىكەن، — ماھىرە دوستىنىڭ ئىشارىسى بىلەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى.
— شۇ، شۇ، دەل ئۆزى شۇ، بۇ يەردە بۇ بالىدىن بۆلەك ئۇيغۇر سېتىقچى يوق، بۇ كوچىنى مەندىن سورا، قەيەردە، قايسى مۇسۇلمانچە دۇكاندا نېمە تاماقلار بار، قەيەرنىڭ سۇيۇقئېشى، قەيەرنىڭ زاسۇيلىرى، يەنە قەيەرنىڭ...
— بولدى، بولدى،... سۆزلەپلا كەتتىڭغۇ، سېنىڭ قورساقتا ئامراقلىقىڭنى كىم بىلمەيدۇ، ۋۇ ماھىرە قورساق سارىڭى.
— ھە، سەنچۇ سەن؟! ۋۇ زۆھرە كىتاب سارىڭى...
ئۇلار كۇلكە ـ چاقچاقلار بىلەن بىردەمدىلا كاۋاپچى يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلدى. يىگىت يېڭى كەلگەن بولغاچقىمۇ ياكى ئەتراپىدىكى خۇيزۇلارنىڭ يوغان لاتا ۋىۋىسكىلىرى ئېسىلغان كاۋاپدانلىرى ئالدىدا كۆرۈنمەي قالغان بۇ كىچىك كاۋاپدىنى ئۇچۇنمۇ ئەيتاۋۇر ئالدىدا باشقىلارنىڭكىدەك كۆپ ئادەم يوق ئىدى.
— قارىغىنە، شىنجاڭنىڭ كاۋىپى ئۆزگىچە ـ ھە، ياندىكى دۇكاندىكىلەرنىڭ توغرىغان گۆشىنىڭ كىچىكلىكى، ئادەم چايناپ بولغۇچە چىشىنىڭ كامىرىغا كىرىپ كەتكەن، ئازراق قىممەت بولسىمۇ ئادەمگە گۆش چاينىغاندەك ھۇزۇر بەرگۇدەك بولمامدۇ كاۋاپ دېگەن... ئۇستام، قارا گۆشلۇكلىرىدىن، نەچچىدىن يېسەك بولا، ھە، تۆتتىن قويۇڭە ئاۋۋال، — ماھىرە سۆزلىگەچ يوغان ـ يوغان ئۆتكۇزۇلگەن كاۋاپلارغا قاراپ قويدى، ئەمما زۆھرە بولسا پۈتۈن دىققىتى بىلەن كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقان، ئوت يەلپۈۋاتقان،

قولى ئەپلىك ۋە چاققان، ياراشقان بادام دوپپا كىيگەن، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان بۇ يىگىتكە قاراپ خىيالغا كەتكەندى «توۋا، — دەيتتى ئۇ يىگىتكە ئاستىرتتىن سەپسېلىپ، — قاش - كۆزلىرى ئەجەب كېلىشكەن بالىكىنا، دوپپىلىرى، بۇ-رۇتلىرىمۇ ئەجەب يارىشىملىق، شۇنچە پاكىز چىراي، كاۋاپ پى-شۇرىدىغىنىغا قارىماي ئاپئاق كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ، ئەپتىدىن ھېچبىر كاۋاپچى ئۇستامغا ئوخشىمايدىغۇ، ئەمما قولىنىڭ شۇن-چە چاققان، يېنىكلىكىگە قارىسىغۇ خېلى ئۇستا كاۋاپچىكەن دې-گۈدەك...»

— ۋۇي، زۆھرە ھاڭۋاقتى...!

«زۆھرە» دېگەن ئىسمىنىڭ ئۇنلۇك توۋلىنىشى زۆھرەنى دەرھال ئېسىگە ئەكەلگەن بولسا كاۋاپچى يىگىتمۇ ئىختىيارسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ سالدى، بەلكىم ئۈچ سېكۇنت ۋە بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ۋاقىت ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى، ئەمما بۇ ئۇچرىشىش زۆھرە ئۈچۈن تولىمۇ ئۇزاق بىلىنىپ كەت-تى، ئۇنىڭغا يۈرەك سوقۇشى ئۆزىگىلا ئەمەس، ئەتراپىدىكىلەر-گىمۇ ئاڭلىنىۋاتقاندەك، باياقى خىياللىرىدىن كاۋاپچى يىگىتلا ئەمەس، بەلكى ئەتراپىدىكىلەرمۇ خەۋەر تاپقاندەك، شۇڭا ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ئۇ چۆشۈپ كەتكەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىدىكىلەر-گە سەپسالدى، دوستىنىڭ ئۇنىڭغا قارىغۇدەك ھەپسىلى يوق بو-لۇپ تېلېفونىدا كىملەرگىدۇر ئۇچۇر يوللاش بىلەن ئالدىراش ئىدى، باشقىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى بىلەن، ھېچكىم ئۇنىڭغا سەپسالمىغان، كاۋاپچى يىگىتمۇ ئاۋۋالقىدەك ئالدىراش ئىدى.

— مانا سىلەرنىڭ كاۋاپمۇ تەييار بولدى، مانا ماۋۇ تۆتى لازى-مسى ئارزاق سېلىنغىنى.

زۆھرە ئورنىدىن تۇرۇپ كاۋاپنى ئالدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا

ئۇستەل بولمىغاچقا، كاۋاپنى قوللىرىدىلا تۇتۇپ يېيىشتى.

«ئۇف... ، بىردەمنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنى خىيال قىلىپ كەتتىمكىن» دەپ ئويلىدى زۆھرە ۋە يىنىسىڭىزدە بىرنى كۈلۈپ قويدى، ئەمما كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ خىيال بىلەن كاۋاپ يەۋاتقان زۆھرە يىگىتنىڭ مۇشۇ دەقىقىدە ئۆزىگە قاراۋاتقىنىنى، بايىقى كۈلۈشنىڭ يىگىتكە ئاجايىپ سېھىرلىك بىلىنىپ كەتكەنىنى سەزمىدى.

بۈگۈن بىر كۈن زۆھرەگە تولىمۇ مەنىلىك بىلىندى، يېقىن دوستى بىلەن بىرگە تاماق يېيىش، يەنە كېلىپ شىنجاڭنىڭ كاۋىپىنى يېيىش، يەنە تاماقتىن كېيىن ئازراق كەچلىك بازار كۆرۈش، ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ ئەركىن، خۇشال سەزدى، ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خۇشال ئولتۇرۇپ دەرسىنى تەكرارلىدى، يەنە باشقا كۈندىكىدىن بۇرۇن ئۇخلاش ئۈچۈن كارىۋىتىغا چىقتى، ئەمما نېمىشقىدۇر ھېلىقى كاۋاپچى يىگىتنى يەنە ئويلاپ قالدى. «بەلكىم ئەتراپىتىكى بىرەر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسىدۇر، بىزنىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىپ، قولىدىن كېلىدىغان ھۈنىرى بىلەن دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىشلەپ، ئۆيىدىكىلەرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىۋاتقان چېغى» دەپ ئويلىدى ئۇ، يەنە نېمىشقىدۇر ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇشىنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلىپمۇ قالدى.

## 16

ئادىلە ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ تاماق ئېتىشكە باشلىدى. دادىسى ئويغانغاندا ئۇ تاماقنى ئېتىپ تەييار قىلىپ قويغانىدى. دادىسى ئەزەلدىن ئۆزى بۇيرۇمىغىچە تاماق ئەتمەيدىغان ئادىلەنىڭ بۈگۈن باشقىچە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى، ئۆزۈڭگە ئوخشىمايلا قاپسەن-

غۇ؟ — سورىدى دادىسى.

— ھېچنېمە. بۈگۈندىن باشلاپ باشقىچە ئادەم بولاي دەيمەن.

دادىسى ئادىلەنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئەجەبلەندى، قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ چىرايىنى ۋەھىمىلىك بىر تۇيغۇلار قاپلىدى. لېكىن ئادىلە بۈگۈن دادىسىنىڭ ئاچچىقىنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى، ئۇنىڭدا بۇرۇنقىدەك دادىسىغا گەپ قىلغاندا ئىپادىلىنىدىغان نە تىترەش، نە ھودۇقۇش، چۆچۈش ئالامەتلىرى بولسۇن، ئۇ دادىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— دادا، بۈگۈندىن باشلاپ مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بولدۇم.

— نېمىگە؟

— بۈگۈندىن باشلاپ مەن ئۇ ئىشتىن قول ئۈزىمەن!

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دادىسىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىرىدى.

— بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئەمدى ئوغرىلىق قىلمايمەن، ئۇ ئىشتىن قەتئىي قول ئۈزىمەن.

دادىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ باشتا سەل چۆچۈدى، كېيىن ئادىلەنىڭ ئۆزىگە يوغانچىلىق قىلىۋاتقىنىغا غەزىپى كەلدى ـ دە، جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى:

— قېنى مەن ھايات بولاي، سېنىڭ شۇ ئىشنى قىلمىغىنىڭنى بىر كۆرەي!

— سىزگە پۇل كېرەككقۇ، نەچچە يىللاردىن بېرى ئوغرىلىق قىلىپ سىزگە جىق پۇل تېپىپ بەردىم. سىز شۇ پۇللارنى يېتىپ تۇرۇپ خەجلىسىڭىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم ئۇنداق يامان ئىشلارنى قىلماي تۇرۇپمۇ، ھالال ئىشلەپ پۇل تاپسا كۆڭلىرى تېخىمۇ خاتىرجەم ئۆتمەمدۇ؟...

ئادىلەنىڭ ئۆزىگە ئىش ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ دادىسى زادىلا چىدىيالمىدى، ئۇنىڭ بېقىنىغا شۇنداق قاتتىق بىر تەپتى-

كى، ئادىلە چىرقىرىغىنىچە گۇپپىدە يەرگە يىقىلدى. ئۇ بىرىپ تازا بىر دەسسىمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ چاققىچە ئادىلە ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئىچىدىن ئېتىۋالدى. دادىسى ئىشىكنى جاراڭشىتىپ ئۇرۇۋەردى، ئادىلە بولسا ئىشىك-نى ئىچىدىن تاقىۋالدى. دادىسى ئاغزىنى قانچە بۇزۇپ تىللىسىمۇ ئۇ جاۋاب قايتۇرمىدى، دادىسى ئاخىر ھېرىپ ئولتۇردى. بايا ئا-دىلەنىڭ «نەچچە يىللاردىن بېرى ئوغرىلىق قىلىپ سىزگە جىق پۇل تېپىپ بەردىم. سىز شۇ پۇللارنى يېتىپ تۇرۇپ خەجلىسى-ڭىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى. ئۇ ئېيتقۇسىز بىر ئازابتىن ئىڭراپ تاشلىدى...

## 17

نەرگىزەنىڭ كۆڭلىرى ئەخمەتنى سېغىنىش بىلەنلا ئۆتۈۋاتات-تى. گەرچە ئەخمەت كۈندە تېلېفون ئۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يەنىلا بالدۇرراق قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتاتتى.

شەنبە، ئەتىگەن ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق ئىدى، نەرگىزە ماتې-رىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىش ئۈچۈن مەكتەپ باغچىسىغا باردى. ئۇ ماتېرىياللىرىغا قاراپ ئولتۇرغان بىلەن، خىياللىرى ھەر تەرەپتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەخمەتنىڭ سىماسى گەۋدىلىنەتتى. ئۇ ئەخمەتنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى ھەمدە ئۇنىڭ ئوبرازىنى قەلبىدە يۇقىرى ئورۇنغا قوياتتى.

— مەن بۇ يەردە دەڭ، قاچان چىققانىدىڭىز، مېنى چاقى-رىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟ — شەھىدە نەرگىزەنىڭ يېنىغا كېلىپ شۇنداق دېدى. نەرگىزە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ شەھىدەنى كۆردى.

— مەن چىققىلىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى، مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەن-

لىكمنى قانداق بىلدىڭىز؟
— ياتىقىڭىزغا كىرسەم يوق ئىكەنسىز، شەھرىبان ياتاقتا تاپشۇرۇق ئىشلەپ ئولتۇرۇپتىكەن، سىزنى سورىسام مۇشۇ يەر-دىمىكىن دېگەن، قانداق؟ يېنىڭىزغا كېلىشىم بىلەن چىرايىڭىز تۇتۇلۇپ قالدىغۇ، مەن كېتەي بولمىسا، — شەھىدە شۇنداق دەپ مېڭىشقا تەمشەلدى.
— كۆڭلۈمنىڭ يېرىملىقىدا نېماناداق گەپ قىلىسىز؟ مېنىڭ چىرايىم ئەخمەت كەتكەندىن بېرى ئېچىلىپ باقمىدى. سىزنى كۆرۈپ تۇتۇلۇپ قالغان ئەمەس.
— ۋاي - ۋۇي، كۆڭلى نازۇك خېنىم، چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — شەھىدە گەپ قىلغاچ نەرگىزەنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.
— سىزگە بىر گېپىم بار، دېسەم بولامدۇ؟
نەرگىزە ئەزەلدىن ئۆزىنى سەن دەيدىغان شەھىدەنىڭ بۈگۈن ئۇنىڭغا باشقىچە يېقىنچىلىق قىلىپ سىز دېيىشلىرىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى:
— ئېيتىشنى خالىسىڭىز ئېيتىڭ، بولمىسا مەيلى.
— مېنىڭ بىر تونۇشۇم بار ئىدى، بىز بىلەن بىر يۇرتلۇق، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا مەكتەپ ئاشخانىسىدا شەھرىبان ئۇچەي-لەننى كۆرۈپتىكەن. سىز بىلەن تونۇشقۇسى بار ئىكەن، شۇڭا مېنى...
— ھە، شۇڭا ئالدىنقى كۈنى ناتونۇش بىرسى ماڭا تېلېفون قىلىپ يۇرۇپتىكەن - دە، سىز قاچاندىن باشلاپ «لايىق تونۇش-تۇرۇش شىركىتى» ئاچقانتىڭىز؟ بولدى قىلىڭ، ئۇ تونۇشىد-ڭىزغا مېنى تونۇشقۇسى يوق ئىكەن دەپ ئېيتىپ قويۇڭ.
شەھىدە سۆزىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەي تۇرۇپلا نەرگىزەنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ئۇ ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىدىن ئاچچىقى كې-لىپ ئۇنى تازا تىللاپ - تىللاپ دەردىنى چىقىرىۋالماقچى بولدى،

لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلسا ئۆزۈندىن بېرى ئويلاپ تاپقان پىلانلىرد-
ىنىڭ يوقىقا چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ
قىلمىدى.

نەرگىزە گەپ - سۆز قىلمىدى، ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر سا-
ئەتكىچە گەپ قىلىشماي جىمجىت ئولتۇرۇشتى.

— شەھىدە!

نەرگىزە بىلەن شەھىدە تەڭلا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى.
پۇتىغا پارقىراپ تۇرىدىغان قارا شىبلىت، ئۇچىسىغا قارا پادد-
چىلار شىمى، ئۈستىگە سۇس سېرىق رەڭلىق قىسقا چاپان، چا-
پىنىنىڭ ئىچىگە قىزىل مايكا كىيىۋالغان، چاچلىرى قاپقارا بو-
لۇپ كۆزلىرىگىچە چۇشۇپ تۇرغان، چىرايى قارىغا مايىل كەل-
گەن، ئورۇق، ئوتتۇرا بوي، خېلى كېلىشكەن بىر يىگىت ئۇلار-
دىن بەش قەدەمچە نېرىدا تۇراتتى.

— مەن بېرىپلا كېلەي، — شەھىدە شۇنداق دېگىنىچە يىگىت-
نىڭ يېنىغا ماڭدى. نەرگىزە گەپ قىلماي ئۆگىنىش قىلىش ئۇ-
چۇن ماتېرىياللىرىغا قايتا قارىدى. لېكىن بايىقى شەھىدەنى چا-
قىرغان يىگىت بىلەن شەھىدەنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ چىقىۋاتقان
كۇلكىسى ئۇنىڭ دىققىتىنى چېچىپ تۇراتتى.

— ئولتۇرسام بولامدۇ؟

نەرگىزە بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپلا گەپ قىلغۇچىنىڭ بايىقى
يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— ئومىقىم، سەل سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇڭە، — شەھىدە شوخلۇق
بىلەن نەرگىزەنىڭ گەپ قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەي شۇنداق دې-
دى. نەرگىزە سۈرۈلدى، يېنىدا شەھىدە، شەھىدەنىڭ يېنىدا ھې-
لىقى يىگىت ئولتۇردى.

— سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ نەرگىزە، ھەممەيلەن
نەرگىز دەپ چاقىرىدۇ، مەن بىلەن بىر سىنىپتا ھەم مېنىڭ يې-

قىن دوستۇم. بۇياق رىيات، بىزدىن ئىككى يىل بۇرۇن كەلگەن، تارىخ كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، سىپپى ئۆزىدىن تارىخچى، — شەھەردە سۆزىنى تۈگىتىپلا يىگىتكە كۆز قىسىپ قويىدى.

نەرگىزە ئۇنى سەزمەي ماتېرىيالىغا قاراپ بىر پەس ئولتۇر-دى. كېيىن ئۇلارنىڭ پارىڭىدىن زېرىكىپ:

— مەن كىرىپ كېتەي، — نەرگىزە شۇنداق دېگىنىچە ئور-نىدىن تۇرۇپ ياتاق تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— نەرگىزە...

شۇنداق مۇلايىملىق بىلەن چىققان يىگىتنىڭ بۇ ئاۋازى نەر-گىزەنى كەينىگە قاراشقا مەجبۇر قىلدى.

— يەنە بىر ئاز ئولتۇرسىڭىز قانداق؟ — يىگىت شۇنداق سىد-لىق ـ سىپايە سۆزلەيتتى.

— كەچۈرۈڭ، سىرت بەك سوغۇق، توڭلاپ كەتتىم، ياخشىسى ياتاقتا كىرىپ ئارام ئالاي، كېيىنچىرەك پاراڭلىشارمىز...

— ئۇنداقتا مەيلى، سىزنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمايمەن، خا-لىسىڭىز ماڭا تېلېفون قىلىڭ. ئالدىنقى كۈنى سىزگە تېلېفون قىلغان نومۇر شۇ مېنىڭ نومۇرۇم، ساقلىۋالارسىز. پۇرسەت بولسا كۆرۈشەرمىز، خەير ـ خوش!

نەرگىزە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ياتىقىغا ماڭدى.

## 18

— ماھىرە، ئاداش، تۈنۈگۈنكى كاۋاپنىڭ تەمى ئاغزىمدىلا، — دەرستىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا زۆھرە ماھىرەنىڭ قۇلىقىغا پىد-چىرلىدى، — چۈشتە تاماق يەپ بولۇپلا يەنە بىر بېرىپ كېلەمە-دۇق؟

ماھىرە دوستىنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ كۈلۈپ قويىدى ـ دە:

— يوق، — دېدى تومتاقلا.

— ساراڭ، نېمە يوق؟
— كاۋاپچى يوق، ئۇ پەقەت كەچلىك بازارغىلا چىقىدىكەن، كەچتە كۇتۇپخانىدىن ئەنسىرىمىسەڭ مەن بىلەن بىرگە چىق، قاراپ باقايلى...
زۆھرە دوستىنىڭ ئالدىدا پەرۋاسىز ئولتۇرغىنى بىلەن ئۆز گۇمانىنىڭ توغرا چىققىنىدىن خۇشال ئىدى. «چوقۇم ئوقۇغۇچى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — كۇندۇزى دەرسكە قاتنىشىدۇ ـ دە، ئەلۋەتتە.»

هازىر كاۋاپچى يىگىتنى ۋە ئۇنىڭ كاۋىپىنى مەكتەپتىكى جىق باللار بىلىپ كەتكەن بولۇپ، يىگىتنىڭ سودىسىمۇ ياخشى ئىدى. كەچتە سىنىپتا قىزلار ئارىسىدا ئۇ يىگىتنىڭ گېپى بولۇپ قالدى:
— تىرىشچان بالىكەن، كۇندۇزى ھېلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ پولۇ ـ خانىسىدا ئىشلەيدىكەن، كەچلىكى بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئالدىدا كاۋاپ ساتىدىكەن. قارىغاندا تۇرمۇشتا قاتتىق قىيىنچىلىقى بار ئوخشايدۇ.
— ھېلىقىدەك يانچۇق كولاپ پۇل تاپىدىغانلار ئاشۇ بالىدەك ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىشلىسە بولىدۇ...
— كىم بىلىدۇ، بۇمۇ شۇلارنىڭ شېرىكىمۇ تېخى، ھازىر خەقنىڭ تېشىغا قاراپ باھا بېرىدىغان زامان ئەمەس...
— نەلىككەن؟
— بىزنىڭ ئەخمەت يۇرتىنى سوراپتىكەن، خوتەندىن دەپ بې ـ رىپتىغۇ...
— قارىسىمىغۇ خوتەن چىراي، قاش ـ كۆزلۈك، كېلىشكەن بالىكەن...
— ۋاي، ۋاي، مۇنداق تەھلىل قىلمىز مۇنداق، — سىنىپ ـ تىكى ئەڭ شوخ قىز لالە ھەممىنى ئۆزىگە قاراتتى، — ئۇنىڭ

كۆزىگە ئوبدانراق قاراپ باقتىڭلارمۇ؟ خېلى ئىش كۆرگەن، بېرىشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەندەك كۆرۈنىدۇ، بولمىسا يېشى بىزدىن ھېچ پەرقلەنمەيدۇ، يەنە كېلىپ بۇ بالا پەقەت ئادەتتىكى كاۋاپچىلارغا ئوخشىمايدۇ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ، مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن...

— نېمانداق جىق گەپ قىلىسەن، يەكۈننى دېمەمسەن بىراقلا، ھېلى ئوغۇللار كىرسە قېپقالىدۇ ما گەپ...

— ئوھۇش، لوقما سالماي تۇرە، — لالە خۇددى ھەممە ئىشنى بىلىدىغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى، — بۇ يىگىتنىڭ چوقۇم بىر ئاشىقى بار، بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار بىر ـ بىرىنى شۇنداق ياخشى كۆرۈشىدۇ، لېكىن... ئىشقىلىپ بىر سەۋەبتىن بۇلارنىڭ توي ئىشىغا ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن يىگىت قىزنى بۇ ياققا ئېلىپ كېلىدۇ، قارىماسىلەر، ھەرقانداق قىزنى كۆيدۈرۈۋالغۇچىلىكى بار تۇرمامدۇ؟... چوقۇم ئارقا سەپتە بىرى بار... بولمىسا كۈندۈزى ئىشلىگەن ئادەمگە كەچتە ساتىدىغانغا نەدە تەييار كاۋاپ... مۇنداق تەھلىل قىلمىز دەيمەن...

سىنىپتا بىردىنلا پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ھىندىستاننىڭ كىنوسىنى جىق كۆرۈپ كېتىپسەن لالە!

— مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى كۆپ ئوقۇپ كېتىپتۇ بۇ!

— ھېكايە قىلىپ يازغۇدەك تەسەۋۋۇر قىلدىڭ جۇمۇ!

— ھەي لالە، ھەي لالە! شەيتان لالە!

— بىزنىڭ خوتەننىڭ قىزلىرى يىگىتنى دەپ قاچمايدۇ، سەن مەلەڭ بويىچە تەھلىل قىلما ھەممە يەرنى... ، — خوتەنلىك قىز ئايشەمگۈلنىڭ دېگەن سۆزى يەنە چاقچاقنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەبچى بولدى.

— كىم ساڭا قىزنىمۇ خوتەنلىككەن دېدى ۋۇي ئۇششۇق، بەلكىم بىزنىڭ مەلىدىندۇ.

— ئەمىسە ئۇلار قانداق تونۇشىدۇ؟
— توردا تونۇشامدۇ؟
— ھا ھا ھا ۋاي ساراڭ...! ھا ھا ھا...

قىزلار قورساقلىرى ئاغرىپ كەتكۈچە كۈلۈشتى، زۆھرەمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ تەڭ كۈلدى، شۇنچە جىق گەپلەر ئارىسىدا پەقەت يىگىتنىڭ يۈرتى ۋە ئوقۇغۇچى ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلا راست ئىدى.

ئەنە شۇ سۆھبەتتىن كېيىن زۆھرە نېمىشقىدۇر بۇرۇنقىدەك كۈندە دېگۈدەك كاۋاپ يېيىشكە بارمايدىغان، كاۋاپچى يىگىت توغرىسىدا ھەر خىل تەسەۋۋۇرلارنى قىلمايدىغان بولدى. بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى خىياللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمىشقا پەرق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى ھەم بۇلارنى ئويلاپمۇ كەتمەيتتى، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ كىتابلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

بۈگۈن كەچلىك مۇزاكىرىدىن بالدۇر چۈشكەن زۆھرە دوستىنىڭ زورلىشى بىلەن يەنە كاۋاپ يېگىلى باردى، ئەمما بۈگۈن كاۋاپدانىنىڭ يېنىدا ئۇ يىگىت يوق ئىدى.

— بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭلار، بەش مىنۇتقا قالماي كېلىپ قالىدۇ، — دېدى ئۇنىڭ خوپيزۇ قوشنىسى. قىزلار ھەممە نېمىسى تەييار، قىپقىزىل چوغلىرى بار كاۋاپدانغا قاراپ قويۇپ بىردەم كەچلىك بازارنى چۆرگىلەپ كېلىش ئۈچۈن كېتىپ قالدى، بۇ تار كوچىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ يېنىدىكى چوڭ يول كەچتە بازار بولاتتى، يولنىڭ ئىككى يېنىغا ئەرزان باھالىق، ئەمما خېلى سۈپەتلىك ياخشى كىيىم ـ كېچەكلىرى، قىزلارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، كىتاب يايمىلىرى قاتارلىقلار تۆكمە بولۇپ كەتكەن بولۇپ، نېمە ئىزدىسە شۇ تېپىلىدىغان قايناق بازار بولۇپ كېتەتتى.

بىرىلىپ سومكىنا كۆرۈۋاتقان قىزلار يېنىدىلا بولۇۋاتقان ۋاراڭ ـ

چۈرۈشكەندىن كېيىن كۆتۈرۈشتى، ھەيران قالارلىقى بۇ دەتالاش ئىككى ئۇيغۇر ئارىسىدا بولۇۋاتاتتى:
— يەنە مەن ئالىمدىم دەيسەنغۇ، سېنى كىچىككەن، ئۇيغۇركەن دەپ ئارتۇق گەپ قىلمايۋاتىمەن، ئەكەل دېدىم.
— مانا تۇتە، بۇگۈن قىلغان نوچىلىقىڭنى ئەتىلا كۆرسىتەـمەنغۇ ساڭا...
قىزلار نېمە ئىش بولغىنىنى ئويلاپ ئۈلگۈرگۈچە زۆھرە يەـگىتنىڭ قولىدىكى پورتمانىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ تاشلىدى:
— مېنىڭ پورتمانىم.
— مانا ئېلىڭ، — دېدى يىگىت پورتمانىنى قىزغا ئۇزاتقاچ، — ئىچىنى ئېچىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى، مەسچىتتىن ناماز ئوقۇپ يېنىپ چىقىشىمتى، تۇيۇقسىز كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدىڭلار، سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدىم.
— رەھمەت سىزگە، ئىچىدىغۇ ئانچە كۆپ پۇل يوق ئىدى، ئەمما تاماق كارتام، بانكا كارتام، يەنە تېخى كىملىكىممۇ مۇشۇـنىڭ ئىچىدە ئىدى، ھېلىمۇ خۇدايىم سىزنى ئۇچراشتۇرۇپتۇ، رەھمەت سىزگە.
— بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىڭ.
بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ماھىرە دەرھال سۆزگە ئارىلاشتى:
— بىزمىغۇ ئەسلىي سىزنىڭ كاۋىپىڭىزنى يەيلى دەپ كەلـگەن، بىراق سىز يوق، شۇڭا بۇ يەردە بازار كۆرۈپ تۇرغانىدۇق، ئەگەر دەل ۋاقتىدا كەلمىگەن بولسىڭىز ئۇنىڭ سەۋەبچىسى سىز بوپ قالاتتىڭىزدە! يۈرۈڭلار، ماڭغاچ پاراڭلىشايلى.
— شەپقەتچىمنىڭ نام ـ شەرىپىنى بىلىشكە بولارمىكىن، — دېدى زۆھرە شوخلۇق بىلەن.
— ئادەم زاڭلىق قىلماڭ... مەن... مېنىڭ ئىسمىم... مېنىڭ ئىسمىم... تاھىر...

— تاھىر؟!

ئىككى قىز ئاۋۋال بىر - بىرىگە، ئاندىن يىگىتكە قاراشتى. ئۈچىلىسى دېيىشىۋالغاندەك تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى.

19

يارقىن ئىشخانىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ئادىلە ۋە ئۇنىڭ دادىسى كىرىۋالغانىدى، ئۇ شۇ كۈنى يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئويلاپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. ئادىلەنىڭ ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ئارىلاشقان كۆزلىرى، دادىسىنىڭ ھىيلىگەرلىك، شۇملۇق چىقىپ تۇرىدىغان سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى.

— ئادىلە ماڭا ئۆز قىزىمدەكلا بىلىنىدۇ. ساڭا راست گەپنى قىلسام ئوغلۇم، ئۇنىڭ دادىسىنى مەن تونۇمايمەن، ئاخشام ئادىلەنى قىيىن ئەھۋالغا قويماي دەپ ساڭا شۇنداق دەپ قويغانىدىم. سەن ماڭا ئادىلەنىڭ دادىسىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىر ئېنىقلاپ بەرگەن بولساڭ... — ئابلەت ساقچى يارقىنغا ئالتۇن زەنجىرنى بېرىۋېتىپ شۇنداق دېگەنىدى.

«ئەجەبا ئادىلە باشقىلارنىڭ يانچۇقىنى كولايدىغان ئوغرىمىدۇ؟» بۇ ئوي ئۇنىڭ كاللىسىغا كېلىشى بىلەن تەڭ، ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى. لېكىن نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغانىدى. تۇنجى قېتىم ئادىلەنى دىسكوخانىدا ئۇچرىتىشى، يارقىننىڭ ساقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئادىلەنىڭ چۆچۈپ كېتىشى، ئارقىدىنلا بىر قىزنىڭ ئالتۇن زەنجىرنى يوقىتىپ قويۇشى، ئادىلەنىڭ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىنلا غايىب بولۇشى، كېيىن دادىسىنىڭ ئالتۇن زەنجىر ئۈچۈن ئادىلەنى قاتتىق ئۇرۇشلىرى... بۇ بىر قاتار ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىنى قاپاق قىلىۋەتكەنىدى.

يارقىن يەنە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى، ئادىلە راستىنىلا يانچۇق-چىمىدۇ؟ ئۇ شۇلارنى ئويلاپ بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قارارىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇ ھامان ئابلەت ساقچىغا بۇ ئىشلارنى ئېيتىپ ئادىلە سىزنىڭ قىزىڭىز ئىكەن دېگۈسى، ئۇنى ھىجران ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇسى كەلدى. لېكىن يەنە ئويلىنىپ بېقىپ ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ ئادىلەنى يانچۇقچى دەپ قىياس قىلىۋا-تىدۇ، خالاس، لېكىن ئۇنىڭ راستىنىلا ئابلەت ساقچىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىگە ھەم يانچۇقچى ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك ئىسپات يوق. ھەرگىزمۇ ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق كېرەك، بۇ ئىشلارنى ئاۋۋال بىر قېتىم تەكشۈرۈپ باقاي. يارقىن كۆڭلىدە شۇلارنى ئويلىغاندىن كېيىن، ئادىلە بىلەن يۈزتۇرا كۆرۈشۈپ ئۇنى سىناپ باقماقچى بولدى.

ئادىلە بۈگۈن سىرتقا ئىش ئىزدەپ چىققانىدى، لېكىن بىر كۈن بازار چۆرگىلەپمۇ كۆڭلىگە ياققۇدەك بىرەر ئىش تاپالمىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ ماڭغان چاغدا ئاللىبۇرۇن زاۋال ۋاقتى بولغاندى. ئۇ تار كوچىنىڭ ئىچىدە جىمىدە ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. ئۇ دادىسى بىلەن بىر تۇتۇشۇش نىيىتىگە كەلگەن، ئەگەر دادىسى ئۇنى يەنە مەجبۇرلىسا، ساقچىغا بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىمەن دېمەكچى بولغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە قورقۇش، غەم-قايغۇ دېگەندىن ئەسەرمۇ قالمىغان، چۈنكى ئۇ ئۆزى تاللىغان تۇرمۇش يولىغا مېڭىش قارارىغا كەلگەنىدى.

ئادىلە ئىشىك ئالدىغا كېلىپ چۆچۈپ كەتتى، ئىشىك ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ساقچى كىيىمى كىيگەن بىرسى ئولتۇراتتى، ئادىلە يېقىنلاپ ئۇنىڭ يارقىن ئىكەنلىكىنى بىلدى ھەم ئىختىيارسىز «يارقىن» دەپ سالدى.

يارقىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئادىلەگە سالام بېرىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۈگۈن سىرتقا چىققانمىدىڭىز؟
— ھەئە.
— دادىڭىزچۇ؟ ئۆيدە يوقمۇ؟
— بىلمەيمەن، مېنىڭ ئەمدى قايتىپ كەلگەنلىكىمنى كۆر-مىدىڭىزمۇ؟
— مەن بۇ يەرگە كەلگىلى بىرەر سائەتتەك بولۇپ قالدى.
— نېمە ئىش بىلەن كەلگەنىدىڭىز؟
— ھېلىقى ئالتۇن زەنجىرنىڭ ئىشى بىلەن كەلگەن، — يارقىن شۇنداق دەپ كوچا چىراغلىرىنىڭ سۇس يورۇقىدىن پايدىلىنىپ ئادىلەنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى.
ئادىلە بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىددىيلەشتى، ئۇ ئۆزىنىڭ سۇس تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، ئىككىسىنىڭ كۆزى ئۇچراشتى، يارقىن ئۆزىنى كۈلكىگە زورلىدى.
— تۇرۇپلا ئۇ ئالتۇن زەنجىر ئېسىڭىزگە كېلىپ قاپتىغۇ؟ — سورىدى ئادىلە.
— قايسى كۈنى دادىڭىز سىزنى شۇ ئالتۇن زەنجىر ئۈچۈن ئۇرغانمىدى؟
ئادىلە بېشىنى كۆتۈرۈپ يارقىننىڭ كۆزىگە يەنە بىر قېتىم تىكىلىپ قارىدى، بۇ گەپ ئۇنىڭ كەيپىنى سەل بۇزغانىدى. ئۇ ئىشىك قۇلۇپىغا ئاچقۇچ سېلىۋېتىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:
— ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ قايتامسىز ياكى؟
— ياق، — دېدى يارقىن، — يەنە ساقچىخانىغا بارىدىغان ئىشىم بار، ناھايىتى مۇھىم بىر ئەنزە ماڭا قاراشلىق.
— قانداق ئەنزە؟ — ئادىلە ئىشىكنى ئاچقاچ ئۇنىڭدىن سورىدى.
— بىر قىزنىڭ ئەنزىسى!
— ئۇ قىز نېمە ئىش قىلىپتىكەن؟
— دىسكوخانىدا بىر قىزنىڭ ئالتۇن زەنجىرىنى ئوغرىلاۋات-

قاندا تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئادىلەنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى.

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ — يارقىن ئۇنى كۆزىتىۋاتاتتى.

— ئۇ قىزنىڭ ئالتۇن زەنجىرىنى ئوغرىلىشى بىلەن مېنىڭ ئالتۇن زەنجىرىمنىڭ مۇناسىۋىتى بارمۇ؟

— ئۇ... — يارقىن بىردىنلا گەپ تاپالماي سۆز تېمىسىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتمەكچى بولدى، — مۇشۇ يېقىندا قىز يانچۇق-چىلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بىر قىز بالا ئۇچۇن ئۇنىڭدىنمۇ پەسكەش ئىش بولمايدۇ.

— بەلكىم ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلمايدىغاندۇ؟ — ئادىلە ئۇھسىنىپ قويىدى.

— ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلمىغاندۇ دەمسىز؟ سىز بىر يانچۇقچىغا پۇلىنى ئوغرىلىتىپ قويغان بىر قىزنىڭ نېمە كۈنگە قالغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ قىز چەت يېزىدىن ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ، شەھەرگە كەلگەن تۇنجى كۈنىلا، مەكتەپكە تاپشۇرىدىغان پۇلىنى ئوغرىغا بېرىپ قويۇپتۇ. ئۆيدىكىلىرىگە بۇ ئىشنى ئېيتالماي، مەكتەپكە پۇلۇمنى تۆلەيمەن دەپ، باشقىلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن مېھمانخا-نىدا ئەرلەرگە ھەمراھ بولۇپ پۇل تېپىپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى ئاتا-ئانىسى بىلىپ قاپتۇ.

— كېيىنچۇ؟

— كېيىن بىچارە قىز بۇ نومۇسقا چىدىماي ئېسىلىپ ئۆ-لۈۋاپتۇ، شۇ يانچۇقچى نېمىشقىمۇ ئويلىمايدىغاندۇ دەيمەن، بىر كۈنى قانۇننىڭ تورىغا چۈشۈپ قالارمەن دەپ...

ئادىلە زۇۋان سۈرمىدى، يارقىن ئۇنىڭ كەيپىياتىنى ئوغرىلىق-چە كۆزىتىۋېتىپ تۇيۇقسىز سۆزىنى يەنە باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.

ــ ۋاي، نېمىلەرنى دېگىلى تۇردۇم مەن، شۇ ئالتۇن زەنجىردـ
نى يوقىتىپ قويغان قىزنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ سىزنى ئاگاھلاندـ
ۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. ماقۇل ئەمىسە، مەن قايتاي،
ــ يارقىن سۆزىنى تۈگىتىپ ئەمدى بىر نەچچە قەدەم مېڭىشىغا
ئادىلە ئۇنى توختىتىۋالدى:
ــ يارقىن، توختاپ تۇرۇڭە!
يارقىن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.
ــ سىزگە بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى، ئېيتسام ئەيىبكە
بۇيرۇمايدىغانسىز؟
ــ قېنى ئېيتىڭ، مەن خاپا بولۇشتىن كېيىن تۇغۇلغان، ــ
ئۇ شۇنداق دەپ ئادىلەگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.
ــ بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلمىگەن
بولسىڭىز...
ــ نېمە؟ بۈگۈن مەندىن خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟
ــ ياق، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم... ــ ئادىلە نېمە دېسە
ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلمەي سەل توختىۋالدى، ئاندىن ئۇنىڭـ
غا يالغاندىن تەبەسسۇم قىلىپ ئېيتتى:
ــ ئىشقىلىپ بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىمىگەن بولساـ
ڭىز، يەنە كېلىپ مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان يىگىتىم بار، دادامۇ
سىزنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىشىڭىزنى ياقتۇرمايدۇ.
يارقىن بۇنى ئاڭلاپ شۈكلەپ كەتتى، ئادىلەنىڭ سۆزلىرى ئۇـ
نىڭ يۈرىكىگە قاتتىق تەگكەنىدى، ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىنى
زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى، ئۇ بىر ھازا سۈكۈتتە تۇرغاندىن
كېيىن يەنە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:
ــ ئادىلە، بۇ دېگىنىڭىزگە مەن ئىشەنمەيمەن، مەندىن خاپا
بولۇپ دەۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى.
ئادىلە يەرگە قارىۋالدى.

— ئادىله، مەيلى نېمە ئىش يۈز بەرسۇن، سىز مېنىڭ نەزەرىمدە بىر ئاق كۆڭۈل، پاك قىز، يەنە كېلىپ... — يارقىن ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ ئېيتتى، — يەنە كېلىپ مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم!

ئادىله بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ جايىدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن يارقىننىڭ دېگەن باشقا گەپلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، يارقىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

ئادىله ئۇنىڭ شۇنچە سەممىيلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كۆڭلىنى ئىزھار قىلغانلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈنگەنىدى. تۇنجى قېتىم بىر يىگىتنىڭ ئاغزىدىن ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تاتلىق ھېسلارغا چۆمۈلدى، چېھرىدە ھاياجانلىق ئىپادىلىرى بالقىيتتى. ئۇ يارقىننىڭ سۆزىدىن مەستخۇش بولۇپ، دادىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى، دەرھال ئۆيگە كىردى ـ دە، كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا يېتىپ شېرىن خىيالغا پاتتى. يارقىننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيتتى، ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ يارقىننىڭ يالقۇنلۇق سۆزلىرىدىن ئاللىقانداق ئىللىق مېھرىنىڭ پەيزىنى سۇرۇۋاتقاندا تۇيۇقسىز كاللىسىغا باشقا بىر خىيال كەچتى: مۇشۇ گەپنى يارقىننىڭ ئەمەس، ئادىلنىڭ دېيىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەگەر بۇگۈن ئادىل ئۇنىڭغا مۇشۇ گەپلەرنى قىلغان بولسا ئۇ قانداق بولۇپ كېتەر ئىدى ـ ھە!

لېكىن بايا يارقىن ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ يانچۇقچىلىق قىلىشنىڭ تولىمۇ پەسكەش ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئادىلمۇ بىر ساقچى، يەنە كېلىپ ئۇ دېگەن ساقچى باشلىقى، قانۇننىڭ قوغدىغۇچىسى، ئۇمۇ ئوخشاشلا يانچۇقچىلارنى تولىمۇ پەس كۆرىدۇ، ئۆزى بولسا چۈشكۈنلۈككە پاتقان بىر جىنايەتچى، بۇنى ئويلاپ ئۇ تەشۋىشكە چۈشتى.

«راست، بوگۈن يارقىن باشقىچىلا بولۇپ قاپتۇ، گەپلىرىمۇ تاققا ـ تۇققا چىقىۋاتىدۇ، بىردەم ئالتۇن زەنجىرنىڭ گېپىنى قىلسا، بىردەم ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ گەپلىرىنى قىلىۋاتىدۇ. ئەجەبا ئۇ مېنىڭ جىنايەت بىلەن بۇلغانغان هاياتىمنى بىلىپ قالغانمىدۇ ـ يا...» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ تىترەپ كەتتى، ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىدىغا هېچنېمە كىرمەيلا قالغانىدى.

## 20

ـــ نەرگىزە...!

شەهرىبان بىلەن چۇشلۇك تاماقتا ماڭغان نەرگىزە يەنە هېلىقى مۇلايىملىق بىلەن چاقىرىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلدى.

ـــ رىياتقۇ سىز، تاماقتا ماڭدىڭىزمۇ؟

ـــ رەهمەت، ئىسمىمنى ئۇنتۇپ قالماپسىز، سىلەرمۇ تاماقتا ماڭدىڭلارمۇ؟ مەن مېهمان قىلاي، تاماقتا بىرگە چىقايلى.

ـــ بولدى ئاۋارە بولماڭ، بىز مەكتەپ ئاشخانىسىغا كىرىمىز.

ـــ سىز ئۇچۇن ئاۋارە بولۇش مەن ئۇچۇن شەرەپ دەڭە. تۇزۇت قىلماڭ، دوستىڭىزمۇ بىرگە چىقسۇن.

بىر نەچچە قېتىم تەكلىپ قىلىش، رەت قىلىش بىلەن ئاخىر ئۇلار بىرگە تاماققا چىقتى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ يان تەرىپىدىكى گۈللۈك باغچىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

ـــ سىزگە بىر نەرسە بەرمەكچى ئىدىم، ـــ رىيات شۇنداق دېگىنىچە يانچۇقىدىن بىرتال گۈللۈك كونۋېرتنى چىقىرىپ نەرگىزەگە ئۇزاتتى.

ـــ بۇ نېمە؟ ـــ نەرگىزە هەيرانلىق بىلەن سورىدى.

ـــ هازىر ئاچماڭ، كەچتە ئۇخلايدىغان ۋاقتىڭىزدا كۆرسىڭىز كېچىچە ياخشى ئۇخلىشىڭىز مۇمكىن.

نەرگىزە كونتسېرتنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالغاندىن كېيىن رىيات بىلەن خوشلىشىپ شەھەرىبان بىلەن ياتاققا قايتتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەچلىك تەكرارىدىن چۈشىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالدى. نەرگىزە تەكراردىن يېنىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇ-يۇۋېتىپ، خېلى ئۇزاققىچە ماتېرىيال كۆرۈپ ئاندىن كارىۋىتىغا چىقتى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەخمەتنى ئويلايتتى، بۈگۈنمۇ ئۇنى ئويلاپ ياتتى.

«بۈگۈن ئەخمەتنىڭ ئۆيىگە كەتكىنىگە ساق يىگىرمە كۈن بوپتۇ، ئۇ ئىنگلىز تىلى 4 - دەرىجە ئىمتىھانى باشلىنىشتىن بۇرۇن قايتىپ كېلىمەن دېگەنىدى. ئىمتىھان باشلىنىشقىمۇ بىر ھەپتە قالدى، بىراق ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ ئائىلىسىدە بىرەر ئىش چىقىپ قالمىغاندۇ...» نەرگىزەنىڭ خىيالىنىڭ ئاخىرى چىقا - چىقمايلا كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار ياستۇقنى ھۆل قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ ئەخمەتنى ئويلاۋېتىپ، توساتتىن رىياتنىڭ بۈگۈن بەرگەن كونۋېرتنى ئېسىگە ئالدى ھەمدە كونۋېرتنى ئېلىپ يىرتتى. كونۋېرت ئىچىدىن بىر ۋاراق خەت چىقتى. نەرگىزە رىياتنىڭ چۈشتە كونۋېرت توغرىلىق دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ، خەتنىڭ مەزمۇنىغا قىزىقىپ خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى، خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«ئەسسالام، تاڭدىكى پورەكلەپ ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈلنى ئۆزىنىڭ بەرنا سۆيەت قەددى - قامىتىگە سىمۋول قىلغان، گۈ-زەل پەرىشتە سۆپەت ئوماق نەرگىزە، نەرگىز گۈلى! ياخشىمۇ-سىز؟ ھازىر سىز يوتقاندىمۇ دەيمەن؟ مېنىڭ پەرىزىمچە، سىز ئەخمەتنى ئويلاپ، ئاشۇ چىرايلىق كۆزلىرىڭىزدىن ئۈنچىدەك ياشلىرىڭىزنى تۆكۈپ بولۇپ، ئاندىن مېنىڭ خېتىمنى ئوقۇۋاتى-ڭىز، شۇنداقمۇ؟ نەرگىزە، مەن سىزنى ئوقۇغان كىتابلىرىم ئى-

چىدىكى تەسۋىرگە ئوخشاش بىر ئىپادىلەپ باقايمۇ؟ خاپا بولماي-سىز ـ ھە؟! ئەمىسە باشلىدىم، ئاھ، سۆيۈملۈكۈم نەرگىزە، نەدە سەن؟ سېنى بەك سېغىندىم. ھىلال ئايدەك قاشلىرىڭ، ئويناق-شىپ تۇرغان قارا كۆزلىرىڭ، يا ئوقىدەك كىرپىكلىرىڭ...

ھەقاچان قاپاقلىرىڭىز تۈرۈلۈپ كەتتى، خاپا بولماڭ ھە، بول-دى ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرماي، بولمىسا چىقىپلا چاچلىرىمنى يۇلۇر قىلىۋەتمەڭ يەنە...

بولدى، چاقچاقنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇراي، كۆلىدىڭىزمۇ ياكى خاپا بولدىڭىزمۇ؟ ئەگەر كۆلگەن بولسىڭىز، جاپا تارتىپ يازغان خېتىمنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمەپتۇ دەيمەن. خاپا بولغان بولسىڭىز سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن. ھازىر ئۈيقۇڭىزمۇ كې-لىپ قالغاندۇ، ئۇنداقتا بالدۇر ئۇخلاڭ، ياخشى چۈش كۆرۈڭ...

ئەرزىمەس دوستىڭىز: رىياتتىن.»

نەرگىزە خەتنى ئوقۇپ بولۇپ باشتا سەل ئاچچىقلىغان بول-سىمۇ، كېيىن كۈلۈپ كەتتى. رىياتنىڭ يازغان خېتىنى ئويلاپ يېتىپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇخلاپ قالدى.

## 21

بۈگۈن شەنبە، ئەتىگەندىن بىرى كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ ھاردۇق يېتىپ قالغان زۆھرە ئەمدىلا كارىۋىتىغا چىقىپ پۇتلى-رىنى سوزۇشى ياتاقتا تېلېفون كەلدى:

ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھە، ماھىرەمۇ سەن؟ نېمە... سەن قانداق بىلدىڭ... ماقۇل ئاداش، نەدە كۆرۈشىمىز؟ ھە... بىلدىم، بىلدىم... ئەمىسە ھېلى كۆرۈشەيلى...

ئالدىراپ ـ تېنەپ «شىنجاڭ مەززىلىك پولۇخانىسى» ئالدىغا يېتىپ كەلگەن زۆھرە ماھىرەنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئالدى-غا يۈگۈردى:

— ئېنىق دېگىنە ئاداش، زادى نېمە ئىش بوپتۇ؟
دوستىنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكىنىنى كۆرگەن ماھىرە گەپنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي بىر ئاز تۇرۇپ قالدى ۋە زۆھرەگە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:
— ئانچە ئېغىر ئەمەس ئوخشايدۇ، ئاۋۋال گېپىمنى ئاڭلا، بايا بىز تاماق يېيىش ئۈچۈن بۇ ئاشخانىغا كېلىۋىدۇق، قارىساق تاھىر كۆرۈنمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىز كۈتكۈچىدىن سورىساق، ئۇلار تاھىرنىڭ ئاخشام باشقىلار تەرىپىدىن ئۇرۇلۇپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانلىقىنى، ئەتىگەن ئاتىسى تېلېفون قىلىپ رۇخسەت ئالغانلىقىنى، ھازىر ئۇلارنىڭ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.
— ئاتىسى؟
— شۇنداق، پولۇخانا ئالدىدىكى كاۋاپدانىغا قارايدىغان كىشى ئۇنىڭ ئاتىسىكەن. بىز ھەممىنى سوراپ قويدۇق، ھازىر خەلق 2 - دوختۇرخانىسىدىكەن. يىراقمۇ ئەمەس، بېرىپ كېلەمدۇق، ياقا يۇرتتا دوختۇرخانىغا كىرىپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق قاتتىقچىلىق يوق، يەنە كېلىپ ئۇ چوقۇم ھېلىقى كۈنى سىنىڭ پورتمانىڭنى ئېلىپ بېرىمەن دەپ بالاغا قالدى.
— ماقۇل، شۇنداق قىلايلى، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، ئەمىسە نېمە ئالساق بولار؟!
ئىككى قىز ئانچە - مۇنچە سوۋغا - سالام ئېلىپ دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدى ۋە تاھىر يېتىۋاتقان ياتاقنى ئوڭايلا تاپتى. تۆت كىشىلىك ياتاقتا تاھىر ۋە يەنە بىر خەنزۇ ئىككىلا كېسەل بار ئىدى. تاھىرنىڭ بېشىدا 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر ئەر ۋە ئايال تۇراتتى. ئەرنى ئۇلار كۆرگەن، ئۇ ئەر پولۇخانىنىڭ كاۋاپچىسى، ئايالنى ئۇلار تۇنجى كۆرۈشى ئىدى. سالام - سەھەتتىن كېيىن قارشى كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرغان قىزلار تاھىرغا

قاراپ چۆچۈپ كېتىشتى، بولۇپمۇ زۆھرە ئۇنىڭ ئاق داكا بىلەن تېڭىلغان بېشىغا، داكا ئارىسىدىكى قان داغلىرىغا، گىپس بىلەن قاتۇرۇلغان قوللىرىغا قاراپ ئۆزىنى يىغىدىن ئاران ـ ئاران تۇتۇپ ئولتۇردى.

ــ بىچارە بالام، بېشىنى ئالتە يەپ تىكتى، قولى سۇنۇپتۇ، قانمۇ خېلى كۆپ چىقىپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى، شۇ كۈنى دادىسى كۆڭلى تۇيغاندەك، بۇ بالا بۇنداق كەچ قالمايتتى، مەن ئالدىغا چىقىپ باقاي دەپ چىقىپ كەتكەن، ئۆيگە ئانچە ئۇزۇن قالمىغان كوچىدا بالىنىڭ ئېڭراپ ياتقان يېرىگىلا بېرىپتۇ، دوختۇرخانىغا دەل ۋاقتىدا ئەكەپتىمىز، بولمىغان بولسا بىچارە بالام نېمە كۈن-لەرنى كۆرەتتىكىن...

ئانا قىزلارنىڭ ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغان سوئالىغا كۆز ياشلىرىنى ياغلىق ئۇچىغا سۈرتكەچ ئەنە شۇنداق جاۋابلارنى بەردى.

ــ ئالغاندىكىن پۇلنى ئېلىپ ماڭسا، ئادەمگە چېقىلمىسا بولمامدۇ؟! ھايۋانلار... قۇرت ـ قوڭغۇزغىمۇ ئازار بەرمەيدىغان كۆڭلى يۇمشاق بالا تۇرسا بۇ...

ــ ھەممىنى قىلغان مەن، ــ ئانىنىڭ كۆز ياشلىرىغا چىدىمىغان زۆھرە يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ئىشنى بىرمۇبىر بايان قىلدى.

ــ ئۇنداق دېمەڭ قىزىم، ئۇنىڭ مىجەزى ماڭا بەش قولدەك ئايان، ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا باشقا ھەرقانداق كىشى بولسى-مۇ، ھەر قانچە باش كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ياردەم قىلاتتى، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئاللا دىلى سۇنۇق بالامغا شىپالىق بېرەر!

قىزلار بىردەم ئولتۇرۇشتى ۋە تاھىرنىڭ ھازىرچە ئويغانماي-دىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئەتە يەنە كېلىدىغانلىقىنى دېيىشىپ خوشلىشىپ يېنىپ چىقتى.

زۆھرە ئۇ ئاتا ـ ئانىغا قاراپ نېمىشقىدۇر قەلبىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل چۈشىنىكسىز، غۇۋا تۇمان قاپ ـ لىۋالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ئەتىسى قىزلار ياتاقتىكى ئىسپىرت ئوچىقىدا شورپا قىلىش ـ تى ۋە بالدۇرلا دوختۇرخانىغا كېلىشتى. بۈگۈن تاھىر ئويغانغان، ئانچە ـ مۇنچە گەپ قىلغاندىن باشقا يەنىلا بۇرۇنقىدەك، چىرايى ـ دىن سۈس كۆلكە يېغىپ تۇرغان، بىر قارىسا غەمكىن، بىر قارى ـ سا مەنىگە باي كۆزلىرىدىن نە ئاغرىق ئازابىنى نە پۇشايمان قىلى ـ غانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ھالەتتە ئىدى.

قىزلار ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپمۇ قىلمىدى، ئۇنى كىمنىڭ ئۇر ـ غانلىقىنى سوراپ بېقىشقا قىزىققان بولسىمۇ، يەنىلا ئېغىز ئا ـ چالمىدى، ئاتا ـ ئانىسى بولغان كىشىلەر بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە دېمىسە، قىزلار نېمە دېيەلىسۇن؟!

ئەتىسى زۆھرە تاماق قاچىسىنى كۆتۈرۈپ يەنە كەلدى، ئايىم ـ نىساخان ئانا توسۇۋېدى، ئۇ دەرھاللا:

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئۇ مېنى دەپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قال ـ غان تۇرسا، مەن قانداقمۇ خاتىرجەم يۈرەلەيمەن، يەنە مۇشۇنداق تۇزۇت قىلسىلا مەن خاپا بولۇپ قالىمەن جۇمۇ ئاچا، — دېدى. ئايىمنىساخان ئانىمۇ ياشىنىپ قالغاندا، مۇشۇنداق بىر ھال مۇڭ بولالايدىغان، كىشىنىڭ دەردىگە يېتىدىغان قىزنىڭ كەلگەنلىكى ـ دىن خۇشال ئىدى. زۆھرەمۇ تاھىر بىلەن ئانچە پاراڭلىشىپ كەتمەيتتى، كۆپرەك ئايىمنىساخان ئانا بىلەن پاراڭلىشاتتى، پاراڭخۇمار بۇ ئايال زۆھرەگە بارغانسېرى ئامراق بولۇپ قېلىۋا ـ تاتتى، قىز پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىدا يۈرىكى كۆيۈپ كەلگەن ئايال زۆھرەنىڭ زىلۋا قامىتىگە، سۇزۇك، نۇرلۇق يۇزلىرىگە، ياش لىغىرلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان شەھلا كۆزلىرىگە ھەربىر قارىغىنىدا تويۇپ ـ تويماي ئاللاغا نېمىشقىمۇ ئۆزىگىمۇ ئاشۇ ـ

نىڭدەك چىرايلىق، مېھرى ئىسسىق قىزدىن بىرنى ئاتا قىلمى-غىنىغا نالە قىلىپ كېتەتتى ۋە يەنە تۇرۇپلا ئۆزىدىن كۈپۈرلۈق ئۆتكىنىنى ھېس قىلىپ تۇۋا قىلاتتى ۋە ئاللاغا ھەمدۇ سانا ئوقۇيتتى.

شۇنداق قىلىپ، تاھىر دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان بۇ مەز-گىلدە زۆھرە بۇ ئائىلىنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالدى. ئا-نا بىلەن قىزمۇ خېلى ئوبدان ئۆزلىشىپ قالدى، تاھىر دوختۇر-خانىدىن ئۆيگە كېتىپ ئارام ئالغان مەزگىللەردە بولسا قىزلىق ھايا ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ قويدى، گەرچە ھەر بارغىنىدا ئايىم-نىساخان ئانا خۇش بولۇپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي كەتسىمۇ، پات - پات كېلىپ تۇرۇشىنى تاپىلاپ تۇرسىمۇ، ئەمما نېمىشقى-دۇر ئۇ بۇ ئائىلىگە بېرىشتىن، تاھىردىن بۇرۇنقىدىنمۇ بەك خى-جىل بولىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

## 22

كۈنلەر ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى. قىشنىڭ سوغۇقى تېخى-مۇ كۈچەيگەن بولۇپ، سوغۇق كىشىنىڭ سۆڭەك - سۆڭەكلىرى-دىن ئۆتەتتى. نەرگىزە رىيات بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن بىر نەچچە قېتىم تاماقتا بىللە چىقتى. نەرگىزە قەيەرگە بارسىلا رى-ياتنى ئۇچرىتىپ تۇراتتى، ئۇ بەئەينى نەرگىزەنىڭ سايىسىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

رىيات بىر كۈنى شەھەردىنى يالغۇز تاماقتا تەكلىپ قىلدى، ئۇلار تاماقتىن كېيىن بىر قەھۋەخانىغا كىرىپ قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلاشتى.

— سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتاي، بۇنى سىز دەڭ، مەن پەقەت بىلەلمىدىم، سىز ماڭا كۆپ ياردەملەرنى قىلدىڭىز، — رى-يات شۇنداق دېگەچ بىر تال تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇردى.

— ئەمىسە دەۋپرەي، تارتىنمىدىم - ھە.
— ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا تارتىنىش كەتمەيدۇ، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىمىزگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن بولغانغۇ؟ مەن نەرگىزەنى ياخشى كۆرىمەن، سىز ماڭا ياردەم قىلىپ، نەرگىزە قەيەرگە بارسا تېلېفونۇمغا ئۇچۇر يوللاپ ماڭا خەۋەر قىلىپ تۇر-دىڭىز. شۇڭا سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتساممۇ ئازلىق قىلىدۇ.
— ئۇنداق قىلغىنىم پەقەت سىز ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆزۈم ئۈ-چۈنمۇ شۇنداق قىلدىم. مېنىڭ ئەخمەتنى ياخشى كۆرىدىغىنىمنى بىلىسىز، ئەگەر سىز نەرگىزەنى قولغا كەلتۈرەلىسىڭىز، ئۇ ھالدا...
شەھىدە شۇنداق دەپ شوخلۇق بىلەن رىياتقا كۆزلىرىنى ئويناتتى.
— سىز نېمانداق رەزىل، نەرگىزە سىزنىڭ يېقىن دوستىڭىزغۇ؟
— نەرگىزەنىڭ يېقىن دوستۇم ئىكەنلىكىنى سىز بىلىپ تۇ-رۇپ، مۇشۇنداق قىلىشنى ئۆزىڭىز پىلانلىدىڭىز. يەنە مېنى ئە-يىبلەيسىزغۇ؟ — شەھىدە دومسايغىنىچە باشقا ياققا قارىۋالدى.
— سىزنى چاقچاق كۆتۈرەلەيدۇ دەپ چاقچاق قىلسام، سىز-مۇزە، خاپا بولماڭ بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن چاقچاق قىلماي، — رىياتمۇ شۇنداق دېگىنىچە قېيىدىغاندەك يەنە بىر تال تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇردى.
— ۋاي خۇدايىم، سىز نېمىگە قېيىدايسىز ئەمدى؟ بولدى بۇ گەپلەرنى ئەمدى قىلىشمايلى، ئۆزۈن گەپنىڭ قىسقىسى، سىزگە تولا ئۇچۇر يوللاپ تېلېفونۇمنىڭ پۇلى تۈگەي دەپ قالدى، پۇل قاچىلىتىپ بېرىڭ.
— چاتاق يوق، ھازىر بىللە چىقايلى.
ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇشى پەردە قايرىلىپ شەھرىبان كىرىپ كەلدى، ئۇ ئاچچىقتىن تىترەيتتى.

— شەھىدە، رىيات ئىككىڭلار راستىنلا بەك رەزىل ئىكەنسىد-
لەر، نەرگىزە سىلەرگە نېمە قىلغان؟ ئۇ ئىككىڭلارنى دوست قاتا-
رىدا كۆرگەننىڭ جازاسىمۇ بۇ، ئىسىت... ئىسىت... نەرگىزەنىڭ
ساددىلىقىغا، سىلەرنىڭ رەزىللىكىڭلارغا ئېچىنىۋاتىمەن، —
شەھربان شۇنداق دېگىنىچە زەربە بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ چىد-
قىپ كەتتى. شەھىدە بىلەن رىيات جايىدا تورۇپلا قالدى.
— ئەمدى قانداق قىلاي، ئۇ چوقۇم نەرگىزەگە دەيدۇ، نەرگىد-
زە بىلسە قانداق بولۇپ كېتەر؟ — دېدى شەھىدە چوڭقۇر ئۇھ-
سىنىپ.
— ئەنسىرىمەڭ. ئەمدىلىكتە باشقىلارنىڭ ئاغزىدا «رەزىل»
دەپ ئاتالدۇق. ئەمدى ھەرقانچە ياخشى بولغىنىمىز بىلەن، ئۇلار
بىزنى ياخشى دېمەيدۇ. «رەزىل» لىكىمىزنى ئاخىرىغىچە
داۋاملاشتۇرايلى.
— قانداق دەيسىز؟ — شەھىدە چۈشەنمەي سورىدى.
— قۇلىقىڭىزغا دەي، باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن، — رىيات
شۇنداق دېگىنىچە شەھىدەنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىد-
چىرلىدى.
— ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، — شەھىدە ئارقىغا داجىپ
شۇنداق دېدى.
— ئويلىنىپ بېقىڭ، بىر قارارغا كەلگەندە ماڭا تېلېفون
قىلىڭ.
ئۇلار ياندىشىپ قەھۋەخانىدىن چىقىشتى ھەمدە شەھىدەنىڭ
تېلېفونىغا پۇل قاچىلىۋېتىپ ئۆز ياتاقلىرىغا قايتىشتى.
شەھربان قەھۋەخانىدىن چىقىپ خىيال بىلەن ئىنستىتۇتقا
قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئەسلىدە ئۇ باشقا
ئىنستىتۇتتا ئوقۇيدىغان بىر دوستى بىلەن كوچا ئايلىنىپ يۈ-
رۈپ، سىرتتا توڭلاپ كېتىپ رىيات بىلەن شەھىدە كىرگەن

قەھۋەخانىغا، يەنە كېلىپ ئۇلار ئولتۇرغان ئايرىمخانىنىڭ يېنىدىكى ئايرىمخانىدا ئولتۇرغانىدى. كېيىن رىيات بىلەن شەھىدەنىڭ قىلىشقان گەپ ـ سۆزلىرى شەھرىبانىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ، ئاخىر شەھرىبانىنى ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقىشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

شەھرىبان ئىنستىتۇتقا كەلگەندىن كېيىن نەرگىزەنى ئىزدەپ ياتاققا كىردى. بىراق ئۇ ياتاقتا يوق ئىدى. شەھرىبان ئامالسىز كارىۋىتىدا سوزۇلۇپ ياتقىنىچە خىيالغا چۆكتى. ئۇ شەھىدە بىلەن رىياتنىڭ سۆزلىرىنى ئويلىغانچە بىئارام بولاتتى ھەم ئۇ ئىشلاردىن نەرگىزەنى تېزرەك خەۋەرلەندۇرۇشكە ئالدىرايتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، نەرگىزە ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئوغۇللار ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدا ئەخمەتنى كۇتۇپ ئولتۇراتتى. چۈنكى ئەخمەت بۈگۈن ئەتىگەن يۇرتىدىن قايتىپ كەلگەن بولۇپ، نەرگىزەگە تېلېفون قىلىپ مۇشۇ يەردە كۆرۈشۈشكە دېيىشكەنىدى.

نەرگىزە ئىنتايىن جىددىيلىشىۋاتاتتى، يۈرەكلىرى ھاياجاندىن قاتتىق سېلىپ تۇراتتى. «ئەخمەت بىلەن كۆرۈشسەم نېمە بولۇپ كېتەرمەن؟ يىغلاپ تاشلارمەنمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

ئەنە ئەخمەت ياتاقتىن چىقتى، ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئاززاق ياداپ قالغانىدى ھەم تولىمۇ روھسىز كۆرۈنەتتى. ئەخمەت نەرگىزەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۈنسىزدىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى، نەرگىزەنىڭ كۆزلىرى لىق ياشقا تولغان بولۇپ، ئاغزى سۆزگە كەلمەيۋاتاتتى.

ئۇلار خالىيراق جايغا بېرىپ ئولتۇردى، نېمىشقىكىن ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ھېچ قولاشمايتتى. ئەمەلىيەتتە ئەخمەتمۇ، نەرگىزەمۇ ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنى شۇنداق سېغىنىشقانىدى. قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقى بۇ بىر جۈپلەرگە دەخلى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى كۆڭۈلسىز ئاخىرلىشىپ ئۆز ياتاق-

لىرىغا قايتىشتى.

ئارىدا نەچچە كۈن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۇپ كەتتى.

ــ نەرگىزە، ئەخمەت سىزنى چوڭ مەيدانغا چىقسۇن دەيدۇ، ــ شەھىدە شۇنداق دېگىنىچە نەرگىزەنىڭ يېنىغا كەلدى.

ــ بىراق دەرسكە كىرىشكە ئاز قالغان تۇرسا؟...

ــ سىز چىقىۋېرىڭ، مەن سىنىپ باشلىقىغا سىزنى مىجەزى يوقكەن، دوختۇرخانىغا چىقىپ كەتتى، دەپ قويای... ــ دېدى شەھىدە.

ــ ئۇنداقتا، مەن چىقىۋېرەي، رەھمەت سىزگە، ــ نەرگىزە شۇنداق دەپ ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ. ئەخمەت بىلەن كۆ-رۈشۈش ئۈچۈن مەيدانغا چىقتى.

ئەزەلدىن تاماكا چەكمەيدىغان ئەخمەت تاماكا چەككىنىچە نەرگىزەنى كۈتۈپ تۇراتتى، نەرگىزە ئەخمەتنىڭ يېنىغا كەلدى.

ــ بىزگە دەرس بار ئىدى... ــ نەرگىزەنىڭ سۆزلىرى تۈگە-مەي تۇرۇپلا چاڭ ـ چۇڭ قىلىپ تەگكەن تەستەك نەرگىزەنى بىر نەچچە قەدەم كەينىگە داجىتىۋەتتى. نەرگىزە ھەيرانلىقتىن ئەخ-مەتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىگە بەش بار-ماقنىڭ تامغىسى ئۇرۇلغانىدى، كۆزلىرى بولسا لىق ياشقا تولغا-نىدى...

ــ ئەخمەت، سىز نېمانداق رەھىمسىز، مەن ئالدىڭىزدا نېمە ئىشنى خاتا قىلدىم؟ ــ نەرگىزەنىڭ سۆزلىرى ئاخىرلاشماي تۇ-رۇپلا يەنە چاڭ ـچۇڭ قىلىپ تەستەك بىلەن ئاران تۇرغان نەر-گىزە يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. ئەخمەت نەرگىزە يىقىلىپ چۈش-كەن يەرگە يېقىنلىشىپ:

ــ سەندەك ئىپلاس، پەسكەش قىزنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىـ-شىم. سەن بەك رەزىل ئىكەنسەن، مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ؟ يۇمشاق باشكەن دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ ــ ئەخمەت نەرگىزەنىڭ

باش تەرىپىدە زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

— بىلەمسەن؟ مىنىڭ تۇنجى قېتىم ياخشى كۆرگەن ئادىمىم سەن ئىدىڭ. بىراق سەن ماڭا قانائەت قىلماي يەنە باشقا بىرسى بىلەن يەنە كېلىپ بىر يۇرتلۇقۇڭ بىلەن يۈرۈپسەن؟ سەندە ۋىجدان دېگەن نەرسە بارمۇ؟

— ياق ئەخمەت، سىز خاتا چۈشىنىپ قاپسىز... — نەرگىزە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق دېيىشىگە ئەخمەت يەنە ئۇنىڭ سۆزلىشىگە پۇرسەت بەرمىدى.

— يەنە ياق دەيسەنغۇ؟ ئەھۋال مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەن تۇرسا يەنە نېمىنى چۈشەندۈرەتتىڭ؟ تېخى ماڭا تېلېفوندا «سىزنى ئۇنداق سېغىندىم، بۇنداق سېغىندىم، تېز قايتىپ كېلىڭ» دەپ مېنى ئالداپ يۈرۈپسەن... ھەقاچان «سىز يوق ۋاقىتتا زېرىكىپ...» بولدى، مەن دېگەن ئوغۇل بالا، ئۇنىڭ بىلەن سېنى تالىشىپ ئولتۇرمايمەن، ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ ئوبدان قېرىۋالارسەن!

ئەخمەت سۆزىنى تۈگىتىپ يەرگە قاتتىق دەسسىگىنىچە كېتىپ قالدى.

«بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ؟ مېنى ئۇرغان ئەخمەت ئەمەستۇ؟...» نەرگىزەگە بايا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى چۈشتەكلا تۇيۇلاتتى. ئۇ تويپا يەردە ياتقىنىنى ئەسلا ئېسىگە ئېلىپ قويمايتتى. قاتتىق سوغۇق ئۇنىڭ بەدەن ـ بەدەنلىرىگە ئۆرۈلۈپ ئۇنى ھالسىزلاندۇردى. تۇيۇقسىز نەرگىزەنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، خۇدىنى بىلمەي قالدى.

دەرس ۋاقتىدا شەھرىبان سىنىپ باشلىقىنىڭ «نەرگىزەنىڭ مىجەزى يوق» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ بىر سائەتتىن كېيىن دەرستىن چۈشۈپلا، نەرگىزەنى ئىزدەپ ياتاققا ماڭدى، ئۇ تېزرەك بېرىش ئۈچۈن مەيدانغا چىقتى، چىقتى ـ يۇ، تويپا يەردە بىر

قىزنىڭ ياتقىنىنى كۆرۈپ، قىزنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى. ئۇ قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ قىزنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى.
ـــ نەرگىزە... نەرگىزە... نېمە بولدۇڭ؟ كۆزۈڭنى ئاچقىنە؟ زادى نېمە بولدۇڭ؟
شەھربان نەرگىزەنى ھوشىغا كەلتۈرەلمەي، ئۇنى يۆلەپ ماڭماقچى بولدى. بىراق نەرگىزەنى يۆلەشكە كۈچى يەتمىدى. ئۇ ئامال يوق سىنىپتىكى بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىغا تېلېفون بەردى. مىنۇت ئۆتمەي ساۋاقدىشى چىقتى. ئۇلار نەرگىزەنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئاپاردى.
خېلى ئۇزۇندىن كېيىن نەرگىزە ھوشىغا كەلدى، ئۇ ھوشىغا كېلىپلا يىغلاشقا باشلىدى. شەھربان توختىماي ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتەتتى. نەرگىزەنىڭ يىغىسى بىر ئاز پەسلىگەندە شەھربان نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى.
نەرگىزە يىغلاپ تۇرۇپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. شەھربان نەرگىزەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ توسقىنىغا قارىماي ئەخمەتنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى ھەمدە ئەخمەتنى ۋاسكېتبول مەيدانىدىن تاپتى.
ـــ ئەخمەت، بۇ قىلغىنىڭىزنىڭ بەك چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟
ـــ مېنىڭ قىلغىنىم توغرا، ـــ دېدى ئەخمەت پەرۋاسىز قىياپەتتە.
ـــ بەك رەھىمسىز ئىكەنسىز، ھەقاچان نەرگىزەنى باشقا بىرى بىلەن يۈردى دەپ شەھەمدە ئېيتتىڭىزغۇ دەيمەن؟ ـــ دېدى شەھربان مەسخىرىلىك كۈلۈپ.
باياتىن بىرى پەرۋاسىز ھالەتتە تۇرغان ئەخمەت شەھرباننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ جىددىي سورىدى:
ـــ سىز نەدىن بىلىسىز ماڭا ئۇ گەپلەرنى شەھەمدەنىڭ دېگىنىنى؟

— ھا... ھا... ھا... سىزنى ھەممىمىز بەك ئەقىللىق دەپ ماختايتتۇق، ئەمەلىيەتتە سىز بەكلا دۆت ئىكەنسىز؟

ئەخمەت تېخىمۇ ھەيران بولدى.

— شەھىدە بىلەن رىياتنىڭ نەرگىزەگە قانداق ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا پاراڭلاشقانلىقىنى مەن ئاڭلاپ قالغان. چۈنكى شەھىدە سىزنى ياخشى كۆرىدىكەن، رىيات بولسا نەرگىزەنى ياخشى كۆرىدىكەن. نەرگىزە ئىككىڭلار ئايرىلىپ كەتسەڭلار ئۇلارغا پايدا ئەمەسمۇ؟

شەھىدەنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن ئەخمەتنىڭ مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلدى.

— مەنمۇ ئادەممۇ؟... — ئەخمەت توختىماي سۆزلەيتتى، — ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە پەرۋا قىلماي ئۇنى ئۇردۇمغۇ؟ نېمىشقا ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن قىزغا ئىشەنمەي، باشقىلارغا ئىشەنگەندىمەن؟ نەرگىزە مېنى كەچۈرەرمۇ؟...

— نەرگىزە سىزنى ياخشى كۆرەتتى. بىراق سىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەي باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بەردىڭىز، بىلەمسىز، ئۇ ھازىر دوختۇرخانىدا...

— نېمە؟ دوختۇرخانىدا دېدىڭىزمۇ؟ — ئەخمەت شۇنداق دېگىنىچە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئىشەنمىسىڭىز مەيلى، مەن قايتاي، نەرگىزەگە قارىمىسام بولمايدۇ...

شەھرىبان كەتتى، ئەخمەت ئۆزى يالغۇز باشلىرىنى قاماللىغىنىچە ئولتۇراتتى. ھاۋا تېخىمۇ سوۋۇشقا باشلىدى...

ئەخمەت ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا توختىماي ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيتتى.

«مەن نېمانداق دۆت، نېمىشقا نەرگىزەگە قول تەگكۈزدۈم؟ ئۇ ئەمدى مېنى كەچۈرەرمۇ؟ نەرگىزە بولمىسا مېنىڭ تۇرمۇشۇم

قانداقمۇ خۇشال ئۆتىدۇ؟... نەرگىزە، مېنى كەچۈرۈڭ. مەن خاتا قىلدىم، ئەسلىي ئۇنداق قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى، سىزدىن كەچۈرۈم سورىسام مېنى كەچۈرەرسىزمۇ؟...»

ئەخمەت جىددىي بىر قارارغا كەلگەندەك تېزلا ئورنىدىن تۇ-رۇپ دوختۇرخانا تەرەپكە ماڭدى.

ئەخمەت بىر دەستە ئەتىرگۈلنى كۆتۈرۈپ نەرگىزە ياتقان يا-تاققا كىردى، نەرگىزە، شەھرىبان ھەر ئىككىيلەن ئۇخلاپ قالغا-نىدى. ئەخمەت تىۋىش چىقارماي ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ شەھرى-باننى ئويغاتتى.

— ماڭا ياردەم قىلىڭ، سىز ياتاققا چىقىپ ئارام ئېلىڭ، ئۇ-نىڭ ئۇستىگە كەچ بولۇپ كەتتى، نەرگىزەگە مەن قاراي، — دېدى ئەخمەت پەس ئاۋازدا.

— ئۇنداقتا نەرگىزەنى سىزگە تاپشۇردۇم، — شەھرىبان شۇنداق دەپ چىقىپ كەتتى.

ئەخمەت نەرگىزەگە قاراپ ئولتۇراتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ياتاققا چۈشكەن يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق بىلەن ئالماشتى، بۇنىڭ بىلەن ياتاق ئىچى سۇرلۇك تۇسكە كىردى.

ئەخمەت نەرگىزەنى ئويغانسا چۆچۈپ كەتمىسۇن دەپ، تۇك چىراغنى ياندۇرۇپ قويدى. بىر چاغدا نەرگىزە ئۇيقۇدىن ئويغى-نىپ، ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان ئەخمەتنى كۆرۈپ تېزلا بېشىنى باشقا ياققا بۇرۇۋالدى.

ئەخمەت سۆزلىرىنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي بىر ھازا-غىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— چىقىپ كېتىڭ!

ئەخمەت تۇيۇقسىزلا نەرگىزەنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. نەرگىزەنىڭ پۈتۈن بەدىنى يېنىك سىل-كىنىپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئەخمەت تەسلىكتە جۆرئەتكە كېلىپ سۆزىنى باشلىدى.

— نەرگىز... ياق نەرگىزە، كەچۈرۈڭ. مەن خاتا قىلدىم، مەن باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. مېنى كەچۈرۈڭ، مۇشۇ بىر قېتىم پۇرسەت بېرىڭ...

ئەخمەتنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ نەرگىزە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزارغان، يۈزلىرى بولسا ئىششىپ كەتكەنىدى.

ئەخمەت نەرگىزەنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماي نەرگىزەنى ئۆزىگە تارتىپ چىڭ قۇچاقلىدى.

— كەچۈرۈڭ، مەن ئادەم ئەمەس، مېنى تىللاڭ، ئۇرۇڭ، نېمە قىلسىڭىز مەن رازى، سۆيگۈنۈمگە ئىشەنمەي باشقىلارغا ئىشەنگەن ئادەم مەن بولغاندىكىن، مېنى نېمە قىلىۋەتسىڭىز ئەرزىيدۇ...

ئەخمەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى.

نەرگىزەمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يەنە يىغلاپ تاشلىدى.

— بىلەمسىز؟ مەن سىزنى... ياخشى كۆرەتتىم... بىراق... بىراق... سىز مېنىڭ سۆيگۈمدىن گۇمان قىلدىڭىز... باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ... مېنى ئۇردىڭىز، ھاقارەتلىدىڭىز... مېنى تۇنجى بولۇپ سۆيگەن ئادەممۇ سىز... تۇنجى ... ئۇرغان ئادەممۇ سىز... ئاشۇ قوللىرىڭىز بىلەن مېنى قۇچاقلىغانىدىڭىز... ئەجەبا... بۈگۈنگە كەلگەندە ئاشۇ قوللىرىڭىزنى... مېنى قۇچاقلاش ئۈچۈن ئەمەس... بەلكى... مېنى ئۇرۇش ئۈچۈن كۆتۈردىڭىز... بوپتۇ. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات دەي... سىزنى كەچۈرۈۋېتەي... بىراق... بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ماڭا ئىشەنمەي... باشقىلارغا ئىشىنىپ يۈرسىڭىز... سىزگە ئىككىنچى قارىمايمەن...

— رەھمەت، سىزگە رەھمەت نەرگىزە، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق ئىش بولمايدۇ، — دېدى ئەخمەت نەرگىزەنى تېز-

خىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ.
ئارىلىقتا ئىككى كۈن ئۆتتى، قۇياش پارلاپ چىققان، ھاۋا باش-
قا كۈندىكىدىن سەل ئىسسىپ قالغان كۈندە نەرگىزە دوختۇرخانى-
دىن چىقتى. ئۇ ئىككى كۈن ئىچىدە خېلىلا جۇدەپ قالغانىدى.
نەرگىزە ئەخمەت بىلەن خوشلىشىپ شەھرىبان بىلەن قىزلار
ياتاق بىناسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
— نەرگىزە، ساڭا شەھەردە، رىياتلار توغرۇلۇق بىر ئىشنى
ئېيتاي دېگەن، — دېدى شەھرىبان.
— بولدى، مەيلى ياخشى ئىش بولسۇن ياكى يامان ئىش بول-
سۇن، ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. ئەڭ ياخشىسى ئېيتمايلا قوي...
— لېكىن...
— لېكىن - پېكىن دېگەنلىرىڭنى قوي، مەن دېدىمغۇ، ھەم-
مىسى ئۆتۈپ كەتتى.
شەھرىبان نەرگىزەنىڭ كەسكىن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ شۈك
بولۇپ قالدى.

## 23

قالايمىقان خىياللار ئىچىدە ئىدارىگە كېتىۋاتقان ئادىلنىڭ
كاللىسىغا تۇرۇپلا يەنە ئادىلە كىرىۋالدى. ئۇ ئادىلەنى ياخشى كۆ-
رۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى، لېكىن ئادىلەنىڭ رەت قى-
لىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭغا قانداق يو-
سۇندا ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشمۇ بىر مەسىلە بولۇپ
قالغانىدى. ئادىلەنى ئويلاپ ئۇنىڭ يۈرىكى لەززەتلىك ھېسلارغا
چۆمۈلدى.
ئۇ ئىدارىگە كېلىپ ئىشخانىسىغا مېڭىۋېتىپ، تۇيۇقسىز كا-
رىدوردا ناھايىتى تونۇش بىر سىيمانى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئادىلە
ئىدى، قارىماققا ئۇ ناھايىتى خىيالچان كۆرۈنەتتى. ئادىلەمۇ بۇ-

رۇلۇپ ئادىلغا قارىدى، ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— بىر ئىش بىلەن كەلگەنىمىدىڭىز، ئادىلە؟

ئۇ ئادىلنىڭ سوئالىغا ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرماي، بېشىنى يەرگە ئېگىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تەشۋىش، قورقۇنچقا ئوخشاش ئۇچقۇنلار چاچراپ تۇراتتى، ئادىل ئۇنىڭ سىرتتا گەپ قىلىشنى ئەپسىز كۆرۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى ئىشخانىسىغا كىرىشكە شەرەت قىلدى. ئادىلە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قورۇنۇپ ماڭدى.

ئادىل ئۇستەلگە تىرىنىپ، ئادىلە تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

— خوش، ئەمدى دەڭ، نېمە ئىش بىلەن كەلگەنىدىڭىز؟

— مەن... مەن... مەن جىنايىتىمگە جازا بېرىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىپ كەلدىم.

— نېمە جىنايەت؟ نېمە جىنايىتىڭىز گە؟

— ئادىل، ياق... باش ساقچى، مەن... مەن... مەن بىر... — ئۇ دۇدۇقلاپ كەتتى، ئاۋازىمۇ بەك تىترەپ كەتكەنىدى.

— ئېيتىڭ، ئېيتىڭ، نېمە دېمەكچى ئىدىڭىز؟

— مەن... مەن بىر ئوغرى، خەقنىڭ يانچۇقىنى كولايدىغان يانچۇقچى! — ئۇ ئاخىر دەۋەتتى، دېدى ـ يۇ، ئادىلنىڭ كۆزىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالماي باشقا ياققا قارىۋالدى.

ئادىل بۇ تۇيۇقسىز بولغان ئىشلاردىن گاڭگىراپ قالدى، ئۇ ئەلەم ـ پۇشايمان ئىسكەنجىسىدە قىينىلىپ بارمىقىنى چىشلەپ تۇرغان ئادىلەگە ئۇنسىز قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىزچىل ئادىلە-نى يۈرىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورنىغا قويۇپ كەلگەنىدى، لېكىن ئادىلە ئۆزى ئۆز ئاغزى بىلەن بۇ گەپلەرنى دەۋاتقان چاغدا، ئادىل-نىڭ يۈرىكى خۇددى پىچاق سانجىغاندەك بولۇپ كەتتى. ئار ـ نو-مۇس يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان سىر ـ مەخپىيەت ئاخىر ئادىلە تەرد-

يىدىن ئېچىۋېتىلگەنىدى. ئۇ يارقىن بىلەن كۆرۈشكەن ئاخشام-دىن بۇيان كۆپ ئويلانغان، ئاخىر مۇشۇنداق قىلىشنىڭ توغرىلى-قىنى تونۇپ يەتكەنىدى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىگە يۈز كېلە-لەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ ئادىلنىڭ قەلبىدىكى ئورنى-نى ئۆز قولى بىلەن ۋەيران قىلدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوشۇرۇپ تۇرىدىغان ھېچنېمە قالمىدى. ئادىل ھېچنېمىنى ئاڭ-قىرالماي قالغانىدى، ئۇ چوڭقۇر ئويغا چۆمدى: بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ ئادىلەگە زادى نېمە بولدى؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ كەلدى؟ زادى نېمە سەۋەب ئۇنى مۇشۇنداق بولۇشقا مەج-بۇر قىلدى؟

ئادىلە تىترىگەن ئاۋاز بىلەن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— ئادىل، سىز مېنىڭ ئوغرىلىقىمغا ئىشەنمەيۋاتامسىز؟

— ئادىلە، مەن...

— مەن بىر جىنايەت پاتقىقىغا پاتقان يانچۇقچى، بۈگۈن ئال-دىڭىزغا جىنايىتىمگە جازا كۆرۈشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىپ كەلدىم، مېنى ئۆز قولىڭىز بىلەن قولغا ئېلىڭ.

ئادىل بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ چاقچاق قىلمايۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ دەۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— قولغا ئالسام نېمە ئىش بولماقچى؟

— مەن جىنايىتىمنى يۇيىمەن.

— لېكىن مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

— نېمىشقا؟

— سىز ئۆزىڭىزنى جىنايەتچى دەپ كەلگىنىڭىز بىلەن بۇ بىزنىڭ سىزنى قولغا ئېلىشىمىزغا دەلىل - ئىسپات بولالمايدۇ.

ئادىلە جىمىپ كەتتى.

— ھەرقانداق جىنايى قىلمىشقا نىسبەتەن بىزدە دەلىل -

ئىسپات بولۇشى كېرەك، — ئادىل سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قانۇن گەرچە رەھىمسىز بولسىمۇ، لېكىن بىر ئادەمنى قولغا ئېلىشتا ئۇ ئەقلىي يەكۈن ۋە ئىقراردىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى ئېنىق بىر دەلىل - ئىسپاتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن سىزگە دەلىل - ئىسپات تېپىپ بېرەي، — ئادىلە شۇنداق دېدى - دە، ئادىلغا ئۆتكۈر نەزەر بىلەن بىر قارىۋېتىپ بۇرۇلۇپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئادىل ئۇنى چاقىرماقچى بولۇۋىدى، ئۇ كەينىگە قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى. ئادىل پەرىشان ھالدا بارماقلىرىنى ئۈستەلگە چېكىكىنىچە تۇرۇپ قالدى.

ئادىلە ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپلا ئۇدۇل ئۆيىگە يۈگۈردى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا ئەتىگەن ئالدىراشچىلىقتا ئاچ- قۇچنى ئۆي ئىچىدە ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى بىلدى، دادىسى ئىككى كۈندىن بېرى ئۆيگە كەلمىگەنىدى.

ھاۋا تولىمۇ سوغۇق ئىدى، ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا كەتتى، ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى ئاجىز، بەختسىز، خۇددى شېخىدىن ئايرىلىپ يوللاردا ئۇچۇپ يۈرگەن، كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىۋاتقان كۈز يوپۇرمىقىدەك ھېس قىلاتتى.

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشى ئۇنى خىيال قۇچىقىدىن ئويغاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ ئالدىدا يارقىن تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ ئادىلە تېخىمۇ مىسكىنلىشىپ كەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام قىلىپ يەنە ئورنىدا ئولتۇردى.

— بۇ سوغۇقتا ئۆيدە ئولتۇرماي نېمە ئىشىك ئالدىغا چىقىۋالدىڭىز؟ — يارقىن ئۇنىڭ ھەسرەت -نادامەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ سورىدى.

— ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇشتىن زېرىكتىم، شۇڭا ئىشىك ئالدى-

غا چىقىپ يولدا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋاتىمەن.
— بۇنداق سوغۇقتا سىرتتا ئولتۇرسىڭىز ئاغرىپ قالىسىز، — دېدى يارقىن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، — سىزگە بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى.
— قېنى دەڭ...
— سىز ئۆتكەندە ماڭا ئىش ئىزدەۋاتىمەن دېگەنىدىڭىز، نېمىشقا بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلىمەيسىز؟
— مەن سىزگە قايتا دەپ ئولتۇرمىساممۇ سىز مېنىڭ بىر يانچۇقچى قىز ئىكەنلىكىمنى بىلىپ بولدىڭىز، سىزگە دېسەم، مەن زادى نېمە قىلىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن. ئىش تاپاي دېسەم، ھەممە ئادەم ماڭا نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ تۇرۇۋاتسا...
— ئۇنداقتا ئوبدانىراق خەقلەرنىڭ بالىسىنى بېقىپ بەرسىڭىزچۇ؟
— مەن... مەن ئۇنداقلارنى قانداق تاپىمەن.
— مەن سىزگە بۇ ئىشنى ئۇقۇشۇپ بەرسەم قىلىشنى خالامسىز؟
ئادىلە خۇشال بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. يارقىن ئۇنىڭ خۇشال بولغاندىكى گۈزەل رۇخسارىغا مەپتۇنلارچە قاراپ قالغانىدى. تۇيۇقسىز يەنە بىر ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، ئىككىلىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. ساقچى باشلىقى ئادىل ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغانىدى، بۇ تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشتىن ئادىلە ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.
— ۋوي، يارقىنغۇ سەن؟ — ئادىل يارقىن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن سورىدى.
— بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالغانلىقىمىز قىزىق... سېنىڭ ساقچى باشلىقى بولۇپ كەتكەنلىكىڭنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم، لېكىن بىر يەردە تۇرۇپمۇ كۆرۈشەلمەي ئەمدى بۇ يەردە ئۇچرىشىپ

قالغانلىقىمىزنى... — يارقىن شۇنداق دېگەچ كۈلۈپ قويدى.
شۇ تاپتا ئادىلە ئۇن چىقماي يەرگە بېشىنى سېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئادىلنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى قىياس قىلالىۋاتاتتى، ئۇ چوقۇم مېنى قولغا ئالغىلى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن... ئۇ شۇلارنى ئويلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ تېخى بايىلا ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ جىنايىتىگە جازا بېرىشىنى تەلەپ قىلماقچى بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇنچە تېزلا ئۆزىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن كېلىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.
— بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنىدىڭ؟ — ئادىل يارقىندىن سورىدى.
— ئادىلە بىلەن ئىككىمىز تولۇق ئوتتۇرىدا بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن، شۇڭا ئۇنى يوقلاپ كەلگەنىدىم، — يارقىن كۆڭلىدە ئادىل ئادىلەنى تونۇمايدۇ دەپ يالغاندىن بىرنى توقۇدى. ئادىلە بىلەن ئادىل ھەر ئىككىلىسى يارقىنىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. ئادىل ئۇنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئۆزىنى كۈلكىدىن ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇراتتى.
— سەنچۇ؟ سەن بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — ئۇ ياندۇرۇپ ئادىلدىن سورىدى.
— بۇ رايون بىزنىڭ ساقچىخانىغا قاراشلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىلە... ئادىلە... ئۇ مېنىڭ قىز دوستۇم.
— نېمە؟! — يارقىن چۆچۈپ كەتتى. ئادىلەمۇ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك ئادىلنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى.
— ئادىلە، سىز ئۆزىڭىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدىكى ساۋاقدىشىڭىزغا مېنىڭ كىملىكىمنى قىلىپ بەرمەمسىز دەڭا... — ئادىل كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى. ئادىلە خىجىللىقتا زۇۋان سۈرمىسىمۇ، لېكىن چىرايىدىن يۈرىكىدىكى ئازابنى يوشۇرالماي قالدى.

— ھا... ھا... مەن ئادىلەنىڭ سىنىڭ قىز دوستۇڭ ئىكەنلى-
كىنى نەدىن بىلەي ئاداش، ئۆتكەندە ئادىلە ماڭا ياخشى كۆرىدىغان
ئادىمىم بار دېگەنىدى، ئەسلىي سەن ئىكەنسەندە! بايا مۇنداقلا...
— يارقىن توختىماي كۈلۈۋاتاتتى، لېكىن ئۇ بۇ تۇيۇقسىز زەر-
بىدىن شۇنداق ئازابلاندىكى، يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىپ
كېتىدىغاندەك تىپىچەكلەپ كەتتى.
— بولىدۇ ئەمىسە ئادىلە، مەن سىزگە دېگەن ئىشنى چوقۇم
ھەل قىلىپ بېرىمەن. ئەمىسە سىلەرگە دەخلى يەتكۈزمەي، مەن
قايتاي... — يارقىن شۇنداق دەپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ماڭ-
دى. ئۇنىڭ چىرايىنى ئەلەملىك تۇيغۇلار قاپلىغان بولۇپ، ئاچ-
چىقتىن بوغۇلۇپ تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شورىغىنىچە
كېتىپ قالدى.
— ئادىل، — دېدى ئادىلە ئۇنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى
كۆرۈپ، — سىز نېمىشقا ئۇنىڭ ئالدىدا مېنى قىز دوستۇم دەپ
يۈرۈيسىز؟
— نېمىشقا ئۇنداق دېگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بەل-
كىم ئۇنىڭ يالغان ئېيتىپ سىزنى ساۋاقدىشىم دېگەنلىكىنى
ئاڭلاپ مېنىڭمۇ يالغان ئېيتقۇم كېلىپ قالغاندۇر...
— ھىم... ئەسلىي ئۇنداق دېمەسلىكىڭىز كېرەك ئىدى ساق-
چى باشلىقى، — ئادىلە ساقچى باشلىقى دېگەن سۆزنى ئالاھىدە
ئۇرغۇ بىلەن ئېيتتى، — سىز دېگەن بىر ساقچى، مەن دېگەن
بىر جىنايەتچى، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەرگىزمۇ مۇھەببەت
مەۋجۇت بولمايدۇ.
ئادىل ئادىلەنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېتىپ قالدى، ئادىلە ھەر-
گىزمۇ بىر ئوغرىغا ئوخشىمايتتى، ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر
ئادەم ئۇنى تەربىيە كۆرگەن، ئاق كۆڭۈل قىز دەپ قارىشاتتى. ئا-
دىلنىڭ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى، ئۇ شۇنداق-

تىمۇ ئادىلەنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭدىن مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى.

ئارىدا جىددىي ھالەت ھۆكۈم سۈرەتتى.

— ئادىلە، — دېدى ئادىل، — سىز ھەق ـ ناھەقنى تونۇغاچقا قىلمىشىڭىزغا توۋا قىلدىڭىز. سىز بايا مېنى ئىزدەپ بېرىپ شۇ گەپلەرنى قىلمىۋاتقاندا مەن قەتئىي ئىشەنمىگەنىدىم، سىز دادىڭىزنى دەپ ياشلىق باھارىڭىزنى خاراب قىلغىنىڭىز بىلەن، ئۆز قىزىنى مۇشۇنداق ئىش قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتقان ئادەم سىزنى ھەرگىز قەدىرلىمەيدۇ. سىز ھېلىمۇ كىچىكمىدىڭىز ئادىلە، ئۆزىڭىزنىڭ جىنايىتىنى تونۇپ مېنى ئىزدەپ بارغانلىقىڭىزدىن بەك خۇش بولدۇم، سىز ئۇ ئىپلاسچىلىقلارنى ئۇنتۇپ يېڭىباشتىن ئادەم بولۇڭ، ئەمدى ھەقىقىي ئىنسانىي ھاياتىڭىزنى باشلاڭ!

— ئۇنىڭغا راستىنلا ئېرىشكىلى بولارمۇ؟ — سورىدى ئادىلە ئەلەم بىلەن.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، مۇھەببەت ۋە ئەقىدىگە تايىنىپ، تۇرمۇشتىكى بارلىق گۈزەللىكلەرگە كۆلۈپ تۇرۇپ قۇچاق ئاچقىنىڭىزدىلا سىز ئۇ ھاياتقا ئېرىشەلەيسىز.

ئادىلە بېشىنى سىلىپ زۇۋان سۈرمەي تۇردى.

— ھە راست ئادىلە، ئەتە بىر يېقىن دوستۇمنىڭ تويى بولماقچى، شۇ تويغا سىزنى مەن بىلەن بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلسام قاتنىشىپ بېرەرسىزمۇ؟

— مەن... مەن يا ئۇ دوستىڭىزنى تونۇمىسام...

— ئۇنى تونۇمىسىڭىز مېنى تونۇيسىز ئەمەسمۇ؟ مەن ئەتە كەچتە سىزنى «نىلۇپەر رېستورانى» نىڭ ئالدىدا ساقلايمەن. ئەتە چوقۇم بېرىڭ.

ئادىل ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى، ئادىلە تېخى ـ

چە ئىشلىك ئالدىدا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭغا نە سوغۇق بىلىنمەيتتى، ئۇ ئادىلدىن بەك سۆيۈنگەنىدى، ئۇ ئادىلەنىڭ جىنايى تۇرمۇشىنى بىلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇنى كەمسىتىدىغان گەپ - سۆزمۇ قىلمىدى، ئۇنىڭغا شۇ تاپتا قاراڭغۇ يۇرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا بىر ئا-جىز نۇر دەستىسى چۈشكەندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى.

24

تاھىر سەللىمازا ساقايدى، ئۇ يەنە ھېلىقى كاۋاپدىنىنى سۆ-رەپ بۇرۇنقى ئورنىغا كېلىپ تىجارىتىنى باشلىۋەتتى.

— ئوھوي بىزنىڭ قەھرىمان، ئاخىر كەپسىز - دە... سىز يىشۇرغان كاۋىپىڭىزغا نېمە سالىسىز؟! سىز يوق، دادىڭىز پى-شۇرغان كاۋاپمۇ بۇنچە تېتىمىدى بىزگە! — قول ئوخشمايدۇ دېگىنە ئاززۇ!

— مانا مۇشۇنى ھۈنەر دەيمىز...

قىزلار يەنە كۈلكە - چاقچاق بىلەن يېتىپ كېلىشتى، تاھىر-نىڭ كۆزلىرى بۈگۈن نېمىشقىدۇر قىزلار ئارىسىدىن زۆھرەنى ئىزدەپ قالدى.

— قورقماسىز قەھرىمان، ئەسكىلەر يەنە بوزەك قىلىسچۇ سىزنى؟

— ئاسماندىن چۈشتىڭىزمۇ ماھىرە؟! ھېچبىر كۆرۈنمەيتتى-ڭىز، بۈگۈن نەچچىگە ئىشتىھايىڭىز بار؟

— بۈگۈن پۇلۇم يوق، پۇلۇم كەلگەندە بىر گەپ بولا، — ھەي-يارلىق بىلەن كۈلدى ماھىرە.

— بوپتۇ، بۈگۈن مەن مېھمان قىلغان بولاي.

— راستما؟ بىزنىڭ قەھرىمان شوخلىشىپ، مەردلىشىپ قاپ-تىغۇ بۈگۈن!

قىزلار تاھىرنىڭ «مەن مېھمان قىلاي» دېگىنىنى ئاڭلاپ

چۇرقىرىشىپ كېتىشتى:
— بۈگۈن مېنىڭمۇ پۇلۇم يوق.
— مېنىڭمۇ يوق.
— مېنىڭمۇ!
— ئەستاغپۇرۇللا، — تاھىرنىڭ شۇنداق دەپ پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى سېلىشى بىلەن كاۋاپدان ئەتراپىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى.
تاھىرنىڭ سودىسى مۇشۇنداق كۈلكە ـ چاقچاق ئىچىدە بولاتتى، ساددا، ئاق كۆڭۈل، تىرىشچان، پاراڭخۇمار بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ كاۋىپى خېيىزۇ كاۋاپلىرىدىن يوغان، ئەمما باھاسى ئوخشاش، تەمىنىڭ ئۆزگىچە بولغانلىقى ئۇچۇن شىنجاڭ كاۋىپىغا خاس خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. «ئاز ـ ئازدىن ئالساقمۇ، پايدا ئېلىپ سودا ئايلىنىپ تۇرغانغا يەتمەيدۇ» دەيتتى مەمەتقارى ئۇستام.
ماھىرە خوشلىشىپ كېتىپ قالدى، تاھىر نېمىشقىدۇر ئۇنىڭدىن زۆھرەنىڭ نېمىشقا چىقمىغانلىقىنى سورىيالمىدى. «مەن قايسى سالاھىيىتىم بىلەن ئۇنى سورايتتىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇنىڭغا قىلغان ياردىمىمنى ئۇ مەن دوختۇرخانىدىكى ۋاقتىمدىلا ئاللىقاچان قايتۇرۇپ بولغان، بىز پەقەت تونۇش خالاس، ئۇنى دوستلىرىدىن سوراپ يۈرسەم ئۇنىڭغا سەت بولمامدۇ. مەن كىم، ئۇ كىم؟»
تاھىر دەل مۇشۇ خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا، چىرايلىق قىز زۆھرەنىڭمۇ كۆزلىرى كىتابتا، خىيالى ئۇنىڭدا ئىدى. «مەندىكى قانداق تۇيغۇ؟ — دەپ ئۆز ـ ئۆزىدىن سورايتتى، — نېمىشقا ئۇنى كۆرگەندە بىئارام بولىمەن، ئەمما كۆرمىسەم كۆرگۈم كېلىدۇ، شۇنچە كىتابلارنى ئوقۇدۇم، تالاي بىر كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قېلىش دېگەنلەرنى ئوقۇدۇم، مېنىڭ

ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىم ياخشى كۆرۈشكە كىرەمدۇ؟! مەن بىرلا كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان، باشقىلارنىڭ قىياپىتىدىلا قارايدىغان شۇنداق ھېسسىياتى تۇتۇرۇقسىز قىزمۇ؟! شۇنداق دەي دېسەم، ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن بۇيان مېنى قوغلىشىۋاتقان شۇنچە يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ بار ئۇنچىلىك چىراي ۋە قامەتلىك بارلىرى... ئەمما نېمىشقا... بۇ ياخشى كۆرۈش ئەمەسمۇ ـ يا؟!...» زۆھرە خىيال قىلغانسېرى خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتتى، ئاخىر ئۇ ئايىمنىساخان ئاچىنى يوقلاپ بارمىغىلى ئۇزۇن بولغىنىنى ئەسكە ئېلىپ، ئەتە چوقۇم بىر يوقلاپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كىتابىنى ياپتى.

## 25

ئادىلە بۈگۈن ناھايىتى چىرايلىق ياسانغانىدى. ئۇ ئادىلنىڭ تەلىپى بويىچە كەچ بولۇشى بىلەنلا «نېلۇپەر رېستورانى» غا قاراپ ماڭدى. ئۇ رېستوران ئالدىغا كەلگەندە ئادىل ئۇنى سىرتتا ساقلاپ تۇرغانىدى. ئادىل ئادىلەنىڭ بۈگۈن ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى.

ــ سىزنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەتتىم، ــ دېدى ئادىل ئۇنىڭغا سالام قىلىۋېتىپ. ئادىلە ئۇنىڭ سۆزىگە يېنىك كۈلكە بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئادىل ئادىلەنى تويى بولغان قىزنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئادىلە ئۇ قىزغا سالام بېرىۋېتىپ كۆزلىرى قىزنىڭ بويىنىدىكى چاقناپ تۇرغان ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەتلەرگە چۈشتى. تويى بولغان قىزغا قاراپ بىردىنلا «مېنىڭمۇ مۇشۇنداق گۈزەل، بەختىيار كۈنلىرىم كېلەرمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالدى.

مېھمانلار يېڭى توي قىلغان قىز ـ يىگىتنى تانسا ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. باشقا مېھمانلار قىز ـ يىگىتنى ئوت-

تۇرىغا ئېلىپ چۈرىدىشىپ تۇراتتى. ئادىلە ئاغزىدىكى سېغىز كەمپۈتنى يۇتۇۋېتىشىنىمۇ ئۇنتۇپ، ھېلىقى قىزنىڭ بوينىدىكى ئېسىل ئالتۇن زەنجىرگە تىكىلىپلا قالغانىدى.

شۇ ئارىدا تانسا ئاخىرلىشىپ ياشلار يىگىتنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتقىنىچە تەنتەنە قىلىشتى. ھەممەيلەن خۇشاللىققا چۆمگەنىدى. ئادىلە بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئاستا ـ ئاستا قىستىلىپ ئۆتۈپ ھېلىقى تويى بولغان قىزنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىۋالدى. ئۇ ئادىلغا قارىۋىدى، ئۇ ھەدەپ يېڭى كەلگەن مېھمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ بوگوننىكى توينىڭ يىگىت بېشى ئىدى. ياشلار تۇشمۇتۇشتىن مەيدانغا چىقىپ تەنتەنە قىلىشىۋاتاتتى. ئادەملەر بارغانسېرى كۆپىيىپ قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ كەتتى. شۇ پەيتتە ئادىلەنىڭ قولى قىچىشتى، ئۇ قىستاڭچىلىقتىن پايدىلىنىپ قولىنى ھېلىقى قىزنىڭ مورىسىگە قويۇۋالدى، كىشىلەر ھەربىر قىستىغاندا قولىنى ئاستا ـ ئاستا ئالتۇن زەنجىرگە قاراپ يېقىنلاتقىلى تۇردى.

رىياسەتچى يىگىت كۆپچىلىكنى ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. تەنتەنە قىلىۋاتقان ياشلار خۇشال ھالدا چاۋاك چېلىشىپ ئالقىش ياغدۇراتتى. مۇشۇ قىزىغان پەيتتە ئادىلە ئالتۇن زەنجىرنى سوقۇش ئۈچۈن قولىنى شۇنداق ئۇزىتىشىغا، بىرى ئۇنىڭ يەنە بىر قولىنى تۇتۇۋالغاندەك قىلاتتى. ئادىلە ئىتتىك قولىنى تارتىۋېلىپ، بۇرۇلۇپ كەينىگە قارىدى. قارىدى ـ يۇ، ئادىلنىڭ سوراق ئالامەتلىرى يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ، شۇ زامات ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىپ، پۇت ـ قوللىرىدا جان قالمىدى.

ئادىلە بىردىنلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈتتى، ئادىل ئەجەبلەنگىنىچە ئۇنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتۇپ تارتىپ رېستوراننىڭ سىر ـ

تىغا ئېلىپ چىقتى. ئادىلە مۇشۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنلا بىلگەن-
دەك ئۇنىڭ كەينىدىن جىممىدە ئەگىشىپ ماڭدى.

ئادىل ئۇنى ئادەملەردىن يىراق بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭغا ئاپىرىپ،
قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— بۇگۈن مەن ئىشەندىم، — دېدى، — سىز مۇشۇنداق قى-
لىشتىن تېخىچە نومۇس قىلمايۋاتامسىز؟

— نېمىشقا نومۇس قىلىدىكەنمەن؟ — دېدى ئادىلە قولىنى
ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ، — سىز كۆرگەن بولسىڭىزلا بولدى.
ئەمدىغۇ مېنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىمگە ئىشەنگەنسىز، نېمىشقا
مېنى قولغا ئالمايسىز؟

— مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ
تۈرمىدە ياتقىنىنى كۆرسەم مەن قانداق چىدايمەن.

ئادىلە يەنە كۈلۈپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلان-
ماقتا ئىدى، مانا ئالدىدا ئۆزىمۇ چىن قەلبىدىن سۆيگەن يىگىتى
ئۇنىڭغا مۇشۇ گەپلەرنى قىلىپ تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇ ئادىلىنىڭ
سۆيۈشىگە مۇناسىپ كېلەمدۇ؟ ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئەرزىم-
دۇ؟...

— سىز ئۆزىڭىزنى بۇنداق تاشلىۋەتمەڭ ئادىلە، — دېدى ئا-
دىل ئۇنىڭغا سەمىمىي نەسىھەت قىلغان تەلەپپۇزدا، — سىز قى-
لىدىغان ئىشلار نۇرغۇن...

ئادىلە ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارىدى:

— قانداق ئىش؟

— مۇھەببەت.

— مەن مۇھەببەت - پۇھەببەت دېگەن نەرسىلەرنى چۈشەن-
مەيمەن، سىز دېگەن ساقچى باشلىقى، مەن بولسام جىنايەت پات-
قىقىغا پاتقان بىر يانچۇقچى تۇرسام، ئىككىمىز قانداقمۇ بىر
يەرگە كېلەلەيمىز. بولدى، ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئىشى مۇشۇ

يەرگىچە بولسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشمەيلى...

ئادىل بۇ گەپتىن خاپا بولۇپ ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ ئۆزىگە يېقىن ئەكەلدى، ئۇ ئادىلەنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئازابلىنىپ كەتتى. ئۇ ئادىلەنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتماقچى بولۇپ، قولىنى يەنە شۇنداق تارتتۇدى، بىرى ئۇنى چاقىرىپ قالدى.

— مۇشۇ يەردە بىر مىنۇت تۇرۇپ تۇرۇڭ. مەن هازىرلا كېلىمەن، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئۆزىنى چاقىرغان كىشى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئادىلە ئادىل كېتىشى بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئازاب، خۇشاللىق، نەپرەت... هەممە تۇيغۇلار ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ يولدىن تېز - تېز قەدەملەر بىلەن ئۆتۈپ تاكسىدىن بىرنى توستى.

ئۇ تاكسىغا چىقىپ ئۇدۇل ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئۆيىگە كېلىپ تاكسىدىن چۈشۈپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان دادىسىنى كۆرۈپ قەدىمىنى توختاتتى. دادىسى ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق تۇستە قاراپ تۇراتتى، ئادىلە شۇئان چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— تاماق يېدىڭىزمۇ دادا؟

ئادىلە دادىسىنىڭ غەزەپلىك تۇرقىغا قاراپ تىترەپ كەتتى.

— پۇل قېنى؟

— بۈگۈن بازار ئويىنىمىدىم.

دادىسىنىڭ قان تولغان كۆزلىرى خۇددى يىرتقۇچىنىڭكىدەك پارقىراپ كەتكەندى.

— بازار ئويىنىماي نېمە ئويىنىدىڭ قانجۇق...

دادىسى ئۇنىڭغا دېۋەيلەپ كەلدى. ئادىلە دادىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئىتتىك ئۆي ئىچىگە كىرىۋالدى، دادىسىمۇ ئۇنىڭغا

ئەگىشىپ كىردى. ئادىلە ئۈستەل ئۈستىدىكى چايداننى قولىغا ئېلىۋېتىپ ۋارقىرىدى:
— مېنى يەنە ئۇرماقچىمۇ تېخى، ماڭا يېقىن كەلگۈچى بولما. بۇ زوراۋانلىقلىرىڭغا ئەمدى ھەرگىز چىدىمايمەن. سەن مېنىڭ دادام ئەمەسكەنسەن، ئەمدى ھەرگىز سېنىڭ مەيلىڭگە بېقىپ ئوغرىلىق قىلمايمەن...
دادىسى ئادىلەنىڭ كۆزلىرىدىن قارشىلىق، غەزەپ ئوتىنىڭ چاقناپ كېتىۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ «سەن مېنىڭ دادام ئەمەسكەنسەن» دېگىنىنى ئاڭلاپ ئېسەنكىرەپ تۇرۇپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ شارتتىدە يېنىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى:
— ۋۇ تۇزكور، سەن تېخى ماڭا گەپ ياندۇرماقچىمۇ؟ مەن سېنىڭ داداڭ بولماي كىم سېنىڭ داداڭكەن؟ سىرتقا چىقىپ داداڭنى تېپىۋېلىپ كەلگەن ئوخشىمامسەن؟ ئەجەب كۆزۈڭنى ئالايتىسىنا ماڭا، ئاۋۋال كۆزۈڭنى ئويۇۋېلىپ ئاندىن ساقچىغا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلمايدىغان بولسام...
ئۇ شۇنداق دەپ ئادىلەگە ئېتىلدى، ئادىلە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قولىدىكى چايداننى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا بىر شىلتىۋىدى، چايداننىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كېتىپ، قىززىق چاي ئۇنىڭ يۈزلىرىگە چېچىلدى. دادىسى «ۋايجان» دەپ تولغىنىنچە يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. پىچاقمۇ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن ئادىلە دادىسىنىڭ يۈزىگە قارىغىنىچە قېتىپ تۇرۇپ قالدى.
دادىسىنىڭ يۈزى بىردەمدىلا ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك كۆيۈپ كەتكەنىدى، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ بەتبەشىرە يۈزىدىكى بىر تال كۆز ئۇنىڭغا شۇنداق قورقۇنچلۇق تىكىلدىكى، ئادىلەنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى سۈر بېسىپ كەتتى. ئۇ تىترىگەن ھالدا:
— ياق... ياق... ياق...! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۆزىنى سىرت-

قا ئاتتى. دادىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قوغلاشقا باشلىدى. ئادىلە پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ قاچماقتا ئىدى. ئۇ ئۆيدىن قېچىپلا ئۆزىنى قاراڭغۇ كوچىغا ئاتتى، قېچىپ خېلى ئۇزاق يەرلەرگە بېرىۋېلىپمۇ يەنە كەينىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ سوغۇق قىش بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ ئەزايى بەدىنى قاتتىق يۈرەكتىن چىلىق - چىلىق تەرلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كەينىگە قاراپ دادىسىنىڭ ئۆزىگە يېتىشەلمىگەنلىكىنى بىلىپ ئورنىدا تۇرۇپ سەل ئۆزىنى توختىتىۋالدى، ئۇ جىددىيلەشكىنىدىن ھەتتا تىنىقمۇ ئالالماي قالغانىدى. سىرتتا گۈركىرەۋاتقان سوغۇقنىڭ ئاۋازى كىشىنى قورقۇنچقا سالاتتى...

## 26

كېچە، تۈن پەردىسى بېيجىڭ ئاسمىنىنى قاپلىدى. نەرگىزە كارىۋىتىدا ئاسمانغا قارىغىنىچە خىياللار دۇنياسىغا غەرق بولغانىدى. ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدا يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ۋە ئۆتمۈشىنى خىيال قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ ناتونۇش بىر شەھەردە ئەزەلدىن يۇلتۇز كۆرۈنمەيدىغان كېچە ئاسمىنىغا قاراپ مۇڭلانغىنىچە ياتاتتى. ئۇ دادىسىنى سېغىنغانىدى، بۈگۈن دادىسىدىن كەلگەن تېلېفون ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ قويغانىدى، دادىسى ھازىر يەككە - يېگانە يالغۇز ياشاۋاتىدۇ، نەرگىزەنى قىيىنىلىپ قالمىسۇن دەپ جاپالىق ئىشلەپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش پۇللىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئەۋەتىپ بېرىۋاتىدۇ. نەرگىزە بۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالدى، بىردىنلا ئۆزىنى دادىسىغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ كەتتى، چۈنكى دادىسى ھەر دائىم ئۇنىڭغا تېلېفون قىلغىنىدا ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئوقۇشتىن سىرت ھېچقانداق نەرسىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكنى تاپىلاپ تۇراتتى. نەرگىزە دادىسىنىڭ

ئەخمەت بىلەن بولغان ئىشلىرىنى بىلىپ قېلىپ خاپا بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى...

ئاسماننى قاپقارا بۇلۇتلار قاپلىغان بولۇپ، سىم - سىم يامغۇر ياغماقتا ئىدى. نەرگىزە بىلەن ئەخمەت دائىم كۆرۈشىدىغان كونا جايدا ئۇچراشتى. نەرگىزەنىڭ چىرايىنى ئەلەملىك تۇيغۇلار قاپ-لىغان، ئەخمەت بولسا كۆزلىرىدىن دەھشەتلىك ئۇچقۇنلار چاچ-رىتىپ تۇراتتى. نەرگىزە ئەخمەتنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي ئىچ - ئىچىدىن ئازابلانماقتا ئىدى.

— مەن ئەزەلدىن سەندەك نومۇسسىز، پەسكەش بىر قىزنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن... ئەمدى مېنى ئىزدىمە! — ئەخمەت شۇنداق دېگىنىچە نەرگىزەگە غەزەپلىك كۆزلىرىنى تىكتى. نەر-گىزە بولسا يىغلامسىرىغان هالدا ئۇنىڭغا يالۋۇراتتى:

— ئەخمەت، سىزگە زادى نېمە بولدى؟ مەن نېمىنى خاتا قىل-دىم، سىز مەن بىلەن شۇنچە ئۇزۇن يۈرۈپمۇ مېنى قىلچىلىك چۈشەنمەيدىغان ئادەمدەك سۆزلەيسىزغۇ؟... قېنى ئېيتىڭە، زادى نېمە ئىش بولدى؟

— بولدى! مۇشۇنداق يالۋۇرسام مېنى ئېرىپ قالىدۇ دەپ ئوي-لىما. مەن ھەممە ئىشلىرىڭنى ئاڭلىدىم، تېخى ئۆز كۆزۈم بىلە-لەنمۇ كۆردۈم. سەن يەنە قىلغانلىرىڭغا تېنىۋالماقچىمۇ؟

— ئەخمەت، مەن... — نەرگىزە شۇنداق دەپ ئەخمەتنىڭ قو-لىنى تۇتۇۋېدى، ئەخمەت ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق سىلكىشلەپ چۈشۈرۈۋەتتى.

نەرگىزە ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبلىك ئۆتكۈزگىنىنى، ئەخمەتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشەنمەي كۆزلىرىدىن يوم - يوم ياش تۆكۈپ يىغلاپ كەتتى.

— تولا كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتمىغىنە... بولدى، سېنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. ئەمدى

مېنى ئىككىنچى ئىزدىگۈچى بولما...

ئەخمەت شۇنداق دەپ ماڭماقچى بولۇپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا شەھىدە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ نەرگىزەنىڭ ئەخمەتكە بىچارىلەرچە يېلىنىپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرۈپ، قا-قاھلاپ كۇلۇپ كەتتى.

— بولدى ئەخمەت، بۇنداق نومۇسسىز ئىنسانغا گەپ قىلىپ ئاغزىڭىزنى ئۇپراتماڭ، ئۇنىڭ ئۇچۇن قايغۇرۇپ ئولتۇرۇشىڭىز-نىڭمۇ ھاجىتى يوق... — شەھىدە شۇنداق دەپ ئەخمەتكە چىڭ يېپىشتى، ئەخمەتمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنى قولتۇقلىغىنىچە كېتىپ قالدى. نەرگىزە ئۇلار-نىڭ ئارقىسىدىن قاراپ توختىماي يالۋۇراتتى:

— ئەخمەت، كەتمەڭ. مېنى تاشلاپ كەتمەڭ. مەن سىز ئويلىد-غاندەك قىز ئەمەس...

ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۇزاپ كېتىپ قالدى، نەرگىزە سوغۇق يەردە كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياشلارنى تۆككىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. سىم - سىم يامغۇر بىردىنلا كۈچىيىپ شار-قىراپ يېغىپ كەتتى.

— ياق... ياق... ئەخمەت، مېنى تاشلاپ كەتمەڭ!

نەرگىزە تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەزايى - بەدىنى سوغۇق تەرلەپ، ئىچ - ئىچىدىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق چۈشتىن جىددىيلىشىپ كېتىپ، ھەتتا تىنىقمۇ ئالالماي قالغانىدى. ئۇ كارىۋاتتىن سەل قىمىرلاپ باقماقچى بول-دى - يۇ، لېكىن تېنىنى مىدىرلىتالمىدى. ئۇنىڭ بەدىنى ئۆز سېزىمىنى يوقاتقان، كاللىسىمۇ پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئاغ-رىۋاتاتتى. ئۇ كارىۋاتتا تورۇسقا قاراپ خېلى ئۇزۇن يېتىۋالدى، بىردەمدىن كېيىن ئەسلىگە كېلىپ سائەتكە قارىۋىدى، تاڭ يو-رۇشقا ئاز قالغانىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ پەسكە چۈشۈپ

يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى.
«ئەجەب ھە... ئەتىگەن تاڭ سەھەردە كۆرگەن چۈش راستقا ئايلىنىدۇ دەيدىكەن، ئەجەب قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتىمەن ـ غۇ... ئۇلۇغ ئاللا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، بۇ چۈشلىرىم چۈش پېتىلا قالسۇن...» ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دەپ خېلى ئۇ ـ زۇنغىچە ئۆزىنىڭ كۆرگەن غەلىتە، قورقۇنچلۇق چۈشىدىن ھەيران بولدى.
بۈگۈن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان ئىنگلىز تىلى 4 ـ دەرىجە ئىمتىھانى باشلىناتتى. نەرگىزە بىلەن ئەخمەت ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئىمتىھان باشلىنىش ـ تىن بۇرۇن ئۆزلىرى مۇھىم دەپ قارىغان مەزمۇنلارنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋېتىش ئۈچۈن مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. نەرگىزە كىتابقا قاراپ تۇرغان بىلەن ئەس ـ يادى ئەتىگەن كۆرگەن چۈشىدە قالغانىدى، ئۇ ئەخمەتكە ھېلىدىن ـ ھېلىغا قارايتتى. ئەخمەت پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتابقا قاراپ تۇراتتى.
«ئەخمەت، مېنى ھەرگىز تاشلاپ كەتمەڭ. مەن سىزدىن ئاي ـ رىلالمايمەن» ئۇ كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغان ئەخ ـ مەتكە قاراپ ئىچىدە ئاستا شىۋىرلىدى. ئەخمەت شۇئان بېشىنى كۆتۈرۈپ خۇددى ئۇنىڭ ئىيتقانلىرىنى ئاڭلاپ قالغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. نەرگىزە تېخىچە ئەخمەتكە قاراپ ئەتىگەن كۆرگەن چۈشلىرىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ كۆرگەن چۈشىنى ئەخمەتكە ئېيتماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن ئۇنىڭ ناھا ـ يىتى بېرىلىپ كىتاب كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېيتماسلىق قارارىغا كەلدى ھەم ئۇ چۈشىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى پارا ـ كەندە قىلىشنىمۇ خالىمىدى...
ـــ نەرگىزە، بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى؟ بەك خىيالچان بولۇپ

قاپسىزغۇ؟ ئەتىگەن ئاشخانىدا ئۇچراشقاندىن بېرى سىزگە دىققەت قىلمۇاتىمەن، بۈگۈن باشقىچىلا بولۇپ قاپسىز، — دېدى ئەخ-مەت. نەرگىزە ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تېزلا ئېسىگە كېلىپ كۈ-لۈپ كەتتى.

— ياق... ياق... ھېچ ئىش بولمىدى، سىزگە شۇنداق تۇيۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ، مەن بىر ئوبدان تۇرمامدىمەن مانا. . .

ئەخمەتمۇ ئۇنىڭ كۈلكىسىگە يېقىملىق كۈلكە بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— نەرگىزە، ئىمتىھان باشلىنىشقىمۇ ئاز قاپتۇ، ئەمىسە ھەر ئىككىلىمىز ئىمتىھان مەيدانىغا ماڭايلى، ھېلى ئىمتىھاندىن چىقىپ كۈتۈپخانىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشەيلى.

— بولىدۇ، ئەمىسە ئىمتىھاننى ياخشى بېرىڭ، ھېلى كۆرۈ-شەيلى.

— سىزمۇ شۇ نەرگىزە. سىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن!

ئۇلار خوشلىشىپ ئىمتىھان مەيدانىغا قاراپ مېڭىشتى. نەر-گىزە ئەخمەتنىڭ بۈگۈنكى ئىپادىسىنى كۆرۈپ كۆڭلى خېلى تىنچلىنىپ قالدى. «ۋاي نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم، ئۇ بەربىر چۈشقۇ خالاس... ھېچكىم ئەخمەت ئىككىمىزنى ئايرىۋېتەلمەيدۇ، ھېچكىم...» ئۇ شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئىمتىھان بېرىدىغان سىنىپقا ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇشىغا شەھىدە بىلەن دو-قۇرۇشۇپ قالدى.

— ۋۇي تاتلىق قىز، سەنمۇ مۇشۇ مەيداندىمۇ؟ ئەجەب ياخشى بولدى، ھېلى ئىمتىھاندا شەخسىيەتچىلىك قىلماي ماڭا ئاز - تولا ياردەم قىلارسەن جۇمۇ. . . — شەھىدە شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا قاراپ ھىجايدى. نەرگىزە ئۇنىڭغا سوغۇققىلا كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب قايتۇرمىدى.

ئىمتىھان باشلانغاندى، نەرگىزە ئىمتىھان سوئاللىرىغا بىر

قۇر كۆز يۇگۇرتۇۋېتىپ مەمنۇنلۇق بىلەن كۇلۇپ قويدى، چۈنكى سوئاللارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ ئۆگەنگەن يەرلىرىدىن ھەم بىلىدىغان مەزمۇنلاردىن چىققانىدى. ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋەتكەندىن كېيىن سوئاللارغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب يېزىشقا باشلىدى.

شەھىدە سوئاللارنى كۆرۈۋېتىپ ئۆزىنىڭ بىرمۇ سوئالنى ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئالدىغا قارىۋىدى، نەرگىزە ناھايىتى بېرىلىپ ئىمتىھان بەرمەكتە ئىدى، شەھىدە نەرگىزەنىڭ ئارقىسىدىن مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ ئالدىيىپ قويدى.

— ئىمتىھان ئاخىرلىشىدىغانغا يەنە ئون مىنۇت ۋاقىت قالدى، ئىشلەپ بولغانلار ئىمتىھان قەغىزىنى ئۇستەل ئۇستىگە قويۇپ چىقىپ كەتسەڭلار بولىدۇ، ئىشلەپ بولالمىغانلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇڭلار... — نازارەتچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان نەرگىزە ئىمتىھان قەغىزىنى رەتلەپ ئۇستەلگە قويغاندىن كېيىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى. ئۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەپ بولۇپ تېخى ئىككى قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىشقىمۇ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ ئىمتىھاندىن بالدۇرراق چىقىپ ئەخمەتنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن كۇتۇپخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ كۇتۇپخانا ئالدىغا كېلىپ ھەيران بولۇپ كۇلۇپ كەتتى، چۈنكى ئەخمەت ئۇنىڭدىن بالدۇر ئىمتىھاندىن چىقىپ كۇتۇپخانا ئالدىدا ئۈچ تال ئەتىرگۈلنى تۇتقىنىچە نەرگىزەنى ساقلاپ تۇرغانىدى.

شەھىدە نەرگىزەنىڭ ئىمتىھان مەيدانىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى ئىچىدە مىڭنى تىللاپ قارغىدى.

— سەن يامانمۇ، مەن يامانمۇ؟ قېنى كۆرىمىز... ۋاقىت دېگەن ئۇزۇن! — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە چىرايىغا ۋەھىمىلىك، زەخەرخەندىلىك ئارىلاشقان كۈلكىسىنى يۇگۇرتتى.

## 27

ئادىلە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قەيەرگە بېرىشىنى بىلمەي تەمتى-
رەپ قالدى. ئۇ بايا بولغان ئىشلارنىڭ بىر قورقۇنچلۇق چۈش بو-
لۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇنىڭ كاللىسى تۇمەنمىڭ سو-
ئاللار بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇ ئەمدىكى قەدەمنى قەيەردىن بې-
سىشنى بىلمەيۋاتاتتى.

«ئەمدى ئۆيگە قايتسام زادى بولمايدۇ، دادام مېنى چوقۇم ئۇ-
رۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ.» ئۇ ئىچىدە شۇلارنى ئويلايتتى
«ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بۇ يەرنى تاشلاپ يىراقلارغا،
ئۆزۈمگە ناتونۇش، يات بولغان كىشىلەر ئارىسىغا كېتىشىم كې-
رەكمۇ؟ مەن ئادىلنى مۇشۇنداقلا...»

ئۇ ئاخىرىنى ئويلاشقا پېتىنالمىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئادىلنىڭ
ئۆزىگە بولغان ھەقىقىي پاك سۆيگۈسىنى چۈشەنگەنىدى. ئەمدى-
لىكتە بولسا ئۇنى ئۈمىدسىز قويۇپ، ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرى-
لىپ يىراقلارغا كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ قەدەمنى بېسىش ئۈچۈن
ئۇنىڭغا ناھايىتى زور غەيرەت، باتۇرلۇق كېرەك. ئادىلە روھىي
جەھەتتە ئۆز - ئۆزى بىلەن قاتتىق ئېلىشماقتا ئىدى.

«قېچىش، مەڭگۈلۈك ئايرىلىش!» بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ مېڭىسىدە
جاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

«بۇ يەردىن كەت، ھەممە ئىشنى قايتىدىن باشلا!» دېگەن بۇ
غايىبانە خىتابلار، ئۆزىنى قەپەسكە ئۇرۇپ ھەريان تاشلىنىۋاتقان
قۇشقا ئوخشاش ئۇنىڭ يۈرەك قەپىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە
ئىدى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟»
ئۇنىڭ كاللىسى زىددىيەتكە تولغان بولۇپ، زادى قايسى يولنى
تاللاشنى بىلمەي بېشى قاتتى. ئاخىر بۇ يەردىن مەڭگۈلۈك كې-
تىش قارارىغا كەلدى. دادىسى ئەزەلدىن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ

كۆيۈنۈپ باققان ئەمەس، ئۇ ئادىلەنىڭ ھايات گۈلىنى ۋاقىتسىز سولاشتۇرۇپ توگەتسە رازىكى، ئۇنىڭ يېڭى ھاياتلىققا تەلپۈنۈ-شىنى خالىمايدۇ. مانا ھازىرمۇ ئادىلە شۇ دادىسىنىڭ سەۋەبى بى-لەن بۇ يەردىن كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، لېكىن ئادىل... ئادىلە شۇ تاپتا ئادىلغا چىدىمايۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالى-مايۋاتاتتى. ئادىل ئۇنىڭ جىنايەت بىلەن تولغان ھاياتىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا ئۆز سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلغان، ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولغان، ئۆزىنىڭ چىن سۆيگۈسى ئارقىلىق ئادىلەگە يېڭىچە ھاياتلىق ئاتا قىلماقچى بولغان... ئەمدى ئۇ ئادىلدىن ئە-بەدىي ئايرىلماقچى! ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ شۇ زامات ئادىلنى ئىز-دەپ بېرىپ دەرھال ئۇنىڭغا يېپىشقۇسى، ئايرىلىش ئالدىدا ئۇنىڭ چىرايىنى ئاخىرقى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىپ، مېھرىگە يەنە بىر قېتىم قېنىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. ياق... ياق... ئۇنى ئەمدى قايتا كۆرۈشكە يۈزۈم چىدىمايدۇ!

ئادىلە ئاخىرقى قارارغا كېلىپ بولغانىدى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزد-نى چوڭقۇر ئەلەملەرگە سالغان، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەت-لىك بايلىقلىرىنى تارتىۋالغان، ئۇنى نادامەت قوينىغا باشلىغان، ئازغۇنلۇق، جىنايەت پاتقىقىغا پاتۇرغان، چۈشكۈنلۈك قاينىمىغا غەرق قىلغان بۇ رەھىمسىز شەھەردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتى.

— خەير - خوش، رەھىمسىز دادا، خوش قەدىرلىك ئادىل، خەير - خوش ئابلەت تاغا، خوش ماڭا كۆپ ياردەملەرنى قىلغان يارقىن... سىلەرنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرىمەن. بىز ئەمدى مەڭگۈ-لۈك ۋىدالىشايلى!

ئۇنىڭ ئاۋازى كېچە قوينىغا سىڭىپ كەتتى، كۆز ياشلىرى بولسا مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇ بىردىنلا تېز - تېز قەدەملىرىنى ئېلىپ پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئادىلەنىڭ دادىسى ئۇنى خېلى ئۇزۇنغىچە قوغلاپ يېتەلمىدى.

ئۇنىڭ يۈزى بارغانسېرى ئىششىپ ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئادىلەنى قوغلاشتىن توختاپ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا باردى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىققاندا يېرىم كېچىدىن ئاشقانىدى. ئۇ ئاچ-چىقتىن، غەزەپتىن تىترەيتتى، ئادىلەنىڭ ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم قول ياندۇرۇپ ئۇنى مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىدىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ، مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئالدىراپ چىراغنى ياقتى، ئۆيدە ئادىلە كۆرۈنمەيتتى. كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغاندەك ھويلىنىڭ ئۇ بېشىدىن-بۇ بېشىغا قاراپ چىقتى. لېكىن ئادىلە ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئاخىر ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆي ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

ئۆي ئىچىگە كىرىۋېتىپ ئۇنى بىر ئەنسىزچىلىك چۇلغىۋال-دى. ئادىلە قېچىپ كەتمىگەندۇ؟

— ياق! — دېدى ئۇ شۇ ھامانلا ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، — مۇمكىن ئەمەس! ئۇنىڭدا ھەرگىز ئۇنداق جۈرئەت يوق!

ئۇنىڭ يۈزلىرى تېخىچە ئېچىشىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز بېشى قې-يىپ كەتتى. ئۇ تامنى تۇتۇۋېلىپ ئاقساق كىشىدەك پۇتىنى تەس-تە سۆرەپ ياتاق ئۆيگە كىرىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلگەنىدى، ئۇ ئادىلەدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا ئۇنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي مەنبەلىرى ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ پۇت-قوللىرى بو-شىشىپ كارىۋاتقا يىقىلدى.

پويىز ئۇخلاۋاتقان زېمىننى ياڭراق گۈدۈكى بىلەن زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، جاقىلداپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە. پويىز ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر بۇ كېچىنىڭ تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلغاندەك، ئۇيان-بۇيانغا ئۆرتۈشۈپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەكتە، يەنە بەزى كىشىلەر دېرىزىگە يۆلىنىپ ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك

قاتتىق ئۇيقۇ دېڭىزىغا غەرق بولماقتا ئىدى. ئادىلە بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ بۇ چىقارغان قارارىنىڭ خاتا ياكى توغرا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى بوشاپ كەتكەنىدى، ئۇ بۇگۈن پويىز ئىستانسىسىدا بىر ياشانغان ئايالنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىۋالغانىدى، كېيىن ئۇ پويىز ئىستانسىسى ئىچىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ، ئۇ ئايالنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ ۋىجدان ئازابىدا ئۆز - ئۆزىدىن نەپرەتلەنمەكتە ئىدى...

ئادىلە ئاخىر ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ناتونۇش شەھەر، ناتونۇش چىرايلار، توپ - توپ قىستىلىشىپ يۈرگەن ئادەملەر، ئاسمان - پەلەك ئېگىز بىنالار، قوش قەۋەتلىك ئاپتوبۇسلار، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچقاندەك ئۆتۈپ تۇرغان ماشىنىلار... ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىپ باشنى قايدۇرۇۋېتەتتى...

ئادىلە تۇرۇپلا ئۆزىنى ناھايىتى يالغۇز، بىچارە ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ يولدا ناھايىتى ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشىپ مېڭىۋاتقان تەڭتۇش قىزلارنى كۆرۈپ ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بىردىنلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالدى.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتا - ئانىسى بار، ئالىي مەلۇمات ئالغان قىزلاردۇر - ھە! لېكىن مەنچۇ؟ ئۆز دادام بولغان ئادەم مېنى يانچۇقچىلىققا زورلاپ ئاخىر كۆرگەن كۈنۈم مۇشۇ بولدىغۇ...

ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىغانسېرى كۆزىگە ياش ئولىشىپ قاتتىق يىغلىۋالماقچى بولاتتى. ئۈرۈمچى بىرقەدەر سوغۇق بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ سوغۇقتا تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرغان بولسىمۇ، يول بويىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرۈپ بىردەم ھاردۇق ئالماقچى بولۇپ ئولتۇردى. ئۇ ئورۇندۇققا يۆلەنگىنىچە ئەمدى ئىشلارنى قەيەردىن باشلاش، كېيىنكى تۇرمۇشىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق ئويلانغىلى تۇردى. يولدا ئۇيان - بۇيان ئۆ-

تۇشۇپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىشاتتى. ئادىلە بولسا بىر قىيىن تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تاپماقچى بولغان ئادەمدەك كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ چوڭقۇر خىياللارغا پاتقانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭغا چېكىنىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى، ئۇ ئۆيىگە قايتالمايتتى، شۇ تۇرقىدا ئۆيىگە قايتىپ دادىسىنىڭ تىل - ئاھانەتلىرىگە چىداپ ياشاشنى ئەسلا خالىمايتتى...

— قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ بۇ يەرگە كەلدىم، ئەمدىكى قەدەمنى قەيەردىن بېسىشىم كېرەك؟...

بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئىككىنچى ئوغرىلىق قىلماسلىقتا، ئەمدىكى ھاياتىنى بولسىمۇ ھالال ئىشلەپ ئۆزىنىڭ قان - تەرى ئارقىلىق ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇ بۇ قارارىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان جايىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

ئادىلە ئايلىنىپ يۈرۈپ خەلقئارا چوڭ بازارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ناھايىتى ھەشەمەت بىلەن مىللىيچە ئۇسلۇبتا سېلىنغان بىنالارغا زوقلانغىنىچە خېلى ئۇزۇن قاراپ كەتتى. ئۇ ھەممە نەرسىلەرگە تويماي قارايتتى، ئۇنىڭغا ھەممە نەرسىلەر يېڭىلىقتەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئالدىدىكى چىرايلىق بېزەلگەن ئاشخانىنى كۆرۈپ بىردىنلا قورسىقىنىڭ ئېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئاشخانىغا كىردى. ئاشخانا ئىچى ئادەملەر بىلەن تولغان بولۇپ، ناھايىتى ئېسىل كىيىنگەن كىشىلەر ئىشتىھا بىلەن تاماق يېيىشىپ ئولتۇراتتى. مۇلازىمەتچى قىز ئادىلەنى چىرايلىق بېزەلگەن بىر قورۇق ئۈستەلگە باشلاپ كەلدى. ئادىلە تاماق تىزىملىكىدىن ئۆزى ياخشى كۆرىدى-

غان تاماقنى بۇيرۇتقاندىن كېيىن، يېنىدىكى پۇلنى چىقىرىپ ساناپ باقتى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە 100 نەچچە يۈەنلا قالغانىدى، بۇ پۇل ئۇنىڭ بۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇشىغا ئارانلا يېتەتتى. ئۇ يەنە مۇڭلانغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— ۋۇي، نەرگىزەغۇ بۇ...

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن ئادىلە چۆچۈپ كەتتى، ناھايىتى مودا كىيىنگەن، چاچلىرىنى سېرىق بوياپ، بۇدۇرە قىلدۇرغان، ئورۇق، ئېگىز، چىرايلىق بىر قىز بىلەن بىر يىگىت ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى. ئادىلە قىزغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ بۇ قىزنى پەقەتلا ئەسلىيەلمەيۋاتاتتى.

«ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قىز نەرگىزە دەپ چاقىرىۋاتىدۇ، چوقۇم مېنى خاتا تونۇۋالدى بولغاي» ئادىلە شۇلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قىزنىڭ كۈلكىسىگە جاۋابەن يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— مېنى تونۇمىدىڭما ئاداش...

ئادىلە تېخىمۇ ھەيران قالدى. ئۇ قىزغا تېخىمۇ سەپسېلىپ قارىدى، قىزنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— كەچۈرۈڭ، مېنى خاتا تونۇپ قالدىڭىزمۇ ـ نېمە؟ مەن نەرگىزە ئەمەس...

— ۋۇي نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ئاداش... سەن نەرگىزە بولماي مەن نەرگىزەمۇ ئەمىسە... يېرىم يىل كۆرۈشمىگەنگە ئادەم تونۇماي قالدىم دېگىنە. شۇ بىزەنلەر بېيجىڭغا ئۆتتى ئەمەسمۇ؟ بىزدەك ئۇرۇمچىدە ئوقۇغانلارنى ياراتمايدۇ... — قىز شۇنداق دەپ ئادىلەگە تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ دومسىيىپ قاراپ قويدى.

— مېنى راستىنلا خاتا تونۇۋاپسىز، مېنىڭ ئىسمىم ئادىلە، نەرگىزە ئەمەس...

ــــ ماقۇل... ماقۇل... خاتا تونۇۋالغانمۇ بولاي. ئۆزۈڭ بۇ يەر-دە نېمە قىلىسەن؟ مەكتەپتىن بۇنچە تېز تەتىلگە قويۇپ بەرمىگەندۇ سىلەرنى...

ئادىلە قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ بەكمۇ ھەيران قالغانىدى، قىزنىڭ ئۆزىنى خاتا تونۇۋالغانلىقى ئۈستىگە ئۇنىڭغا بۇنچە قىزغىن مۇئامىلە قىلىشلىرىدىن بىرئاز غەلىتىلىك ھېس قىلدى.

ــــ قايسى مەكتەپنى دەيدىغانسىز؟ مەن سىزنى پەقەتلا تونۇ-يالمىدىم، مەن سىز دېگەن نەرگىزە ئەمەس... ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن مەكتەپتىمۇ ئوقۇمايمەن.

ــــ ھە، ئەمدى چۈشەندىم، چوقۇم بىرەر ئىش بىلەن ئۈرۈم-چىگە كېلىپ بىزنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ مېنى يالغاندىن تونۇ-مايدىغان بولۇۋالدىڭ ـ ھە! ئەگەر ئۈرۈمچىگە كېلىدىغانلىقىڭنى خەۋەر قىلغان بولساڭ ئالدىڭغا چىقاتتۇق ئەمەسمۇ؟ بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالغانلىقىمىزمۇ بەك ياخشى بولدى، تاماق يەپ بول-غاندىن كېيىن باشقا ئىشىڭ بولمىسا بىزنىڭ مەكتەپكە بېرىپ مەكتىپىمىزنى كۆرۈپ كەتكىن. گەرچە سىلەرنىڭ مەكتەپكە يەت-مىسىمۇ خېلى بولىدۇ...

قىز شۇنداق دېگەچ ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئادىلەگە چۈشتەك بىلىنىپ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدى.

ــــ ھەراس، سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، ــــ قىز شۇنداق دې-گەچ يېنىدىكى يىگىتكە قاراپ، ــــ بۇ نۇرئېلى، ساۋاقدىشىم بو-لىدۇ، ــــ ئۇ شۇنداق دېگەچ يىگىتكە كۈلۈپ قويدى، ــــ بۇياقنىڭ ئىسمى نەرگىزە، مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدىكى ساۋاقدىشىم ھەم يۇرتدىشىم بولىدۇ. ئۆزى بەك جىمغۇر، كىتابتىن باش كۆتۈر-

مەيدىغان كىتاب خالتىسى. بىيجىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ياق بىيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ...

ئادىلە قىزنىڭ ئۆزىنى بىيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ دېگىنىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتا قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

«مەن ئەزەلدىن مەكتەپتە ئوقۇپ باقمىغان تۇرسام... ئۇ مېنى تولۇق ئوتتۇرىدىكى ساۋاقدىشىم دەيدىيا... بەلكىم ئۇلار بىر ئالدامچىدۇر. ئۇلارغا ھە دەپ قويۇپ ئىشىمنى قىلمايمەنمۇ...» ئادىلە شۇلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئۇلارغا كۈلۈپ قاراپ قويدى.

تاماقلار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن قىز ئادىلەنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتتى. ئۇلار بىرلىكتە ئاشخانىدىن چىقىشتى.

ــ سېنىڭ باشقا ئىشىڭ يوقتۇ ئاداش، ئەگەر باشقا ئىشىڭ بولمىسا بىزنىڭ مەكتەپكە بارامدۇق؟ كەچتە بىزنىڭ ياتاقتا ياتقىن... ئەگەر مەكتەپتىكى باشقا ساۋاقداشلار سېنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىڭنى بىلسە چوقۇم خۇش بولۇپ كېتىدۇ. كەچتە ساۋاقداشلار يىغىلىشى قىلغاچ تازا بىر ئويناپ كەلمەمدۇق... ــ قىز شۇنداق دېگەچ قولىدىن قاس چىقىرىپ قويدى. ئادىلە قىزنى تېخىچە ئالدامچىمىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ ئۇلارغا ئارتۇقچە چۈشەندۈرۈپ يۈرۈشنى خالىماي، ئۆزىنىڭ كەچتە مۇھىم بىر ئىشىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

ــ مۇنداق دېگىن... ئۇنداقتا تېلېفون نومۇرۇڭنى دەپ بەر، ئەتە ساڭا ئۆزۈم تېلېفون قىلىمەن.

ــ مەندە ھازىر تېلېفون يوق ئىدى، ــ ئادىلە قىزغا قاراپ ئېيتتى، ئۇ ناتونۇش قىزنىڭ ئۆزىگە بۇنچە يېقىنچىلىق قىلىپ كەتكەنلىكىدىن سەل ئەنسىرەپمۇ قالغانىدى.

— ئۇنداقتا مەن ساڭا تېلېفون نومۇرۇمنى يېزىپ بېرەي، ئە-
تە ماڭا چوقۇم تېلېفون قىلغىن. مەن كەچتە بېرىپ
ساۋاقداشلارغا سېنىڭ كەلگەنلىكىڭنى ئېيتىمەن، ئەتە ئۇرۇمچى-
دىكى ساۋاقداشلار بىر يىغىلايلى! — قىز شۇنداق دەپ سومكى-
سىدىن بىر قەلەم بىلەن كىچىك بىر ۋاراقچىنى چىقىرىپ تېلې-
فون نومۇرىنى يېزىپ ئادىلەگە تۇتقۇزدى.
— ئەتە چوقۇم تېلېفون قىل جۇمۇ. ئەگەر تېلېفون قىلمى-
ساڭ سەندىن خاپا بولۇپ قالىمەن.
ئۇلار ئادىلە بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قېلىشتى. ئادىلە تې-
خىچە بۇ ئىشلارنى ئاڭقىرالماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغانىدى، ئۇ
كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ يېقىن ئەتراپتىن ياتاق ئىزدەپ
ماڭدى.

28

زۆھرە چۈشكە يېقىن تاھىرلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئۇنىڭ ئۆي
دەپ ئاتاۋاتقىنى ئەمەلىيەتتە بۇلار خۇيزۇلارنىڭ ھويلىسىدىن ئى-
جارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان كىچىك - كىچىك ئىككى ئېغىز ئۆي
ئىدى، تاماقنى ھويلىدا ئېتەتتى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭ قىزىم، كېلىڭ، توۋا، تېخى
ھازىرلا سىزنى ئويلاپ ئولتۇراتتىم، نېمىشقىمۇ تۇنۇگۇن تاھىر-
جان بالامدىن ئېيتىپ قويمىغان بولغىيتتىم، بۈگۈن دەم ئې-
لىش بولغاندىكىن بىر كېلىپ كەتسە، ئۆي تامىقى يەپ كەتسە
بوپتىكەن دەپ ئويلاپ ئولتۇراتتىم، مانا ئۆزىڭىز كەپسىز، ياخشى
بولدى ئاپپاق قىزىم، قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭ.
ئايىمنىساخان ئانا قىزنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئىچىلىپلا

كەتتى، زۆھرەنىڭ ئۈنىمىغىنىغا قويماي داستىخان سېلىپ چاي ئەكەلدى، ئىككىسى ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ چاي ئىچىشتى، ئاندىن داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ئايىمنىساخان ئانىنىڭ تەكلىپى بويىچە لەڭمەن ئېتىشكە تەرەددۇتلاندى. زۆھرە ئانا بىلەن ئۇزاق تالاشقاندىن كېيىن بوگۈنكى تاماقنى ئۆزى بىر قوللۇق ئېتىشكە ئۇنى كۆندۈردى.

ئانا قىزنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە زەن سېلىپ قارىدى، قولىنىڭ چېۋەر، چاققانلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمىدى.

— ئەجەب قاراپ كەتلىڭغۇ ئاچا، ياش ۋاقىتلىرىنى ئەسلەپ قېلىۋاتامىلا؟ — خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان زۆھرە شوخلۇق قىلىپ بۇ ئانىنى گەپكە سالماقچى بولدى.

— ياق قىزىم، سىزگە مەستلىكىم كېلىپ، ئەجەب ئۆزىمۇ، قىلىقىمۇ چىرايلىق قىزكەن دەپ قاراۋاتىمەن، سىزدىن باشقا قىز بالا بولغان بولسا مەندەك قېرى خوتۇن بىلەن نېمە كارى دەيسىز، بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈننىڭ قىزلىرى... كۆڭلىڭىز ياخشى، ئاق كۆڭۈل قىزكەنسىز، ياقا يۇرتتا، مۇساپىرچىلىق، پەرزەنت غېمى يۈت ـ قولۇمغا كېشەن سالغاندا، بەك ئەسقاتتىڭىز قىزىم، ئاللا بەختىڭىزنى بەرسۇن...

— رەھمەت ئاچا، دېگەنلىرى كەلسۇن! ھە راست، تاھىرنىڭ يارىسى تېخى پۈتۈن ساقايماي تۇرۇپ دۇكانغا بېرىۋاپتىغۇ، ياخشىراق ئارام ئالماي.

— شۇ، بىزنى ئاياپ، بىزنى خەقنىڭ يۇرتىدا بويۇن قىسىپ قالمىسۇن، دەپ شۇنداق جاپا چېكىۋاتىدۇ، ھەي تەڭشەلمىگەن جاھانكەن قىزىم بۇ! ئۆز بالام بولغان كىشى تاھىرجان بالامنىڭ قىلغانلىرىنىڭ يېرىمىنى قىلغان بولسا مۇشۇ جاپا يوق قىزىم بىزگە... يەنە شۇ پەرزەنت غېمى بالام... ۋاي دەدىم! ۋاي دەدىم...!

زۆھرەنىڭ قۇلىقىغا ئانىنىڭ كېيىنكى گەپلىرى كىرمىدى. «دېمەك تاھىر بۇلارنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەس، تۇنجى تۇيغۇم بەك خاتا ئەمەسكەن... ئەمىسە تاھىرنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىچۇ؟ تاھىر بۇلارنى بىلەمدىغاندۇ؟! بىلمىسە كېرەك، بولمىسا شۇنچىۋالا جاپا تارتاتتىمۇ...؟!»

ئۇ ئانىدىن سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلماقچى بولدىيۇ، نېمىشقىدۇر ئېغىز ئاچالمىدى.

ئانا دائىم ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قوياتتى، زۆھرە ئانىغا قاراپ ئۇنىڭ ئېغىر بىر ئىچ پۇشۇقى بارلىقىنى بىلدى، كاللىسىدا نۇرغۇن سوئاللار بار ئىدى ـ يۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى.

ئانا لەگمەننى ماختاپ ئولتۇرۇپ يېدى، زۆھرە ئۆزىمۇ بۇگۈن ئەتكەن تامىقىدىن شۇنداق رازى بولدى، تاماقتىن كېيىن ئۇلار ـ نىڭ تۈگىمەس پارىڭى يەنە باشلاندى.

— سىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ يەرگە نېمىشقا كەل ـ دىڭلار؟! پۇل تاپماق ئاسان دەپ ئويلاپمۇ ياكى...؟

— بۇ سوئالنى سورىمىسىڭىزمۇ مەن سىزگە ئېيتىپ بېرەي دەپ تۇراتتىم قىزىم، قىلسام گەپ ئۇزۇن، بايا «ئۆز بالام ئەمەس» دېسەم چۆچۈپ كەتتىڭىز، ئىشنى سىزگە شۇنىڭدىن باشلاپ سۆزلەپ بېرەي، تاھىرجان ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئۆز بالىمىز ئەمەس.

زۆھرە پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئانىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا باشلىدى، ئانىمۇ خۇددى پۈتۈن بىر ئۆتمۈشنى قايتا ئەسلەۋاتقاندەك، تاھىرغا مۇناسىۋەتلىك ھەر بىر ئۇچۇرنى قىزغا چوقۇم ئېيتىپ بېرىشى كېرەكتەك، تولىمۇ تەپسىلىي، بىرمۇبىر بايان قىلىشقا باشلىدى.

## 29

يىگىرمە يىل مۇقەددەم ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بامدات نامىزىدىن كېيىن كۈندىلىك ئادىتى بويىچە مەسچىت ھويلىلىرىنى تازىلاشقا چۈشكەن قادىراخۇن بوۋاي ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى سۆگەت تۈۋىگە كەلگەندە ئايال كىشىنىڭ بوغچىسىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە كۆزىگە چېلىقىقاندەك قىلدى. ئۇنىڭغا مەسچىت ھويلىسى بەش قولدەك ئايان، كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ نىمىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تاپالايدۇ، ئەمدى بۇ نىمىكىنە؟! يا ئەتىگەندە نامازغا كەلگەن بىرەرسى قويۇپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالدىمىكىن. قادىراخۇن بوۋاي ھەرخىل پەرەزلەرنى قىلغاچ بوغچىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇ يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكى بىر نەرسىنى تۇيۇپ قالغاندەك ئىدى، ئىتتىك كېلىپ «بوغچا»نى قولىغا ئالغان بوۋاي ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئادەتتىكى «بوغچا» ئەمەسلىكىنى بىلدى. دەرۋەقە بايا بوۋاينىڭ خىيالىدىن غىل - پاللا كەچكەن خىيال راست ئىدى. قارىماققا تۇغۇلغىنىغا نەچچە كۈن بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدىغان بوۋاق تېخى سۈت ئۇيقۇسىدا ئىدى.

قادىراخۇن بوۋاي بوۋاق توغرىسىدا ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىپ باقتى، تېخى تۇغۇلغىنىغا نەچچە كۈن بولغان بۇ بوۋاقنىڭ چىرايىنىڭ پاكىز، قاش - كىرپىكلىرىنىڭ خېلى ئۇزۇن ئىكەنلىكىگە قاراپ «قىز ئىكەندە» دەپ ئويلىغان بوۋاي يۆگەكنى ئاچقاندىن كېيىن بوۋاقنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇزاقتىن - ئۇزاق بوۋاققا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. «جامائەت تارقاپ بولغاندىن كېيىن قويۇپ قويۇلۇپتۇ - دە، — دەپ يەكۈن چىقاردى قادىراخۇن بوۋاي، — قايسى باغرى تاش بىچارىلەرنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتىكىن... شۇنچە چىرايلىق بوۋاقنى تاشلىۋېتىشكە كۆڭلى چىداپتۇ، بوپتۇ، بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر، پېشىن ۋاقتى جا -

مائەت بىلەن مۇزاكىرە قىلىشىپ باقارمىز...»

بوۋاقنى مەسچىت ھويلىسىدىكى غېرىب كەپىسىگە ئېلىپ كىرگەن بوۋاي، ئۇنى قويۇپ چىقىپ كېتىشكە كۆزى قىيماي ئولتۇرۇپ قالدى. تېخى بايا پېشىن نامىز ۋاقتى جامائەت بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ باقاي دەپ ئويلىغان بولسا ھازىر باشقىچە خىيال كاللىسىغا كىرىۋالغانىدى.

«جامائەت ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلسە بىر مەيدان غۇلغۇلا باشلىنىدۇ، يېقىن ئەتراپتا كىمنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان قىزى بار ياكى كىمنىڭ قىزى بىرەر مەزگىل يوقاپ كەتتى دېگەندەك ئايدىغى چىقماس مۇنازىرىلەر باشلىنىدۇ، ئەمما بۇ دېگەن ناھىيە بازىرى يېنىدىكى مەسچىت، ناھىيە ئىچىمۇ شۇنچە چوڭ ۋە بەلكىم قايسىدۇر بىر يېزىدىن كەلگەنلەردۇر ۋە بەلكىم پىلانىدىن سىرت ئالغان بولسا ھۆكۈمەتكە تۆلەيدىغان پۇلى يوق بىرەر بىچارە ئائىلىنىڭ تۇتقان يولىدۇر... بەندىچىلىكتە ئادەم دېگەن نېمە كۈننى كۆرمەيدۇ دەيمىز... ئۇنى ئاللا ئىگەم مۇشۇ مەسچىتكە، ماڭا ئۇچراشتۇرغانىكەن، دېمەك بۇمۇ خۇدانىڭ تەقدىرى، ئۇنىڭ رىزقى مۇشۇ يەرگە چۈشكەن ئوخشايدۇ، ئۇنى ھاياتلىقىنىڭ بىسمىللاسىدا تۇرمۇشنىڭ بولمىغۇر تەرىپىگە ئارىلاشتۇرماي. ئەگەر ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقارسام بەلكىم تالاشتا قالار ۋە بەلكىم خارلىقتا قالار... بولدى، كەچ قويغان خۇدايىم، ئاچ قويماس، بارنى تەڭ كۆرەرمىز ھە يىگىت...» قادىراخۇن بوۋاي شۇ خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندە ھەم كۆڭلى يورۇغاندەك، ھەم كۆڭلى غەش بولۇپ بوغۇزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى...

راست ئەمەسمۇ، بوۋاي قانچە يىل، زادى قانچە يىل يالغۇز ياشىدى، بۇنى ئۆزىمۇ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، ئۇمۇ يېتىم ئىدى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان يېتىم ئىدى، ئۇنىمۇ مۇشۇ مەھەللە، مۇشۇ يۇرت بېقىپ چوڭ قىل-

غان، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلغان، ئەمما يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا
تەگسە بۇرنى قاناپتۇ دېگەندەك تۇنجى ئايالى توي قىلىپ ئۈچ ئاي ـ
دىن كېيىنكى كۈنلىرىدە ئۈجمىدىن يىقىلىپ چۈشكەنلىك باھا ـ
نىسى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئالالانىڭ دەرگاھىغا كې ـ
تىپ قالدى، تېخى ئاخشىمىلا ئۇنىڭغا دادا بولۇش خۇش خەۋىرى ـ
نى يەتكۈزگەن قەدىردانىنىڭ راستتىنلا تۇگەپ كەتكەنلىكىگە ئۇ
خېلى ئۇزاققىچە ئىشەنمەي يۈردى، بولمىسا ئۇ خوتۇنىنى بەكمۇ
ياخشى كۆرەتتى، خوتۇنىنىڭ ئۆزىنى قارا يېتىم، باشقىلارنىڭ
پارچە ـ پۇرات ئىشىنى قىلىدۇ دەپ ياراتماي قالماي كۆڭۈل بەر ـ
گىنىدىن خۇشال ئىدى، تويدىن كېيىن خوتۇنىنىڭ مەسلىھەتى
بويىچە مەسچىت ئارقىدىكى ئېتىزلىقتىن بىر ئائىلىلىك يەر
سېتىۋېلىپ سەي ـ كۆكتات تېرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى.
«بىزنىڭ مەھەللە بازار ئىچىنىڭ يېنىدىلا، ـــ دەپ چۈشەندۈرەتـ
تى ئايالى ئۇنىڭغا، ـــ بازارلىقلار قىممەت بولسىمۇ، يېڭى، خىد ـ
مىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىلمىگەن ئوتياشلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ ـ
نىڭ ئۈستىگە يېنىمىزدىلا ئۆستەڭ بار، مۇشۇ ئەۋزەللىكتىن
پايدىلانساق بولىدۇ...»
ئۇلار ئەمدىلا بەختىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشكە باشلىغاندا
ئەجەل ئۇلارنى ئايرىۋەتتى، يىگىت يېگىنىنىمۇ، قويغىنىنىمۇ
تۇيۇپ ـ تۇيماي بىر ـ ئىككى يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى، كېيىن
چوڭلار يەنە ئۇنىڭ غېمىنى قىلىپ شۇ مەھەللىلىك يېتىم قىز
بۇسارەنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويدى. يەڭگىسىنىڭ تىل، توقمىقى
ئاستىدا چوڭ بولغان بۇ قىز ئۆزىنىڭ ئايرىم بىر ماكانى بولغىنىد ـ
دىن خويمۇ خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قادىر بىلەن سالام ـ
سەھەت قىلىشىدىغان بولغاچقا بىر ـ بىرىنى ئانچە ـ مۇنچە بىد ـ
لىشەتتى، شۇڭا يەڭگىسىدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا ئۇ يەرگە قاراپ
تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپ، ئانچە تارتىنمايلا ماقۇل دەۋەتتى. توي ـ

ـدىن كېيىنكى كۈنده بار ئىسسىق تاماق، ئىللىق مۇئامىله قاـ
دىراخۇنغا خېلى ئاراملىق ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭ دىل يارىسى
ئەمدىلا ساقىيىشقا باشلىغاندا يەنە ئويلىمىغان كېلىشمەسلىك
يۈز بېرىپ، بۇسارەم كۆكتاتلىقتا يالاندىن قورقۇپ بىر چىرـ
قىراپ ھوشىدىن كەتكەن پېتى قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى، قاـ
دىراخۇننىڭ قولىدا قالغىنى بولسا دوختۇرنىڭ «تۇغما يوشۇرۇن
يۈرەك كېسىلى سەۋەبلىك ئۆلگەن» دېگەن ئىسپات قەغىزىلا قالـ
ـدى، خالاس...

ئەنە شۇ ئىشلاردىن كېيىن قادىراخۇن باشقىلاردىن ئۆزىنى
تارتىپلا يۈردى، پۈتۈن ۋاقتىنى پەقەت ئوتياشلىرى ئارىسىدا ۋە
مەسچىتتىلا ئۆتكۈزدى، مەھەللىنىڭ نەزىر، توي ـ تۆكۈن ئىشـ
ـلىرىغىمۇ قاتناشمىدى، باشقىلارمۇ ئۇنى بۇرۇنقىدەك تويلارغا،
نەزىرلەرگە ئېيتىپ يۈرمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ «شور پېشانە»
ئىكەنلىكى، نەگىلا بارسا «ئاپەت» ئېلىپ كېلىدىغانلىقى بىر
مەزگىل مەھەللە خەلقى ئارىسىدا قىززىق تېما بولدى.

مانا، شۇنىڭدىن بېرى تالاي يىللار ئۆتتى، كېيىن ھېچكىممۇ
قادىراخۇنغا بىرەر ھەمراھ سايە قىلىشمىدى، ئۇمۇ مەسچىتكە
كۆچۈپ كېلىپ ئىبادەتنى بىلەنلا بولۇپ تالاي يىللارنى ئۆتكۈزۈـ
ۋەتتى، يىللار قىران يىگىت قادىرنى قادىراخۇنغا، قادىراخۇننى
قادىراخۇن بوۋايغا ئايلاندۇردى...

مانا شۇلارنى ئويلاپ بوۋاينىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. «كالىنىڭ
بېشىغا كەلگەن كۈن، بوگۈن موزاينىڭكىگىمۇ كەپتۇ ـ دە، —
دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە، — مۇشۇ يېتىملىكنىڭ نەقەدەر قاتتىق
ئىكەنلىكىنى، يېتىملارنىڭ يۈرىكىنىڭ باشقىلارنىڭ يۈرىكىنىڭ
يېرىمىغىمۇ تەڭ كېلەلمەيدىغىنىنى، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنىڭ ئاجاـ
يىپ يىغلاڭغۇ يۈرەك ئىكەنلىكىنى مۇشۇ كىشىلەر بىلمەمدىكىـ
ـنە؟! ھەي، ئۇلۇغ كەرەملىك ئاللا، ھەر بىر بەندەڭنىڭ كۆڭلىگە

ئىنساب، ھىدايەت ئاتا قىلغايسەن...»

قادىراخۇن بوۋاي شۇلارنى خىيال قىلغاچ ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە بەردى. «سەن ماڭا قارىغاندا تەلەيلىككەنسەن، قارىغاندا ئاتا ـ ئاناڭ ياخشى كىشىلەر بولسا كېرەك، مەن نەچچە كىشىلەرنىڭ ئىشىدىكىدە چوڭ بولغىنىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، ئەمما سېنى كۆزۈم يۇمۇلغىچە ئۆزۈم چوڭ قىلىمەن... ئۇنىڭغىچە ئاتا ـ ئاناڭ سېنى ئىزدەپ كېلىپمۇ قالار، ئۇلۇغ خۇدايىم ئاتا ـ ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بېرەر.»

قادىراخۇن بوۋاينىڭ خىيالىنى بوۋاقنىڭ يىغىسى بۇزۇۋەتتى، ئۆمرىدە بالا يۈزى كۆرۈپ باقمىغان بوۋاي نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى، ئەمما ئېسىگە يەنىلا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئانا سۈتى ئەمىسە بولمايدىغانلىقى كەچتى. «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟» جىددىيلەشكەن بوۋاي شۇنچە يىللاردىن بېرى ساقلاپ كەلگەن ئۆزىگە خاس ياشاش ئۇسۇلىغا خىلاپ ھالدا تۇغۇتلۇق قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى...

— ۋاي ئاللا، ما ئىشنى كۆرمەمدىغان، مەزلۇمنىڭ تېنى ئاجىز بولغاچقا سۈت چىقماي بىزمۇ بالىنى ئېمىتىشنى توختىتىپ قويغان، شۇنداق بولسىمۇ ئۆيگە كىرسىلە، ئاغزىغا سېلىپ باقسۇن، بىر گەپ بولا.

بوۋاي ئۆيگە كىردى، دىمىقىغا پۇرىمىغىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان بىر خىل پۇراق ئۇرۇندى، ئەمما ئۇ بۇ پۇراقنىڭ ئۆزىگە قانداق تونۇش بولغانلىقىنى، زادى نەدە پۇرىغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى.

قوشنىسىنىڭ مەزلۇمدىن يەنىلا سۈت چىقمىدى، ئەمما خۇدانىڭ بوۋاقنىڭ كۆڭلى تويغاندەك سوسكىدىكى كالا سۈتىنى تويماي شورىشى ئۆيدىكى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى، بوۋاي يەنە بىر قېتىم كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ياش ۋاقىتلىرىدىكى ئارزۇسى بويىچە قادىراخۇن بوۋاي بالىغا تاھىرجان دەپ ئات قويىدى، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى كۆكتاتلىقتىن كىرگەن كىرىمنى تاشلاپ، ئاغزىنى ئاچماي كەلگەن ساندۇقىغا ئاچقۇچ سالدى...

«خۇدايىم بەردى» دەپلا قوياتتى بالا توغرۇلۇق ھەر قانداق سو-ئال سورىغۇچىلارغا. كىشىلەر ھەرخىل گۇمان، پەرەزلەردە بولۇپ بېقىشتى، ئەمما «ئىت قاۋاپ، كارۋان يۈرۈپ كېتىۋەردى.»

بوۋاق بۆشۈككە بۆلەنمەي تۇرۇپمۇ پۇت - قوللىرى تۈز، ئانا سۈتى ئەممەي تۇرۇپمۇ ساغلام چوڭ بولۇۋاتاتتى، چۈنكى ئۇنىڭغا ئاق كۆڭۈل بوۋاينىڭ مىننەتسىز مۇھەببىتى ئۇن - تۇنسىز سىڭمەكتە ئىدى...

كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى، كىچىككىنە بوۋاق كۈندىن - كۈنگە قىلىق چىقىرىپ بوۋاينى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى، بالىسىنىڭ تاتلىق قىلىقلىرىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلانغان «دادا» بالىنى دەپ تارتقان تالاي جاپالارنى ئۇنتۇدى، دېمىسىمۇ ياشىنىپ قالغان ئادەمگە ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقنى باقماق ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى، بالىنىڭ پوق - سۈيدۈك-لىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، كېچىلىرى قارغىشلىقى تۇتۇپ قال-غاندا كۆز يۇمماي تاڭ ئاتقۇزۇش، بىر قولىدا بالىنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا ئوتياشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش... قىسقىسى ياشى-نىپ قالغان بوۋاي بوۋاققا ھەم ئانا، ھەم ئاتا ئىدى...

تاھىرجان مەسچىتتە چوڭ بولۇۋاتاتتى، ئۇ بەش ياشقا كىرگەن يىلى بوۋاي ئۆزى ئۇستاز بولۇپ ئۇنىڭ قولىغا قائىدىنى ئالغۇز-دى، يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇنى تەڭتۇشلىرى بىلەن بىرگە مەك-تەپكە يولغا سالدى.

«ئاتا - ئانالىق چوقۇم ياخشى ئادەملەر، — دەپ خىيالىنى باشلايتتى بوۋاي، — شۇڭا ھېچبىر يېتىملىك تارتماي چوڭ بو-

لۇۋاتسەن، باشقا باللارغا ئاتا ـ ئانىسى نېمە قىلىپ بەرسە مەن ـ مۇ ساڭا شۇنى قىلىپ بېرىۋاتىمەن، سەنمۇ كىچىك بولغىنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ھالىغا يېتىدىغان چوڭ بولۇۋاتىسەن، ئارتۇق كەپسىزلىكىڭمۇ يوق، چىرايىڭنىڭ پاكىزلىقىنى دەيمەن، كۆز تەگمىسۇن ئوغلۇم، ئاتا ـ ئاناڭ ھېلىمۇ سەن ئۈچۈن دۇئا قى ـ لىۋاتسا كېرەك، ئاللا ئىگەم ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تېزرەك ئىنساب بەرسۇن، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا سېنى ئۆز ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ ئاندىن كەتسەم بولار ئىدى...»

ئەمما بالىغا ھەممىنى تەل قىلىپ بېرەلىدىم دەپ ئويلىغان بوۋاي بالىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تولۇق بىلىپ يېتىشكە قادىر ئە ـ مەس ئىدى. كىچىكىدە پەقەت بىرلا بوۋىسى بولسىلا بولىدۇ، دەپ ئويلىغان تاھىرجان كۈندىن ـ كۈنگە ئەقلىگە تولغاندىن بېرى ئۆزىگە ھەم ئانا، ھەم ئاتا كەملىكىنى بىلدى، كۆڭلىدە تۇتۇق گۇمان بولۇپ، ئەمما نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تاھىرجاننى مەھەل ـ لىدىكى ئىككى خوتۇن تۇتۇۋالدى:

— مەكە بالام، ئۈجمە يە، بوۋاڭغىمۇ ئالغاچ كەت...

— بوۋا دېگۈزۈپتۇ ـ دە، ئاتا دېگۈزسىمۇ بولاپتىكەن...

— خەق ئاغزىنى قويۇپ باشقا يېرىدە كۈلە، بوپتۇ نېمە دې ـ گۈزگۈسى كەلسە شۇنى دېمەمدۇ...

— قارىسىلا، ئەجەب چىرايلىق بالا بولاپ كېتىپتۇ، بىلگەن بولسام ئۆزۈملا...

— ھازىرمۇ كېچىكمەيلا، ياشىنىپ قالغان بوۋاي، قانچىلىك ئۆمرى قالدى، كىم بىلىدۇ، ئۇمۇ مۇشۇ غەمدىمۇ تېخى...

— ۋاي توۋا دېسىلە، ئادەم بالىسى باقساڭ ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى قان ئېتەر دەپتىكەن، ئەمدى بىر ئادەم بولدى دېگۈچە، ئاتا ـ ئانىسى كېلىپ بىر ئېلەشتۇرسە... ۋاي تۆۋە دېسىلە تۆۋە...

تاھىرجان بىر نەرسىلەرنى چۈشەنگەندەك بولدى، دېمەك ئۇ ـ

نىڭمۇ ئاتا ـ ئانىسى باركەن، ئەمما ئۇلار قەيەردە، نېمىشقا بو ـ ۋىسى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرمەيدۇ... كىچىككىنە بالىنىڭ كاللىسى مۇنچە كۆپ ئىشلارغا يېتىپ بولالمىدى، بوۋىسىدىن سورىۋىدى، بوۋىسى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى، مۆڭگۈلانغان كۆزلىرى بىلەن بالىسىغا ــــ يۈرەك پارىسىغا قارىدى، ھېچنېمە دېمەي ئۇنى تارتىپ باغرىغا باستى. بوۋاي كىچىككىنە سەبىي بالىنىڭ مۆل ـ دۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ يالغان گەپ قىلىشنى خالىمى ـ دى، راست گەپنى قىلسا بالا ئەلۋەتتە چۈشەنمەيتتى، چۈشەندۈر ـ گەندىمۇ ئادەملەرنىڭ، ئۇ ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتنىڭ رەھىمسىز ـ لىكىنى، قارا كۆڭۈللۈكىنى دەپ كىچىككىنە بالىنىڭ دىلىنى سوۋۇتۇشنى خالىمىدى.

تاھىرجان ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ شۈكلىشىپ قالدى، بوۋاي بۇ ئىشلارغا بەك ئېرەنشىپ كەتمىدى، ئەكسىچە مەكتەپكە كى ـ رىپلا ئەقىل كىردى، ئىش ئۇقىدىغان بولدى دەپ چۈشەندى.

تاھىرجاننىڭ كۆڭلىگە سايە تاشلاپ تۇرغان مۇشۇ ئىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇ يەنىلا مېھىر ـ مۇھەببەت ئىچىدە خاتىرجەم چوڭ بولۇۋاتاتتى.

ھاياتنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قائىدىسى بولىدىكەن، ئەگەر ھەممە ئىش ئادەملەرنىڭ ئويلىغىنىدەك بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە!

بالىنىڭ ئاتا ــ ئانىسى بىلەن تېزرەك جەم بولۇشنى كېچە ـ كۈندۈز تىلىگەن بوۋاي بۇ ئارزۇسىغا يەتمەيلا كېتىپ قالدى... بۇ تاھىرجاننىڭ ئون ياشلارغا كىرگەن، بالىلىقنىڭ بېغىدا تازا ئەركىن ئۇزۇپ ئويناۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىدى... بوۋاي بىر يىقىل ـ غىنىچە ئۇزاق يېتىپ قالدى، ئۆزىنىڭ ئۆرە بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بوۋاي كاۋاپچى مەمەتقارىنى چاقىرتىپ كۆڭلىدىكى ـ نى ئېيتتى:

— مۇشۇ بالىنى بالا قىلىۋالساڭ...

مەمەتقارى قارىماققا كەم سۆز، قاپىقى يامان كۆرۈنسىمۇ، ئاق كۆڭۈل، تەقۋادار ئادەم ئىدى، ئۇ بوۋاينىڭ دىمەكچى بولغىنىنى چۈشەندى. بوۋاينىڭ مۇشۇ گەپنى ئۇنىڭغا ئېيتىشىمۇ ئۇزاقتىن ئۇزاق ئويلىنىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئالدى بىلەن ياخشى كىشىلەر، ئاندىن قالسا قول ـ ئىلكىدە بار، ئايالى ئايىمنىساخانمۇ بىلىشلىك، ياخشى ئايال، بىرلا بالىسى بار، كېيىن بالا ئالمىسىز دەپمۇ ئالالمىغان كىشىلەر چوقۇم بالىنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ...

مەمەتقارى ئۇستام بوۋاينىڭ تىلىكىنى يەردە قويمىدى، بوۋاينىڭ نەزىر ـ چىراغلىرى تۆكۈلگەن كۈنى تاھىرجانغا:

— ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن نەرسەڭنى ئال، باشقىغا چېقىلمايلى، يەنە بىرەر غېرىبقا ماكان بولىدۇ، — دېگىنىچە ئۇنى ئۆيىگە ئەپ كېتىشكە تەييارلاندى، بالىغا قويۇپ بەرسە ئۇنىڭ باشقىلارغا كەپە، غېرىب كۆرۈنگەن بۇ ماكاندىن ھەرگىز ئايرىلغۇسى يوق، ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا بۇنىڭدىن ئۆزگە ئىسسىق، مېھرى ئىللىق ۋە قويىنى كەڭ ماكان يوق، ئۇ بوۋىسىنىڭ ئەمدى راستتىنلا قايتىپ كەلمەيدىغىنىغا ھېلىھەم ئىشەنمەيدۇ، ئەمما ھەممە ئادەم شۇنداق دېيىشىدۇ، تېخى بۈگۈن چۈشتىلا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئامراق كۆكتاتلىقىنى باشقىلارغا سېتىۋەتتى، پۇلىنى مۇشۇ بەستىلىك ئادەمگە بەردى، بۇ بوۋىسىنىڭ ۋەسىيىتىمىش، ئەگەر بوۋىسى قايتىپ كېلىدىغان بولسا ھەرگىز كۆكتاتلىقنى سېتىۋەتمىگەن بولاتتى، چۈنكى بوۋىسى دائىم «مېنىڭ ئىككى بالام بار، بىرى سەن، بىرى مانا مۇشۇ كۆكتاتلىقىمىز» دەيتتى، ئۇ بوۋىسىنىڭ ئاپپاق، ئۇزۇن ساقىلىنى ياخشى كۆرەتتى، ھەر كۈنى ئەتىگىنى بوۋىسى مۇشۇ ساقاللىرى بىلەن ئۇنى غىدىقلاپ ئويغىتاتتى، بۇنداق ئويغىنىشقا ئۇ ئادەتلىنىپ كۆنۈپ كەتكەن، يەنە بوۋىسى دائىم ھېكايە

ئېيتىپ بەرگەندە ئۇ بوۋىسىنىڭ قۇچىقىدا مۇشۇ ساقالنى سىلاپ، ئويناپ ـ ئويناپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغان، يەنە بىر قېتىم، بوۋىسى تازا قىززىق چۆچەك ئېيتىۋاتقاندا ئۇ بوۋىسىنىڭ بىر تال ساقىلىنى تۇيدۇرماي بىرنى تارتىۋىدى، بىچارە بوۋاي نەچچىنى چۆرگىلىۋەتكەن... مۇشۇ كەپىدە ئۇنىڭ بالىلىقى، خۇشلۇقى، جاراڭلىق كۇلكىسى بار، قەدىردان بوۋىسى بار... ئۇ كەتمەيدۇ، ھەرگىز كەتمەيدۇ...

بالا تۇيۇقسىز ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى:

— جېنىم بوۋا، ئاپپاق بوۋا، مەن كەتمەيمەن... سېنى ساقلاي-مەن، سەن كەلمىگۈچە ھېچنەگە كەتمەيمەن... بوۋا... بوۋا...

مەمەتقارى تەكىيەنى چىڭ قۇچاقلاپ ھېقىقداپ يىغلاۋاتقان با-لىغا قاراپ نېمە قىلىشىنى بىلمىدى، بالىنىڭ تەكىيەنى قۇچاقلاپ يىغلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى بۇ كەپىدە بىر تەكىيە، ئىككى كۆرپە، بىر يوتقان بار، مۇشۇ تەكىيەدە بالىنىڭ ئۈن يىلـ-لىق ھاياتى بار، غەمسىز ئۇيقۇسى بار، ئۇ بىرەر كېچىمۇ بوۋاي-دىن، مۇشۇ تەكىيدىن ئايرىلىپ ئۇخلاپ باققان ئەمەس. . .

تاھىرجان ئاشۇنداق يىغلاپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمىدى، ئويغانغىنىدا بولسا بېشىدا قاراپ ئولتۇرغان مەمەتقارىنى كۆردى:

— يۇر بالام، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، ئۇ يەرمۇ سېنىڭ ئۆيۈڭ-گە ئوخشاش، ماقۇل، مەن ئاخۇنۇمغا ئېيتىپ قوياي، ئۆيۈڭنى ھېچكىمگە بەرمىسۇن، خالىغىنىڭدا كېلىپ تۇرغىن، ئۆزۈڭنىڭ ھاجىتىڭدىن چىققاندەك بولغاندا، ھە... دېمەكچى بولغىنىم چوڭ بولغىنىڭدا كېلىپ تۇرساڭمۇ مەيلى، يۇر، مەن بوۋاڭغا ۋەدە بەر-گەن، ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىش ئەھلى مۇسۇلماننىڭ ئىشى ئەمەس، تۇر، يۇز ـ كۆزلىرىڭنى يۇ...

دېمىسىمۇ راست، بوۋىسى تېخى نەچچە كۈن ئاۋۋال تاھىر-

جانغىمۇ «بۇنىڭدىن كېيىن نېمىلا ئىش بولسا مۇشۇ كىشىنىڭ گېپىنى ئاڭلايسەن» دېگەن، تاھىرجانمۇ ماقۇل بولغان، ئۇ ئەزەلدىن بۇۋىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي باققان ئەمەس، بوپتۇ، بۇۋىسىنىڭ سۆزى ئۇچۇن بولسىمۇ...

تاھىرجان ھەممىگە چىداپ، مەمەتقارىغا ئەگىشىپ ئۆيدىن چىقتى، تەقدىرنىڭ بۇ قىسمىتىنى قارىمامدىغان، ئۇنىڭ يېتىملىكگە يەنە يېتىملىك قوشۇلغاندەك بولدى، مەسچىت ھويلىسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىغان سەبىي بالىنىڭ مەڭزىدىكى ياش سەھەر قۇياشى نۇرلىرىدىن يالتىراپ كەتتى...

تاھىرجاننىڭ يېڭى تۇرمۇشى باشلاندى. «ئائىلىسى»دىكىلەرنىڭ تەلىپى بويىچە ئايىمنىساخاننى ئانا دەپ ئاتىغان بولسا، مەمەتقارىنى نېمىشقىدۇر دادا دەپ ئاتىيالمىدى، دۇكاندىكى شاگىرت بالىلارغا ئوخشاشلا «ئۇستام» دەپ ئاتىدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا بوۋاينىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ ياخشى قارىدى، ئۇنىڭدىن تۆت ياش چوڭ قەيسەرمۇ ئۇنىڭغا ھەر ھالدا «ئاكىلىق» بۇرچىنى يەتكۈزدى:

— ماۋۇ پۇلنى يېنىڭغا سېلىپ قوي، ئاپاملار ياتقان ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچۈشى بىلەن چىقىپ سىرتتىكى ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىۋەت... گەپ ئاڭلا ھە ئۇكام، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىساڭ زىيان تارتمايسەن...

ئۇ ئاكىسىنىڭ كېچىسى نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، پەقەت ئۆيدىكىلەر نېمە دېسە «ھە» دېيىشنى، ئۈن-تىنسىز ئىش قىلىشنىلا بىلەتتى...

تاھىرجاننىڭ بارغانسېرى جىمىغۇرلىشىپ قېلىشى ئالدى بىلەن ئايىمنىساخان ئانىنى ئويغا سېلىشقا باشلىدى:

— دادىسى، — دەيتتى ئۇ پات-پات مەمەتقارىغا، — مەن سەل ئەنسىرەپ قالدىم، بالىلارنىڭ بۇنداق ۋاقتى دېگەن ئويۇنغا قاند-

مايدىغان، تامىقنىمۇ تالادىن توۋلاپ ئەكىرىپ يېگۈزىدىغان ۋاقتى، ئەمما بۇ بالا باشقىچىلا.... يا بىرەرسىگە ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ گەپ قىلغىنىنى كۆرگىلى بولمىغان، مەكتەپتىن كەلسىلا كاۋاپخانىغا بېرىۋالغان، بۇنداق كېتىۋەرسە ئاغرىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن...

مەمەتقارى خوتۇنىنىڭ گېپىگە ئارتۇق جاۋاب بەرمەيتتى ـ يۇ، كۆڭلىدە باشقىچە پىكىردە بولاتتى «بىز مىلىڭ چاندۇرمىدۇق دېگىنىمىز بىلەن ئۆز بالىمىز بىلەن بۇ بالىغا قىلغان مۇئامىلە ھەر ۋاقىت پەرقلىق، سېنىڭ 15 كە كىرىپ قالاي دېگەن بالاڭ سىرتتىن كىرىپلا ساڭا ئېسىلىدۇ، سەنمۇ بالاڭنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە، پېشانىلىرىگە سۆيۈپ كېتىسەن، ئەمما بۇ بالىنىچۇ... بۇنداق ئىشلار كۆپ، بالا كىچىك بولغىنى بىلەن بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار جىق، بەلكىم سەن ۋە بىز ئويلاپ يەتمىگەن خىياللار بولۇشى مۇمكىن ئۇنىڭ كاللىسىدا...»

راست ئىدى، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۇدەك بولۇپ قالغان بالىغا «بىزنى ئۆز ئاتا ـ ئاناڭ ئورنىدا كۆر» دەپ مەجبۇرلاشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، بەلكىم ۋاقىت ئۇرغۇن ئىشلارنى ھەل قىلار، بەلكىم ۋاقىت كىچىككىنە بالىنىڭ قەلبىدىكى جاراھەتنى ساقايتىشقا ياردەم قىلار، بەلكىم ۋاقىت ئۇنى ئاستا ـ ئاستا بوۋىسىدىن، ئوتياشلىقى ئارىسىدىكى ئەسلىمىلىرىدىن رىئاللىققا قايتۇرۇپ ئەكېلەر...

— كېيىن قانداق بولدى ئاچا؟

— كېيىن... كېيىن ئۇ تولۇقسىزنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەكتەپتە ئوقۇمايمەن دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى، ئۇ چاغلاردا بىزمۇ بالىمىز قەيسەرنىڭ دەردىدە بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ بولالمىدۇق، قەيسەرنى مەن يامان ئۆگىتىپ قويغان، بىر

بالا دەپ كۆزىگە قاراپ، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىپ، دادىسىدىن يوشۇرۇن پۇل بېرىپ... ئىككى يىل ئاۋۋال قەيسەر بالام بىر يوقاپ كەتكەنچە قايتا پەيدا بولمىدى، ئىچكى ئۆلكىلەردە دەپ ئاڭلىدۇق، دادىسى كۆز ياشلىرىمغا چىداپ بولالماي نەچچە بېرىپ كەلدى، بالا دەردىدە تۈگىشىپ كەتمىدىم، ئەمما بېرىسى بولىدۇم، مۇشۇ ۋاقىتتا تاھىرجان بالام بەك ئەسقاتتى، ئۇنى مەكتەپتە ئوقۇمىغان دەپ ئويلىماڭ قىزىم، ئۇ ئوقۇغان كىتاب مەكتەپ بالىلىرىنىڭكىدىنمۇ كۆپ، ئۇ يازغان شېئىر... بولدىلا، قاغا بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق دەپ ئۆزۈمنىڭ بالىسىنى ماختاپلا كەتتىم، گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، قەيسەر بالامنى مۇشۇ يەردىكى تۇرمىدىكەن دەپ ئاڭلىدۇق، سۈرۈشتە قىلدۇق، راستىكەن، مەن بالامنىڭ يېنىغا بىر بېرىپ كېلەي دەپ چىڭ تۇرۇۋالدىم، — بىزنىڭ ئادەم يەنە مېنى ئايىدى، ماڭىدىغاندا دۇكاننى تاھىرجان بالامغا تاپشۇرغان، ئەمما ئۇمۇ مەنمۇ بارسام، سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ياخشى ئەمەس، ياقا ـ يۇرت، نېمىلا ئىش بولسا مەن بىرگە باراي دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن دۇكاننى بىزنىڭ ئادەمنىڭ ئاكىسىغا تاپشۇردۇق، ئۇمۇ ئۇستا كاۋاپچى، توغقانلارغا كۆيۈمى بار ئادەم، دەپ بولغۇچە ماقۇل بولدى، بۇ يەرگىمۇ كەلدۇق، بالامنىمۇ كۆردۇم، بىچارە بالام، كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، مېنىڭ بالام ئاق پىشماق، بويلىرى ئېگىز، كېلىشكەن، قەددى ـ قامەتلىك ئىدى، ئەمما بۇ يەردىكى قەيسەر باشقىچىلا... بالامنى كۆرۈپ تېخىمۇ تۈگىشىپ كەتتىم، ئايدا بىر قېتىم يۈز تۇرا كۆرۈشسە، ئارىلىقتا تاماق بىر نەرسىلەرنى ئەۋەتسە بولىدىكەن، شۇڭا كەتمەيمەن دەپلا تۇرۇۋالدىم، بىزنىڭ ئادەم شىنجاڭنىڭ تۇرمىلىرىگە يۆتكىگىلى بولىدۇيەي، ئۇيەي ـ بۇيەي دېدى، ئەمما قەتئىي ئۇنىمىدىم، يۆتكىگەندە تەڭ كېتەي دېدىم، شۇنداق جاھىللىق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر قېپقالدۇق، تەلىيىمىزگە بىزنى

ساقلىغاندەكلا ئۇلارمۇ جىددىي ئادەمگە ئېھتىياجلىق ئىكەن، شۇ-
نىڭ بىلەن ئىشلار ھازىرقىدەك، ئەسلىي تاھىرجان بالامغا كۇز-
دىلىك كەچتىكى كاۋاپنىڭ قىيمىسىنى ئۆزۈم قىلىپ بېرەتتىم،
ئەمما تازا ساقلىقىم يوق، ئۇ ئۆزى دۇكاندا قېلىپ شۇ يەردىنلا
كەچلىك بازارغا كېتىدۇ، خۇدايىم ئەۋەتكەن بالا بۇ ماڭا، ئۆز
بالام بولسىمۇ، ئۆز قىزىم بولسىمۇ مۇنچە قىلماستى، خۇدا بەخ-
تىنى بېرەر ئوبدان بالامنىڭ...

زۆھرە ئايمىنىساخان ئاچىنىڭ ئالدىدا كۆزلىرىدىن ياش چىد-
قىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي ئولتۇرۇپ كەتتى «توۋا، ئەجەب جاھان
ھە، كىتابلاردىلا تەسۋىرلىنىدىغان تۇرمۇش كۆز ئالدىمدىلا...
مەسچىت، بوۋاق، خىزىردەك ئاق كۆڭۈل بوۋاي، پەرىشتىدەك ئاق
كۆڭۈل كىشىلەر...» زۆھرە بۈگۈن ئويلىغىنىدىنمۇ ئۇزاق ئول-
تۇردى، ئۇنىڭ يەنىمۇ كۆپ ئىشلارنى بىلگۈسى، تاھىر توغرىلىق
تېخىمۇ كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى، قويۇپ بەرسە ئۇنىڭ قانداق
كىتابلارنى ئوقۇيدىغانلىقىنى سورىغۇسى، يازغان شېئىرلىرىنى
بىر كۆرۈپ باققۇسى بار ئىدى... ئۇ مەمەتقارى ئۇستام ئۆيگە
قايتقاندىلا ئاندىن ئۇلار بىلەن خوشلاشتى...

## 30

نەرگىزە بىلەن ئەخمەت ئىمتىھاندىن كېيىنكى ھارغىنلىق-
لىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىللە كىنوخانىغا باردى. كىنوخانىدىن
چىققاندىن كېيىن، قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەچكە، تاماق يېيىش
ئۈچۈن بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلار ئاچقان «شىنجاڭ مىللىيچە تا-
ئاملار ئاشخانىسى» غا كىرىشتى. تاماقتىن بۇرۇن سوغۇق ئىد-
چىملىك ئىچىپ ئولتۇرۇپ، نەرگىزە تۇيۇقسىز:

— ئەخمەت، — دەپ چاقىردى.

— ھە؟

— يىگىتلەر توي قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ يۇرۇۋاتقان

قىزلىرىغا نېمە ئۈچۈن بەك كۆيۈنىدۇ؟
— سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز؟ — ئەخمەت نەرگىزەنىڭ بۇ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالىغا ھەيران بولۇپ قالغانىدى.
— مېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىم، ئۇلۇغ ئاللا بىزنى مۇراد ـ مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزۈپ تويىمىزنى قىلىپ قالساق، تويدىن كېيىن سىز ماڭا يەنە مۇشۇنداق كۆيۈنەرسىزمۇ؟ — دېدى كۈلۈپ.
— مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئەخمەت جىددىي رەۋىشتە، — ئۇ چاغدا سىز ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تاماق ئېتىپ، كىر ـ قات يۇيۇپ، ئۆيلەرنى سۈرتۈپ ـ تازىلاپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. بالىغا قارايدىغان ئىشمۇ بار تېخى... ئۇ چاغدا مۇنداق قىلىپ ئولتۇرىدىغانغا نەدە چولا...
— ئەجەبا... ئۇ چاغدا سىز ماڭا ياردەملەشمەمسىز؟
— ئۇنىڭغىمۇ بولار، لېكىن مەن ئىشلەپ بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىمىسام بولمايدۇ ـ دە. مەن پەقەت ئۆزۈم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىمەن، ئاساسلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يەنە ئۆزىڭىز قىلىسىز.
— ۋاي خۇدايىم، ئۇنچىۋالا جىق ئىشنى مەن قانداق قىلىپ بولالايمەن، تاماق ئېتىش، كىر ـ قات يۇيۇش، ئۆي تازىلاش، بالا بېقىش... قىز بالا بولماق نېمىدېگەن تەستۇ، — دېدى نەرگىزە تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ.
— ئۇغۇ شۇ... لېكىن سىزگە چاقچاق قىلىپ قويدۇم. مەنمۇ سىزگە ياردەملىشىمەن، سىزنى ھەرگىز جاپادا قويىدىغان ئىشنى قىلمايمەن. لېكىن بىر مۇھىم ئىشنى ئۆزىڭىز قىلارسىز؟ — ئەخمەت شۇنداق دەپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.
— قايسى ئىشنى؟
— بالىنى ئۆزىڭىز تۇغارسىز؟ — دېدى ئەخمەت شوخلۇق بىلەن ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ.

نەرگىزە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ئاشخانىدىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. نەرگىزە باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال كۈلكىسىنى توختاتتى - دە، خىجىل بولغان ھالدا بېشىنى سىپ - لىپ ئاستا تامىقىنى يېيىشكە باشلىدى.

نەرگىزەنىڭ بۇ قىلىقى ئەخمەتكە بەك قىزىق تۇيۇلدى بول - غاي، ئۇمۇ نەرگىزەگە كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى. نەرگىزە ئوڭايسىزلىنىپ تەخسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى، ئەخمەت يالغاندىن ئاچچىقلانغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— بولدى، — دېدى، — بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ، سىزگە ھېچ - كىم قارىمىدى.

نەرگىزە بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئەخمەتنىڭ ئۆزىگە ھېجى - يىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، قەستەنگە:

— نېرى بېرىڭا، ئەمدى سىزگە گەپ قىلمايمەن، — دېدى.

— نېمىشقا؟

— دائىم مېنى ئىزاغا قويىسىز.

— مەندىن كۆرۈۋاتامسىز؟

— ھەئە، سىزدىن كۆرمەيچۇ، بايىقى گەپنى قىلمىغان بولسى - ڭىز مەنمۇ قاقاھلاپ كۈلمەيتتىم، شۇنداققۇ؟

— قاقاھلاپ كۈلگەنگە نېمە بوپتۇ، باشقىلار بىزنى يا تونۇمى - سا... خەقنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن قورقامدۇق؟ — ئەخمەت ئۇ - نىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

— سىز دېگەن ئوغۇل بالا، يۈزۈڭلار قېلىن كېلىدۇ، سىز قورقمىغىنىڭىز بىلەن مەن قورقىمەن... — سۆزلەۋېتىپ نەر - گىزەنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىگىچە ئېقىپ چۈشتى. ئەخمەت دەرھال ئۈستەلدىكى قەغەزدىن بىرنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ۋۇ ئەخمەق، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ يىغلىغان بارمۇ؟ — دېدى.

— مەن يىغلاۋاتقىنىم يوق، — دېدى نەرگىزە كۆز ياشلىرىنى قەغەزدە سۈرتۈۋېتىپ.

— ئەمىسە بۇ ياش نەدىن چىقتى؟

— تامىقىمغا لازىنى جىق سېلىۋېتىپ قاپتىمەن.

— بەللى... ها... ها... ها... — ئەخمەت قاقاھلاپ كۈلۈپ سالدى.

كۈلسىغۇ مەيلىدى، بۇدا باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئەخمەتكە قاراشتى، ئوڭايسىزلىق نۆۋىتى بۇ قېتىم ئەخمەتكە كەلگەنىدى. بىراق ئۇ بايام خەقنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن قورقمايمەن دەپ سالغىنى ئۈچۈن بولسىمۇ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىمالال ئولتۇرۇپ تامىقىنى يەۋەردى.

ئاشخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ئىككىسى بىللە بازار ئايلاندى. ئۇلار ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان كوچا تەرەپكە ئۆتۈپ قالدى. بۇ كوچا باشقا يەرلەرگە قارىغاندا كۆپ قىزىغانىدى، بىر نەچچە ئۇيغۇر يىگىت كاۋاپ سېتىۋاتاتتى، نۇرغۇن كىشىلەر كاۋاپدان ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا كاۋاپ يېيىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ كاۋاپلىرىنى سېغىنىپمۇ قېلىشقانىدى، شۇڭا بىللە كاۋاپ يېيىش ئۈچۈن كاۋاپچى يىگىتنىڭ يېنىغا كەلدى. كاۋاپ يېيىشىپ ئولتۇرغانلار ئىچىدە بىر نەچچە ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىدى، ئىككىسى ئۇلارغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلىشتى. ئەخمەت باشقا ساۋاقداشلىرىدىن بۇ يەردىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قانۇنسىز ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولغاچقا، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى ـ دە، كاۋاپچى يىگىتنى ئۆزلىرىگە تېزرەك ئون زىق كاۋاپ پىشۇرۇپ بېرىشكە ئالدىراتتى. نەرگىزە

ئورۇندۇقتا كاۋاپ يەپ ئولتۇرغان بىر ئوغۇل بالىنىڭ باياتىن بېرى ئۆزىگە تۇرۇپ - تۇرۇپ قاراپ قويۇۋاتقانلىقىدىن تېنى سەل شۈركىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چاندۇرماي ئەخمەت بىلەن مەكتەپتىكى ئىشلارنى پاراڭلىشىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ كاۋىپى تەيـيار بولغاندى، ئۇلار كاۋاپلارنى قولىدا تۇتقىنىچە بۇ يەردىن تېزرەك كېتىش ئۈچۈن ماڭدى. ئۇلار ئەمدى بىر قەدەم مېڭىشىـغا بېرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىدى.

— ئادىلە!

ئەخمەت بىلەن نەرگىزە ئۆرۈلۈپ كەينىگە بۇرۇلۇشتى، باياتىن بېرى نەرگىزەگە توختىماستىن قاراۋاتقان بالا ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى.

— ئادىلە، سىز بۇ يەرگە قاچان كېلىۋالدىڭىز؟

ئۇلار ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى. ئەخمەت كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— خاتا تونۇپ قالدىڭىلمۇ - نېمە؟ بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئادىلە ئەمەس، نەرگىزە!

— خاتا تونۇپ قالغىنىم يوققۇ؟ بۇ ئادىلەغۇ؟! بىز بۇرۇن كىـچىكىمىزدە بىللە بازار ئوينايتتۇق...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەر ئىككىلىسى داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، باشقا گەپ بولغان بولسا بىر نۆـرى، قاراپ تۇرۇپ نەرگىزەنى بىللە بازار ئوينايتتۇق دېگىنىدىن ئۇلار چۆچۈپ كېتىشتى.

— سىز خاتا تونۇپ قاپسىز! بىز بۇ يەردە ئالىي مەكتەپتە ئوـقۇيمىز! — ئەخمەت شۇنداق دەپ نەرگىزەنىڭ قولىدىن تۇتقىنىـچە يىگىتكە ئارتۇقچە چۈشەندۈرۈپ يۈرۈشنى خالىماي تاكسىدىن بىرنى توسۇپ مەكتەپ تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

## 31

بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئادىلەنىڭ قارىسى ھېچ يەردە كۆرۈن-مەيتتى. دادىسى ئۇنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىزدەپمۇ ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ئۇ ئادىلەنىڭ قېچىپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەل-تۈرمىگەنىدى. بۇرۇنمۇ دادىسى ئادىلەنى پۇل تاپالمىدىڭ دەپ، نەچچە قېتىم قاتتىق ئۇرغان، لېكىن ئادىلە نەچچە كۈن ئۆتكەن-دىن كېيىن بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالاتتى.

«ئۇ راستتىنلا قېچىپ كەتكەنمىدۇ؟» دادىسى بۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ، تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شورىدى. ئادىلەنىڭ قەدرى ئەمدىلەتىن ئۇنىڭغا بىلىنىۋاتاتتى، گەرچە دادىسى ئۇنىڭغا شۇنچە قوپاللىقلارنى قىلسىمۇ، ئۇنىڭ چىرىدىن كۈلكە كەت-مەيتتى، كۈندە بىر ۋاخ بولسىمۇ تاماق ئېتىپ تۇراتتى.

دادىسى كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقىنىچە ئادىلەنى خىيال قىلىۋا-تاتتى.

توساتتىن بىرىنىڭ دەرۋازىنى ئۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئادىلە!

دادىسى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى، شۇئان چىرايىغا كۈلكە يۈ-گۈردى - دە، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئىشىك ئالدىدا ئادىلە بولماستىن، ئۇنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئەركىن تۇراتتى. دادىسىنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلۇپ قالدى.

— ۋۇي، نېمە بولدۇڭ؟ چىرايىڭ كۆيۈپ كەتتىمۇ - نېمە؟ — ئەركىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ سورىدى.

— قېنى ئاۋۋال ئۆيگە كىر... — دادىسى ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

ئەركىن ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتتا ئولتۇردى. ئۇ ئۆي ئىچىگە بىر قۇر سەپسېلىپ قارىۋېتىپ:

— ئادىلە قېنى؟ ئۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ تېخى بازاردىن كەلمىدى-مۇ؟...

— ئادىلە... ئۇ... — دادىسى نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ئادىلەگە نېمە بولدى؟ بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەندۇ؟ ساقچىلار تۇتۇپ كەتتىمۇ يا؟...

— ئۇنداق ئىش يوق، ئۇ... ئۇ قېچىپ كەتتى!

ئەركىن بۇنى ئاڭلاپ هاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. دادىسى ئۇنىڭغا بولغان ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

— ساڭا نەچچە قېتىم دېگەندىمەن، ئادىلە چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇنى ئوغرىلىققا سېلىۋەرمە دەپ... ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟ دادىسى بېشىنى قاتتىق چايقىدى.

— ماڭا ئۇ قايتىپ كېلىدىغاندەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ. ئۇ ھەرگىز قېچىپ كەتمەيدۇ. ئۇ مېنى ئۆز دادىسى دەپ بىلىدۇ، ماڭا ئۇ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن قايتىپ كېلىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ... — دادىسىنىڭ گەپلىرى قولاشمايۋاتاتتى، ئۇ ئادىلەدىن ئايرىلىپ قېلىشنى زادىلا ئويلىمايتتى. ئەركىن ئۇنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇردى.

— ساڭا دەي، ئادىلە قايتىپ كەلسە ئۇنىڭغا ھەرگىز قوپال تەگمە، ئۇ چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇ ئەمدى سېنىڭ ئۇنداق قوپاللىقلىرىڭنى كۆتۈرەلمەيدۇ، مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ سېنىڭ ئۇنىڭ دادىسى ئەمەسلىكىڭنى بىلىپ قالىدۇ. ئۇنى ئوغرىلىققا سېلىۋەرمە. ساڭا دېدىمغۇ، مەن ھازىر ئايالىم بىلەن ئاجراشتىم، ئۇنى ماڭا ياتلىق قىلساڭ ھەر ئىككىڭلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ئۆزۈم ياخشى خەۋەر ئالىمەن... بۇنى ياخشى ئويلىنىپ باقارسەن!

دادىسى ئۇنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالغاندەك بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى...

32

ئۆزىگە قاراپ كۇلۇپ تۇرغان زۆھرەنى كۆرگەن تاھىر ھودۇ-قۇپ قالدى، نېمىشقىدۇر دەيدىغان گەپلىرىنى، ھەتتا نەچچە كۈن-دىن بېرى ئۇ كەلسە ئۇنداق، مۇنداق چاقچاق قىلىمىزۋالىمىسام دەپ ئويلىغانلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

— تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىقمۇ ئۇستام، كاۋاپلىرىڭىزنى خويمۇ سېغىندىم...

— مەن تېخى مېنىڭ كاۋاپلىرىمنى سېغىنىدىغانلار قالمىدى، بۇ يەردىن باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتەي دەپ ئويلاپ تۇراتتىم .

— ھە؟! — راست دەپ ئويلاپ قالغان زۆھرە ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ يىگىتنىڭ كۆزىدىكى ھەييارلىقنى كۆردى-دە، ھودۇ-قۇپ كەتكەنلىكىنى چاندۇرۇپ قويغانلىقىدىن قىزىرىپ كەتتى، يىگىت كەچكى شەپەق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بۇ قىزىللىقىقا قاراپ قىزنىڭ قىزارغان چېھرىدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى...

— بۈگۈن...

— بۈگۈن گەرچە كاۋىپىڭىزنى شۇنچە سېغىنغان بولساممۇ يېمەيمەن، چۈنكى قورسىقىم بەك تويۇپ كەتتى، ئانىڭىز ئۇنىمى-غىنىمغا قويماي، بەك زورلاپ تۇرغۇزۋالدى، يەنە... يەنە ئەتكەن تا-مىقىم بەك ئوخشاپتىكەن، تازا يەپتىمەن...

— بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپسىزدە، ئانام قانچە خۇش بولۇپ كەت-كەندۇ؟

— ئانىڭىزلا ئەمەس، مەنمۇ بەك خۇش بولدۇم... چۈنكى... چۈنكى... بەلكىم... ئۆي تامىقى يېمىگىلى... ئۇزۇن بولغاچقىمى-كىن...

قىزنىڭ گەپلىرى ئاخىرىغا كەلگەندە نېمىشقىدۇر قولاشماي قالدى، ئۆزىمۇ جىمىپ كەتتى. «بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىدىن،

تارىخىدىن نومۇس قىلىدۇ، بەلكىم... نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنى تېخى چۈشەنمەيمەن. شۇڭا ھازىر بۇ ئىشلارنى بىلدىغانلىقىمنى دېسەم ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىماي...»

— سىزگە ياردەملىشىپ بەرسەم بولامدۇ؟ سىزنى تاھىر دې-سەم بولارمۇ ياكى تاھىرجانمۇ؟

— ئىختىيارىڭىز...

— مەن تاھىر دېيىشكە ئامراق، بىر خىل يېقىنچىلىقنى بىل-دۈرىدىكەن، لېكىن ئۆيىڭىزدىكىلەر تاھىرجانلا دەيدىكەن...

— تاھىر دەۋېرىڭ ئۇنداق بولسا...

— ماقۇل، قاراڭ تاھىر، ھازىر بازىرىڭىز بەك ياخشى بولۇپ كەتتى - ھە... بىزنىڭ قىزلارنىڭ ئالدى بەك ئوچۇق جۇمۇ...

— بولدى، مېنىڭ ئالدىم ئوچۇق دېمەكچىغۇ سىز، دەۋېرىڭ، دېمىسىمۇ شۇنداقكەنغۇ...

— ھى ھى ھى... .

زۆھرەنىڭ بۇگۈن نېمىشقىدۇر مەكتەپكە كىرىپ كەتكۈسى يوق، يىگىت ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ، زۆھرەگە قاراشقا چولىسى تەگمىسىمۇ ئۇ بۇ يەرنى خالاپ قالدى، تاھىر زۆھرەگە دىققەت قىلمىغاندەك، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قىلغاندەك قىلسىمۇ، زۆھرەنىڭ ھەر بىر ئىشلىرى ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىدە ئىدى، بولۇپمۇ زۆھرەنىڭ ساۋاقداشلىرى كاۋاپ يې-يىشكە كەلگەندە تاھىر ئالاھىدە سەزگۈرلۈك بىلەن چاندۇرمىغان ئاساستا زۆھرەنىڭ قانداق ئىپادىدە بولۇشىنى كۆزىتەتتى، ھەر قېتىم ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىچىلىپ - يېيىلىپ چاق-چاقلاشقىنىنى كۆرسە باشقىچە ئىللىقلىق ھېس قىلاتتى.

— كەچ بولۇپ كەتتى، قايتمامسىز؟

يىگىتنىڭ بۇنداق دېيىشىنى كۈتمىگەن زۆھرە نېمە دېيىشى-نى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى...

ئۆزىنىڭ قاملاشمىغان گەپ قىلىپ سالغانلىقىنى سەزگەن يىگىتمۇ دەرھال گەپنى ئوڭشىدى:
— بايا ساۋاقداشلىرىڭىز كەلگەندە بىرگە قايتماپسىز، ھازىر خېلى ۋاقىت بولدى، بولمىسا مەن ئاپىرىپ قوياي...
— تازىمۇ بىر بالىكەنسىز، باياتىن بېرى سىزگە ياردەملىشىپ بېرىمەن دەپ قېپقالسام، مۇشۇ كەچتە مېنى قوغلاۋاتىسىز... ما-قۇل، كاۋىپىڭىزنىمۇ سېتىپ بولدىڭىز، ئەمىسە مەن كېتەي، خوش...
— ھەي... سارالىڭ قىز، سىزنى قوغلىمىدىم، ئۇششۇق تۇم-شۇق، بىر مىنۇت ساقلاڭە، ھارۋىنى قوشنامغا تاپىلاپ قوياي، ئۇلار بەرىبىر بۇنداق بۇرۇن قايتمايدۇ... مەنمۇ سىلەرنىڭ ئۇ جەننەتكە كىرىپ كۆرۈپ باقاي...
تۇمشۇقى ئۇچلىنىپ كەتكەن زۆھرەنىڭ چېھرىگە بىردىنلا كۈلكە يۈگۈردى.
ئاي يورۇقى، سۇس چىراغ يورۇقىدا غۇۋا يورۇپ تۇرغان مەك-تەپ... قويۇق يېشىللىق، سالقىن ھاۋا... ئاندا - ساندا ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار...
— مەكتىپىڭلارنىڭ مۇھىتى ياخشىكەن، ھەممە يەر يېشىل-چىلىق، — ئارىدىكى جىمجىتلىقنى يەنىلا تاھىر بۇزدى.
— ھەئە، بۇگۈن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتىغۇ تاڭ...
— ...
تاھىر نېمىشقىدۇر ئاغزىغا كېلىپ قالغان، قىزمۇ ئۈمىد قىلغان سۆزنى ئېيتمىدى. ياق، ئېيتمىدى ئەمەس، ئېيتالمىدى، ئۇ نېمە دېيەلىسۇن؟! «ماڭىمۇ بۈگۈن ھەر قانداق بىر كۈندىكىدىن گۈزەل تۇيۇلۇۋاتىدۇ» دېيەلىسۇنمۇ؟! ئۇنىڭ ئالدىدىكى بۇ قىز ئوچۇق - يورۇق، ئاق كۆڭۈل، ئەخلاقلىق، چىرايلىق قىز، ئۇ ھا-زىرچە مۇشۇلارنى بىلىدۇ، يەنە قىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇ-

چىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ... قىز ئۆزىنى ئاشۇ قېتىملىق ئاۋا-رىچىلىكنىڭ سەۋەبچىسى دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇ-شۇنداق يېقىنچىلىق قىلىدۇ... قىز ئۇنى پەقەت ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغۇچى سۈپىتىدىلا تونۇيدۇ... شۇنداق ئەمەسمۇ... ئۇ بىر كاۋاپچى...

— نەگە بارىلا ئۇستام؟

— ھە؟! ھە... ئە...

— قارىسام خۇددى يولنى بىلىدىغاندەك ئۇدۇل ئوغۇللار ياتا-قى تەرەپكە ماڭدىلا...

تاھىر ئۆزىدىن ئۈچ-تۆت قەدەملەرچە كەينىدە قالغان قىزغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى:

— خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ...

— مۇشۇنداق گۈزەل كېچىدە قىلغان خىيالمۇ چوقۇم گۈزەل بولىدۇ، مېنىڭ بىر بىلىپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ...

— مەيلى قانچىلىك گۈزەل بولسۇن خىيال ھامان خىيال، رې-ئاللىق ھامان رېئاللىق... لېكىن خىيال ھەممىشە سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئادەمنىڭ ئىرادىسىدىن، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىجتىما-ئىي رېئاللىقتىن ھالقىپ كېتىدىكەن، ئادەم دائىم ئۆزىگە تەۋە بولمىغان ياكى تەۋە بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئىشلارنى خىيال قىلىدىكەن...

— لېكىن ئاشۇ خىياللار سىزنى ھاياتقا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇ-رىدۇ، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، ئاشۇ خىياللىد-رىڭىز ئۈچۈن تىرىشسىڭىز ھاياتىڭىز تېخىمۇ مەنىلىك بولىدۇ...

— تىرىشىپ باققۇلۇق، ئارزۇ ئۈچۈن تىرىشىش بىر خۇشال-لىق ئىش ئەمما ئادەم خۇشال بولۇشنى ئارزۇ قىلغانىكەن، ئۇنىڭ قايغۇسىغىمۇ بەرداشلىق بېرىشى كېرەك، ئارزۇ يولىدا تىرىشچان-

لىق كۆرسىتىمىز، خۇشاللىقتا ئېرىشىمىز، ئەمما ئارزۇيىمىز رېئاللىققا ئايلىنالماي قالسا ئازابتىن ئۆزىمىزنى تۇگەشتۇردىمىز...

— ئۇ ئىنساننىڭ تەبىئىيىتى، ئادەم بەدەل تۆلىسۇنيۇ بەدەلگە تۇشلۇق خۇشاللىققا، ئۆزى ئارزۇ قىلغانغا ئېرىشەلمىسە ئەلۋەتتە ئازابلىنىدۇ... سىز شۇنچە قانائەتچانمۇ، ئۆزىڭىزنى شۇنچە بەختلىك ھېس قىلامسىز، ئۇنداقتا؟

— بەخت؟! بۇ توغرىسىدا ھازىرچە ئېغىز ئېچىپ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، لېكىن مەن ھەممىگە شۈكرى قىلىدىغانلاردىن. ئۆزۈمنى بەختلىك دېسەممۇ بولىدۇ، ئۆمەر ھەييامنىڭ مۇنداق بىر رۇبائىيسى بارغۇ:

«بولسا ھەر كىشىنىڭ بىر پۇچۇق نېنى،
ياتقۇدەك ماكانى، باشى ھەم تېنى.
ھېچكىمگە بولمىسا يا قۇل يا غوجا،
دۇنيادا بەختلىك سانا سەن شۇنى.»

— خۇددى مۇشۇنىڭدەك...

زۆھرە ياتاققا قايتىپ كىردى، ئەمما خىيالىدا يەنىلا بايىقى سۆھبەت داۋاملىشىۋاتاتتى...

زۆھرە قانچە ئويلىسىمۇ بايىقى سۆھبەتنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىشقا كۆزى يەتمىدى، ئۇخلىماقچى بولدى، ئەمما ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى «ئەتراپىمىزدا يەنىلا ياخشى ئادەملەر كۆپكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — تاھىرنى بېقىۋالغان ئىككىلا كىشى شۇنداق ئوبدان كىشىلەركەن... شۇڭا ئۇمۇ شۇنداق ئاق كۆڭۈل چوڭ بولۇپتۇ، بۇلار تېخى ئۆز بالىسىدىن جاپا، بېقىۋالغان بالىسىدىن راھەت كۆرۈۋېتىپتۇ... كونىلار-

نىڭ ‹ئادەم بالىسى باقساڭ ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى قان ئېتەر، هايۋان بالىسى باقساڭ ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر› دېگىنى قارىغاندا هەر قېتىم توغرا چىقىۋەرمىسە كېرەك... هەقىقەتەن ۋىجدانلىق بالىكەن... مانا مۇشۇنداق بالا سېنىڭ ئۆمۈرلۈك هەمراهىڭ بولۇشقا ئەرزىيدۇ... ۋۇي... نېمىلەرنى خىيال قىلىپ كەتتىم... تۇۋا... ئۇخلاي... قەتئىي ئۇخلاي... ئەجەب بولۇپ قېلىۋاتىمەن مۇشۇ كۈنلەردە...»

## 33

ئادىل ئۆيدە خىيال بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە ئادىلە كىرىۋالدى، ئۇ هېلىقى كۈنى ئادىلەنىڭ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ كەينىدىن چىقمىغانىدى، قىزنىڭ بۇ ئەركىن ـ ئازادە، غەمسىز مۇهىتقا كۆنەلمىگىنىنى، ئۆزىنى بەكلا تۆۋەن كۆرۈۋاتقانلىقىنى هېس قىلغانىدى.

«ئادىلە شۇ تاپتا نېمىش قىلىۋاتقاندۇ؟ دادىسى ئۇنى يەنە ئۇرغانمىدۇ؟ مېنىڭ ئۆزىگە بولغان هەقىقىي سۆيگۈمنى ئازراق بولسىمۇ چۈشەنگەندىمۇ؟...»

ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ زىل ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ قارىۋېدى، يارقىن ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. ئادىل ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ئۆيگە باشلىدى.

— ئىدارەڭگە ئىككى قېتىم سېنى ئىزدەپ باردىم، ئۇلار سېنى نەچچە كۈنلۈك ئارام ئالدى دېگەنىدى، باشقىلاردىن سوراپ ئۇدۇل ئۆيۈڭگە كېلىشىم... — ئادىل كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— مېنى ئىككى قېتىم ئىدارىگە ئىزدەپ بارغىنىڭدىن قارىغاندا مۇهىم ئىش ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق... بەك مۇهىم ئىش، ئاڭلىساڭ چوقۇم خۇشال بولىسەن، — يارقىن سۆزىنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ ئېيتتى.

— قىنى ئاۋۋال ئىيتقىن. مۇشۇ كۈنلەردە خۇشاللىق ماڭا پەقەت نېسىپ بولمايۋاتىدۇ دېگىنە.
— ئادىلەنىڭ ئىشى!
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئادىل بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى.
— سەن ئادىلەنىڭ يانچۇقچى قىز ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭ-مۇ-سەن؟
ئادىل بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاجىز، خىرە بىر ئۇچقۇنلار چاچرايتتى.
— ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ ئىختىيارى بىلەن قىلمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىدىغانسەن؟
— ھەئە. دادىسى ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلايدىكەن.
— ھە... مەسىلىنىڭ ئەڭ مۇھىم يېرى دەل مۇشۇ يەردە، ئويلاپ باققىن، بىر دادا بولغۇچى قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قىزىنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلامدۇ؟ ياق، بۇ پەقەت ئادەمنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ.
— بۇ دېگىنىڭىز توغرا، لېكىن سەن نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالدىڭ؟ — ئادىل سوئال ئارىلاشقان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى.
— مېنىڭ بىر تاغام بار، تاغامنىڭ قىزى كىچىك ۋاقتىدا يوقاپ كېتىپ تا ھازىرغىچە ئىز-دېرىكىنى قىلالمايۋاتىدۇ، ئادىلە تاغام بىلەن خېلى يېقىن ئىكەن، تاغام ھەر قېتىم ئادىلەنى كۆرسە ئۆز قىزى ئېسىگە كېلىپ ئادىلە ئۇنىڭغا ئۆز قىزىدەك تۇيغۇ پەيدا بولىدىكەن. مەن بەزى ئىشلارنى ئېنىقلاپ ئادىلە تاغامنىڭ يوقىتىپ قويغان قىزى بولۇشى مۇمكىن دېگەن يەكۈنگە كەلدىم.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئادىل ئىختىيارسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىرخىل شادلىق ئۇچقۇنلىرى ئوينايتتى،

ئەگەر يارقىننىڭ دېگىنىدەك بولسا ئادىلە ھېلىقى قارا كۆڭۈل دادىسىدىن قۇتۇلاتتى، يانچۇقچىلىقتىنمۇ قول ئۈزەتتى.
— بۇ... بۇ... ئادەمنى ئېماندىق خۇش قىلىسەن ئاداش، ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا...
— ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمە ئاداش، — يارقىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىمنى ساڭا دەۋاتىمەن، بۇ پەقەت بىر قىياس، خالاس، سېنى ئىزدەپ كېلىشتىكى مەقسىتىم، ئىككىمىز بىرلىكتە بۇ ئىشلارنىڭ سە-ۋەبىنى ئېنىقلاپ چىقساق دېگەن ئۈمىدتىمەن.
ئادىل ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ يارقىننىڭ قولىنى چىڭ سىق-تى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ چېھرىدە كۈلكە، يۈرىكىدە شادلىق ئويۇ-ناپ تۇراتتى.

## 34

تۇرمۇش تەرەققىياتىدىكى ئىچكى - تاشقى ئۆزگىرىشلەر گويا شىددەتلىك كەلكۈنگە ئوخشاش تەۋرەپ، يامراپ - تېشىپ، ئادەم-نىڭ سەزگۈلىرىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى، ئەقىل - ئىدراكىنى قامال قىلىۋالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئادەمنىڭ خاھى-شىنى، ھېسسىياتىنى، تۇرمۇش قارىشىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋې-تىدىكەن. ئادەم ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئەنە شۇ ئۆزگەرگەن مە-نىۋى دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ - چۈشەنمەيلا كۆنۈپ قې-لىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. روھىي دۇنيادىكى بۇخىل ئۆزگىرىش-لەر باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنىمۇ، ئىنكار قىلىشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ، ئۆز رىتىمى، ئۆز ئېقىمى بويىچە داۋاملىشى-دۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. ئادەمنىڭ كۆرگىنى، باشتىن كەچۈرگىنى قانچىلىك بولسا، كۆز ئالدىدىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى قانچى-لىك چۈشەنسە، ئۇنىڭ بىلىش، ئانالىز قىلىش، ئەقلىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ.

ھازىر ئادىلەنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە قانداق قىلىپ بۇنىڭدىن كېيىنكى نورمال تۇرمۇشىنى داۋام ئېتىش، يەنە كېلىپ ئادەملەرگە ئارىلىشىپ يۇرۇش جەريانىدا قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، ئەمدى ئوغرىلىقتىن ئىبارەت جىنايەت يولىدا قەتئىي ماڭماسلىق ئىدى. ئۇ ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق ئۆزىگە تايىنىپ ياشىماقچى بولغان، ئۆزىنىڭ تېخى كېچىكمىگەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇنىڭغا ھازىر مۇھىمى تۇردىغان جاي ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ناتونۇش شەھەرنى كۆپ قىدىرىپ، كوچمۇكوچا كىرىپ، ئاخىر بىر ئارقا كوچىدىن ئەرزانراق بىر مېھمانخانىنى تاپتى. ئادىلە بۇ مېھمانخانىنى يامان ئەمەس كۆردى، شۇنىڭ بىلەن بىسمىللا دەپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى.

بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ئۇستەل ئالدىدا كومپيۇتېرغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— ياتاق بارمۇ؟ — سورىدى ئادىلە ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ.

— بۈگۈن يەكشەنبە، ئارام ئېلىش كۈنى، بىكار ياتاق بولماسلىقى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ سىزدەك گۈزەل قىزچاقىقا ياتاق تېپىپ بەرمىسەم بولماس، مەن سىزگە بىر ئېغىزلىق ياتاق بوشىتىپ بېرەي... — ئۇ ئەر سۆزلەۋاتقاچ ئادىلەگە تىكىلىپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ بەزدەك قاراشلىرى ئادىلەنىڭ جېنىغا تەگكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئادىلە كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ياتىدىغان بىر يەرگە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئويلاپ چىداشقا مەجبۇر بولۇپ ئۇنىڭ دىققىتىنى سۆزگە بۇرىدى:

— رەھمەت سىزگە، ماڭا كىچىكرەك، شارائىتى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ بىر كىشىلىك ياتاق لازىم ئىدى.

ھېلىقى ئادەم ئادىلەگە ھەجىيىپ قاراپ، كۆزەينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، ئىسىم - فامىلە، ئادرېس يازىدىغان تىز-

ـزىملاش دەپتىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.
ئادىلە كاتەكچىلەرنى تولدۇرۇپ بولۇپ دەپتەرنى ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قويدى ھەم ئۇ ئادەمگە ياتاق ھەققىنى بېرىۋېتىپ، ئاچقۇچنى ئېلىپ ياتاق تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
ئادىلە ياتاقنىڭ ئىشىكىنى شۇنداق ئېچىۋىدى، ئىچىدىن دىـ ماقنى يارغۇدەك بەتبۇي پۇراق بۇرۇنغا ئۇرۇلدى. قارىغاندا بۇ ياـ تاق خېلى ئۇزۇندىن بېرى ئېچىلمىغاندەك تۇراتتى. ئادىلە شۇنداقتىمۇ ئىچىگە كىرىپ چىراغنى ياندۇردى، ياتاق ئىچىدە ئاددىي جاھازلار بار بولۇپ، تامغا چاپلاپ قويۇلغان چاكىنا رەـ سىملەر كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.
ئادىلە كارىۋات ئۇستىدە ئولتۇرۇپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېـ لىۋالدى. تەقدىرنىڭ ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقان كارامىتىگە قاراپ تۇرۇپ كۈلگۈسى كېلەتتى، تۇرۇپ يىغلىغۇسى كېلەتتى. دادىسىـ نىڭ ئاشۇ تەرسا مىجەزى، ئۆزىنى ئوغرىلىققا سېلىپ يۇرگەنلىـ كى تۇيەيلىدىن، ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە قانداق قىسمەتلەرگە ئۇچرايدىـ غانلىقىنى، قەيەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈرىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ كۆڭلى بۇزۇلدى.
يول ھاردۇقى ئۇنى چارچىتىپ قويغانىدى، ئۇ بالدۇر ئارام ئېلىش ئۈچۈن كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى، لېكىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى، ئۇنىڭ كاللىسىدا تۇمەنمىڭ سوـ ئاللار پەيدا بولاتتى: ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ چوڭ بىر خاتالىق سادىر قىلىپ قويمىغاندىمەن ـ ھە؟ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلارمەن؟...
ئەتىسى ئەتىگەن مۇنچىدىن ئەمدىلا چىقىپ يەلكىسىگە يوغان بىر لۆڭگىنى ئارتىۋېلىپ ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا تۇرغان ئادىلە توساتتىن بىرىنىڭ ئىشىكنى چەككىنىنى ئاڭلاپ، ئۆزىچە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئىشىك تېخىمۇ قاتتىق چېكىلىشكە باشلىـ

دى. ئادىلە ئىككىلىنىپ ئىشىكنى ئاستا ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا تونۇگۇن كەچ ئۇنىڭغا ياتاق ئېچىپ بەرگەن ئادەم تۇراتتى.
— سىز؟
ھولۇقۇش ئىچىدە ئۇنىڭ يەلكىسىدىكى لوڭگە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئالمان - تالمان لوڭگىنى ئالماقچى بولۇپ ئېڭىشىۋىدى، ئۇ ئادەم ئۇنىڭ يېرىم يالىڭاچ بەدىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئادىلە لوڭگىنى ئەمدىلا بەدىنىگە ئورىۋېلىپ تۇرۇشىغا، ئۇ ئادەم سۆز ئاچتى:
— تونۇگۇن ئالدىراشچىلىقتا سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى كۆرۈشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، شۇڭا كىملىكىڭىزنى تىزىملاش ئۈچۈن كىرىشىم.
كىملىكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئادىلەنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى، ئۇنىڭ تېخىچە كىملىكى يوق ئىدى.
— مېنىڭ... مېنىڭ كىملىكىم يىتىپ كەتكەن.
— ھىم... بۇ پەقەت بولماپتۇ. ئەسلىدە مېھمانخانىمىزنىڭ بەلگىلىمىسىدە كىملىكى يوق كىشىلەرنى قوندۇرۇپ قېلىشقا بولمايتتى. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟
ئادىلە بېشىنى سىلىپ تۇردى.
— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، قارالىڭ!
ئۇ ئادەم شۇنداق دەپلا ئادىلەگە يېقىنلاپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.
— لوكچەك! ۋۇ پەس لوكچەك! — ئادىلە ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى.
— مەن بۇ يەرگە يالغۇز كېلىدىغان جىق قىزلارنى بىلىمەن، ھەممىسى مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ پۇل تاپقىلى كېلىدۇ، سىزمۇ شۇنداققۇ دەيمەن؟ قېنى قانچىنى ئالىسىز؟ ماڭا دەڭ...
ئادىلە ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ زادىلا چىداپ تۇرالمىدى.
— مېنى ئۇنداق ئاچىڭىزنىڭ يولىدىن چىققان قىزغا ئوخشاتماڭ!

— نېمە دەۋاتىسەن پاسكىنا قانجۇق! — ئۇ شۇنداق دەپلا ئې-تىلىپ بېرىپ ئادىلەنى تۇتۇۋالدى، ئادىلە ۋارقىرىماقچى بولۇۋۇد-دى، ئۇ دەرھال ئادىلەنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋالدى، ئادىلە ئاۋا-زىنى چىقىرالماي قالدى.

ئۇ ئادىلەنى سۆرەشتۈرۈپ كارىۋات يېنىغا ئاپاردى، ئادىلە مىلىق قارشىلاشىسىمۇ ئۇنىڭغا زادىلا كۈچى يەتمىدى. شۇ ئەسنادا ئۇ ئەرنىڭ ساغرىسىغا شۇنداق بىر قاتتىق تېپىك تەگدىكى، كەينى-گە پۇلاڭشىدە ئۇچۇپ كەتتى. ئادىلە ناتونۇش، كېلىشكەن بىر يى-گىتنى كۆردى. ئادىلە يۈگۈرۈپ بېرىپ بۇ ناتونۇش نىجاتچىسى-نىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. ھېلىقى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپلا يىگىت-كە ئېتىلىپ كەلدى. لېكىن يىگىتمۇ بوش كەلمەي چاچراپ سارغىنىچە، ئۇنى ئۇرۇپ - دەسسەپ ۋاي جېنىنى چىقىرىۋەت-تى.

— ھەببەللى، ئەمدىغۇ دۇمبەڭنىڭ قىچىقى بېسىلغاندۇ؟ — دېدى يىگىت يەردە ئىڭراپ ياتقان نومۇسسىزنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق تېپىۋېتىپ.

— سەن... سەن... خەپ توختاپ تۇر لۈكچەك... مەن ساقچىغا مەلۇم قىلىمەن.

— بولىدۇ، ھازىرلا بېرىپ ساقچىغا مەلۇم قىل، — دېدى يى-گىت ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، — ساقچى كېلىپ مېنى ئەمەس، پاك بىر قىزنىڭ نومۇسىغا تەگمەكچى بولغان سەندەك ھايۋاننى تۇتىدۇ. يەنە كەلسە - كەلمەس گەپ قىلىدىغان بولساڭ پۇتۇڭنى چاقىمەن، — يىگىت ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ قويۇپ، ئاندىن ئادىلەگە، — بۇ ياخشى ئادەملەر كېلىدىغان جاي ئەمەس، تېز كىيىملىرىڭىزنى كىيىپ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىلى.

ئادىلە دەرھال كىيىنىپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇر-دى. ئۇ ئادەم يەردە ئادىلەگە قاراپ شۈك ئولتۇراتتى. تاياق ئۇنىڭ

جىنىدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە، قايتا ئادىلەنىڭ كىملىكىنى سوراش-قىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئادىلە يىگىتكە ئەگىشىپ ياتاقتىن چىقتى، يىگىت ياتاقتىن چىقىۋېتىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ھېلىقى ئەرگە:

— جىنىڭغا ھېزى بول، ئەمدى سېنىڭ يەنە مۇشۇنداق پەس-كەشلىكنى قىلغانلىقىڭنى كۆرۈپ قالسام پۇتۇڭنى چېقىۋېتى-مەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئادىلە كېتىۋېتىپ يىگىتكە پات - پات قاراپ قويياتتى، ئىچىدە بۇ نىجاتچىسىغا مىڭ رەھمەتلەرنى ئېيتاتتى.

— سىز نەگە بارىسىز؟ — يىگىت ئادىلەدىن سورىدى.

— مەن... مەن... — ئادىلە نېمە دېيىشىنى بىلمەي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى، — سىزگە راست گەپنى قىلسام مەن ئۆيدىن قې-چىپ چىققان.

يىگىت ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا تى-كىلدى.

— دادام مېنى ئۆزى بىلەن تەڭدىمەتلىك بىر ئادەمگە ياتلىق قىلماقچى بولغان، شۇڭا... — ئادىلە تېزلا يالغاندىن بىرنى توقۇدى.

— مۇنداق دەڭ، ھازىرقى زاماننىڭ ئادەملىرى نېمە بولۇۋاتى-دىكىن تاڭ، ۋىجدان، غۇرۇر دېگەن نەرسە قالمىدى. ئۇنداقتا بۇ يەردە نېمە قىلاي دەيسىز؟

ئادىلە ئامالسىز قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— بايا ئەسلى بىر دوستۇمنى ئىزدەپ شۇ مېھمانخانىغا بار-غان، قايتىپ چىقىشىمدا ياندىكى ياتاقنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئى-كەن، مۇنداقلا قارىۋىدىم، ئىش باشقىچە... چوقۇم سىزگە بىرەر ئىش بولۇپتۇ دەپ كىرگەنىدىم.

— رەھمەت سىزگە... سىزگە راستتىنلا كۆپ رەھمەت. ئەگەر

سىز بولمىغان بولسىڭىز، ــ ئادىلەنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى.
ــ بولدى، رەھمەت دېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا بىرى بولغان بولسىمۇ چوقۇم قاراپ تۇرمايتتى، ھەراست، ئىسمىڭىز نېمە؟
ــ ئادىلە.
ــ مېنىڭ ئىسمىم دېڭىز.
ــ دېڭىز؟ ــ ئادىلە تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقان بۇ ئىسىمدىن ھەيران بولۇپ سورىدى.
ــ شۇنداق، دېڭىز. باشقىچىلا چىرايلىق ئاڭلىنىدۇ ـ ھە ئىسمىم، ــ دېڭىز ئادىلەگە كۈلۈمسىرەپ قارىدى. ئادىلە كۆڭلىدە بۇ ئاق كۆڭۈل يىگىتكە تېخىچە رەھمەت ئېيتىۋاتاتتى.
ــ ياخشىلىق قىلغاندىكىن ئاخىرغىچە قىلاي، مېنىڭ بىر تونۇشۇمنىڭ دادىسى ئاشخانا ئاچىدۇ، ئەگەر خالىسىڭىز سىزنى شۇ يەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي.
ئادىلە خۇشال بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.
ئادىلە دېڭىزغا ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ بۇ ناتونۇش شەھەرگە كېلىپلا دېڭىزغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل يىگىتكە ئۇچراپ قالغانلىقىدىن ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولماقتا ئىدى.

## 35

ھەپتە ئۆتۈپ شېكەر شەنبە يېتىپ كەلدى، يازنىڭ ئاپتىپى ھەممە يەرنى قىزدۇرۇپ تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ياسىنىشىپ سىرتقا ماڭغانىدى، نەرگىزە بىلەن شەھەربان چىرايلىق ياسىنىپ، ئوخشاش كىيىنىپ ياتاقتىن چىقتى.
ــ شەھەربان، سەندىن بىر گەپنى سوراي، يوشۇرماي راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەرگىن، ــ دېدى نەرگىزە.
ــ سەندىن نېمە ئىشنى يوشۇراتتىم، زادى نېمە ئىشتى؟

سوراۋەرگەن.

— ئاڭلىسام ئوغۇل دوستتىن بىرنى تېپىۋاپسەن، بۇ راستمۇ؟

شۇئان شەھرىبانىنىڭ يۈزلىرى ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى.

— ئەسلىدە ساڭا ئېيتماقچى ئىدىم، مېنى زاڭلىق قىلما ـ ھە.

— ئەخمەق، سېنى نېمىشقا زاڭلىق قىلاتتىم؟ ئېيتقىنە، ئۇ زادى كىم؟

— سەن ئاڭلىساڭ چوقۇم مېنى زاڭلىق قىلىسەن؟ — دېدى شەھرىبان يەرگە قارىغىنىچە.

— ۋاي ئاللا، نېمىشقا سېنى زاڭلىق قىلغۇدەكمەن، زادى كىم؟ تېز ئېيتقىنە؟...

— ئىسمى ئىلھام، ئۆزى لوخې ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇق 2 ـ يىللىقتا ئوقۇيدۇ...

— ۋاي ئاللا، نېمە دەيدىغانسەن؟ ئۆزۈڭدىن كىچىك بىرىنى تېپىۋالدىڭمۇ؟ — دېدى نەرگىزە ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ.

— مەندىن كىچىك ئەمەس، مەن بىلەن تەڭ. شۇ، مەكتەپكە كېچىكىپ كىرىپتىكەن، — شەھرىبان جىلە بولغان قىياپەتتە شۇنداق دېدى.

نەرگىزە ئىشنىڭ جەريانىنى بىلىشكە قىزىقىپ يەنە سورىدى.

— ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالدىڭ؟ ئېيتىپ بېرە...

— ئۇنىڭ بىلەن توردا تونۇشۇپ قالدىم، ئىزدىشىپ يۈرگىلى بىر نەچچە ئاي بولغان، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەركۈنى كەچتە تېلېفوندا سۆزلىشىمىز، ھەقاچان سەن بۇ ئىشنى ياتاقداشلىرىمدىن ئاڭلىغانسەن.

ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىپ بازار چۆرگىلىدى.

# 36

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن پەيت، ھاۋا بەكمۇ سالقىن ئىدى. ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان بولۇپ، تۇرۇپ - تۇرۇپ چاقماق چېقىلاتتى. بۇ چاغدا ھەممە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن، لېكىن ئادىلە پەقەت ئۇخلىيالمايۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن مېھمانخانىدا يۈز بەرگەن ئىشتىن قورقۇپ كەتكەنىدى. راست، بۇرۇنمۇ بىر نەچچە قېتىم ئۇ كېچىسى ئۆيىگە قايتىۋاتقىنىدا يولدىكى مەستلەر ئۇ-نىڭغا قالايمىقان چاقچاق قىلىپ، ئارقىسىدىن قوغلىغان. لېكىن ئادىلە ئادەملەرنى بۇنچىۋالا دەرىجىگە بارار دەپ ئويلىمىغانىدى. دېمەك، ھازىر جەمئىيەت ئۆزگىرىپ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشقا بول-غان قاراشلىرىمۇ ئۆزگەرگەن، قىز بالا بولماق ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ ئىختىيارسىز ئەسكى بولسىمۇ دادىسىنى ئويلاپ قالدى. دادىسى ئۇنى ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇرلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئانىسى يوقلۇقىنى قىلچە بىلدۈرمىگەن، ھەرقانچە ئادىلەنى يامان كۆرسىمۇ ئۇنى قوغداپ، ئازراق بولسىمۇ مېھرىنى بېغىشلىغان... مانا ئەمدىلىك-تە ئۇ دادىسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

«بىلمىدىم، ئەسكى بولسىمۇ دادامنى، ئۆينى تاشلاپ چىقىپ توغرا قىلغاندىمەنمۇ؟!» ئۇ بۇ سۆزنىڭ ئاغزىدىن قانداقلارچە چىد-قىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى.

ئادىلە دېڭىزنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر ئاشخانىغا كۈتكۈ-چىلىككە قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭ ئەر خوجايىنى 40 نەچچە ياشلاردىن ھالقىغان، ئايالى بولسا ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئادىلەنىڭ ئىشچانلىقى ھەممەيلەنگە يا-رىغان بولۇپ، نەچچە كۈن ئۆتۈپلا ئاشخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ كەتتى. ئادىلە كۈندە قاچا - قۇچا رەتلەپ، ئۈيان - بۇيانغا چېپىپ ھېرىپ كەتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۆ-

زىنىڭ بۇ خىزمىتىدىن كۆپ رازى ئىدى. بۇ باشقىلارنىڭ قارغىد-شىنى ئېلىپ ئوغرىلىق قىلغاندىن مىڭ ھەسسە ياخشى دەپ ئويلايتتى.

دىڭىز ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاشخانىغا تاماق يېگەچ ئادىلەنى كۆرگىلى كېلەتتى. دىڭىز بىر تور شىركىتىنىڭ تېخنىك خادى-مى ئىدى، ئۇ ئادىلەنى كۆرۈپ ئۆز سىڭلىسى يادىغا كېلىپ قالغا-نىدى، شۇڭا ئادىلەگە بىر خىل ئامراق بولۇپ قالدى. دىڭىزنىڭ سىڭلىسى بەش يىل بۇرۇن قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ قازا قىلد-غان، ئادىلەنى ئۇچراتقاندىن بېرى خۇددى سىڭلىسى قايتا ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندەك ھېس قىلىدىغان بولدى.

دىڭىزنىڭ ئاق كۆڭۈل، بالىلارچە مىجەزىمۇ ئادىلەگە يېقىپ قالغانىدى. دىڭىزنى ئۆزىنىڭ نىجاتچىسى، مۇشۇ شەھەردىكى بىر-دىنبىر يېقىن ئادىمى دەپ ئويلايتتى. ئۇنى ھەردائىم كۆرگەندە ئا-دىلنى ئەسلەپ قالاتتى، ئۇ ھېلىمۇ ئادىلنى ئۇنتۇيالمايۋاتاتتى.

«ئادىل مېنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەندۇ، مەن بەربىر ئۇ-نىڭغا ماس كەلمەيمەن. ياخشىسى ئۇنى تولا ئويلاۋەرمەي...» ئادىلە شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ قالدى.

دىڭىز بۈگۈن ئاشخانىغا يەنە كەلگەنىدى. ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە ئادىلەگە قاراپ ئولتۇردى، ئادىلەگە قاراپ سىڭلىسىنىڭ ئوماق، كۈلكە پارلاپ تۇرىدىغان سىماسى كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئەگەر سىڭلىم ھايات بولغان بولسا ئادىلەگە ئوخشاش گۈزەل قىز بولات-تى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى، ئەمما تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ئاشخانا ئىچى سەل بېسىقىپ قالدى، ئادىلەمۇ چۈشلۈك تامىقىنى يېيىش ئۈچۈن دىڭىزنىڭ يې-نىدىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئادىلە، ھېرىپ كەتتىڭىز - ھە؟ — سورىدى دىڭىز ئۇ-نىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا.

— ياقەي... بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس، بەزى كىشىلەردەك كۆنبويى «ئۆجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرغاندىن كۆپ ياخشى.

بۇ گەپتىن دىلغىز كۈلۈپ كەتتى.

37

شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، زۆھرە تاھىر-نى ئىزلەپ بارمىدى، تاھىر ئۇنى يەنە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كۈلۈپ پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ بىر قانچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى، ئۇ كەلمىگەنسېرى نىمىشقىدۇر شۈكلىشىپ قالى-دىغان، ھەر دائىم كۆزلىرى ئۇنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى... مانا بۈگۈن ساق تۆت كۈن بولدى، زۆھرەنىڭ قارىسىمۇ يوق، يەنە كېلىپ ماھىرەمۇ كەلمەس بولۇپ كەتتى، ئۇ بولسىمۇ كەلسە ھېچ بولمىسا زۆھرە توغرۇلۇق بىرەر-ئىككى ئېغىز گەپلەرنى قىلىۋالسا... شۇلارنى خىيال قىلىۋاتقان يىگىت يىراققا كىملەرنى كۈتۈپ قارىغىنىدا «توۋا، زامان ئاخىرى بولۇۋاتامدۇ نىمە؟» دەپ قالدى، چۈنكى ماھىرە بىلەن بىر قانچە قىزلار ئۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— تېچلىقمۇ تاھىر.

— تېچلىقمۇ قىزلار، خېلى بولدى، كەلمەسلا بولۇپ كەت-تىڭلارغۇ...

— ئاي ئاخىرى، پۇلىمىز يوق... بىكارغا يەۋېرىشكە بولمىسا يا...

ئۇلارنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز گېپى تاھىرغا ئالەمچە بىلىنىپ كەتتى، چۈنكى ئۇمۇ زۆھرەنى پۇلى تۈگەپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى، ئەمما كاللىسىغا بۇ خىيال قانچە تېز كەلگەن بول-سا يەنە شۇنچە تېز غايىب بولدى، چۈنكى زۆھرە بەزى چاغلاردا

كاۋاپ يېمەيتتى، پەقەت «سىزگە ياردەملەشكىلى كەلدىم شۇ...» دەپ قوياتتى، ئەمما ياردەملەشكۈدەك نېمە ئىش بولسۇن دەيسە-لەر، تەييار كاۋاپ... سۈرتكۈدەك جوزا - ئۈستەللەرمۇ بولمىسا يا...

— زۆھرەچۇ؟ نەچچە كۈن بولدى... كەلمەيدىغۇ...، — تاھىر ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ سورىدى.

— كۈتۈپخانىدا قالدى، بارايلى دېسەك كىتاب ئوقۇيمەن دەي-دۇ...

— ئۆگىنىشكىلار ئالدىراش ئوخشايدۇ - ھە؟

— ئانچە ئەمەس، ئۇنىڭ ئوقۇيدىغىنى ھېكايە كىتاب... مۇ-ھەببەت رومانلىرى ئوقۇيدۇ ئۇ... ھى ھى ھى... بولۇپمۇ يېقىن-دىن بېرى تېخىمۇ شۇنداق بوپ كەتتى...

تاھىرنىڭ نېمىشقىدۇر زۆھرەنى شۇنداق كۆرگۈسى كېلىپ كەتتى، بىز دوستقۇ، ئۇنى ئىزلىسەم بولارمۇ... نېمە دەپ ئويلاپ قالار...

— سودىڭىز ياخشىكەن - ھە؟

— ھە؟...! ھەئە... يېقىندىن بېرى بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ...

قىزلار يەيدىغىننى يەپ، تاھىر بىلەن چاقچاقلىرىنى قىلىد-شىپ بولۇپ خوشلىشىپ ماڭغانىدى، تاھىر ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ماھىرەنى چەتكە تارتىپ زۆھرەنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سورىدى.

— يائاللا، ئاخىر ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭىز...، — ماھى-رە خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا دەپتىرىنىڭ بىر ۋارىقىغا زۆھرەنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

ماھىرەنىڭ ئۇنداق دېيىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ئۇ دوستىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ، زۆھرە ئىچى كۆچلۈك قىز، ئاساد-

لىقچە باشقىلارغا سىر بەرمەيدۇ، ئەمما ئۇ بىر قانچە قېتىم ما-ھىرە بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا بىلىپ - بىلمەي تاھىرغا بولغان مايىللىقىنى ئاشكارىلاپ قويغان.

— ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپسەن، — دەپ تەبىر بەردى ماھىرە بىر كۈنى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — مۇشۇ كەمگىچە سېنىڭ ئاغزىڭدىن بىرەر ئوغۇل بالىنىڭ مۇنچە كۆپ گېپىنى قىلغىنىڭنى ئاڭلىمىغانمەن. لېكىن سەندە ئازراق ئۇنى كەمسىتىش ئىدىيەسى باركەن...

— ياق ئۇنداق ئىش يوق، قەتئىي ئۇنداق ئىش يوق، مەن ئۇنى ھۆرمەتلەيمەن، چوڭ بىلىمەن، قەتئىي ئۇنداق خىياللاردا بولۇپ باقمىدىم...

زۆھرە ئەينى ۋاقىتتا دوستىغا تېزلا رەددىيە بەرگەنىدى. ماھىرە كۈلۈپ قويۇپ باشقا ئارتۇق گەپ قىلمىغان، ئۇلار ھەر ئىككىلىسى نېمىنىدۇر ئويلاپ خىيالغا چۆكۈپ كېتىشكەنىدى.

## 38

ئادىل ئىشخانىسىدا تاماكا چەككەچ يارقىنىنىڭ سۆزلىرىنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى. ئەگەر يارقىنىنىڭ پەرەز قىلغانلىرى راست چىقسا، ئۇ چاغدا... ئادىل ئۆز خىيالىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈپ كەتتى. لېكىن يارقىن نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشقا شۇنچە كۆ-چەپ كېتىۋاتقاندۇ؟ ئەجەبا ئۇمۇ ئادىلنى ياخشى كۆرۈپ قالغان-مىدۇ؟؟ ۋۇي توۋا... بۇلارنى ئەجەب ئويلىماپتىمەن، يارقىننى تۈنجى ئۇچراتقىنىمدىمۇ ئۇ ئىككىسى پاراڭلىشىپ تۇرۇپتىكەن. تېخى يارقىن مېنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ يالغاندىن بىرنى توقۇغانى-دى. ئادىل بۇلارنى ئويلىغانسېرى ھەسەت ئوتلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. توۋا... كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ بولىدۇ-ھە. بۇرۇن كىنولاردا ساقچىنىڭ بىر ئوغرى قىزنى ياخشى كۆرۈپ

قالغانلىقىنى كۆرسەم بۇ كىشىلەرگە ئىشلەيدىغان نەرسە چىقماي ئەمدى مۇشۇنداق كىنولارنى ئىشلەپ يۈرۈپتۇ، دەپ ئويلايتتىم، ئەمدى بۇ ئىش ئۆز بېشىمغا كەلگەندە ئەجەب نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن. تېخى بۇ ئىككى ساقچى يىگىت بىلەن بىر ئوغرى قىزنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى بولۇۋاتىدۇ... بۇنىڭ ئاخىرىنى ئۆزۈم چوقۇم ياخشى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشىم كېرەك، چوقۇم ئادىلەنى بەختلىك قىلىشىم كېرەك.

تۇيۇقسىز سىرتتىن ئاڭلانغان ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئۇنىڭ خىياللىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. سىرتتا 50 ياشلار چامىسىدىكى ئەر ساقچى ياقۇپجان بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئادىل دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ توۋلىدى:

ــ ياقۇپجان، نېمە ئىش؟

ــ بۇ ئادەم قىزىم يوقاپ كەتتى دەپ مەلۇم قىلىپ كەپتۇ...

بۇ گەپ ئادىلغا قىزىق تۇيۇلدى، ئۇ ساقچى بولغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم بىر ئادەم قىزىم يوقاپ كەتتى، دەپ دېلو مەلۇم قىلىپ كەلگەنىدى. ئادىل ياقۇپجاننى ئۇ ئادەمنى باشلاپ ئىشخانىسىغا كىرىشكە بۇيرۇق قىلدى.

ــ قېنى ئولتۇرۇڭ، ــ ئادىل ئۇ كىشىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ــ مەن بۇ ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ئادىل بولىمەن. نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ماڭا ئېيتىسىڭىز بولىدۇ.

ئۇ ئادەم ئادىلنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە قارىۋېتىپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىسىز بىر ئۇچقۇنلار يالتىراپ تۇراتتى.

ــ بۇ ئىش يۈز بەرگىنىگە بىر نەچچە كۈن بولدى، بىر كەچتە قىزىم بىلەن بىر ئىشتا گەپ تالىشىپ قېلىپ ئاچچىقىمغا پايلىماي ئۇنى بىر تەستەك سايتىمەن. مەنغۇ ئەزەلدىن قىزىمنى

ئۇرۇپ باقمىغانىدىم، ئانىسى تۇگەپ كەتكەندىن بېرى ئۇنى كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ ئوقۇتۇپ ياخشى تەربىيەلىگەنىدىم، شۇ بىر قېتىملىق ئىش ئۇنىڭغا بەك تەسىر قىلىپ كەتتىمۇ، شۇ بىر يوقاپ كەتكەنچە هازىرغىچە ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى، ئۇنى ئىزدەپ بارمىغان جايلىرىم قالمىدى، ئاخىر ئامالسىز سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا ياردەم سوراپ كەلگەنىدىم، قىزىم تېپىلىدىغانلا ئىش بولسا قانچە پۇل كەتسە مەيلىتى...

ئادىل ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلدى. بۇ ئادەم ئۇنىڭغا بەكمۇ تونۇشتەك بىلىندى، لېكىن پەقەت ئەسلىيەلمىدى.

— مۇنداق دەڭ، ئۇنداقتا بىز ئىزدەپ باقايلى، ئاۋۋال بۇ كاتەكچىلەرنى تولدۇرۇپ چىقىڭ.

ئادىل شۇنداق دەپ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى. ئۇ ئادەم بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە كاتەكچىلەرنى تولدۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— قىزىڭىزنىڭ سۈرىتىنى ئالغاچ كەلدىڭىزمۇ؟

ئادىل ئۇ ئادەمدىن سورىدى.

— ھەئە، ئالغاچ كەلدىم، بۇ ئۇنىڭ تېخى يېقىندا چۈشكەن سۈرىتى ئىدى.

ئۇ ئادەم شۇنداق دېگەچ يانچۇقىدىن سۈرەتنى ئېلىپ ئادىلغا سۇندى. ئادىل سۈرەتنى ئېلىپ قارىدى - يۇ، چۆچۈپ كەتتى. بۇ ئادىلەنىڭ سۈرىتى ئىدى. ئادىل ئۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەندىشە، قورقۇنچ، ۋەھىمە چىقىپ تۇراتتى.

ئادىل ئادىلەنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ يۈرەكلىرى ئېچىشتى، قەلبى ئۆزىمۇ بىلمىگەن تۇيغۇلار ئىلكىدە ئاچچىق بولۇپ قالدى، ئۇ ئادىلەنىڭ دادىسى دىققەت قىلمىغان پۇر-

سەتتىن پايدىلىنىپ، تېلېفوننى ئويىنىغان بولۇپ ئۇنى سۈرەتكە تارتىۋالدى.

— بولىدۇ ئەمىسە، سىز قايتىپ تۇرۇڭ، بىز قىزىڭىزنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالىساق سىزگە مەلۇم قىلىمىز.

ئادىلەنىڭ دادىسى ئۇلارغا رەھمەت ئېيتقىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ ئادىلغا نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويدى، ئادىل ئادىلەنىڭ رەسىمىگە قاراۋاتقاچقا، ئۇ ئادەمدىكى بۇ خىل ئىپادىنى كۆرمەي قالدى. ئادىلەنىڭ دادىسى ئەسلىدە دوستى ئەركىنىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ساقچى باشلىقى ئادىلدىن گۇمانلىنىپ، ئادىلە چوقۇم ئۇنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالدى، دېگەن پەرەز بويىچە قىزىنى يوقاپ كەتتى، دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدى. بايا ئادىلنىڭ ئادىلەنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتكەندىكى قىياپەتلىرىدىن، كۆزلىرىدىكى ئەندىشە، ھەسرەت ئۇچقۇندىلىرىدىن ئادىلەنىڭ ئۇنى ئىزدىمىگەنلىكىنى بىلىۋالدى.

— باشلىق، بۇ قىز ئەجەب تونۇش كۆرۈنىدىغۇ؟ — ياقۇپجان ئادىلدىن سورىدى.

— ھەئە، بۇياق ئادىلە. بىر قېتىم بىرسىنىڭ پورتمانى يوقاپ كېتىپ مەلۇم قىلىپ كەلگىنىدە، بۇ قىز تېپىۋېلىپ تاپشۇرۇپ بەرمىدىمۇ؟

— ھە... ھە... دەل شۇ قىز ئىكەن. بايا بىر كۆرۈپلا بۇ قىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىۋىدىم.

ئادىل ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ كاللىسى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئادىلەدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى.

«ھەي، بۇ ئېغىر كۈنلەر بېشىڭىزغا كەلگىنى ئازدەك يەنە قەيەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈيدىغانسىز ئادىلە. مېنىڭ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسىڭىزچۇ؟! مېنى

يەنە ئازابتا، نادامەتتە قويۇپ قەيەرلەردە يۈرۈيدىغانسىز...» ئادىل ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلىنىپ كەتتى، ئۇ خۇددى ئادىلەنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ كۆڭلى بۇزۇلدى.

— باشلىق، قانداق قىلىمىز؟ بۇ قىزنىڭ سۈرىتىنى كۆپەيـ. تىپ باستۇرۇپ ئېلان چىقىرامدۇق ياكى...

— ھازىرچە بۇ ئىشلارنى قويۇپ تۇرايلى. سەن ھازىرلا ماڭا بۇ كىشىنىڭ سۈرىتىنى يۇغۇزۇپ ئەكېلىپ بەرگىن. قارىغاندا، بۇ ئانچە ئاددىي ئىش ئەمەستەك قىلىدۇ. ئاۋۋال بىز ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىقلاپ چىقايلى، — ئادىل شۇنداق دېگەچ بايا ئۇ تېلېفوندا تارتىۋالغان سۈرەتنى بارماق دىسكىغا قاچىلاپ ياقۇپجانغا بەردى.

ئادىل ئادىلەنىڭ سۈرىتىنى تۇتقىنىچە بېشىنى قامالالاپ چوڭـ. قۇر خىياللارغا بەنت بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

39

بۈگۈن ئەخمەت بەكمۇ خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇ سوممىسى 5 مىڭ يۈەن بولغان ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭـ. دىن بېرى مۇشۇ كۈننى كۈتۈپ كەلگەنىدى. بۈگۈن يەنە نەرگىزەـ. نىڭمۇ تۇغۇلغان كۈنى بولۇپ، ئۇ نەرگىزەنى تازا بىر خۇشال قىلـ. لىۋېتىشنى ئويلىدى. ئۇ ئاۋۋال بانكىغا بېرىپ كارتىدىن مىڭ يۈەننى چىقاردى. ئاندىن نەرگىزەگە تېلېفون قىلدى. ئىككىسى يەنە بۇرۇنقى كونا جايدا كۆرۈشمەكچى بولۇشتى.

ئەخمەت كەلگەندە نەرگىزە ئالىلىبۇرۇن چىقىپ ئەخمەتنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدى. نەرگىزە بۈگۈن ئەخمەتكە تېخىمۇ گۈزەل، چىرايلىق، ئوماق كۆرۈنۈپ كەتتى.

— نەرگىزە، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن! — ئەخـ. مەت كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى.

ـــ رەھمەت... رەھمەت. بۈگۈن بۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى قېتىم تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەبرىكلەپ بولدىڭىز.
ـــ سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى يۈز قېتىم تەبرىكلىسەممۇ ئەرزىيدۇ، ـــ ئەخمەت شۇنداق دېگەچ ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ قولـ لىرىنى تۇتتى، نەرگىزە خىجىل بولۇپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى.
ـــ نەرگىزە، بۈگۈن ماڭا مەكتەپتىن 5 مىڭ يۈەن ئوقۇش مۇكاپاتى بەردى. ئەسلىي تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە سىزگە ئۆز قولۇم بىلەن سوۋغات بېرىشنى ئويلىغانىدىم. لېكىن كېيىن ئويلاپ سىز بىلەن بىللە بازارغا چىقىپ سىز نېمىنى ياقتۇرسىڭىز شۇ- نى ئېلىپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم، ـــ ئەخمەت ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى. چۈنكى بۇ ئىككىسى ئارىلاشقاندىن بېرى تۇنجى قېـ تىم ئۆتكۈزگەن تۇغۇلغان كۈن ئىدى، ئۇ نەرگىزەنىڭ خۇشال بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى.
ـــ ئەخمەت، سىزنىڭ بىر ئېغىز «تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبا- رەك» دېگەن سۆزىڭىزنىڭ ئۆزىلا مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك سوۋغات. سىزگە كۆپ رەھمەت. مېنىڭچە سوۋغات ئېلىپ يۈرۈش- نىڭمۇ ھاجىتى يوق. بۈگۈن سىز يېنىمدا بولسىڭىزلا بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ خۇشال ئۆتكۈزگەن تۇغۇلغان كۈنۈم.
ئۇلار ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ ئاخىر نەرگىزەگە سوۋغات ئېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقىشتى. ئەخمەت نەرگىزەنى يېتىپ كەتمىسۇن دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.
ئۇلار كىچىك باللاردەك سەكرەپ ئويناشىپ دۇكانمۇدۇكان كىرىپ، نەرگىزەگە ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي، بىر قۇر كىيىم- كېچەك، ئەرزان باھالىق زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى سېتىۋېلىش- تى. نەرگىزەگە سوۋغاتلارنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تۇركىيە- لىكلەر ئاچقان مۇسۇلمانلار تېز تاماقخانىسىغا كىرىپ ئىتالىيە

چۆپى يېيىشتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى بازارغا چىقىپ سەي ـ كۆكتات، گۆش... قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشتى. ئەسلىي ئىككىسى بىللە مەكتەپ يېنىدىن بىر كۇنلۇك ئۆي ئىجارە ئالغان بولۇپ، نەرگىزە بۇگۈن ئۆز قولى بىلەن ئەخمەتكە تاماق ئېتىپ بەرمەكـ چى بولغانىدى. ياتاقتا كەلگەندىن كېيىن ئەخمەت بىر ئۇيغۇر ساۋاقدىشىدىن قازان ـ قومۇچ، لازىملىق نەرسىلەرنى سوراش ئۇچۇن مەكتەپتە كىرىپ كەتتى. ئادەتتە بىر قىسىم ئوقۇغۇ ـ چىلار تاماق ئېتىشكە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋالغان بولۇپ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سىرتتىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ بىللە تاماق ئې ـ تىپ يېيىشەتتى.

ئەخمەت مەكتەپكە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن نەرگىزە ئەخمەت ئېلىپ بەرگەن كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيدى، زىبۇ ـ زىننەتلەر ـ نى تاقىدى. ئۇ ئەينەكتىن ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ بۇ بەختلىك تۇرمۇشىدىن خۇشال بولۇپ ئۆزىچىلا كۇلۇپ كەتتى.

نەرگىزە تۇيۇقسىز ئېسىگە بىر ئىش كەلگەندەك قىلىپ دادىسىغا تېلېفون ئۇردى. دادىسىمۇ ئارزۇلۇق قىزىنىڭ تۇغۇلغان كۇنىنى تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا بەخت، ئاسايىشلىق تىلىدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئەخمەت قازان ـ قومۇچلارنى ئېلىپ كىر ـ دى. ئۇ نەرگىزەنىڭ بۇگۈن ئالغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىپ تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ئۆ ـ زىنى تۇتالماي ئۇنىڭ يۈزىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

ئىككىسى بىللە تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى. ئۇلار ھەرخىل سەيلەرنى قورۇپ، بىردەمدىلا ئۇستەلنى توشقۇزۇۋەتتى. بىر ئاز ـ دىن كېيىن ئەخمەت بىر قەغەز كوروپكىنى ئېچىپ تورتنى تەييار قىلدى، نەرگىزە تورت ئۇستىگە يېزىلغان «جېنىم نەرگىز، تۇ ـ

غۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى. ئىككىسى بىللە ئولتۇرۇپ تۇغۇلغان كۈن ناخشىسىنى ئېيتقاندىن كېيىن نەرگىزە شامنى پۈۋلىدى. ئۆز قولى بىلەن ئەتكەن تاماقنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇلارنىڭ ئىشتىھالىرىنى شۇنچىلىك ئېچىۋەتكەنىدىكى، تورتنى يەپ بولغاندىن كېيىن تەڭلا تاماققا يوپۇرۇلدى.

ئاندىن ئەخمەت تېلېفوندىن نەرگىزە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئابدۇغېنى ئابلىكىم خالىنىڭ «ئاشىقلار سۆيگۈسى» ناملىق ناخشىسىنى قويۇپ قويدى ھەم كۆلگىنىچە نەرگىزەنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى، نەرگىزە ئىللىق جىلمىيىپ ئورنىدىن تۇردى. بۇ بىر جۈپلەر خۇشاللىققا تەڭ جۆر بولۇپ تانسىغا چۈشتى.

تېلېفوندىن چىقىۋاتقان يېقىملىق ناخشا خۇددى بۇ بىر جۈپلەرگە ئاتاپلا ئېيتىلغاندەك ئۇلارنىڭ قەلبىنى شادلىق ھېسلىرىغا چۆمدۈرگەنىدى.

بارلىقىمسەن، ئايىمسەن بىلسەڭ سۆيگۈمنى،
كەلگىنە، سۆيۈملۈك، قەدىرلىك يارىم.
نۇرۇمسەن، كۆزۈمسەن، بىلسەڭ قەلبىمنى،
زار ئەتمە مېنى، ئەزىزىم، يايرىم...

نەرگىزە ئەخمەتنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرغان رومانتىك تۇغۇلغان كۈنىدىن خۇشال بولۇپ، تانسا ئوينىغاچ ئۇنىڭغا مەپتۇنلارچە قاراپ قالغانىدى، ئەخمەت بولسا ئۆزى چىن قەلبىدىن سۆيگەن قىزنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى كۆرۈپ شادلىققا چۆمگەنىدى. ئىككىيلەن بىر ـ بىرىنىڭ بەدىنىدىكى ھارارەت ھەتتا تىنىق ـ نەپەسلىرىنىمۇ سېزەلەيدىغان ھالەتتە تانسا ئوينىماقتا ئىدى. نەرگىزە ئۈچۈن بۇ كۈن ئەڭ ئۇنتۇلماس، ئەڭ قىممەتلىك كۈن ھېسابلىناتتى.

## 40

تاھىر بۈگۈنمۇ كاۋاپنى خېلى بۇرۇن سېتىپ بولدى، دېمەك، بۈگۈنمۇ بازار كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى ئىدى. ئۇ زۆھرەنىڭ تېلېفون نومۇرى بار قەغەزنى قولىغا ئالغاندىن بۇيان يەنىلا ئىككىلىنىشتە ئىدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئۆزىگە كۆپ سوئاللارنى قويدى، ئەمما ئۆزى قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب تاپالمىغانىدى. ئەمما ھازىر ئۇلتۇرسا ـ قوپسا خىيالىنىڭ زۆھرە تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزگەنىدى. بۈگۈن زۆھرە بىلەن كۆرۈشمىگەنگە ساق بەش كۈن بولغانىدى، ئۇ ھەر كۈنى ئىنتىزارلىق ئىلكىدە ئۇنىڭ يولىغا قارايتتى، تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ ئۇنى خۇشال قىلىۋېتىشىنى، تەشنالىق ئىلكىدە تۇرغان يۈرىكىگە ئازراق بولسىمۇ شىپاھ بولۇشىنى تىلەيتتى. ئەمما زۆھرە كەلمىدى، تاھىرنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. قىممەتلىك بىر نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇپ ئۇھ تارتاتتى، پۇچۇلىناتتى. شۇندىلا زۆھرەنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھەقىقىي تۇردە ھېس قىلدى. ئۆزىنى باش ـ ئاخىرى يوق بىر خاتا يولغا كىرىپ قالغاندەك سېزەتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى زۆھرەگە ماس كەلمەيمەن، دەپ قارايتتى. ئۇ دېگەن ئالىي بىلىم ساپاسىغا ئىگە ياش، ئۆزى بولسا تۇزۇك مەكتەپ يۈزىمۇ كۆرمىگەن، قولىدىن قارا ئىشتىن باشقا ئىش كەلمەيدىغان بىر كاۋاپچى، خالاس. تاھىر شۇلارنى ئويلاپ ئەمدى زۆھرەنى ئويلىماسلىقنى، ئامال بار ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشماقچى بولدى. ئەمما دېگەنىدەك قىلالماسلىقنىڭ بەسى مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى ئەمدىلەتىن ھېس قىلىۋاتاتتى، زۆھرە ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى، شوخ ئاۋازى بولسا قۇلىقىدىن نېرى كەتمەيتتى.

— تاھىر تېلېفون قىلدىمۇ ئاداش؟ — خىيالغا پېتىپ ئول-

تۇرغان زۆھرە دوستى ماھىرەنىڭ گېپىدىن چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى.

— نېمە دېدىڭ؟

— تاھىر تېلېفون قىلدىمۇ دەيمەن، تۈنۈگۈن سېنىڭ نومۇ-رۇڭنى يېزىپ بەرگەنىدىم. تېخى كۆڭلۈمدە ئىككىڭلارنى كۆرۈ-شۈشكىمۇ پۈتۈشۈپ بولدىمىكىن دېگەن...

ماھىرەنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى، زۆھرە يەنە چوڭقۇر خى-ياللارغا پېتىپ كەتكەنىدى.

ماھىرە شۇ گەپنى قىلغانغىمۇ نەچچە كۈن بولدى، تاھىردىن تېلېفون كېلىپ قالمىغىيتتى دەپ تېلېفونغا نەچچە رەت قارى-دى. تېخى ئاخشاملىرىمۇ تېلېفوننى تۇتقان پېتى ئۇخلاپ قال-دى. ئەمما تاھىردىن ھېچبىر سادا يوق...

زۆھرە ئايىمىنىساخان ئاچىدىن تاھىرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن بۇيان ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ناھايىتى يېقىندەك ھېس قىلاتتى. بىر چاغلاردا زۆھرەمۇ يامان كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوغرى-لىق قىلغان، سەبىي قەلبىگە ئازابنىڭ كۆرۈنمەس تامغىلىرى مەھكەم بېسىلغانىدى. ئەگەر ئۇنى ھازىرقى ئاتا ـ ئانىسى قۇتۇل-دۇرۇۋالمىغان بولسا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا خاتىرجەم، خۇشال تۇرمۇش كەچۈرۈشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن نېسىپ بولمايدىغان بىر شېرىن چۈش بولۇپ قالاتتى. شۇلارنى ئويلىغانسېرى زۆھرە ھازىرقى ئاتا ـ ئانىسىدىن كۆپ مىننەتدار بولاتتى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ باققان ئەجرىگە ياخشى جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلايتتى. زۆھرە ياستۇقى ئاستىدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆيۈنۈش چىقىپ تۇرغان يۈزلىرىگە مېھىر بىلەن سۆي-دى. ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىغا ئەكەلمەكچى

بولدى، ئەمما كاللىسىدا ھېچنېمە يوق، پەقەت ناھايىتى خىرە، تۇتۇق، ساقچى كىيىمى كىيگەن بىر كىشىنىڭ سىماسى غىل ـ پاللا كۆرۈنۈپ تېزلا يوقاپ كەتتى.

## 41

قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەرگە يېڭى بىر كۈننىڭ باشلانغان ـ لىقىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى، ئاپئاق قار زېمىن يۈزىگە لەپىلـ ـ دىمەكتە، كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىن غىرىس ـ غىرىس قىلغان ئاۋازلار توختىماي ئاڭلىناتتى. دېڭىز بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىگە خىزمەت ئىشى ئۈچۈن بارماقچى ئىدى. شۇڭا ئۇ كېتىشتىن ئاۋۋال ئاشخانا غوجايىنىدىن ئادىلە ئۈچۈن يېرىم كۈنلۈك رۇخسەت سورىدى. بۈگۈن سىڭلىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، ئۇ ھەر يىلى مۇشۇ كۈندە ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن سىڭلىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەيتتى. ئۇ بۈگۈن ئادىلە ـ نى خۇشال قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇنتۇلماس بىر كۈننى ئۆتكۈز ـ مەكچى بولغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىۋاتقان دېڭىز خۇددى سىڭلىسى يېنىدا باردەك ھېس قىلدى، بۇ خىل ھېسلاردىن سىڭ ـ لىسىغا بولغان سېغىنىش ئوتى كۈچىيىپ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى.

— بۈگۈن ئەجەب غەلىتىلا بولۇپ قاپسىز، قېنى ماڭا ئېيتىد ـ ڭە، بۈگۈن زادى قانداق كۈن؟ ئەجەب ماڭا دېمەيلا مەن ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ قاپسىزغۇ؟ — ئادىلە ئۆزىنىڭ نىجاتچىسى بىلەن بىرگە مېڭىۋاتقىنىدىن خۇشال بولۇپ تۇرسىمۇ يەنىلا ھەيرانلىق ـ تا قالغانىدى.

— باشقىچە كۈنمۇ ئەمەس، سىز ئۇرۇمچىگە كەلگىلىمۇ خېلى بولۇپ قالدى. شۇڭا بۈگۈن سىزنى ئۇرۇمچىنى ئايلاندۇرۇپ كېلەي ـ مىكىن دەپ شۇ... — دېڭىز شۇنداق دېگەچ ئۇنىڭغا مېھىر بىلەن

قارىدى. بۇ خىل قاراشلاردىن ئادىلە ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بىر مېھىرنى، قېرىنداشلىق مېھرىنى كۆرگەندەك بولدى.
سىرتتا لەپىلدەپ قار ياغماقتا ئىدى، ئىككىسى قەھۋەخانىغا كىرىپ بىر ئىستاكاندىن قەھۋە ئىچمەكچى بولۇشتى. ئادىلە تا ھازىرغىچە قەھۋە ئىچىپ باقمىغان بولغاچقا، بىر يۇتۇم ئىچىپلا ياندۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدى.
— كىنولاردا ئەجەب قەھۋە، قەھۋە دېسە نېمە نەرسىكىن دەپ-تىمەن. نېمانداق قىرتاق، غەلىتە نەرسە بۇ. ئۇ خەقلەر قانداق ئىچىدىكىنە...
دېگىز ئادىلەنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى.
ئىككىسى قەھۋەخانىدا خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، دېگىز ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى، سىڭلىسى ھەققىدە ئادىلەگە سۆزلەپ بەردى، بۇنى ئاڭلاپ ئادىلەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغاندى، ئەمما دېگىز-نىڭ قەلب يارىسىنى قايتا تاتىلاپ قويۇشنى خالىماي ئۇنىڭغا تە-سەللى بەردى. دېگىز بىلەن مەڭگۈلۈك ئاكا-سىڭىل بولۇشقا ۋە-دىلەرنى بېرىشتى.
ئۇلار قەھۋەخانىدىن چىققاندا، تېخىچە قار توختىمىغان بو-لۇپ، پۈتۈن زېمىن ئاق لىباسقا ئورانغانىدى، ئۇلار تاكسى توسى-دى، تاكسى ئۇلارنى قىزىلتاغ باغچىسىغا ئاپىرىپ قويدى. ئادىلە بەكمۇ خۇشال ئىدى، ئۇ دوستلىرىدىن ئۇرۇمچىنىڭ قىزىلتاغ باغچىسىنىڭ نامىنى كۆپ ئاڭلىغانىدى، ئاخىر بۇ يەرنى ئۆز كۆ-زى بىلەن كۆرۈشكە، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ نىجاتچىسى ئاكىسى بىلەن بىللە كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانىدى. ئادىلە ھەممىنى، ھەممە ئازاب-دەردلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا بۇ كۈننى خۇشال ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلاتتى، كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك، مەنىلىك ئۆتۈشىنى ئۇلۇغ ئاللادىن تىلىدى.

ئۇلار باغچىدىن قايتقاندىن كېيىن بىر ئېلېكترونلۇق ئو-يۇنچۇقخانىغا كىرىپ ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناشتى. پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئويۇنچۇق ئويناۋاتقان ئادىلەگە قاراپ دېڭىزنىڭ مەستلىكى كەلدى.

— ئادىلە، جېنىم سىڭلىم، مەن سىزنىڭ مەڭگۈ مۇشۇنداق كۈلۈپ تۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، داۋاملىق كۈلۈپ تۇرۇڭ.

ئادىلە دېڭىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىللىق كۈ-لۈمسىرەپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ دېڭىزنىڭ كۆزلىرى-نىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارىدى، بۇ كۆزلەردىن ئاجايىپ مېھرىبان-لىق، ھېسداشلىق نۇرلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئادىلەمۇ دېڭىزغا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قارىدى. تۇيۇقسىز دېڭىزنىڭ تېلېفونى سايراپ قالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھە، بىر دوستۇم بىلەن سىرتتا ئىدى-دىم. بولىدۇ، مەن بىردەمدىن كېيىن ساڭا تېلېفون قايتۇراي... خوش ئەمىسە.

ئۇ شۇنداق دەپ تېلېفوننى قويدى، ئادىلە ئۆزىنى دېڭىزنىڭ ۋاقتىنى ئېلىپ قويغاندەك ھېس قىلىپ قالغانىدى.

— دېڭىز، ياق ئاكا. ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ. بۈگۈن مې-نى ئېلىپ چىقىپ ئويناتقىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت. ئەمىسە، قاي-تايلىمۇ؟...

دېڭىز ئادىلەنىڭ ئۆزىنى «ئاكا»دەپ چاقىرغانلىقىدىن يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى، بىر خىل قېرىنداشلىق مېھ-رىنىڭ تەسىرىدە يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. دېڭىز يول بويى قى-زىقارلىق گەپلەرنى قىلىپ ئادىلەنى كۈلدۈرۈپ ماڭدى. ئۇلار ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، دېڭىز سومكىسىدىن بىر چىرايلىق بولانغان قاپنى چىقىرىپ ئادىلەگە ئۇزاتتى.

— سىڭلىم، بۇ مېنىڭ سىزگە بولغان ئازراق كۆڭلۈم، قوبۇل

قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئادىلە ھەيرانلىق ئارىلاشقان كۆزلىرىنى دىگىزغا تىكىپ تۇ-رۇپ ئېيتتى:

— بۇ نېمە، ئاكا؟ بۈگۈن يا باشقىچە كۈن بولمىسا ماڭا نې-مىشقا سوۋغات بېرىپ يۈرۈيدىغانسىز؟

— ھېلى مەن كەتكەندە ئېچىپ قارىسىڭىز بىلىپ قالىسىز. قوبۇل قىلىڭ ئۇماق سىڭلىم.

ئادىلە خىجىل بولۇپ قالغانىدى، ئۇ شۇنداقتىمۇ دىگىزنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇشنى خالىماي سوۋغاتنى قوبۇل قىلدى. دىگىز ئۇنىڭغا ئاكىلىق مېھرىنى بېرىۋاتسا ئۇ قوبۇل قىلماي تۇرالى-سۇنمۇ...

— خوش ئەمىسە سىڭلىم، ياخشى ئارام ئېلىڭ، — دىگىز ئۇ-نىڭ بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى.

— خوش ئەمىسە ئاكا، سىزمۇ ياخشى ئارام ئېلىڭ. سىزگە كۆپ رەھمەت.

ئادىلە ئاشخانا ئىچىگە كىرگەچ سوۋغاتنى ئاچتى، ئۇنىڭ ئى-چىدە بەكمۇ چىرايلىق يان تېلېفوندىن بىرى تۇراتتى. ئادىلە تې-لېفوننى ئەمدى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشى، تېلېفون سايراپ كەتتى. ئادىلە تېلېفوننى ئاستا قولىغا ئالدى:

— قانداق سىڭلىم، سوۋغام سىزگە ياردىمۇ؟ — تېلېفوندىن دىگىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— ئاكا، مەن...

— سىزنىڭ ياخشى كۆرۈپ ئىشلىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن ئۇماق سىڭلىم. ئەمدى سىزدە تېلېفون بولغاندىن كېيىن بىز دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرالايمىز. قانداق ئىشقا يولۇقسىڭىز مېنى ئىزدەپ تېلېفون قىلىڭ. مېنى ئۆز ئاكىڭىزدەك كۆرۈڭ جېنىم

سىڭلىم...

ئادىلە ئۈندىمىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ياشلار توختىماي تۆكۈلەتتى. ئادىلە بۇنداق سەممىي مېھىر - مۇھەببەتتىن بەھرىمەن بولمىغىلى قانچە ئۇزۇن بولغانىدى - ھە! ئىنسانىي مېھرلەر، ساپ ئىنسانىي مېھرلەر ئادەم ئۈچۈن ئاجايىپ قۇدرەتكە ئىگە مەنىۋى ئوزۇق بولىدۇ. دېڭىز ئۇنىڭغا خوش دېگەندىن كېيىنلا ئۇ تېلېفوننى قويۇپ ئاستا بىكار ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — تۇيۇقسىز كەينىدىن ئاڭلانغان ئاۋازدىن ئادىلە چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئاشخانا غوجايىنى تۇراتتى.

— شۇنداق، ھازىر قايتىپ كەلدىم.

— بۇگۈن كۆڭۈللۈك ئوينىدىڭىزمۇ؟ بەلكىم ھېرىپمۇ كەتكەنسىز، بولمىسا كىرىپ بالدۇر ئارام ئېلىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن خېرىدارلارمۇ جىق ئەمەس، بىردەم تۇرۇپ ئاشخانىنى تاقايلى دەپ تۇرغانىدۇق...

— ئۇنداقتا قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋېتىپ ئارام ئالاي ئەمەسە... — ئادىلە شۇنداق دېگەچ ئاشخانا ئىچى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— بايا باشقا باللار يۇيۇپ بولۇشتى، يۇيىدىغان قاچا - قۇچىلارمۇ يوق، بولدى، سىز بالدۇر ئارام ئېلىڭ.

— بۇ... ئەمىسە سىزگە كۆپ رەھمەت، — ئادىلە شۇنداق دېگەچ ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئاشخانىغا يانداش سېلىنغان قورۇ ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

ئادىلە ياتاق ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن بايا دېڭىز سوۋغا قىلغان تېلېفوننى ئېلىپ يېنىش - يېنىشلاپ قاراپ كەتتى، ئۇ

يەر - بۇ يېرىنى بېسىپ سىناپمۇ باقتى. ئۇ بۈگۈن بەكمۇ خۇشال ئىدى، ئىچىدە دېڭىزغا مىڭ رەھمەتلەرنى ئېيتتى، ئۆزىنىڭ بۇ ناتونۇش شەھەرگە كېلىپ ئاكا تېپىۋېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. كۆڭلىدە سۆيۈملۈك ئاكىسىغا بەخت، ئامەتلەرنى تىلىمەكتە ئىدى...

## 42

ئادىل ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدى، بۈگۈن ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم ئىدى. ئادىلەنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئادىل بۈگۈن بىر كۈن ئۆزى گۇمان قىلىغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ ئادىلەنى ئىزدىدى، لېكىن ھېچ يەردىن ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلالمىدى. ئۇ ئادىلەدىن بۇنداقلا ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى، قانچىلىغان قېتىم ئۇنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ بەختلىك قىلىشقا ئۆز - ئۆزىگە ۋەدە بەرگەنىدى. ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا ئۆزىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ، تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

ئانا ئوغلىنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ئوغلىنىڭ چىرايىدىن چۈشكۈنلۈك، مەيۈسلۈك، قايغۇرۇشقا ئوخشاش ئالامەتلەر تامامەن بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئوغلۇم، بۈگۈن ئەجەب كەچ قايتىپ كەلدىڭ، ساڭا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — ئانا ئوغلىدىن ئەنسىرەپ سورىدى. ئادىل ئانىسىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— ئازراق ئىشلار بىلەن كەچ قالدىم ئانا، ئەنسىرىمەڭ، ھېچ ئىش يوق...

— بەللى، ھېچ ئىش يوق دېگىنىڭ بىلەن ماۋۇ چىرايىڭ بىر ئىش بولغانلىقىنى ئاشكارىلاپلا تۇرمامدۇ؟ مەن دېگەن سېنىڭ ئا-

ناڭ بالام، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ماڭىمۇ دېگۈلۈڭ يوقمۇ؟... قارىـ
غىنە، بىر دەمدە يالغاندىن كۈلگەن بولۇۋالغىنىڭنى مەن سەزمەي
قالارمەنمۇ؟...
ئادىل ئانىسىغا قاراپ ئېغىر بىر تىنىۋەتتى.
ــ ئانا، ئادىلە... ئۇ... ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.
ــ ئادىلە؟ قايسى ئادىلە؟ ــ ئانا ئاڭقىرالماي قالغانىدى.
ــ ھېلىقى بىر قېتىم يولۇچىلار بېكىتىدە سېنىڭ نەرسىـ
لىرىڭنى كۆتۈرۈشۈپ بەرگەن قىزچۇ؟...
ــ ھە؟! ۋاي ئالالا بالام، ئۇ بىچارە قىزنىڭ بېشىغا ئەمدى نېـ
مە بالا كەلگەندۇ؟ زادى نېمە ئىش سەۋەبىدىن؟ ــ ئانىسى ئوغلىـ
نىڭ ئادىلەنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۆيدىن
چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئانىسىمۇ ئوغلى ئورنىدا قايغۇـ
رۇشقا باشلىدى.
ــ مەنمۇ سەۋەبىنى تازا ئېنىق بىلەلمىدىم ئانا، بۈگۈن دادىـ
سى ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ كەپتىـ
كەن، ــ ئادىل شۇنداق دېگەچ سومكىسىدىن ئادىلە ۋە دادىسىنىڭ
سۈرىتىنى ھەم دېلو مەلۇم قىلىپ توشقۇزغان جەدۋەلنى ئېلىپ
ئۈستەلگە قويدى.
ئانا مەيۈسلۈك ئارىلاشقان كۆزلىرى بىلەن ئۈستەلگە بىر قاـ
رىدى ـ يۇ، چۆچۈپ كەتتى، ئۇ خاتا كۆرۈۋالغان بولماي دەپ سۈـ
رەتنى قولىغا ئېلىپ قارىۋىدى، سۈرەتنى تۇتقان قوللىرىمۇ ئىخـ
تىيارسىز تىترەپ كەتتى، كۆزلىرى بولسا نەپرەتلىك تۈس ئالـ
دى. ئادىل بېشىنى قاماللىغىنىچە سافاغا يۆلىنىپ ئولتۇرغاچقا،
ئانىسىدا يۈز بەرگەن ئالامەتلەرنى كۆرمەي قالدى.
ــ ئوغلۇم، بۇ... بۇ... بۇ كىمنىڭ سۈرىتى؟ ــ ئانىنىڭ
ئاۋازى تىترەيتتى، كۆز چاناقلىرىدا بولسا ياشلار لىغىرلايتتى.
ئادىل كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە خىيال بىلەن ئانىسىغا

قارىمايلا ئېيتتى:
— ئادىلەنىڭ دادىسىنىڭ سۈرىتى، ئىسمى پولات ئىكەن.
— پولات؟ — ئانا بۇنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا داجىدى، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىشقا باشلاپ، ئايلىنىپ چۈشۈشكە تاس - تاسلا قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بىر پەس جىمجىتلىق قاپلىدى.
— سەن ھازىرمۇ شۇ قىزنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — ئانا بىر پەستىن كېيىن يۇقىرى ئاۋازدا سورىدى.
— شۇنداق ئانا، ساڭا دېگەنىدىمغۇ؟ مەن بۇ قىزنى بىر كۆ-رۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، ھېلىھەم ئۇنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىللە بولسام دەيمەن، — ئادىل كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا جاۋاب بەردى.
— مەن... مەن ھەرگىز قوشۇلمايمەن. بۇ قىز بىلەن توي قى-لىشىڭغا مەن زادىلا قوشۇلمايمەن... — ئانىسىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتاتتى، يەلكىسىمۇ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتاتتى.
ئادىل ئانىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئېيتقان بۇ گېپىدىن ھەيران بو-لۇپ ئانىسىغا قارىدى، ئۇ ئانىسىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرىدە بولسا غەزەپلىك ئۇچقۇنلار چاچراپ، ياش تامچىلىرى-نىڭ لىغىرلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى.
— ئانا، سىزگە زادى نېمە بولدى؟ تۇرۇپلا بۇنداق دەپ قاپ-سىزغۇ؟
ئانا ئۈندىمىدى، ئۇ ئادىلغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۈندى-مەستىن ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئادىل ئانىسىنىڭ بۇ سۆز-لىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي، ئانىسىنى رەنجىتىپ قويغانلىقى-دىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ بېشىنى قاماللىغىنىچە ئولتۇرۇپ قال-دى. بەلكىم ئادىلەنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشۇمنى خالىماي شۇنداق دېگەن

بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۇمۇ ئۆز ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى.

ھەر ئىككىسى ئۆز ھۇجرىلىرىدا ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايۋاتاتتى، ئانا پولات بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئەسلەيتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلاتتى...

## 43

— مەن تېزلا قايتىپ كېلىمەن، پەقەت نۇرغۇن پۇل تاپسام‌لا، ئاتا - ئانىڭىز ئاندىن مېنى قوبۇل قىلىدۇ، — بويلىرى ئېگىز كەلگەن، قارا چاچلىق، كېلىشكەن بىر يىگىت ئۆستەڭ بويىدا ئالدىدا تۇرغان قىزغا شۇنداق دەۋاتاتتى.

— تېزرەك قايتىپ كېلىڭ پولات، سىزنى ئۈزۈن كۈتەلمەيمەن، بىزنىڭ يېزىدا مەن بىلەن تەڭتۇش قىزلار نەچچە بالىنىڭ ئانىسى، مەن بۇنداق تۇرۇۋەرسەم بولمايدۇ، ئاتا - ئانامۇ مېنى تېزرەك ياتلىق قىلمۇۋېتىشنىڭ كويىدا...

قىز گەپلىرىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

— يىغلىماڭ ئاينۇر، سىز بۇنداق يىغلىسىڭىز، مەن سەپەرگە چىقالمايمەن، شەھەردىكى قىزلارغا سېلىشتۇرغاندا، سىز يەنىلا كىچىك، يىل ئۆرۈلسە ئاندىن يىگىرمە ئىككىگە كىرىسىز، ئەنسىرىمەڭ، مەن بىر يىلغا قالماي قايتىپ كېلىمەن.

يىگىت سەپەر سومكىسىنى مۈرىسىگە ئارتقىنىچە كېتىپ قالدى، قىز يىغلىغىنىچە جايىدا قالدى، قىشنىڭ كۈچلۈك شامىلى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ تۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيتتى، چىرايلىق، بولاقتەك قارا كۆزلەر يىغىدىن قىزارغان، ئاق يۇمران يۈزلەر تاتارغانىدى.

— بىر يىل قاچانمۇ توشار، پولات قاچانمۇ قايتىپ كېلەر؟

ئاتا ـ ئانام ئۇنى نامرات كۆرمىگەن بولسا بىزمۇ مۇرادىمىزغا يەت ـ
كەن بولاتتۇق، ئۇمۇ كېتىپ قالمايتتى، ـــ قىز ئۆز ـ ئۆزىگە
پىچىرلايتتى.

ۋاقىت ئۆتۈپ، يىل ئۆرۈلدى، ئاينۇرنىڭ بەدىنىدە بەزىبىر
غەيرىي ئالامەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى، ھە دېسىلا قۇرۇق ھۆ بو ـ
لىدىغان بولۇپ قالدى، يەتتە پەرزەنت يۈزى كۆرۈپ، ھەرخىل
ئىسسىق ـ سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەن ئايگۈلخان ئانا قىزىدى ـ
كى ئۆزگىرىشنى سېزىپ قالدى.

ـــ ئېيتە پاسكىنا، قورسىقىڭدىكى شۇمنى قەيەردىن ئۇندۇ ـ
رۇۋالدىڭ؟

ـــ ئاپا، ئۇنداق ئىش يوق...

ئاينۇر سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىشقا ئۈلگۈرمەيلا«چاڭ» قى ـ
لىپ تەگكەن بىر تەستەك بىلەن كارىۋاتنىڭ قىرىغا ئولتۇرۇپ
قالدى.

ـــ مەن... مەن... ـــ ئاينۇر قىلىدىغان سۆز تاپالماي تەمتى ـ
رەپ تۇرۇپ قالدى.

ـــ قورسىقىڭدىكى شۇم ھېلىقى شەھەرلىكنىڭ، شۇنداقمۇ؟

ئاينۇر تەسلىكتە بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن
تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ـــ ۋاي ئاللا، قانداق قىلاي، ئەمدى بۇ يۈزۈمنى قەيەرگە قو ـ
ياي؟ ئۆزۈڭدىن كىچىك بىر لۈكچەكنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ يۈر ـ
دۈڭمۇ ئەمدى، ۋاي ئاللا... ۋاي توۋا... ـــ ئايگۈلخان چاچلىرىنى
يۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئاينۇرمۇ ئاپىسىنىڭ يىغىسىغا چىدىماي، ئانىسىنى قۇچاقلاپ
تەڭ يىغلىدى، ئۇلار بىر ھازا يىغلاشقاندىن كېيىن، ئانا قىزىنى
ئۆزىدىن ئاجراتتى.

ـــ بولدى يىغلىما، ئاتاڭ بىلەن ئاكىلىرىڭنىڭ خۇپتەندىن يا ـ

نمدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، بوگۈنچە ئۇلارغا بەك كۆرۈنۈپ كەتمە، ئاۋۋال ئەتە تاڭ ئاتسۇن، بىرەر باھانە بىلەن قوشنا مەھەللىگە بېرىپ، ئاۋۇ هارامدىن بولغان شۇمنى كۆزدىن يوق قىلىۋېتىپ كېلەيلى...

ئاينۇرنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان بولسىمۇ، كاللىسىنى خىيال چىرمىۋالغانىدى، ئۇ ئۇخلىيالماي ھېلى ئۇياققا ئۆرۈلسە، ھېلى بۇياققا ئۆرۈلەتتى، ئۇنىڭ خىيالىچە بولغاندا، بالىنى ئالدۇرۇۋەتكۈسى يوق ئىدى، پولاتنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزى بىلەن توي قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ، ئۆيىدىن چىقىپ كېتىش نىيىتى بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئاي يورۇقىدا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئاخىرىدا ئاتا ـ ئانىسى بىر قىز دەپ ئەزىزلەپ قىلىپ بەرگەن ئالتۇن جابدۇقلىرىنىمۇ قول ياغلىقىغا مەھكەم چەگدى ھەمدە ئۆيىدىكىلەرگە بىر پارچە خەت يازدى: «ئاتا، ئاپا، مەندەك ۋاپاسىز قىزىڭلارنى كەچۈرۈڭلار، سىلەرنىڭ مېنى بېقىپ قاتارغا قوشقىنىڭلارغا رەھمەت، تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتكۈچە ئوقۇتۇپ بىلىملىك ئادەم قىلغىنىڭلارغا رەھمەت، مەن سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمەن، مېنىڭ پولات بىلەن توي قىلىشىمغا قوشۇلمىدىڭلار، ئۇنى كىچىك، نامرات كۆردۈڭلار، لېكىن مەن پولاتتىن باشقا كىشى بىلەن توي قىلمايمەن، شۇڭا ئۆز بەختىمنى ئىزدەش ئۈچۈن بۇ يۇرتتىن چىقىپ كېتىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم، خەير ـ خوش، ئامان بولۇڭلار.

ۋاپاسىز قىزىڭلار: ئاينۇر»

ـــ قورسىقىڭىزدا قالغىنى يامان بوپتۇ، مەندىمۇ تۈزۈك پۇل يوق، بالىنى تېزرەك ئالدۇرۇۋەتسەك بولاتتى.

پولاتنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن ئاينۇرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— سىزنىڭ مۇشۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاش ئۈچۈن شۇنچە يىراق-تىن ئۆيۈمنى تاشلاپ كەپتىمەن - دە؟ ئاپام بالىنى ئالدۇرۋېتىمىز دېگەچكە ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم، شۇنى بىلەمسىز؟...

— ...

— ئىتتىك تويىمىزنى قىلايلى، بالا كۈنسېرى چوڭىيىۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا يەنە بىر ئاي ساقلاڭ، بولامدۇ؟ مەنمۇ ئازراق پۇل تاپاي.

پولات شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى خېلى قىلدى، ئاينۇرمۇ ئۇ-نىڭ دېگەنلىرىگە كۆندى.

پولات تۇرۇۋاتقان ئۆي شەھەرنىڭ چەت كوچىسىغا جايلاشقان بولۇپ، پەقەت ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىقلا ئىدى، ئۆي ئىچى شۇنداق رەتسىز ھەم مەينەت ئىدى، ئاينۇر كېلىشى بىلەنلا، ئۆي باشقىچە تۈسكە كىرىپ ھەممە يەر پارقىراپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن پولاتنىڭ تۇرمۇشىمۇ خېلى رىتىمغا چۈشتى، ئاينۇر پولات تۇرۇۋاتقان ئۆيگە كېلىپ ئىككى ھەپتە بولغاندا، پولات ئۇنىڭغا بىر رېستوراندىن كۈتكۈچىلىك خىزمىتى تېپىپ بەردى، رېس-توران بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق بولۇپ، ئاينۇر پۇلنى تېجەش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئىشقا پىيادە بېرىپ، پىيادە كېلەتتى، قاتتىق سوغۇق ھەم ھېرىپ - چارچاش ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈ-ۋېتەي دەپ قالغانىدى، دەل ئاشۇنداق ئېغىر كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ رېستوران غوجايىنى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدى، رېستوران غوجا-يىنى 60 ياشلاردىن ھالقىغان، سالاپەتلىك كىشى بولۇپ، ھەممەي-لەن ئۇ كىشىنى ئەنسەر ئاكا دەپ چاقىرىشاتتى، ئەنسەر ئاكا ئاي-نۇرنىڭ ئېغىر بويلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنى كۈتكۈچىلىكتىن ئازاد قىلىپ، پوكەيدە پۇل ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى ھەمدە قە-يەردىندۇر بىر ئايالچە ۋېلىسىپىت تېپىپ ئەكېلىپ بەردى. بۇ-گۈن ئاينۇر زىيادە خۇشال ئىدى، چۈنكى ئۇ تۇنجى قېتىملىق

ئىش ھەققىنى ئالغانىدى.

— قەدىرلىكىم، ئۆگۈنلۈككە رۇخسەت سورالىڭ، سىزنى ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىغا ئاپىراي، — پولات ئۇنىڭ مائاش ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ شۇنداق دېدى.

— بۇ گېپىڭىز راستمۇ؟ — ھەيرانلىقتىن ئاينۇرنىڭ كۆز ـ لىرى پارقىراپ كەتتى.

— سىزنى ئالداپ نېمە قىلىمەن؟ سىز بۇ شەھەرگە كەلگەنـ دىلا، بىر ئايدىن كېيىن توي قىلىشقا ۋەدە بەرگەنىدىمغۇ؟

ئاينۇر خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، پولاتنىڭ بويند ـ دىن قۇچاقلاپ، سۆيۈپ كەتتى.

— بولدى، بولدى، بالىغا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن، ھە راست، ئەتە يەنە ئىشلەيسىز، ئالتۇنلىرىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، يۇ ـ دۇرۇپ ئەكېلەي، ئاندىن بۇ ئايلىق مائاشىڭىزغا كىيىم ـ كېچەك ئېلىڭ، ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىغا ئېسىلراق كىيىنىپ بېرىڭ.

شۇ تاپتا ئاينۇر خۇشلۇقىدىن ئاغزىنى يۇمالمايلا قالغانىدى.

— كىيىمنى قانداق ۋاقىتتا ئالىمەن؟ — ئۇ پولاتقا ئەركىلەپ قويدى.

— يا بولمىسا، پۇلنى ماڭا بېرىڭ، ئەتە مەن بازارغا چىقىپ سىزگە ھازىر مودا بولۇۋاتقان كىيىملەرنى ئېلىپ قوياي.

ئاينۇر ئۆز خۇشاللىقىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ، پولاتقا ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر بايلىقى بولغان ئالتۇن بۇيۇملىرىنى پۇل بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، ئۆزىگە بولسا بىر پۇڭمۇ ئېلىپ قالمىدى.

قىشنىڭ سوغۇقى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققانىدى، ئاپئاق قار توختىماي ياغاتتى، پۈتۈن كائىنات ئاق لىباسقا پۈركەنگەنىدى.

شەھەرنىڭ چېتىدىكى كىچىككىنە ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئاينۇر تىزلىرىنى قۇچاغلىغىنىچە ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ مەڭزىدە ياش تام ـ

چىلىرى قېتىپ قالغانىدى، دېرىزىدىن سىرتتا يېغىۋاتقان قارنى كۆرگىلى بولاتتى، بىراق، ئاشۇ ئاپئاق قارلارمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمىغانىدى، ئۇ سوغۇقنى ئەسلا سەزمەيتتى، ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت «ئۆلۈۋېلىش» دېگەن بىرلا ئۇقۇم ئەكس ئېتەتتى.

— ئاينۇر قىز... سىز ئۆيدە بارمۇ؟

سىرتتىن بىرەيلەننىڭ ئاينۇرنى چاقىرىپ سوزۇپ ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلاندى، بىراق، ئاينۇر ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالدىمۇ، قىمىر قىلماي جايىدا ئولتۇراتتى، بىر – ئىككى قېتىملىق چاقىرىشتىن كېيىن، ئىشىك ئېچىلىپ رىس- توران غوجايىنى ئەنسەر ئاكا كىرىپ كەلدى، ئۇ ئىشىكتىن كى- رىپلا قېتىپ ئولتۇرغان ئاينۇرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ۋۇي، سىزگە نېمە بولدى؟ سىرتتا قاتتىق سوغۇق بو- لۇۋاتسىمۇ، ئۆيگە ئوت قالىماي ئولتۇرۇپسىزغۇ؟

ئاينۇر خۇددى ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك، بىر نۇقتىغا تى- كىلگىنىچە ئولتۇراتتى.

— ئاينۇر قىز، مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن، — ئەنسەر ئاكا ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى.

— پولات... پولات... ئاخىر قايتىپ كەلدىڭىز، بىلەمسىز سىزنى ئىككى كۈن ساقلىدىم، مەن تېخى سىزنى ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ بەك قورقۇپ كەتتىم.

ئاينۇر ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك ئەنسەر ئاكىنى چىڭ قۇ- چاقلىۋالدى.

— ئاينۇر، ماڭا قاراڭ، مەن پولات ئەمەس، ئەنسەر ئاكىڭىز... — ئەنسەر ئاكا مىڭ تەسلىكتە ئۇنى ئۆزىدىن ئاجراتتى.

ئاينۇر ئەنسەر ئاكىغا بىر ھازاغىچە قاراپ تۇرۇۋۇەتكەندىن كې- يىن تۇيۇقسىزلا ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى.

— ئۇ مېنى تاشلاپ كەتتى، ئۇ ئادەم ئەمەس ئىكەن، مېنىڭ

مىكىبىر جاپادا ئىشلەپ تاپقان پۇلۇم بىلەن مېنىڭ بىردىنبىر بايلىقىم بولغان ئالتۇن جابدۇقلىرىمنى ئېلىپ يوقاپ كەتتى، ئېيتىڭە، ئەنسەر ئاكا، ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ قورسىقىمدىكى بالىنى قانداق قىلاي؟ شۇ تاپتا ئاتا ـ ئانامغا يۈزسىزلىك قىلىپ، ئۇلارنى تاشلاپ چىققىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، پولات دېگەن هايۋان مېنىغۇ ئويلاپ قويمىسۇن، توغۇلۇشىغا ئاز قالغان ئۆز پۇشتىنىمۇ ئويلاپ قويمىدى... مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

ئاينۇر هۆركىرەپ يىغلايتتى، كۆز ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ ئاقاتتى، ئۆز ـ ئۆزىنى توختىماي كاچاتلايتـ ـتى، چاچلىرىنى يۇلاتتى، ئۇنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك يىغىسىنى كۆرۈپ ئەنسەر ئاكىنىڭمۇ كۆزلىرىگە ياش كەلدى، ئۇ شۇ تاپتا ئاينۇرغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشىنى بىلمەيۋاتاتتى، خېلى ئۇ ـ زۇندىن كېيىن ئاينۇرنىڭ يىغىسى ئازراق پەسەيدى، ئەنسەر ئاـ كىمۇ خېلى ئۇزۇن ئويلاندى ـ دە، — ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، تېز نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇڭ، — دېدى.

— نېمىشقا؟ — ئاينۇر تەئەججۇپلىنىپ ئەنسەر ئاكىدىن سورىدى.

— ئەجەبا مۇشۇ سوغۇق ئۆيدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرماقچىدـ ـمۇ؟ مېنىڭ ئۆيۈمگە بارىمىز.

— هەيران قالماڭ، ئۆيۈمدە سىز بىلەن تەڭتۇش قىزىم بار، ئۇمۇ ئېغىر بوي، سىز بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا هەمراھ بوـ لۇڭ. قىزىمنىڭ ئانىسى كىچىكىدە تۈگەپ كەتكەن، هازىرقى ۋاقتىدا ئۇنىڭ بەزى هاجەتلىرىدىن مەن چىقىپ بولالمايدىكەنـ ـمەن.

— ئويلانماي تېز بولۇڭ، سىز توڭلىمىغان بىلەن، مەن توڭلاپ قېتىپ قالاي دېدىم.

ئاينۇر ئەنسەر ئاكىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ئورنىدىن تۇردى

ھەمدە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى، نەرسە ـ كېرەك دې-گەندىمۇ بىر نەچچە قۇر كىيىم ـ كېچەكلا ئىدى، ئۇلار بىللە ئۆيدىن چىقىپ، ئەنسەر ئاكا ھەيدەپ كەلگەن قارا پىكاپقا ئولتۇ-رۇپ يۈرۈپ كەتتى.

كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاينۇرنىڭ كۆزى يورۇدى، ئۇ ئو-ماق، بۇدۇرۇق ئوغۇلدىن بىرنى تۇغقانىدى. ئوغۇلغا «ئادىل» دەپ ئىسىم قويۇلدى، ئاينۇر ھەرقېتىم ئوغلى ئادىلنى كۆرگەندە پولات ئېسىگە كېلىپ يۈرەكلىرى پۇچۇلىناتتى، ئۇنى چايناپ ـ چايناپ يۇركۇۋەتسىمۇ دەردى چىقمايتتى.

ئادىل بارا ـ بارا چوڭ بولۇشقا باشلىدى، ئەنسەر ئاكا ئاينۇرغا ئۆز قىزىدەك مۇئامىلە قىلاتتى، ئادىلنى بولسا نەۋرەم دەپ ئە-تىۋارلايتتى. كېيىن ئەنسەر ئاكا كېسەل سەۋەبىدىن تۈگەپ كەت-تى، ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئوخشاشلا ئاينۇرغىمۇ نۇرغۇن پۇل ھەم تۇرۇۋاتقان ئۆيىنى قالدۇرۇپ قويۇپ كەتكەنىدى.

ئادىل ئوقۇش يېشىغا يېتىپ مەكتەپكە كىردى، دەل شۇ يىلى ئاينۇر باشقىلاردىن پولاتنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوغرىلار بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى...

ئاينۇرخان ئانا خىياللىرىنى توختاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بولسا ياشلار تېخىچە يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلمەكتە ئى-دى. ئارىدىن شۇنچە ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ پولات دېگەن ھايۋاننىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئار-زۇلاپ چوڭ قىلغان ئوغلىنىڭ ئاشۇ پەسكەشنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى زادىلا كۆتۈرەلمەيۋاتاتتى. ئەگەر ئۇ قىز پولاتنىڭ قىزى بولسا ئادىلنىڭ بىر دادىدىن بولغان سىڭلىسى بولىدۇ، ئانا بۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئوغلىغا رازىلىق بەرسۇنمۇ؟ ئۆز سىڭلىسى يەنە كېلىپ ئاشۇ ئىپلاسنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىد-

شىغا قوشۇلسۇنمۇ؟...

ئاينۇرخان ئانا كۆڭلىدە بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى.

— ئەگەر مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سىنىڭ ئادىلە بىلەن توي قىلىشىڭغا قوشۇلمايمەن، — ئانا ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلايتتى.

## 44

شۇنچە سوغۇق بولۇشىغا قارىماي سىرتتا گۇركىرەۋاتقان بوراننىڭ ئاۋازى كىشىنى قورقۇنچقا سالاتتى. يەنە كېلىپ بۇگۈن توك توختاپ كەتكەن بولۇپ، ئادىلە قاراڭغۇلۇقتىن زېرىكىپ تېز-خىچە تېلېفون ئويناپ ياتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئۆيگە بىرىنىڭ كىرگەنلىكىنى سەزدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قاراڭغۇدا ئەتراپقا قا-رىدى. تاشقىرى ئۆيدىن يەنە تىۋىش ئاڭلاندى، دېمەك، ئۆيگە بىرى كىرگىنى ئېنىق ئىدى.

ئادىلە بەلكىم ئاشخانىدا ئىشلەيدىغان زۇلپىيە كىرگەن ئوخ-شايدۇ دەپ ئويلىدى. بەزى ۋاقىتلاردا مۇشۇ ئاشخانىدا ئىشلەيدى-غان زۇلپىيە ئىسىملىك بىر قىز ئادىلە بىلەن بىللە قونۇپ قالاتتى. ئادىلە ئورنىدىن ئاستا ئۆمىلەپ تۇرۇپ، تېلېفوننىڭ يو-رۇقىدا ئىشىك تەرەپكە قارىدى.

— زۇلپىيە، بۇ سىزمۇ؟

ئادىلە توۋلىدى، لېكىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئۇ بۇ جىمجىتلىقتىن قورقتى، تامدىكى مىختىن يېپىنچىسىنى ئېلىپ يېپىنغاچ ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ يەنە ۋارقىرىدى:

— زۇلپىيە!

تۇيۇقسىز قاراڭغۇدا بىرىنىڭ چىرايى كۆرۈنۈۋېدى، ئادىلە چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتتى. ۋەھىمىدىن ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ قالغىلى تاس قالدى. ئۇ بۇ چىرايىنى ئېنىق تونۇغانىدى، بۇ زۇلپىيە

ئەمەس، غەرق مەست ھالدىكى ئاشخانا غوجايىنى ئىدى. ئۇ سەت ھىجىيىپ ئادىلەگە يېقىن كېلىۋىدى، ئادىلە چىرقىراپ تامنىڭ تۈۋىگە بېرىۋالدى.

ئاشخانا غوجايىنىنىڭ ئىپلاس غەرىزىنى چۈشەنگەن ئادىلە ئۇنىڭ كىشى قورققۇدەك ياۋۇز ئەپتىگە قاراپ جاقىلداپ تىترەپ كەتتى.

— سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ئاشخانا غوجايىنى، — سىزنى قاراڭغۇدا يالغۇز يېتىپ قورقۇپ قالمىسۇن دەپ كىردىم، — ئۇ ئاغزىدىن سېسىق بوس ياندۇرۇپ ئادىلەنىڭ ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىدى.

— سىزگە بۇ يەردە نېمە بار؟ چىقىپ كېتىڭ، — ئادىلەنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى، ئۇ بىردىنلا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— يوقال، ھۇ ئىپلاس، كۆزۈمدىن تېز يوقال!

— ۋاي نېمانچىلا توۋلايسىز تومۇچۇقۇم، سىزنى يالغۇز يېتىپ قورقمىسۇن دەپ... مەن قوينىڭىزغا كىرىپ ياتاي دەيمىنا...

— ماڭا يېقىن كەلگۈچى بولما، ئۆزۈڭنىڭ شۇنداق چىرايلىق ئايالىڭ، ئەمدى يېشىغا يەتكەن بالاڭ تۇرۇپ نومۇس قىلمامسەن، ھەي... مەن ئادەم توۋلايمەن.

— توۋلا جېنىم، بۇ كېچىدە ھېچكىم كەلمەيدۇ، نومۇس؟ ئەركەكمۇ نومۇس قىلامدۇ؟ ئۆزۈڭدىن بىرى يالغۇز يېتىپ ئەر كىشىنىمۇ سېغىنىپ قالغانسەن؟

ئادىلە ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بۇزۇقچىلىق يېغىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئاشخانا غوجايىنى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەملىدى - دە، ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى يېپىنچىسىدىن تارتىپ بويىنىدىن قۇچاقلىۋالدى، ئادىلە چىرقىراپ كەتتى. ئاشخانا غوجايىنى ئۇنىڭ يې-

پىنچىسىنى يىرتىۋېتىپ ئۇنى مەيدىسىگە مەھكەم باستى، پاسى-كىنا، بەتبۇي ئاغزىنى ئۇنىڭ لېۋىگە ئاپاردى.

ئادىلە ئۇنىڭ قۇچىقىدا قەيەستىكى قۇشتەك تىپىرلايتتى، تۇيۇقسىز ئۇ شۇنداق كۈچىدىكى، شىردەك سىلكىنىپ ئاشخانا غوجايىنىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتتى. ئاشخانا غوجايى-نى ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ئېتىلىۋىدى، ئۇ ئىتتىك تاشقىرى ئۆيگە چىقىۋالدى.

ئادىلە ئۇركۈگەن كىيىكتەك ئەتراپىغا ئالاقزەدىلىك بىلەن قاراپ، كۆز ئالدىدا بىر ئاچچىقسۇ قاچىلايدىغان چوڭ بوتۇلكىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بوتۇلكىنى ئېلىۋالماقچى بولۇ-ۋىدى، ئالدىراشچىلىقتا قولىغا چىقماي قالدى. ئۇ يەنە بىر ئې-گىشكەن چاغدا ئاشخانا غوجايىنى كېلىپ ئۇنى تېنىنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقى بىلەن يەرگە بېسىۋالدى. ئادىلە ۋارقىراپ باقتى، تې-پىرلاپ باقتى، لېكىن ئۇنىڭ ئاستىدىن چىقالمىدى. تۇيۇقسىز ئاشخانا غوجايىنى ئۇنىڭ كۆكسىنى سىلىغىلى تۇردى، بۇ پەس-كەشلىككە چىدىيالمىغان ئادىلە ئۇنىڭ قولىنى غەزەپ بىلەن شۇنداق قاتتىق بىر چىشلىۋىدى، ئاشخانا غوجايىنى ئاغرىققا چى-دىماي ۋايجانلاپ چىرقىراپ كەتتى. ئادىلە شۇ پۇرسەتتە ئۇنى بىرلا ئىتتىرىپ ئورنىدىن تۇرۇۋالدى، لېكىن تەڭپۇڭلۇقىنى يو-قىتىپ يەنە يىقىلىپ چۈشتى.

ئاشخانا غوجايىنى يەنە ئېتىلىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا، ئادىلەنىڭ قولىغا ھېلىقى بوتۇلكا تېگىپ قېلىۋىدى، ئۇ بوتۇل-كىنى ئېلىپ پەسكەش ئاشخانا غوجايىنىنىڭ بېشىغا جان - جەھ-لى بىلەن بىرنى سالدى. ئاشخانا غوجايىنى شۇ زەربە بىلەن بىرلا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى. چېقىلغان بوتۇلكىدىكى ئاچچىقسۇ ئۇنىڭ يارىسىغا تۆكۈلدى. ئاشخانا غوجايىنى ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇ-ۋىدى، ئادىلە قولىدىكى چېقىق بوتۇلكا بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا يەنە

بىرنى ئۈردى. ئاشخانا غوجايىنى تېپىرلاپ يەردە يېتىپ قالدى. ئادىلە تېزلا كارىۋات ئۈستىدىن تېلېفونى بىلەن بىر بوغچىنى ئېلىپ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنى قاراڭغۇلۇق قوينىغا ئاتتى، بۈگۈن ھەممە يەردە توك توختىغان بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا تولغانىدى.

ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە يۈگۈرۈپ قاچقاندىن كېيىن بىر يەرگە كېلىپ توختىدى، ئۇ توختىماي ھاسىرايتتى، تېز قاچقانلىقتىن پۇتلىرىمۇ تېلىپ ئاغرىپ كەتكەنىدى، ئۇ ئارقىسىغا قاراپ ھېچ-كىم يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن ھاردۇق ئالماقچى بولغاندەك قەدىمىنى ئاستىلاتتى، ئېسىگە بىرىنچى بولۇپ دېڭىز كەلدى. ئۇ تېلېفوندىن بۈگۈن دېڭىز تېلېفون قىلغان نومۇرنى قايتىلاپ ئۈردى. خېلى ئۇزۇنغىچە تېلېفوندىن سادا ئاڭلانمىدى، ئۇ قاي-تىلاپ يەنە بىر قېتىم ئۈردى.

— كەچۈرۈڭ، سىز تېلېفون قىلغان نومۇر ئېتىۋېتىلگەن.

ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ لاسىدە بولۇپ قالدى، تۇيۇقسىز ئۆزد-مۇ بىلمەي ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ بۇ خورلۇقلارغا زادىلا چىدىيالماي قالغانىدى، تېخى بۈگۈن دېڭىز بىلەن بىللە يۈرۈپ ئۆزىنى شۇنچە بەختلىك، خۇشال ھېس قىلغان. مانا ئەم-دىلىكتە ئۇ يەنە بىر قېتىم ئىپلاسلارنىڭ قولىدىن قېچىپ چىق-تى. ئەمدى ئۇ قانداق قىلسۇن؟ ئۇنى يەنە نېمە قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدىغاندۇ؟ قىز بالا بولۇش شۇنچىلىك تەسمىدۇ؟... ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى پەقەت توختىمايۋا-تاتتى. ئۇ يەنە بىر قېتىم دېڭىزغا تېلېفون قىلدى، بۇ قېتىممۇ ئاڭلىغىنى شۇ لەنەت تەگكۈر ئاۋاز «سىز تېلېفون قىلغان نومۇر ئېتىۋېتىلگەن» دېگەن ئاۋاز بولدى، ئۇ شۇندىلا لەسىدە بولۇپ ھەممىدىن ۋاز كەچتى، كۆڭلىدە ئەمدى بۇ يەردىمۇ ياشاشقا ئىم-كانىيەت قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. ياشاش نېمانداق

تەستۇ، مېنىڭ تەقدىرىمگە يەنە نېمىلەر پۈتۈلگەندۇ؟... ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ زادى ئاخىرى چىقمايتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا بۇ شەھەردە ياشاش ناھايىتى ئېغىر كەلدى، مانا بۇ باشقىلار ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىدىغان چوڭ شەھەرمۇ ئادىلەنى سىغدۇرالمىغاندى.

## 45

دىيگىز بۈگۈن بەكمۇ خۇشال ئىدى، ئۇ ئادىلە بىلەن بىللە يۈرۈپ ئۆز سىڭلىسىنى قايتا تېپىۋالغاندەك ھېس قىلدى. ئادىلەنىڭ «ئاكا» دەپ مېھىر بىلەن چاقىرغان ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيتتى. ئۇ كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقتى، ئاپتوبۇستا ئادەملەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قىستا-قىستاڭچىلىقتا ئۆرە تۇرۇشمۇ بەك تەس ئىدى. ئۇ بۈگۈن ئادىلە بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈننى ئويلاپ، سىڭلىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلدى. دەل شۇ چاغدا ئون نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ يانچۇقىدىن كۆرۈنۈپ قالغان تېلېفوننى ئوغرىلىۋالدى. دىيگىز بۇلارنى سەزمەي قالغانىدى. تېلېفوننى ئېلىۋالغان بالا ناھايىتى ئاسانلا قولغا چۈشكەن بۇ ئولجىدىن خۇشال بولۇپ، تېلېفوندىن كارتىنى ئېلىپ سۇندۇرۇپ تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالدى...

دىيگىز ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئادىلەگە يەنە بىر قېتىم تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭغا «ياخشى چۈش كۆرۈڭ، سىڭلىم» دەپ قويماقچى بولۇپ، تېلېفوننى ئىزدىگىنىدىلا تېلېفوننىڭ يېتىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ خېلى ئىزدىگەن بولسىمۇ تېلېفوننى تاپالمىدى، ئۇ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپلا قالدى. ئۇ ئەتە ئەتىگەن كارتىنى قايتىدىن تولۇقلىماقچى بولۇپ، ئۇخلاش ئۈچۈن ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇخلاش ئالدىدا كۈندىلىك خاتىـ

رسىگە مۇنۇلارنى يازدى:

جېنىم سىڭلىم، ياتقان يېرىڭ جەننەتتە بولسۇن. سېنى شۇنـ-چىلىك سېغىنىدىم ئۇماق سىڭلىم. ئاتا-ئانىمىز ھايات بولغان بولسا سەنمۇ ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالماستىڭ بەلكىم، مەن ياخشى ئاكا ئەمەس، ساڭا ياخشى قارىيالمىدىم. شۇڭا بۇ ئۆمرۈمدە ئۆ-زۈمنى ھەرگىز كەچۈرەلمەيمەن. بۈگۈن ئادىلە بىلەن سېنىڭ تۇ-غۇلغان كۈنۈڭنى ئۆتكۈزۈپ ئۆزۈمنى شۇنچىلىك بەختلىك ھېس قىلدىم. ئەمدى ئادىلەنى سېنىڭ ئورنۇڭدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاكى-لىق مېھرىمنى بېغىشلايمەن. جېنىم سىڭلىم ئادىلە، ئەمدى سې-نى ھەرگىز يوقاتمايمەن. ئۇلۇغ ئاللا خالىسا سېنىڭ ھەربىر كۈننى خۇشال ئۆتكۈزۈشۈڭ ئۈچۈن تىرىشىمەن...

46

ئادىلەنىڭ كۆزىگە بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى، ياشاشتىن ئۈمىد ئۈز-مەكچىمۇ بولدى. «ئەمدى ياشاپ نېمە قىلىمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بۇ جەمئىيەت، بۇ دۇنيا ماڭا نەپرەتلىك كۆزى بىلەن قاراۋاتىدۇ، ھەتتا ھالال ياشاي دەپ شۇنچە تىرىشسامۇ ماڭا قىلـ-چە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەيۋاتىدۇ...» ئۇنىڭ بەدىنى جۇغۇلدايتتى، شۇ تاپتا ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپلا ئۆلۈۋالغۇسى كې-لەتتى، كۆز ياشلىرى بولسا يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلەتـ-تى. لېكىن ھاشاراتلار جېنىدىنمۇ ھاياتلىق ئۈچۈن تىرىشقاندەك ئادىلەگە ھاياتلىق يەنە ئوخشاشلا قىممەتلىك ئىدى.

ئۇنىڭ كاللىسىدا قارىمۇقارشى زىددىيەتلەر توقۇنۇشى بولۇۋا-تاتتى. تۇيۇقسىز يۈرىكىغا قايتىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدى، بەلكىم دادىسى ئۇنى كۆرسە باشتا ئۇنى قاتتىق ئۇرۇشى، تىللىشى مۇمـ-كىن، لېكىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئۇ

يەنىلا ئادىلەنىڭ دادىسى، بىر دادا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرۈشكە قولى بارمايدۇ... ئادىلە شۇلارنى ئويلاپ ئىككىلىنىپ قالدى. ياق، دەيتتى يەنە ئۇ، ئەمدى ئۇ دوزاخقا ئوخشايدىغان ئۆيگە قايتسام بولمايدۇ، مەن ئەمدى دادامنىڭ ئۇنداق قوپاللىقلىرىنى كۆتۈرەلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوغرىلىقمۇ قىلغۇم يوق، يەنە كېلىپ ئادىلنى ئەمدى ئۇچرىتىشنى خالىمايمەن، ئەمدى ئۇنى قايتا ئۇچرىتىپ قالسام نېمە بولۇپ كېتەرمەن ـ ھەا ئۆزۈم ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆيگۈسىنى خارلىدىم، ئۇ چوقۇم مەندىن نەپرەتلىنىدۇ، بەلكىم ئەمدى مېنى قايتا كۆرۈشنى خالىمايدىغاندۇ...

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئىش كەلدى، ئۇ خۇددى قىدىيىن تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تېپىۋالغان كىشىدەك كاللىسى پاللىدە يورۇپ كەتتى. كۆزلىرىدىكى ياشلارنى سۈرتۈۋېتىپ، قەدەملىرىنى تېز ـ تېز ئېلىپ ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

47

— زۆھرە، بايا كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس ئىدى، سىزگە قوپال تېگىپ قويۇپتىمەن، مېنى كەچۈرۈۋېتىڭ، ئەگەر خالىسىڭىز دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن بىللە تاماق يەپ كېلەيلى، ئالدىڭىزدا ناماقۇل بولۇپ سىزگە چاي قوياي، — دەرس ۋاقتىدا تاھىرنى ئويلاپ ئولتۇرغان زۆھرە يېنىدا ئولتۇرغان ساۋاقدىشى مۇراتنىڭ تېلېفوندا ئۇنىڭغا يازغان ئۇچۇرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ ئالىيىپ قويدى. مۇرات ئۇنىڭغا سۇس كۈلۈمسىرىگىنىچە يېلىنىش نەزىرىدە قارىدى. شۇئان زۆھرەنىڭ خىيالىغا بايا يۈز بەرگەن ئىشلار كېلىپ كۈلۈپ كەتتى.

زۆھرە چۈشتە كۇتۇپخانىدىن ئالدىراش چىقىۋاتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز يان تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان مۇرات بىلەن سوقۇ-

شۇپ كەتتى، قاتتىق سوقۇلغاچقا زۆھرە يىقىلىپ چۈشتى. مۇراتمۇ ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى.

— سەت بولدى ھە خان! سىزمۇ كۆزىڭىزگە قاراپ ماڭ-ماي، — دېدى مۇرات يىقىلغان زۆھرەنى يۆلەشكە تەمشىلىپ.

زۆھرە نەچچە كۈندىن بېرى تاھىرنى تولا خىيال قىلىپ، تاھىرمۇ يا ئۇنىڭغا تېلېفون قىلماي، ئىچى پۇشۇپ تۇرغاچقا، ئاچچىقى خېلىلا كەلگەنىدى. ئۇ مۇراتنىڭ يۆلەشكە تەمشەلگەن قولىنى سىلكىگىنىچە:

— ئۆزىڭىز كۆزىڭىزگە قاراپ ماڭسىڭىز بولمامتى؟ قوتاندىن قاچقان مالدەكلا يۈگۈرۈپ يۈرگۈچە!

زۆھرەنىڭ قوپاللىقىدىن ھەيران قالغان مۇراتمۇ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ:

— قارىسامغۇ ئۆزىڭىز ئۇسسۇلغا تەييار تۇرغان كالىدەكلا تۇرىسىز، تەييار يۆلەپ قوياي دېسە، قىز بالىمۇ سىزدەك قوپال بولامدۇ؟ بولدى سىزگە گەپ قىلغۇچە يولۇمغا ماڭاي، — دېدى-دە، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ كېتىپ قالدى.

زۆھرە مۇراتنىڭ كېتىپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەينىدىن ۋارقىرىغانچە تۈرۈپ قالدى:

— نېمە؟ كۆزىڭىزگە كالىدەك كۆرۈنۈۋاتامدىمەن غوجام؟!

چۈشتىن كېيىن دەرسخانىغا كىرگەن زۆھرە مۇراتنى كۆرۈپ بايا بېسىقىپ قالغان ئاچچىقى تېخىمۇ كەلدى.

ئۇ ئىچىدە بىر نېمىلەرنى غودۇرىغىنىچە مۇراتنىڭ سالىمىغا جاۋابمۇ قىلماي ئورنىدا ئولتۇردى. زۆھرە ئارقىسىدا ئولتۇرغان ماھىرەگە قاراپ:

— ماھىرە، خاپا بولماي ئىككىمىز ئورۇن ئالماشامدۇق؟ بۇ يەردە ئولتۇرغۇم يوق ئىدى، — دېدى.

— كەچۈر ئاداش، مەن ئورنۇمدا ئولتۇرۇۋېرەي، — دېدى ما-

ھىرە كۆلگىنىچە.

— ۋاي ئولتۇرۇۋېرىڭ خېنىم، پالتا ـ پىچىقىم يوق، چىقىرىپ سىزنى چانىۋېتىدىغان. قورقتىڭىزمۇ ـ يا، مەن بىلەن بىللە ئولتۇرۇشتىن؟ — دېدى مۇرات مەسخىرە ئارىلاش.

— نېمە دەيسىز؟ — دېدى زۆھرە قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — سىزدىن قورقۇپمۇ ئىشمۇ، مۇشۇ ئورۇندا بېشىڭىزغا دەسسەپ ئولتۇرىمەن تازا.

دەرستىن چۇشۇش قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى زۆھرەنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.

— زۆھرە، خاپا بولماڭ بولامدۇ؟

مۇرات ئۇنىڭغا يېلىنىش ئاھاڭىدا سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ زۆھرەمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— مېنى تاماقتا تەكلىپ قىلامسىز، مۇرات؟ مېنىڭ ئىشتىھايىم ئالامەت ياخشى، بىر ئايلىق تۇرمۇش پۇلىڭىزنى خەجلىمىسىڭىز مېنى تويغۇزۇپ بولالمايسىز جۇمۇ، — دېدى زۆھرە شوخلۇق بىلەن.

— ۋاي چاتاق يوق، مېنى كەچۈرۈۋەتسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن ئۇرۇشمايدىغانلا بولسىڭىز، سىز قانداق مېھمان قىلىڭ دېسىڭىز شۇنداق مېھمان قىلىمەن.

ئۇلار شۇنداق دېيىشكەچ، مەكتەپنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بىر خۇيزۇ ئاچقان، تامىقى داڭلىق بىر ئاشخانىغا كىردى. زۆھرە قولىغا تاماق تىزىملىكىنى ئېلىۋېلىپ بۇيرۇتقىلى تۇردى. «خەپ سېنى بىر تويغۇزۇۋەتمىسەم بايقۇش، تاماقنى يەپ بولۇپ قېچىپ كېتىمەن تازا! قاراپ تۇر، تۆلىگىلى پۇلۇڭ يوق، قاچىلارنى يۇيۇپ كەتسەڭ، ئۆچۈم تازا چىقاتتى. ھا... ھا... ھا...» ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى كۈلۈپ كەتكەندى.

— ۋۇي نېمە ھېجىيىپ تۇرىسىز، بەك قىزىقارلىق گەپ بار -

مىكەن يە تاماق تىزىملىكىدە؟
مۇراتنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان زۆھرە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ تاماق بۇيرۇشقا باشلىدى.
— مەن ئەمىسە يەيدىغىنىمنى بۇيرۇۋېرەي ـ ھە؟ بىر كىشىلىك پولۇ، تۆت سامسا، ئۆپكە ـ ھېسىپ، تۆت زىخ كاۋاپ، ئۇگرە يەنە ماۋۇ قورۇمىدىن، ماۋۇ قورۇمىدىن، — دېدى زۆھرە قورۇما تىزىملىكىدىن نەچچە خىل قورۇمىنى تۇتۇپ.
— ھەي، بەك جىق بۇيرۇماڭ. يەپ بولالمايمىز، — دېدى مۇرات زۆھرەگە.
— ۋىيەي، كىم شۇنداق دەيدۇ، يەپ بولىمىز، بوپتۇ ئىنساپ قىلىپ مۇشۇلارنى بۇيرۇتاي، ئەمدى سىزگە كەلدى، — دېدى زۆھرە قولىدىكى تاماق تىزىملىكىنى مۇراتقا تەڭلەپ.
— بولدى باشقىنى بۇيرۇتمايلى، سىزنىڭ بۇيرۇتقىنىڭىزمۇ يېتىدۇ. ماڭا بىر تەخسە لەڭمەننى قوشۇپ قويۇڭ.
— ئەجەبمۇ پىخسىقكەنسىز، — دېدى زۆھرە ئاغزىنى ئۇمەچەيتىپ.
بۇيرۇتقان نەرسىلەر ئۈستەلگە ئارانلا پاتتى.
— مۇشۇنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولالامدۇق؟ — دېدى مۇرات زۆھرەنى ئەيىبلىگەن تەلەپپۇزدا.
— نېمىشقا يەپ بولالمايمىز، خاتىرجەم بولۇڭ. مەن بار، — زۆھرە شۇنداق دېدى ـ يۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن جىق بۇيرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.
ئۇلار گەپمۇ قىلىشماي تاماق يېدى. يەپ بولالمىغانلىرىنى ئېلىۋالدى.
— ھېسابات قىلىشقا پۇل باردۇ؟ — دېدى زۆھرە ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.
— بولمىسا بۇ يەرگە سىزنى چاقىرامتىم؟ بار، — دېدى

مۇرات زورىغا كۆلۈپ.

— سىلەرنىڭ 430 يۈەن بولۇپتۇ، ھېسابات قىلىۋېتىڭلار، — كۆتكۈچى قىزنىڭ شۇنداق دېيىشى بىلەن مۇرات پورتمانىدىن 450 سومنى چىقىرىپ قىزغا تەڭلىدى. ئۇلار ئاشقان تاماق ۋە ئاشقان پۇلنى ئېلىپ ئاشخانىدىن چىقتى. زۆھرە دەسلەپتە ئۇنى تازا بىر قويمىسام دەپ ئويلىغان بولسا كېيىن ئۆزىنىڭ سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىدىن سەل ئوڭايسىزلاندى.

— قورسىقىڭىز تويغاندۇ زۆھرە، تويمىغان بولسا ئاشقىنىنى ياتاقتا ئاپىرىپ يەڭ. مەن بىردەم بازار چۆرگىلەي، سىز قايتىۋېرىڭ، — دېدى مۇرات قولىدىكى ئېلىۋالغان تاماقنى تەڭلەپ.

زۆھرە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغانىدى، ئۇلار ئاددىيلا خوشلىشىپ ئىككىسى ئىككى تەرەپكە ماڭدى.

«سەل ئاشۇرۇۋەتتىممۇ نېمە، ئەجەبمۇ قىممەتكىنا بۇ ئاشخانىنىڭ تامىقى، 100 سوم بولارمىكىن دېسەم، ئەجەبمۇ سەت بولدى، نېمە دەپمۇ قالغاندۇ؟ ئەمدى ئەسكىلىق قىلىۋەرمەي» دەپ ئويلىدى زۆھرە.

«ئەجەب يامان بىر قىزكىنا بۇ، بوپتىلا مېنى كەچۈرۈۋەتتى. ئۇنچىلىك مېھمان قىلسام ئەرزىيدۇ. بىراق بۇ قىزنى مېھمان قىلمەن دەپ خېلى كۆنلەرگىچە ئاچ يۈرىدىغان بولدۇم، بوپتىلا مۇناسىۋىتىمىز ياخشىلانغاندىن كېيىن بولمىدىمۇ» دەپ ئويلايتتى مۇرات.

48

يارقىن ئۆيدە مۆكلىنىپ ئولتۇراتتى، ئانىسى سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئادىلەنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئادىلدىن ئاڭلاپ ئۆزىنى يوقىتىپلا قويدى. ئۇ ئادىلەنى ھەرقانچە بولسىمۇ بۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغانىدى، ئۇ ئادىلەنى ھېلىھەم ياخشى

كۆرەتتى، ئۇ ئادىلنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئادىلەنى قىز دوستۇم دې-
گەننى ئاڭلىغاندىمۇ بۇنداق بولۇپ كەتمىگەنىدى، ساراڭ قىز، يە-
نە قەيەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈيدىغانسىز؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا
ئادىلە بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ تا هازىرغىچە بولغان كۆرۈنۈش-
لەر بىر - بىرلەپ كېلەتتى، ئۇنىڭ يۈرىكىنى قۇرت غاجىلىغان-
دەك ئازابلايتتى.

ئۇ دېرىزە تەكچىسى يېنىغا كېلىپ سىرتقا قاراپ خىيال
سۈرمەكتە ئىدى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزىگە دېرىزە تەكچىسىدىكى
ئەتىرگۈل كۆرۈندى. ئۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئەتىرگۈلنىڭ بۇنچە سەت،
كۆرۈمسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم هېس قىلدى. ئۇ-
نىڭ قات - قات بەرگىلىرى پۈرلىشىپ كەتكەن لاتا پۈرۈچلىرىغا
ئوخشايتتى. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان پۇراقچۇ؟ خۇشبۇيمىش، ئۇ ئە-
تىرگۈلنىڭ هىدىنى ئىچىگە كۈچلۈك سۈمۈرۈپ بېقىپ سەسكى-
نىپ كەتتى.

«ئەتىرگۈل كۈلەرمىش، ئادەمگە مۇڭلىنىپ باقارمىش، ئۇ
هېسسىياتچان قىزغا ئوخشايمىش...» ئۇ قاچانلاردا ئاڭلىغان شۇ
سۆزلەرنى ئېسىگە ئالدى. كىشىلەر ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋېرى-
دۇ، قېنى بۇنىڭ كۈلگىنى، ئۇ شۇنداق سوغۇق، هېسسىياتسىز،
بۇتتەك قېتىپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى سۈپۈرگىدىن
نېمە پەرقى؟

يارقىن تەشتەكتىكى گۈلگە ئۈزاقتىن - ئۈزاق تىكىلىپ قارىدى.
گۈلمۇ خۇددى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەندەك ياكى تىمتاس هالدا بىر
نەرسىنى خىيال قىلىۋاتقاندەك جىمجىت قېتىپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئادىلە كېلىۋالدى.

ئادىلە يارقىنغا كۈلۈپ قارايتتى، ئۇ خۇددى جەننەتتىكى هۆر -
پەرىلەرگە ئوخشاش گۈزەل ئىدى، ئۇ توي كۆينىكى كىيىۋالغان
بولۇپ يارقىننىڭ كۆزلىرىگە سېھىرلىك قارايتتى، يارقىن بۇ

خىل قاراشتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالغانىدى. ئۇ شۇ مىنۇتتا ئادىلەدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىشنى خالىمايتتى، ئۇ ئادىلەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتماقچى بولدى، لېكىن... لېكىن ئادىلە تۇيۇقسىز تۇمانغا ئايلىنىپ يوقاپ كەتتى. يارقىننىڭ كۆڭلىنى يەنە دەرد ـ ئەلەم، غەشلىك قاپلىۋالدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ دېرىزە تەكچىسىدىكى ئەترگۈلنى كۆردى. شۇ تاپتا كۆز ئالدىدىكى ئەترگۈل ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەھمىيەتسىز ھەم بەتبەشىرە كۆرۈنۈپ كەتتىكى، كۆتۈرۈپلا دېرىزىدىن تاشلىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى.

بۇ بىر تەشتەك گۈلنى ئانىسى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغانىدى.

ــ كۈندە پەرۋىش قىلىپ، سۇ قۇيۇپ تۇر بالام، بۇ گۈل خۇددى سەن ياخشى كۆرىدىغان، قەدىرلەيدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا قانچە مېھىر بەرسەڭ، كۆيۈنۈپ تۇرساڭ ئۇ خۇددى ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ ساڭا ئىللىق كۈلۈمسىرىگەندەك گۈل بەرگىلى ئارقىلىق ساڭا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ، مەڭگۈ بەختلىك بولغايسەن ئوغلۇم، ــ ئانىسى ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەنىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ يارقىن بۇ گۈلنى خۇددى ئادىلەگە ئوخشىتىپ پەرۋىش قىلىپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭغا مېھرىنى بېغىشلىغانىدى. تېخى بەزىدە گۈلگە قاراپ، خۇددى ئادىلەنى ئاڭلاۋاتىدۇ دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا سىرلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى، ئۆزىنىڭ خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلىرىنى ئۇنىڭغا بايان قىلاتتى.

چۇرۇقلاپ سايراۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازى يارقىننىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، دېرىزىگە يېقىن يەردىكى قارىياغاچتا بىر توپ قۇشقاچلار چۇرۇقلىشىپ شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرەتتى. ئۇلار زادىلا تىنىم تاپمايتتى. باشلىرىنى توختىماي مىدىرلىتاتتى، پۇررىدە ئۇچۇپ دەرەخنى بىر ـ ئىككىنى ئايلىنىپ يەنە قونۇۋالاتتى. ئۇ شاختىن ـ شاخقا قونۇپ سەك-

رەپ چۇرۇقلىشىۋاتقان قۇشقاچلارغا قاراپ تۇردى، قۇشقاچلار ھەقمقەتەن كۆپ ئىدى. تۇرۇپلا كاللىسىغا بىر خىيال كېلىپ قالدى. بۇلار مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ ـ نېمە؟ بولمىسا نېمە- دەپ دەرەخ تېپىلمىغاندەك ھەممىسى بۇ يەرگە كېلىپ سايرىشىد- دۇ؟ راست، بۇ بىر نېمىلەر ئۆزىچە ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ، مەن- دەك بىر ئەركەكنىڭ ئۆزى سۆيگەن قىزنى قوغدىيالمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى زاڭلىق قىد- لىشىۋاتىدۇ. ئۇ قۇشقاچلارغا بىردىنلا ئاچچىقلىنىپ قالدى. قىي- رىشقاندەك قۇشقاچلار تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ مېڭد- سىنى قوچۇۋەتتى. تېخى بىر جۈپى پۇرررىدە ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ دېرىزىسى ئۈستىدە بىر ئايلىنىۋېتىپ يەنە دەرەخكە قونۇۋالدى.

ئۇ بۇلارغا قاراشنى خالىماي دېرىزىنى يېپىۋەتتى.

جىمجىتلىق، باش ـ ئاخىرى يوق جىمجىتلىق... گويا پۈتۈن جاھاندىكى ھەممە جانلىق ئۆلۈپ تۈگەپ يارقىن ئۆزى يەككە ـ يېگانە قالغاندەك... ئۇ ئورنىدىن تۇردى، ئۆي ئىچىدە نېمىلەرنىد- دۇر خىيال قىلىپ ئۇيان ـ بۇيانغا ماڭدى. تاماكىسىنى چىقىرىپ ئوت تۇتاشتۇردى، كۆپكۆك ئىس ئاستا سوزۇلۇپ تۇرۇپ كۆتۈ- رۈلەتتى ۋە نەلەرگىدۇر غايىب بولاتتى.

ــ نەگىمۇ كەتكەنسىز؟ كېتىش ئالدىدا مېنى ئىزدەپمۇ قويد- ماپسىز... مېنى ياخشى كۆرمىسىڭىز يېقىن دوستىڭىز قاتارىدا بولسىمۇ كۆرسىڭىز بولىدۇ ئەمەسمۇ... ــ ئۇ شۇلارنى ئويلاپ كۆزلىرى نەملەندى، ئېغىر خورسىندى. تاماكىسىنى كۈچەپ ـ كۈچەپ سۈمۈردى. ئۆينىڭ ئىچىنى تۇماندەك ئىس قاپلىدى. تۇ- مانلار، كۆكۈش تۇمانلار، ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشىنىكسىز تۇمانلار قاپلىۋالغانىدى.

49

— ۋوي ئاداش، ئۇ نېمىدەپ يېزىپتۇ؟ — ماھىرە تاھىرنىڭ زۆھرەگە خەت يازغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنى سوراقفا تارتىۋاتاتتى، — دېگىنە تېز، ئادەمنى ئەجەب تەقەززا قىلدۇردۇڭغۇ؟!

— ۋاي ئاداش، مەن دەپ بېرىمەن، ئالدىرىماي تۇرە، مەن ئاۋۋال ئويلىشىپ بولۇپ، ئاندىن ساڭا مەزمۇنىنى دەپ بېرەي...

— ھا... ھا، ۋۇ قىلىن! — ماھىرە ھىجايغىنىچە زۆھرەنى چىمدىپ قويدى، — ئۇ ساڭا ئاخىر تەلەپ قويۇپتۇ - دە؟ ئۇ مۆزىمەس دورىنى خاتا يەۋالمىغان بولغىيتتى؟ ھا... ھا... ھا...

— ماڭە ساراڭ، ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ئىشقىلىپ ئاخىر ئېغىز ئېچىپتۇ، — زۆھرەنىڭ شەھلا كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلۇپ، يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

— ۋاي، قىزىرىپ كەتكىنىنى مانىڭ ئەمىدى، ھى ھى، ئەمەسە، سەن ئۇنىڭغا «ۋاي مەن ئاران تۇرغان، جېنىم بىلەن ماقۇل بولىمەن!» دەرسەن؟ ھا... ھا... ھا...

— ئۆتەپ بارە، مەن يا ئېتىزدىن تېپىۋالدىغان قوناق كۆتىكى بولمىسام، ئۇنى قىيناپ تازا...

— ھەي... ھەي! ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قوي جۇما، ئۇنىڭدىن ئاران بىر سادا چىققاندا، تۆمۈرنى شاپپىدە قىزىقىدا سوقمىساڭ، قۇرۇق قېلىشىڭ بار گەپ، ئويلاپ ئىش قىل - ھە، ئۇنىڭ ساڭا بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشىمۇ ئاسان ئەمەس. ئەمما مەن زادىلا ئويلاپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلىپتۇ. ساڭا ئېغىز ئېچىشتىمۇ بەك ئويلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق جۈرئەت ھەممە ئوغۇللاردا بولۇۋەرمەيدۇ.

— ۋاي بىلمەن! سېنىمۇ - زە...

زۆھرە ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىش توغرىسىدا ئويلىشىپ

بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى، ۋاقىتمۇ سۈدەك ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ قوشۇلۇش، قوشۇلماسلىقنى ئەمەس، بەلكى قانداق شەكىلدە قوشۇلۇشنى ئويلىشىۋاتاتتى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، تاھىر ئۆزىدىن گۇمان قىلماقتا، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى سۇسلاشماقتا ئىدى. مانا، بىر نەچچە كۈندىن بېرى زۆھرەدىن ئۇ توغرۇلۇق سادا يوق، تېخى بۈگۈن بىر نەچچە قىزلار بىلەن كاۋاپ يېگىلى كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. پەقەت ئۇنىڭغا قاراپ باش لىڭشىتىپ ئۆتۈپ كەتكەن يېرى بار.

تاھىر ئاخىر پارتلىدى، ئۇ زۆھرە ئىمتىھانىنى بېرىپ بولۇپ، تەتىلگە يۇرتىغا قايتىش ئارىلىقىدا تۇرغان ۋاقىتتا، زۆھرەنى ئۇلارنىڭ مەكتىپىنىڭ كەينىدىكى باغقا تەكلىپ قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماھىرەنىڭ ئەقلى ئىدى. ماھىرە زۆھرە يۇرتىغا قايتىش ئالدىدا ئۇنىڭدىن جاۋاب ئېلىۋېلىش توغرىسىدا تاھىرغا قايتا - قايتا تاپىلىغان ھەم زۆھرەنىڭمۇ تاھىرغا مايىللىقى بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى تېخىمۇ جۈرئەتلەندۈرۈپ قويغانىدى.

ئەنە، ئۇ كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ، زۆھرەنى ساقلىغاچ تۈرلۈك خىياللارغا بەنت بولماقتا، زۆھرەگە قانداق ئېغىز ئېچىش، نېمىلەرنى دېيىش توغرىسىدا قاتتىق ئويلاشماقتا. تۇيۇقسىز «ھوي!» دېگەن ئاۋازدىن ئۇ چۆچۈپ كەينىگە قارىدى، ئۇزۇن چاچلىرىنى ئەركىن قويۇۋەتكەن، چىرايلىق ئەتلەس كۆڭلەك كىيىۋالغان، ئوماققىنە تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلىغىنىچە قاراپ تۇرغان، شەھلا كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەن زۆھرەنى كۆردى - دە، ۋىلدە قىزىرىپ كەتتى.

— كېلىڭە، ئولتۇرۇڭە، — تاھىر شۇنداق دېگەچ زۆھرەنى يېنىدىكى تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى، زۆھرە سىلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئاۋايلاپقىنا ئولتۇرۇپ، كۆلگە قارىغىنىچە سۈكۈتتە تۇراتتى. تاھىر بەكلا ھودۇقۇپ كەتكەن بولسا

كىرەك، بابا ئالدىن تەييارلىۋالغان سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ كاللىسىغا نېمە كەلسە شۇنى دېمەكچى بولدى:

— زۆھرە، سىز ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟

— ھە؟ نېمىنى؟ — زۆھرە قەستەن بىلمەسكە سېلىۋالدى.

— شۇ... ئاۋۇ... — تاھىر دۇدۇقلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى، دەقىقە ئىچىدە ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مېنىڭ تەلىپىمنى قوبۇل قىلىشنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟

— ھىم... ، ئويلاشتىم، لېكىن، تولۇق ئەمەس.

— بىر ئايدىمۇ تولۇق ئويلىشىپ بولالماپسىز ـ دە، بەلكىم مېنى قوبۇل قىلماسسىز. مەن بىر تۈزۈك مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، قارا كۈچۈمدىن باشقا نەرسەم يوق كاۋاپچى، خالاس. ئەسلىدە سىزگە ئۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشقىمۇ سالاھىيىتىم توشمايتتى. مېنىڭ ئالدىراقسانلىقىمنى، ئۆزۈمنى دەڭسىمەي سىزگە ئۇنداق گەپلەرنى قىلغىنىمنى كەچۈرۈڭ، مەن...

— تاھىر، ئۇنداق دېمەڭ، بىلىسىز مەن سىزگە بەك ئامراق.

زۆھرەنىڭ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ۋىللىدە قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆرگەن تاھىرنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى. دېمەك ماھىرە يالغان سۆزلىمەپتۇ، زۆھرەنىڭمۇ ئۇنىڭغا مەيلى بارلىقى راستكەن. ئۇ تېخىمۇ جۈرئەتكە كېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— ئۇنداقتا... ئۇنداقتا مېنى قوبۇل قىلامسىز؟

— ھىم... — زۆھرە قىزىرىپ كەتتى، تىلىنىڭ ئۇچىدا بوشقىنا دېدى، — سىز غەلىبە قىلدىڭىز تاھىر.

— راستما؟ ۋاھ، مەن غەلىبە قىلدىممۇ؟ مېنىڭ غەلىبىگە ئىشەنچىم بار ئىدى، بۇنى... بېلىق قارماققا ئىلىندى دەمدۇق؟ ھا... ھا...

— ساراڭ، سىزمۇ شۇنداق تېتىقسىز گەپ قىلىدىكەنسىز ـ

ھە؟ ئويلاپ باقماپتىمەن.

— ئۇنداقتا، مېنىڭ تۇز مادام كېمىيىپ قالغان ئوخشىمامدا؟ شورلۇققا چىقىپ چىسەم بولغۇدەك جۇما، — دېدى تاھىر ساپ قەشقەر شېۋىسىدە ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، — قايلىگە، كۆلدە بېلىق باركەن، — تاھىر شۇنداق دەپ، قولىنى ئاستا زۆھرەنىڭ مۈرىسىگە ئۇزاتتى، يۈرەك سوقۇشى شۇ دەقىقىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققاندى، ئۇ قولىنى زۆھرەنىڭ مۈرىسىگە ئاخىر قويدى، زۆھرە تاھىرغا نازلىق قاراپ، ئاستا ئۇنىڭ دولىسىغا بېشىنى قويدى...

پاكلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەت ھېكايىسى ئەنە شۇ دەقىقىدىن باشلاپ داۋام قىلىشقا باشلىدى، شۇ تاپتا، زۆھرە كىتابلاردىلا ئوقۇغان، رومانتىك مۇھەببەت ھېسلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ھېس قىلماقتا، يۈرەك تاۋۇشلىرىنى تاھىرغا بايان قىلماقتا، تاھىرمۇ ئەڭ ئوتلۇق، ئەڭ نازۇك، ئەڭ پاك، ئەڭ سەمىمىي، ئەڭ تاتلىق ھېسلىرىدىن زۆھرەنىڭ قەلبىگە مۇھەببەت ئۇرۇقى چاچماقتا ئىدى.

زۆھرە شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆگىنىشىنى، كەلگۈسىگە ئاساس سېلىشنى ئەڭ ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا، تۇنجى مۇھەببەت سەپىرىنى باشلىغۇەتتى. ئۇ دەرستىن چۈشكەنلىرىدە تاھىرغا يار-دەملىشىپ بېرەتتى. تاھىر بىلەن بىللە يۈرگىنىدە ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك قىز ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى ئويلاپ تاھىرغا ھەقىقىي مۇھەببەت ئاتا قىلىشنى، ئۇنىڭ زىدىلەنگەن قەلبىنى بەخت ھېسلىرى بىلەن تولدۇرۇشنى ئويلايتتى. مەكتەپتە، بۇ بىر جۈپلەرگە خىلمۇخىل قوشاقلار، ھېكايىلەر توقۇلدى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ رېئال ھادىسىسى بولغان كۆرەلمەسلىك ئەندىزىسىمۇ تەڭ ۋاقىتتا يۈز بەردى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىغۋا، پىتنە - پاسات تارقاتقۇچىلارمۇ

بولدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار زۆھرەگە تاھىرنىڭ ماس كەلمەيدىغان-لىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ ئاخىرى چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ قەلبىگە زىددىيەت ئۇرۇقىنى چاچماقچى بولاتتى. ئەمما، بۇ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ داۋام قىلىشىغا قىلچە توسالغۇ بولالمىدى، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ رىشتىسىنى تېخىمۇ چىڭ باغلاپ تۇردى. مۇھەببەت جەريانىدىكى ئىچچام تەسەۋۋۇرلارنىڭ قانات قېقىشى، ئىلھام قۇشلىرىنىڭ پەرۋاز قىلىشى بىلەن، زۆھرە تاھىرغا ئاتاپ مۇھەببەتلىك شېئىرلارنى، نەسرلەرنى يازاتتى. تاھىرغا ئوقۇپ بېرىپ ئۇنىڭ چېھرىدىن بالقىپ تۇرغان خۇشاللىقنى كۆرۈپ ئۆزىنى شۇنچە بەختىيار سېزەتتى. ئۇلار ئەنە شۇ دەرىجىدە مۇھەببەتلىك ئىدى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە، زۆھرەنىڭ ئوقۇشى ئاخىرلىشىپ يۇرتىغا قايتماقچى بولدى. ئۇلار بىر - بىرىگە شېرىن ۋەدىلەرنى قىلىشىپ قىيالمىغان هالدا ئايرىلىشتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ بىرلا ئەندىشىسى قالغانىدى، زۆھرە يۇرتىغا قايتىپ ئاتا - ئانىسىغا تاھىر بىلەن بولغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەرمەكچى، ئۇلار قوشۇلسىلا تاھىر بىلەن توي قىلماقچى بولدى، تاھىرمۇ زۆھرەلەرنىڭ يۇرتىغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىشنى ئويلاشقانىدى. ئۇلار مۇشۇ توسالغۇدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ كېتەلىسىلا، مەڭگۈ بىرگە بولۇش ئارزۇسىغا يېتەلەيتتى...

## 50

ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق، لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان بىر كۈنى، ئوقۇغۇچىلار قىشلىق كانىكۇلغا قويۇپ بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلار خۇشال هالدا ئۆيلىرىگە قايتىش ئۈچۈن نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرماقتا ئىدى.

ئەخمەت بىلەن نەرگىزە پويىزدا بىر - بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئەخمەت بۇ ئىككى كۈنلۈك پويىز سەپىرى جەريانىدا

نەرگىزەنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ توردىن نۇرغۇن ئاۋازلىق ئەسەرلەرنى چۈشۈرۈۋالغانىدى. ئىككىسى تېلېفوندىن چىقىۋاتقان ئاۋازلىق ئەسەرنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى. بۇ «چېگدۇدىن باشلانغان مۇھەببەت» دېگەن ئەسەر بولۇپ، ئىككىلىسىگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. نەرگىزە ئەسەردىكى باش پېرسوناژ يادىكارنى ئەخمەتكە ئوخشىتىۋاتاتتى، ئەخمەتمۇ نەرگىزەنى يادىكارنىڭ قىز دوستى گۈلزىباغا ئوخشاتتى. نەرگىزە ئەسەردىكى نەفىسەنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. ئەسەرنى پۈتۈنلەي ئاڭلاپ بولغىنىدا ھەر ئىككىلىسى خىيالغا چۆمۈپ كەتتى، شۇ تاپتا ئۇلار ئەسەردىكى پېرسوناژلارنى تەھلىل قىلىپ، نۇرغۇن ئىشلارنىڭ كىشىنىڭ مەيلىگە باقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. پات ـ پات پويىز گۈدۈكىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازلار بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

— ئەخمەت، — سورىدى نەرگىزە، — سىزدىن بىر ئىشنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ...

ئەخمەت قېنى سوراڭ دېگەن مەنىدە كۆزلىرىنى نەرگىزەگە تىكتى.

— ئەگەر ئەسەردىكى گۈلزىبانىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام سىز قانداق قىلار ئىدىڭىز؟

ئەخمەت ئۇنىڭ بۇ سوئالىنى سورىشىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلدى، شۇ تاپتا ئۇ كاللىسىدا دەل مۇشۇ ئىشنى خىيال قىلىۋاتقانىدى، ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا نەرگىزە بولۇپ قالسا قانداق قىلار ئىدىم، دېگەنلەرنى ئويلاپ زادىلا ئۆزىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالمىغانىدى.

— سىزگە راست گەپنى قىلسام نەرگىزە، مەنمۇ قانداق قىلىشىمنى بىلمەيمەن. ئۇ ئىش بېشىمىزغا كەلمەي تۇرۇپ ئۇنداق

قىلىمەن، بۇنداق قىلىمەن دېسەڭ يالغان ئېيتقان بولۇپ قالى-مىز. خۇدايىم ئۇنداق كۆڭلەرنى بەندىلىرىنىڭ بېشىغا سالمى-سۇن، پاك قەلب ئىگىلىرىنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلسۇن...

نەرگىزە كۈلۈپ كەتتى، ئۇ شۇ تاپتا ئەخمەتتىن تۇنجى قېتىم قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالالىغانىدى، ئۇنىڭ جاۋابى نەرگىزەنى ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى...

## 51

ئادىلە پويىزدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، ئۇ ئويلىنىش ئار-قىلىق ئۆزى كىچىكىدە نۇرغۇن ئازابلارنى تارتقان، ئۆزىنىڭ ئوغرىلىقتىن ئىبارەت بۇ تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان شەھەرگە ـــ بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىققانىدى. ئۇ تىرى-شىپ باقتى، ئوغرىلىقتىن قول ئۈزۈپ ھالال ياشاپ باقماقچىمۇ بولدى، لېكىن بۇ جەمئىيەت، بۇ كىشىلەر ئۇنىڭغا پۇرسەت بەر-مىدى، ئۇنىڭ يولىغا ماڭدامدا بىر تىكەن ئۈندۈرۈپ ئۇنى ھال-سىزلاندۇردى، ئۇنىڭغا چىقىش يولى بەرمىدى. پويىزنىڭ گۈدۈك ئاۋازى ئۇنى ئازابلىق خىياللار قوينىدىن تارتىپ چىقتى. ئېچى-نىشلىق تەقدىر ئۇنى يەنە شۇنداق جىنايى شۇملۇقنى قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

*　　*　　*

ئابلەت ساقچى كۈنبويى ھەسرەت ـ نادامەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىدى. قىزىنى سېغىنىش ئازابى ئۇنىڭ يۈرىكىنى لەختە قىلىۋەتكەنىدى. مانا شۇ تاپتىمۇ ئۇ قىزى مۇنىرەنىڭ سۈرىتىگە قاراپ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئازاب ئىچىدە ئەسلەۋاتاتتى. بۈگۈن مۇ-نىرەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئاتا ـ بالىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىل-

غىنىغا ئون ئالتە يىل بولدى. لېكىن شۇ كۈنلەردە يۈرەككە چۈشكەن جاراھەت ھازىرغىچە ھېچ ساقىيىدىغاندەك ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بارماقتا. ئازابلىق ئەسلىمىلەر ھېلىھەم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھەر قېتىم ئۇ سىرتتىن ئۆيگە كىرگىنىدە تامدىكى چوڭايتىپ ئىسىلغان قىزى بىلەن ئايالىنىڭ سۈرىتى كۆزىگە چېلىقاتتى. ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىدا كىچىككىنە بىر ئۈمىدمۇ بار... قىزىنى تېپىش... بەلكىم ئۇ ھامان بىر كۈنى قىزىنى تېپىۋالار. مۇشۇ غۇۋا بىر ئۈمىد ئۇنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سۆيۈملۈك قىزى مۇنىرە نەدىدۇر؟ ئۇ قايسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا تەمتىرەپ يۈرگەندۇ؟ ئۇ قاچانمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولار؟ زادى قاچان، قاچان؟...

شۇ تاپتا ئابلەت ساقچى ئۆيىدە تىكەندەك يالغۇز ئولتۇراتتى. ئالدىدا تورت، تورتنىڭ ئۈستىدە چىرايلىق يېزىلغان: «قىزىم مۇنىرە، تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك» دېگەن خەتلەر...

ئابلەت ساقچىنىڭ لىققىدە ياشقا تولغان كۆزلىرى ئاستا ـ ئاستا خىرەلەشتى. شۇنچە يىللار ئۆتتى، مۇشۇ چاغقىچە ئاشۇ خىرە ئۈمىد قانداقمۇ ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدىكىن ـــ ھە!

## 52

ـــ قىزىم، ساڭا بىر ئىشنى ئېيتاي دېگەن، ـــ دېدى ئانا زۆھرەنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ـــ ئالدىنقى قېتىم تەتىلدە كەلگىنىڭدە بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن ئاينۇرخان ئېسىڭدىمۇ؟

زۆھرە بېشىنى لىڭشىتتى.

ـــ ئاينۇرخان ئانىنىڭ ئادىل دەپ بىر ساقچى باشلىقى ئوغلى بار ئىدى، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، سالاپەتلىك، ئېسىل يىگىت بولۇپتۇ. ئاينۇرخان ئانىنىڭ سىېنى بالا قىلىپ بېقىۋالغۇسى بار ئىكەن.

ئانىنىڭ گېپىدىن زۆھرە ھەممىنى چۈشەندى. بۈرۈنمۇ مەكـ-
تەپتىكى چاغلىرىدا ئانىسى ئاينۇرخان ئانىنى بىر نەچچە قېتىم
تىلغا ئالغان، ئەمما زۆھرە ھەر قېتىم گەپنى باشقا ياققا بۇرۇ-
ۋەتكەنىدى. بۇ قېتىممۇ ئۇ گەپنى بۇرۇۋېتىشنى ئويلىدى ـ يۇ،
ئانىسىنىڭمۇ شۇنداق بىر ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلمۇۋال-
دى. تەتىل قىلىپ كەلگەندىن بېرى تاھىر بىلەن تېلېفوندا ئالا-
قىلىشىپ تۇرغان، ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ پۇرسەت تاپقاندا ئاتا ـ ئا-
نىسىغا ئىككىسىنىڭ ئىشىنى ئېيتىپ، ئۇلاردىن رازىلىق ئال-
ماقچىمۇ بولغانىدى.

— نېمە بولدۇڭ قىزىم، جىمىپ كەتتىڭغۇ؟ مەندىن خاپا بو-
لۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟

ئانىسىنىڭ سۆزلىرىدىن ئەسلىگە كەلگەن زۆھرە بېشىنى
كۆتۈرۈپ ئانىسىغا قاراپ مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ قويدى.

— ئانا، ئەسلىدە ئاتا ـ ئانام كىمنى تاپسا ئۇلارنى رەت قىل-
مايمەن. كىم بىلەن توي قىلغىن دېسە شۇنىڭ بىلەن توي قىلـ-
مەن دەپ ئويلايتتىم. ئەمما... ئەمما... — زۆھرە تىلىنىڭ ئۇچىـ-
غا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدى. بەزى
ۋاقىتتا بىر ئىشنى قىلىمەن، بۇ گەپنى دەيمەن دېگەن بىلەنمۇ
ۋاقتى كەلگەندە ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپ توسۇپ قو-
يىدىكەن. زۆھرە ئانىسىغا قانداق يوسۇندا گەپ ئېچىشنى بىلەل-
مەي دۇدۇقلاپ قالدى. ئەقىللىق ئانا قىزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەن
يۈزلىرىنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشەنگەنىدى.

— مەكتەپ پۈتكۈزۈشكىمۇ ئاز قالدى قىزىم، قىز بالا چوڭ
بولسا ئەرگە بېرىدىغان، ئوغۇل چوڭ بولسا خوتۇن ئېلىپ بېرىد-
دىغان قائىدە بار. سېنىڭ ئىشلىرىڭنىمۇ ئويلىشىدىغان يەرگە
يەتتى. بىلسەڭ قىزىم، سېنى ئۆزۈمنىڭ قىزىدەكلا ياخشى كۆرد-
مەن...

زۆھرە ئانىسىنىڭ «سېنى ئۆز قىزىمدەكلا ياخشى كۆرىمەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالدى، ئانىمۇ قىزىنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆرۈپ ئويلىمايلا دەپ قويغان بۇ گېپىدىن پۇشايمان قىلدى. ئۇ تېزلا گەپنى بۇراپ:

— قارىغاندا كۆڭلۈڭدە پۇتۇشۇپ قويغان بىرەر يىگىت بار ئوخشىمامدۇ قىزىم؟ مەندىن خىجىل بولما، مەن سېنىڭ ئاناڭ ھەم ئەڭ يېقىن دوستۇڭ. قانداقلا گېپىڭ بولسا ماڭا دېگىن، بىز سېنىڭ كەلگۈسىڭنى ئويلىشىمىز. سەنلا مۇۋاپىق دەپ قارىغان بولساڭ بىزنىڭ ئارتۇق پىكرىمىز يوق، تاتلىق قىزىم، — ئانا شۇنداق دېگىنىچە قىزىغا ئىلھام بەردى.

زۆھرەنىڭ يۈزلىرى يەنە ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى، ئۇ ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئانا، ئەسلىدىغۇ ئالىي مەكتەپكە بېرىپ بىرەرسى بىلەن يۈرۈشنىمۇ ئويلاپ باقمىغان، سىلەرنىڭ مېنى شۇ باققان ئەجرىڭلارنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ ئوقۇسام دەيتتىم. ئۆزۈمنىڭ ئاتا - ئانىسى بولغان تەقدىردىمۇ سىلەردەك قىلىپ بولالماستى بەلكىم... مەن سىلەرنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن. ساڭا بەرگەن ۋەدەم بولۇپ قالسۇن ئانا، بىر ئۆمۈر سىلەرنىڭ باققان ئەجرىڭلارنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن ھەم سىلەرنىڭ نامىڭلارغا داغ يەتكۈزىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلمايمەن.

ئانا قىزىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىغاچ پېشانىسىگە مېھىر بىلەن يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ كەتتى.

زۆھرە ئانىسىغا تاھىرنىڭ بارلىق كەچۈرمىشلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى، ئانىسى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كۆز يېشىمۇ قىلدى.

— ئانا، نېمىشقىكىن تاھىرنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن. ئۇ

گەرچە تۇزۇك مەكتەپ تەربىيەسى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۇنى نى-نى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىمدىن ئۇستۇن كۆردۈمەن. ماڭا رازىلىق بەرسەڭ ئانا، مېنىڭغۇ سەن كىمنى ماڭا مۇۋاپىق كۆرسەڭ شۇنىڭغا ياتلىق بولغۇم بار. ئەمما بۇنداق قىلىپ ئۆزۈمنىمۇ، تاھىرنىمۇ بەختسىز قىلىپ قويۇشنى خالىمايمەن. كىچىكىمدە كۆرگەن قارا قىسمەتلەر ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئەگەر سىلەر بولمىغان بولساڭلار ھازىر نەلەردە بويۇن قىسىپ يۈرەر بولغىيتتىم...

زۆھرە بىردىنلا ئانىسىغا ئېسىلىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

53

ئادىل بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئانىسى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— ئانا، مەن قايتىپ كەلدىم، — ئۇ چاپىنىنى ئىلغۇچقا ئېسىپ قويغاچ دېدى، — بۈگۈن تاماق ئەتمىدىڭىزمۇ؟

— ئېتىۋاتىمەن... — ئاينۇرخان ئانا تېلېۋىزورغا قارىغاچ سوغۇقلا جاۋاب بەردى. ئادىل ئانىسىنىڭ ھېلىقى كۈندىن باشلاپ غەلىتە بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

ئۇ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئانىسىنىڭ قاپىقى تېخىچە ئېچىلمىغان بولۇپ، ئۇ ئانىسىغا قاراپ ئۇھ تارتقىنىچە مۈرىسىنى قېقىپ قويدى.

— ئانا! — ئۇ ئەمدى ئېغىز ئېچىپ تۇرۇشىغا ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلدى. بىر تەخسە لەڭمەننى كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر قىزنى كۆرۈپ قېتىپلا قالدى، ئۇ زۆھرە ئىدى.

ئادىل زۆھرەنىڭ ئۆيدە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى

كۆرۈپ سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— بۇ قىزىم ئۆيدە باشقا ئىش يوق زېرىكىپ ئولتۇرۇپتىكەن، ئاتا ـ ئانىسىغا دەپ ماڭا ھەمراھ بولسۇن دەپ ئەكېلىۋالدىم، — دېدى ئاينۇرخان ئانا سۆز قىستۇرۇپ.

— مانا بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئادىل بولىدۇ، تونۇشۇپ قويۇڭلار، بۇ قىزىمنىڭ ئىسمى زۆھرە.

زۆھرە قولىدىكى تەخسىنى ئادىلنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ ئاي-نۇرخان ئانىغا كۈلۈمسىرەپ قويغاندىن كېيىن، ئادىلغا لەپپىدە بىرنى قاراپ قويدى. بۈگۈن ئاينۇرخان ئانا ئۆلارنىڭ ئۆيىگە بې-رىپ ئادىلنىڭ يېقىندىن بېرى باشقىچە بولۇپ قالغانلىقىنى، زۆھرەنىڭ خالىسا ئۆيدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ كېتىشىنى ئۆتۈنگەنىدى. زۆھرەمۇ بۇ ئاق كۆڭۈل ئانىنىڭ گېپىنى يىرالمى-دى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا ـ ئانىسى تاھىر بىلەن بولغان بارلىق ئىشلارنى بىلدى ھەم قىلچە خاپا بولماستىن توي ئىشىنى زۆھرە-نىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— سىزمۇ ئولتۇرۇڭ قىزىم، تاماق ئېتىمەن دەپ بەك ھېرىپ كەتتىڭىز، — دېدى ئانا، ئاندىن ئادىلغا قاراپ، — بۇ قىزىمنىڭ قولى گۈل ئىكەن، تامىقى بەك ئوخشاپتۇ...

ئانا سۆزلىگەچ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئادىلغا قاراپ قويدى. ئا-نىسىنىڭ قاراشلىرى ئادىلنىڭ تەشۋىشلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇ-ۋەتكەنىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاللىبۇرۇن پەملىگەن، ئەمدى مۇشۇ قىز بىلەن تويۇڭنى قىلىسەن، بۇ قىز ماڭىمۇ بەك يارىدى دېمەكچى...

زۆھرە ئادىلغا قاراپ سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، شۇڭا قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇۋېتىشنى باھانە قىلىپ ئاشخانا ئۆيگە ماڭدى. ئادىل ئارتۇقچە گەپ قىلماي تاماق يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، قەلبى تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب ئىچىدە

ئۆرتەنمەكتە ئىدى.

ئاينۇرخان ئانا ئوغلىنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، قەستەن:

ــ سىنىڭچە ياخشى بولماپتىمۇ؟ ــ دېدى ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاينى تەڭلەپ تۇرۇپ.

ــ نېمە دېدىڭىز، ئانا؟ ــ ئادىل بېشىنى كۆتۈرۈپ ئانىسىغا قارىدى.

ــ زۆھرەنىڭ ئۆيىمىزگە كەلگىنىنى دەيمەن، بۇ بىچارە قىز-نىم كىچىكىدە نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈ-رۈپ، ئاخىر بېقىۋالغان ئاتا - ئانىسىنىڭ مېھرى بىلەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزدى، ناھايىتى ئەخلاقلىق، پاكىز چوڭ بولۇپتۇ.

ــ ياخشى قىلىپسىز، بەك خۇش بولدۇم. ئەمدى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ تېپىپسىز، مەن ئىشقا كەتسەم زېرىكىپمۇ قالمىغۇدەك-سىز، ــ ئادىل چاينى ئىتتىك - ئىتتىك ئوتلىغاچ، ئاشخانا بو-سۇغىسىدا ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ پارىڭىنى تىڭشاپ تۇرغان زۆھرەگە قاراپ قويدى.

ئەتىسى ئادىل خىزمەتكە ماڭىدىغان چاغدا ئانىسى زۆھرەنى ئۇنىڭغا ناشتىلىق تەييارلاپ بېرىشكە بۇيرىدى. ئادىل تېخىچە زۆھرەگە بېشىنى كۆتۈرۈپ تەپسىلىي قاراپ باقمىغانىدى. زۆھرە بولسا ئادىلنىڭ غەمكىن چىرايىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە بىرسىنىڭ بارلىقىنى ئاللىبۇرۇن پەرەز قىلىپ بولدى. ئانىسى ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندە زۆھرە ئۇنىڭدىن سورىدى:

ــ خىزمىتىڭىز ئالدىراشمۇ؟

ــ بەزىدە بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىمىز، بەزىدە ئىش يوق زېرىكىپ ئولتۇرىدىغان گەپ، ــ ئادىل شۇنداق جاۋاب بەردى.

ــ مېنىڭ ئۆيىڭىزگە كەلگىنىمدىن خۇشال ئەمەستەك قى-لىسىز... ــ زۆھرە شۇنداق دېگەچ پەسكە قارىۋالدى. ئۇ خىيالىدا

ئۆزىنى كىنودا رول ئېلىۋاتقان ئارتىستەك چاغلىماقتا ئىدى، شۇڭا بۇ ئويۇننى تازا كېلىشتۈرۈپ ئوينىماقچى بولدى.
ئادىل زۆھرەنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇشنى خالىمايت-تى. ئۇ زۆھرەگە قارىدى، ئۇنىڭ يادەك قارا قاشلىرى، نۇرلى-نىپ، چاقناپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرى، قىزىلللىق تەپچىپ تۇر-غان يېقىملىق مەڭزىلىرى ئادىلنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. زۆھرە ھەقىقەتەن گۈزەل قىز ئىدى.
— نېمىشقا ئۇنداق ئويلاپ قالدىڭىز؟ — ئادىل ئۇنىڭدىن قاي-تۇرۇپ سورىدى.
— ئۆزۈمچە...
— ياق... ياق... ئۇنداق ئىش يوق! سىز...
ئادىلنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئانىسى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:
— ئوغلۇم، يا بولمىسا بۈگۈن ئىدارەڭدىن رۇخسەت سوراپ زۆھرە بىلەن ئايلىنىپ كېلىڭلار، زۆھرەمۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكىپ قالمىسۇن.
ئادىل ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلالمىدى.
— بولىدۇ، بۈگۈن ئىدارىدە باشقا مۇھىم ئىشمۇ يوق. مەن ئىدارىدىكىلەرگە تېلېفون ئۇرۇپ قوياي...
زۆھرە بىلەن ئادىل كوچىدا بىرگە كېتىپ باراتتى. ئۇلار بىرگە كېتىپ بارغان بولسىمۇ ھەر ئىككىلىسىنىڭ خىيالى باش-قا ئىدى. زۆھرە شۇ تاپتا تاھىرنى ئويلىماقتا ئىدى، ئادىل بولسا ئادىلەنى ئۇچرىتىپ قالارمەنمۇ دېگەن خىيال بىلەن يولدىكى ھەربىر كىشىگە سىنچىلاپ قارايتتى.
ئۇلار بىر مۇزىكىلىق ئارامگاھقا كىرىپ كەلدى، ئادىل دوستلىرى بىلەن پات - پات مۇشۇ ئارامگاھقا كىرىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەرنىڭ مۇھىتىمۇ ئازادە، پاكىز بولۇپ، مۇلا-

زىمەتلىرىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇلار چىرايلىق بېزەلگەن بىر ئايـ-
رىمخانىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئادىل زۆھرەدىن سورىدى:

— نېمە ئىچكۈڭىز بار؟

— سۇ.

— سۇ؟ — ئادىل كۈلۈپ كەتتى ھەم چاقچاق ئارىلاش تەلەپ-
پۇزدا، — سۇنى ئۆيگە بېرىپ ئىچەيلى، سوغۇق ئىچىملىك ئىـ-
چەمسىز؟ يا بولمىسا قەھۋە ئىچەمدۇق؟ بۇ يەرنىڭ قەھۋەسى بەك
تەملىك.

— مەن قەھۋە ئىچىشنى پەقەت ياقتۇرمايمەن. ئەمسە قىزىل
چاي ئىچەي...

زۆھرە بىر قاراشتا ئادىلغا تولىمۇ ساددا، ئاق كۆڭۈل قىز بو-
لۇپ تۇيۇلغانىدى، ئادىل گەرچە ئۇنى چۈشەنمىسىمۇ خۇش چاق-
چاق ھالىتىگە قاراپ كۆڭلىدە ھۆرمىتى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى.

ئۇلار تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، ئادىل زۆھرەنى
زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ ئىدارىدە يۈز بەرگەن نۇرغۇن قىزىقار-
لىق گەپلەرنى قىلىپ ئۇنى كۈلدۈرەتتى، ئامال بار ئۇنىڭ كۆڭ-
لىنى خۇشال قىلىشنى ئىستەيتتى. زۆھرەمۇ ئۆزىنىڭ مەكتەپ-
تىكى قىزىقارلىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇردى.

بىر ھازادىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى قىلىدىغان گەپ تاپالماي
جىمىپ قېلىشتى، بۇ جىمجىتلىقنى يەنىلا شوخ قىز زۆھرە بۇز-
دى:

— ئادىل، قىز دوستىڭىز بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

بۇ گەپتىن ئادىل گاڭگىراپ قالغانىدى، ئۇ زۆھرەنى بۇنداق
سوئال سورار دەپ ھەرگىز ئويلىمىغانىدى، ئۇ بىردەم زۆھرەگە
سىرلىق تۇستە قاراپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب
بەرمەي ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ سورىدى:

— ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— مەن ھېس قىلغانلىرىمنى دەپ باقايمۇ؟! — دېدى زۆھرە كۈلگىنىچە، — مەن راست گەپنى قىلسام تۈنۈگۈن سىزنى كۆرگەندىلا ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىڭىز بارلىقىنى ھېس قىلدىم. مېنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كېتىشلىرىڭىزدىن، غەمكىن ھالىتىڭىزدىن مۇھەببىتى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىمۇ - نېمە، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. قانداق، كېلىنچەك ھازازۇل بىر قىز ئوخشىمامدۇ؟

— ھە؟! مەن يا بۇ توغرۇلۇق بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىسام، مېنى بىر كۆرۈپلا بۇلارنى قانداق ھېس قىلدىڭىز؟

— ۋۆي يىگىت، مېنى ئۇنداق بوش چاغلىماڭ جۇمۇ، ھېس قىلغۇچىلىكىمىز بار بىزنىڭمۇ... ھا... ھا...

زۆھرە ئۆز گېپىدىن ئۆزى كۈلۈپ كەتتى.

ئادىل تېخىمۇ ھەيران بولۇۋاتاتتى، زۆھرەنىڭ بۇ ئوچۇق - يورۇق مىجەزىدىن ئۇستىدىكى ئېغىر بىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى.

— ئىشقىلىپ مەن شۇنداق ھېس قىلدىم. تۈنۈگۈن تۇيۇقسىز مېنى ئۆيىڭىزدە كۆرۈپ تازا قورقۇپ كەتتىڭىز - ھە؟ ئەمما مەن ئۇنداق جوبۇ قىزلاردىن ئەمەس جۇمۇ، ئۆيىڭىزگە ئانىڭىزنىڭ ئۆتۈنۈشى ھەم ئانامنىڭ كۆڭلىنى ئاياپلا كەلدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئانام ئادىلجان شۇنداق ئېسىل بالا بوپتۇ دەپ سىزنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپلا كەتتى. راستىنى دېسەم سىز بىلەن تونۇشۇپ دوست بولۇپ قالغۇمۇ كەلدى. خالىسىڭىز يېقىن دوست بولۇپ قالايلى... راست، بۇنداق دېسەم مېنى يۈرگۈنى يوق ئوخشايدۇ دەپ قالماڭ جۇمۇ... رىۋايەتلەردىكى تاھىر - زۆھرەدەك مېنىڭمۇ تاھىر ئاتلىق ئاشىقىم بار... ھا... ھا...

زۆھرەنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئادىلنىڭ يۈرىكى ئەسلىگە كەلدى، ئۇ باياتىن بېرى ئۇنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ سۆزلەپ

ئولتۇرغىنى بىلەن پەقەت ئىچىلالمىغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئارتۇقچە ئەنسىرەپ ئولتۇرۇشىنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى، زۆھە-رە ئۆزىنىڭ سۆيگۈنى بارلىقىنى ئوچۇق ئېيتتى، يەنە كېلىپ ئا-دىل بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقىنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويدى. بۇنىڭدىن ئادىل ئۆزىنى سەل خاتىرجەم بول-غاندەك ھېس قىلدى. زۆھرە ئادىلغا تاھىرنىڭ گېپىنى قىسقىلا قىلىپ ئېيتىپ بەردى. ئادىلمۇ ئادىلە بىلەن بولغان ئىشلارنى باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەپ بەردى. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆز دادىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بەردى.

زۆھرە ئادىلنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ تىڭشايتتى، ئاددىي-سى ئۇمۇ ئوخشاشلا بىر ساقچى بىلەن ئوغرىنىڭ مۇھەببىتى كىتابلاردا، كىنولاردىلا بار، دەپ ئويلايتتى، رېئال تۇرمۇشتىمۇ بۇ ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا ئۇلارنىڭ مۇھەببە-تىگە ھەۋەس قىلىۋاتاتتى. ئادىلەنىڭ يولۇققان قىيىنچىلىقلىرى، تارتقان ئازابلىرىنى ئاڭلىغىنىدا ئۆزىنى تۇتالمايلا قالدى. چۈنكى ئىككى قىزنىڭ ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئوخشاشلىقى بار ئىدى. زۆھرە-مۇ كىچىكىدە باشقىلار تەرىپىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئالداپ ئې-لىپ كېتىلىپ بىر مەزگىل ئوغرىلىق قىلغانىدى. ئادىلەنىڭ ئۆ-يىدىن چىقىپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ زۆھرە كۆز ياشلىرىنى توختى-تالمىدى.

ــــ ئادىل، مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن، ــــ زۆھرە بىردەمدىلا يىغلاڭغۇ بولۇپ قالغانىدى، ــــ ئادىلەگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدى، ئۇ بىچارە قىز ھازىر قەيەرلەردە يۈرۈيدىكىنە... سىز چوقۇم ئۇنى ئىزدەپ تېپىڭ، ئەگەر مېنىڭ ياردىمىم تېگىپ قا-لىدىغان ئىش بولسا مەنمۇ ھەرگىز ياردىمىمنى ئايىمايمەن. سى-لەرنىڭ بەختلىك بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن...

ئادىل زۆھرەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تەسىرلەندى، ئۇمۇ

ئوخشاشلا بۇ ئاق كۆكۈل قىزغا ھەم تاھىرغا ئىچىدە نۇرغۇن بەختلەرنى تىلىدى، ئادىلەنى ئويلاپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگىمۇ ياش ئولاشقىلى تۇردى. ئۇ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە قەسەم بېرىۋاتاتتى:
— ئادىلە، مەن چوقۇم سىزنى ئىزدەپ تاپىمەن، مەيلى سىز جاھاننىڭ ئۇ قېتىدا بولۇڭ، چوقۇم سىزنى تاپىمەن. سىزنى بۇ زۇلمەتلىك تۇرمۇش قوينىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن، ماڭا ئىشىنىڭ ئادىلە، مەن چوقۇم سىزنى تاپالايمەن!

## 54

زۆھرە ئۆز ھۇجرىسىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئادىل بىلەن كۆرۈشكەندىن تارتىپ كۆڭلى زادىلا ئېچىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ ئادىلەنى خىيال قىلاتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قىيىن ئەھۋالدا چىقىش يولى تاپالماي تەمتىرەپ يۈرگەن بىر قىز كېلەتتى. ئادىلەگە ئىچ ئاغرىتاتتى، ئادىلنىڭ چىن، ساپ مۇھەببىتىگە بەخت تىلەيتتى.
ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدا تارتقان ئازابلىرىنى ئەسلەپ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىڭ ئادىلە بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلايتتى. لېكىن ئۇ ئادىلەگە قارىغاندا كۆپ بەختلىك ئىكەن، ھازىرغىچە ئۆز ئاتا - ئانىسىنى تاپالمىسىمۇ، ھەر ھالدا ھازىرقى ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا بارلىق مېھرىنى بېغىشلاپ، ئۇنى ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقىرىپ كەلدى. لېكىن، ئادىلەچۇ؟ بىچارە قىز دادىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن شۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. مېنىڭ ئاتا - ئانام قەيەردىدۇر؟ مېنى يوقىتىپ قويۇپ ئىز - دېرىكىمنى قىلغانمىدۇ؟ يا بولمىسا بۇ كەمگىچە مېنى ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟... بۇلارنى ئويلاپ زۆھرەنىڭ كۆزلىرىگە لىق ياش كەلدى. ئۇ ئاخىرقى قې-

تىم بولسىمۇ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى، ئۇلارنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بولسىمۇ بىلىپ بې-قىشنى ئىستەيتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغان چاغدا تېخى كىچىك بولۇپ، ئۇلارنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇنىڭ غۇۋۋا ئېسىدە قالغىنى دادىسىنىڭ ساقچى كىيىملىرىنى كىيگەن ھالدا ئۇنى قۇچاقلاپ، قانماي سۆيۈشى، ئەركىلىتىشى ئىدى...

— ئۆز ئاتا ـ ئانامنى تاپالارمەنمۇ؟ ئۇلۇغ ئاللا ئۇلارنى سالامەت قىلسۇن، ئاخىرقى قېتىم ئۇلارنىڭ سىماسىنى كۆرەلىگەن بول-سام ئارمىنىم يوق ئىدى... — ئۇ شۇلارنى ئويلاپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى.

## 55

ئادىل ئىدارىدىن بىر ھەپتىلىك رۇخسەت سوراپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئانىسىغا بولسا كاماندىروپكىغا چىقىدىغان بولدۇم، دەپ يالغان ئېيتقانىدى. ئۇ ئادىلەنى قەيەردە بولسىمۇ ئىزدەپ تېپىشنى قارار قىلغانىدى. ئۇ پويىزدا ئولتۇرۇپ ئادىلەنى خىيال قىلاتتى، كۆز ئالدىغا ئادىلەنىڭ نەلەردىدۇر تەمتىرەپ يۈرگىنى كېلىۋېلىپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى.

— سىزنى چوقۇم تاپىمەن ئادىلە، چوقۇم!

ئەتىسى ئەتىگەن بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭغان پويىز ۋوگزالغا يېتىپ كەلدى. نەرگىزە بىلەن ئەخمەت خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىشقانىدى. ئۇلار پويىزدىن چۈشۈپلا ئۆز-رىنىڭ گۈزەل ئانا تۇپرىقىنىڭ ھاۋاسىدىن قانغۇچە نەپەس ئې-لىشتى، خۇشاللىقىدىن چېھرىلىرىدە كۈلكە ئوينايتتى.

ئەخمەت نەرگىزەنى ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولۇپ ئىككىسى يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە پويىز ئىستانسىسىدىن سىرتقا چىقتى. سىرت ئادەم دېڭىزىغا

ئايلانغان بولۇپ، توپ ـ توپ ئادەملەر ئۇيان ـ بۇيانغا مېڭىشىپ يۈرەتتى. ئۇلار ئاممىۋى ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ ماڭدى.

ئادىل پويىزدىن چۈشۈپلا قەيەرگە بېرىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى. ئۇرۇمچىنىڭ ھاۋاسى ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەكرەك سوغۇق ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن بىرەر يەرگە بېرىپ ياتاقتا ئورۇنلىشىۋېلىشنى ئويلاپ، ئاممىۋى ئاپتوبۇس بېكىتى تەرەپكە قەدەم ئالدى.

ئۇ ئاممىۋى ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ قايسى ئاپتوبۇسقا چىقىشنى بىلمەي، ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا قاراپ تۇرغىنىدا تۇيۇقسىز كۆزىگە ئاپتوبۇسقا چىقىپ كېتىۋاتقان بىر سىما ئۇچراشتى. بۇ نەرگىزە ئىدى. ئادىلنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى، ئۇ ئۇرۇمچىگە كېلىپلا ئادىلەنى ئۇچرىتىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. نەرگىزە قولىدا يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرگەن ھالدا ئەخمەتكە ئەگىشىپ ئاپتوبۇسقا چىقىپ كەتتى.

— ئادىلە! ئادىلە!

ئادىل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاۋازىنى بولۇشىغا چىقىرىپ توۋلىدى.

نەرگىزە بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى، بىر يىگىت ئون مېتىر يىراقلىقتا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. نەرگىزە ھەيرانلىق ئارىلاشقان كۆزلىرى بىلەن يىگىتكە قاراپ قويغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ ئالدىغا قارىۋالدى.

ئادىل كۆڭلىدە ئادىلەنىڭ ئۆزىگە قاراپ قويۇپ كارى بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشتى، نەرگىزەلەر ئولتۇرغان ئاپتوبۇس قوزغالدى.

— ئادىلە! ئادىلە!

ئادىل يەنە توۋلىغىنىچە نەرگىزەلەر چىققان ئاپتوبۇسقا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ئەمدىلا ئۈچ ـ تۆت قەدەم ئېلىشىغا كەينىدىن شىد-

دەت بىلەن كېلىۋاتقان بىر ماشىنا ئۇنى سوقۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلۇقتا تولۇپ، ھېچنېمىنى سەزمەيلا سوغۇق يەردە يېتىپ قالدى. نەرگىزلەر خېلى ئۇزاپ كەتكەن بولۇپ، ئادىلنى ماشىنىنىڭ سوقۇۋەتكەنلىكىنىمۇ كۆرمەي قالدى.

دوختۇرخانا ئىچىنى سوغۇق سۈر قاپلىغانىدى، ئەتراپ ناھايىتى جىمجىت، پەقەت ئاينۇرخان ئانىنىڭ يىغا ئاۋازىلا بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئادىل جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرىپ كەتكىلى 22 سائەتتىن ئاشقانىدى. ئاينۇرخان ئانا ئوغلىنىڭ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى، ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ قىسمەتلەردىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان زۆھرەمۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، ئۇ ئاينۇرخان ئانا بىلەن بىرگە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا باشلىرىنى ئەگكىنىچە ئادىلغا سالامەتلىك تىلەيتتى، ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىشاتتى. زۆھرە ئاينۇرخان ئانىنىڭ تۆگمىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەي، كۆز ياشلىرىنى تۆككۈنچە يىغلامسىراپ ئولتۇراتتى.

بىر چاغدا جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ چىرىغى يېنىپ بىر ئەر دوختۇر چىقىپ كەلدى. ئاينۇرخان ئانا بىلەن زۆھرە تەڭلا دوختۇرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى.

— سىلەر بىمار ئادىلنىڭ تۇغقانلىرى بولامسىلەر؟ — دوختۇر ئۇلاردىن سورىدى.

— ھەئە، شۇنداق... — زۆھرە شۇنداق دەپ تۇرۇشى بىلەن ئاينۇرخان ئانا ئاۋازىنى چىقىرىپلا يىغلاپ كەتتى ھەم:

— شۇنداق... مەن ئۇنىڭ ئانىسى بولىمەن. ئوپېراتسىيە ئا-

خىرلاشتىمۇ؟ — ئانا ئوغلىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ ئاۋازىمۇ پۇ-تۇپ قالغانىدى.

— ئاخىرلاشتى.

— جېنىم دوختۇر، ئوغلۇم قانداقراق؟

— ئىنشائاللا، ياخشى بولۇپ كېتەر، — دوختۇر تەمكىن سۆزلەيتتى، ئانىنىڭ يىغلامسىرىغان ھالىتىنى كۆرۈپ دوختۇر-نىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلغانىدى.

— ئوپېراتسىيە نېمىشقا بۇنداق ئۇزىراپ كەتتى؟ — زۆھرە دوختۇردىن سورىدى.

— ماشىنا ئۇنىڭ بەل قىسمىنى قاتتىق سوقۇۋەتكەن بولغاچ-قا بىر بۆرىكىنى ئېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدۇق، بەك قاناـ سىراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يەنە بىر بۆرىكىمۇ خەتەر ئىچىدە. بىر مەزگىلگىچە پۇتۇنلەي رولىنى جارى قىلدۇرالماسلىقى مۇم-كىن، ئۇنىڭغىچە بىزمۇ پۇتۇن كۈچىمىز بىلەن داۋالايمىز، ئەمما پۇتۇنلەي ياخشى بولۇپ كېتىشى ئۈچۈن بۆرەك سېلىشىمىز كېرەك.

— بۆرەك سېلىشىمىز كېرەك؟!

دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاينۇرخان ئانىنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى، زۆھرە يىغلىغان ھالدا ئاينۇر-خان ئانىنى يۆلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئانىنىڭ بۇ ئىشقا بەرداش-لىق بېرەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دوختۇرنىڭ كۆزلىرىمۇ نەم-لەشتى.

ھاياتلىق يولى بەكمۇ ئەگرى - توقاي، ھاياتلىقنىڭ بىر تەرد-پى پارلاق بولسا، يەنە بىر تەرىپى تولىمۇ قاراڭغۇ. ئاچچىق رې-ئاللىق، رەھىمسىز تۇرمۇش ئالدىدا ئىنسان بەزىدە ئەنە شۇنداق ئاجىز، ئىقتىدارسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن ئانا ھوشىغا كەلدى، ئۇ كۆز ئال-

ـدىدا يىغلاپ ئولتۇرغان زۆھرەنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.
— جېنىم ئانا، بولدى يىغلىمىسىلا، خۇدايىم ئادىلغا شىپالىق بېرەر... ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا... — زۆھرە ئاران مۇشۇلارنىلا دېيەلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياشلار مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى.
بىر ئازدىن كېيىن جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى يەنە ئېچىلىپ دوختۇرلار ئادىلنى ئېلىپ چىقتى. ئاينۇرخان ئانا ئوغلىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى، ئادىل ھوشسىز ھالدا كېسەل ھارۋىسىدا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ياتاتتى، بۇنى كۆرۈپ ئانىنىڭ باغرى تېخىمۇ ئېزىلىپ كەتتى. ئانا ھوشسىز ياتقان ئادىلغا تەلمۈرۈپ قارىغىنىچە:
— ئوغلۇم، جېنىم بالام، ئادىل... ئاۋازىمنى ئاڭلىدىڭمۇ جېنىم بالام... — دەپ ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا يىغلايتتى، — بۇ نېمە ئىش دوختۇر، ئوغلۇمغا مېنىڭ بۆرىكىمنى سالايلى. ھازىرلا بېرەي، بولامدۇ؟
— كېسەلنى ئېلىپ مېڭىڭلار، — دوختۇرلار شۇنداق دېگىنىچە ئادىلنى ئايرىم بىر ياتاققا ئېلىپ مېڭىشتى.
— ئوغلۇم، ئادىل! — ئاينۇرخان ئانا ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلىغىنىچە يەردە ئولتۇرۇپ قالدى.
— ئەلۋەتتە، ئاۋۋال ئائىلىسىدىكىلەرنى ئويلىشىمىز. سىزنىڭ يەنە باشقا باللىرىڭىز بارمۇ؟ — بىر ئايال دوختۇر ئاينۇرخان ئانىدىن سورىدى.
— ئادىل ئاينۇرخان ئانامنىڭ يالغۇز بىرلا ئوغلى ئىدى... — زۆھرە جاۋاب بەردى.
دوختۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر ھازا بۇ بىچارە ئانىغا ئىچ ئاغرىتىپ تۇرۇپ كەتتى.

— قان تىپىڭىز ئوغلىڭىزنىڭكى بىلەن ئوخشاشمۇ؟
— قان تىپىمنى بىلمەيمەن.
— ئوغلىڭىزنىڭ قان تىپى O بولغاچقا، پەقەت O قان تىپـ-ـدىكىلەرنىڭلا بۆرىكى ماس كېلىدۇ.
— ۋاي خۇدا... مېنىڭ قان تىپىم AB ئىدى. ئانا، كۆڭلـ-ـڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئەگەر مېنىڭ ماس كەلگەن بولسا مەن ئۇ-نىڭغا بۆرىكىمنى بېرىشكە تەييار ئىدىم، خۇدايىم ئادىلنى چوقۇم ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، — زۆھرە شۇنداق دېگەچ ئانىغا تەسەللى بەردى.
— ئۇنداقتا سىز قان تىپىڭىزنى تەكشۈرتۈپ بېقىڭ، — ئايال دوختۇر ئاينۇرخان ئانىغا شۇنداق دېگەچ ئېغىر خۇرسىنغان ھالدا ئادىلنى ئورۇنلاشتۇرغان ياتاققا كىرىپ كەتتى.
— قېنى ئانا، مەن بىلەن ماڭسىلا، تەكشۈرۈشنى باشلايلى، ئاۋۋال قان ۋە سۈيدۈك تەكشۈرىمىز، كېيىن باشقا تەكشۈرۈشلەر-نى قىلىمىز، — بىر سېستىرا شۇنداق دېگەچ ئاينۇرخان ئانىنى باشلاپ ماڭدى.

56

نەرگىزە ئۆيىگە كىرىپلا نۇرلان ئاكىغا ئېسىلىپ قاتتىق يىغ-لىۋەتتى. ئۇ دادىسىنى بەكمۇ سېغىنغانىدى، دادىسى ئۇنىڭغا بۇ-رۇنقىدىن جۈدەپ، قېرىپ قالغاندەك بىلىندى. نۇرلان ئاكىمۇ قىزى نەرگىزەنى بەك سېغىنغانىدى، شۇ تاپتا قىزىنى كۆرۈپ ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي كۆزلىرى نەملەشتى.
ۋاقىت نەرگىزە ئۈچۈن ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى، ئۇ شۇنداق جىمىغۇر، غەمكىن بولۇپ قالغان بولۇپ، ياغىقان ئاپئاق قارلارمۇ ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايتتى. ئۇ گەرچە دادىسىنى كۆرۈپ شۇنداق خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئەخمەت بىلەن ئۆتكۈز-

گەن گۈزەل مىنۇتلارنى ئەسلەپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالغانىدى.

نۇرلان ئاكا ھەر قېتىم قىزى نەرگىزەنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭ قوشكېزەك ھەدىسى نەفىسە كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنى ئازابلايتتى. ئۇ نەفىسەنى يوقىتىپ قويغاندىن بېرى تا ھازىرغىچە ۋىجدان ئازابىدا ياشاۋاتاتتى. پەقەت قىزى نەرگىزەلا ئۇنىڭ جارا-ھەتلىك يۈرىكىگە مەلھەم بولاتتى. قىزىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆتكىنى-دەك ئادەم بولۇشى ئۇنىڭ شۇ ئازابلىرىنى بىرىدەملىك بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇراتتى.

پاتەمخان ئانا قوشكېزەك قىزلىرى تۇغۇلۇپ ئىككى ياشقا كىرگەندە كېسەل سەۋەبىدىن تۈگەپ كەتتى. بۇ تېخى ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن، ئانا مېھرىگە تولىمۇ موھتاج سەبىيلەر ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش ئىدى. نۇرلان ئاكا ئايالى تۈگەپ كەتكەن-دىن كېيىن ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈپلا ئالدى. ئۇ ھاراققا بېرىلىپ كەتتى، تېخىمۇ يامان بولغىنى ئۇ قىمارغا ئۆگىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەپىيۈڭلۈك ھۈنىرىنىمۇ تاشلاپ قويۇپ كۈندە قىمار ئوينايتتى. نۇرلان ئاكىنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى بۇ قوشكېزەك-لەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ قىمارغا بېرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆپ تەربىيە قىلىپ باقتى، ئۇنى تىللاپمۇ باقتى، لېكىن نۇرلان ئاكا پەقەت تۈزەلمىدى.

بىر قېتىم نۇرلان ئاكا بىر ئولتۇرۇشىدىلا 20 مىڭ يۈەن ئۇتتۇرۇۋەتتى. سورۇننىڭ قائىدىسى بويىچە ئەگەر پۇلنى چىد-قىرالمىسا سورۇندىن ساق چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىد-دى. ئاردىن ئىككى ـ ئۈچى كېلىپ نۇرلان ئاكىنى بېسىۋېلىپ ئۇنىڭ بۇرنىنى كېسىۋالماقچى بولۇشتى. نۇرلان ئاكا بولسا تىد-پىرلاپ ئۇلارغا يالۋۇراتتى، پۇلنى چوقۇم بېرىدىغانلىغا ۋەدە بېرەت-تى. لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ پىچاقنى ئېلىپ ئەمدى ئۇنىڭ بۇرنىغا تەڭلەپ تۇرۇشى نۇرلان ئاكا قور-

قوْنچتا ۋارقىرىۋەتتى:

— مېنىڭ قوشكېزەك قىزىمنىڭ بىرسىنى بولسىمۇ بېرەي... ماڭا رەھىم قىلىڭلار.

— سېنىڭ قىزىڭ نېمىگە ئەسقاتاتتى، توْتوْڭلار بوْنى، قىمار ئوينىغانغا تويە ئەمدى، ئەكەل پىچاقنى...

ئاردىن بىرى پىچاقنى ئېلىپ ئوْنىڭغا شوْنداق تەڭلىۋىدى، يەنە بىرى توۋلىدى:

— توختاڭلار!

بوْ ئوْلارنىڭ سوروْنىغا توْنجى قېتىم كېلىپ قىمار ئويناۋاتقان پولات ئىسىملىك كىشى ئىدى. گەرچە ئوْنىڭ يېشى چوڭ بولمىسىموْ، ئوْنى ھەممىسى پولات بايۋەتچە دەپ بەك ھوْرمەتتىنى قىلىشاتتى. پولات ئىچكى ئوْلكىلەردە سودا بىلەن شوْغوْللىنىدىغان بولوْپ، يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم بوْ شەھەرگە كېلىپ توْراتتى.

— سېنىڭ 20 مىڭ يوەن پوْلوْڭنى مەن بېرەي، ئوْنى قويۇۋەت، ئوْنىڭ قىزىنى ئوْزوْم بالا قىلىۋالاي...

شوْنداق قىلىپ پولات نوْرلان ئاكىنى قوْتوْلدوْروْپ قالدى، لېكىن نوْرلان ئاكا ئوْز قىزىغا چىدىمىسىموْ ۋەدىسىدە توْروْپ قوشكېزەكلەرنىڭ بىرى بولغان نەفىسەنى پولاتقا بېرىۋەتتى.

قىزى نەفىسەدىن ئايرىلغان نوْرلان ئاكا ۋىجدان ئازابىغا قېلىپ تېخىموْ توْگىشىپ كېتىۋاتاتتى، نەۋرە سىڭلىسىنىڭ تاپا ـ تەنىسى، تىللاشلىرى... ئوْنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىپ بىر كوْندىلا ئوْزگىرىپ باشقىچە ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئوْ باشقىلارغا گەپ قىلمايدىغان، يالغوْزلوْقنى خالايدىغان بولوْپ قالغانىدى.

قىزى نەرگىزەنىڭ چوْچوْك تىللىرى بىلەن ئوْنى «دادا» دەپ چاقىرىشلىرى ئوْنىڭ يوْرىكىنى ئازابلايتتى، قىزى نەفىسەنى باشقىلارغا بېرىۋېتىش ئوْنىڭغا ئوْموْرلوْك ئازابلارنى ئېلىپ كەلدى. نەرگىزەنى بولسىموْ ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيەلەش ئوْچوْن

ئۇ سەيپۇڭلۇق ھۆنىرىنى قايتىدىن باشلىۋالدى.

57

ئادىلە كىچىكىدە ئۆزىدە نۇرغۇن ئاچچىق ئەسلىمە، يارىلارنى قالدۇرغان بۇ مەركىزىي شەھەر بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى.

ئۇ پويىزدىن چۈشۈپلا قەيەرگە بېرىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى، ناتونۇش چىرايلار ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويۇشاتتى. ئۇ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ يېنىدا ئاران نەچچە ئون يۈەن پۇل قالغانلىقىنى بىلدى، بۇ پۇل ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى. ئۇنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ئالدىدا ئېسىل ياسىنىپ كېتىۋاتقان قىزنىڭ مۈرىسىگە ئېسىۋالغان سومكىغا چۈشتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سومكىغا قول سېلىش ناھايىتى ئاسان ئىش ئىدى. كىچىكىدە ئۇنىڭ غوجايىنى دەل مۇشۇ شەھەردە ئۇنىڭغا باشقىلارغا تۇيدۇرماي سومكا ئېچىشنى ئۆگەتكەنىدى. ئادىلە ئۇ قىزنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى، ئۇ قىز تېلېفوندا بىرسى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئادىلە تۇيدۇرماي ئۇ قىزنىڭ يېنىغا كېلىۋالدى، لېكىن ئۇ قىز ئادىلەگە قاراپمۇ قويمىدى. ئادىلە قولىدىكى بوغچىسىنى يەرگە تاشلاپ قويۇپ تېزلا ھەرىكەت قىلىپ ئۇ قىزنىڭ سومكىسىغا قولىنى ئۇزاتتى ھەمدە ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن قىزنىڭ سومكىسىنىڭ سىرتمىسىنى ئاچتى. قىز تېخىچە ھېچ ئىشنى بىلمەي تېلېفوندا سۆزلىشىپ كېتىپ باراتتى، ئەتراپتىكىلەر بۇ ئىشنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۆرمەسكە سالغاندەك كېتىپ بېرىشاتتى. ئادىلە چاققانلىق بىلەن قىزنىڭ سومكىسىغا قولىنى سېلىپ بىر نەرسىنى ئالدى ـ دە، قولىنى تېزلا تارتىۋالدى. بۇ پورتمان ئىدى، قىز بۇنى سەزمەي كېتىپ قالدى، ئادىلە چوڭقۇر بىر تىنىق ئالغاندىن كېيىن پورتماننى ئېچىپ قارىدى، ئىچىدىكى يۈز يۈەنلىك پۇللارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈر-

دى، خۇشاللىقتىن كۆزلىرىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئارقى-
سىغا قايتىپ بايا يولغا تاشلاپ قويغان بوغچىسىنى ئېلىپ يېقىن
ئەتراپتىن ئۆزىگە ياتاق ئىزدەش ئۈچۈن قەدەملىرىنى تېز - تېز
ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى...

58

زۆھرە ياتاقتا كىتاب كۆرگەچ خىيال بىلەن ئولتۇراتاتتى،
ئىشىك ئېچىلىپ ئاينۇرخان ئانا جانسىز پۇتلىرىنى سۆرىگىنىچە
كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چېھرىدە قايغۇ، كۆزلىرىدە بولسا ياش لى-
غىرلاپ قالغانىدى.

— ئانا، ئانا قانداق بولدى؟

— قان تىپىم A چىقتى... — ئانا شۇنداق دەپلا زۆھرەگە
ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. زۆھرە ئانىغا قانداق تەسەللى بېرىشنى
بىلمەي تەمتىرەپ قالغانىدى.

— ئەمدى ئوغلۇم قانداق قىلار؟ جېنىم بالام، مېنىڭ يۈرەك
پارەم...

ئىككىسى بىر - بىرىگە ئېسىلىشىپ خېلى ئۇزۇن يىغلىدى.

ئۇلار سېستىرا قىزنىڭ سۆزى بىلەن ئېسىگە كەلگەندەك ئى-
شىك تەرەپكە قارىدى. ئىشىك ئالدىدا يارقىن تۇراتتى، يارقىن
ئۇلارنى كۆرۈپ ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئانا يارقىننىڭ سالىمىغا
سالام قايتۇرۇۋېتىپ تېخىمۇ ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى، تېخى نەچ-
چە كۈن ئالدىدا ئوغلى ئادىل شۇنداق چەبدەس، روھلۇق هالدا
كۆز ئالدىدا تۇراتتى، مانا ئەمدى ئۇ كېسەل كارىۋىتىدا هوشسىز
يېتىقلىق. يارقىن ئانىنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرۈپ چىدىيالماي
قالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگىمۇ ياش ئولاشقىلى تۇردى.

— جېنىم ئانا، ئەمدى يىغلىماڭ... — زۆھرە شۇنداق دەپ ئا-
نىغا تەسەللى بەردى. يارقىن بۇرۇلۇپ زۆھرەگە قارىدى، قارىدى -

يۇ بۇ تونۇش چىرايىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن تۇرۇپ قالدى. لې-كىن ئۇنى قەيەردە كۆرگەنلىكىنى پەقەت ئەسلىيەلمىدى. زۆھرە بۇ ناتونۇش يىگىتنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي كۆزلىرىنى باشقا ياقلارغا ئېلىپ قاچتى.

— ئانا، مەن ئادىلنىڭ كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغىنىنى تېخى تونۇگۈن بىلدىم، ئاڭلاپلا ئىدارىدىن رۇخسەت سوراپ يولغا چىق-قاندىم... ئادىل... ئۇ... ئۇ ھازىر قانداقراق؟

— تېخىچە ھوشسىز ياتىدۇ، بۆرەك ئالماشتۇرمىسا بولمايدى-كەن.

يارقىن بۇلارنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، ئۇ ئادىلنىڭ كېسىلى-نى بۇنچىۋالا ئېغىر دەپ ئويلىمىغانىدى.

— مېنىڭ قان تىپىم A ئىكەن، بولمىسا...

— ئادىلنىڭ قان تىپى نېمە ئىكەن؟ — يارقىن ئانىنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ زادىلا چىدىمىغانىدى.

— ئادىلنىڭ قان تىپى O ئىكەن، دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، پەقەت O قان تىپىدىكىلەرنىڭلا ماس كېلىدىكەن... — زۆھرە ئېغىر خورسىنغان ھالدا جاۋاب بەردى.

— ۋاي خۇدايىم... بۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان، مېنىڭ قان تى-پىممۇ A ئىدى... ئانا، سىلى بەك ئەنسىرەپ كەتمىسىلە. ئادەم-نىڭ بېشىغا نى - نى ئېغىر كۈنلەر كېلىدىكەن، خۇدا بۇيرۇسا بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، ئۆزلىرىنى تاشلىۋەتمىسىلە. مەن توردا مۇشۇنىڭغا ئائىت مەزمۇنلارنى كۆرگەنىدىم، مەن بىردەم تۇرۇپ توردا تەكشۈرۈپ باقاي، خۇدايىم ئادىلغا شىپالىق بەرسۇن. ئادىل-نى كۆرۈپ چىقسام بولامدۇ؟

— دوختۇرلار ئۇنىڭ يېنىغا كىرگۈزمىدى... ئۇ تېخىچە ھوشسىز ياتىدۇ، خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى دەيدۇ، لې-كىن جېنىم بالام...

ئاينۇرخان ئانا يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى، يار-قىن بىلەن زۆھرە ئانىغا تەسەللى بېرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

## 59

قىشنىڭ سوغۇق شاملى ئاچ قالغان بۆرىدەك ھۇۋلاۋاتقان بىر كۈنى نەرگىزە، ئەخمەتلەر تەڭلا مەكتەپكە قاراپ يولغا چىق-تى. ئۇلار ئۇرۇمچىنىڭ پويىز ۋوگزالىدا ئۇچراشتى. بىر - بىرى-نى قاتتىق سېغىنغان بۇ بىر جۈپلەر قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ چېھرىدە كۈلكە جىلۋىلىنەتتى، بېيجىڭغا بارىدىغان پويىز بىردەمدىن كېيىن قوزغىلاتتى، ئۇلار پويىز ئىستانسىسى-نىڭ كۈتۈش زالىدا تەتىل كۈنلىرىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى دې-يىشىپ ئولتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي پويىز قوزغالدى، ئۇلار سەپەر-رىنى ھال - مۇڭ بىلەن ئۆتكۈزمەكچى بولغاندەك پارىڭىنى باش-لىۋەتتى.

پويىز يېزا - قىشلاقلارنى، تاغ - دەريالارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ تېزلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئەخمەت ئالدىنقى ئۇيـ-قۇغا كەتكەن بولۇپ، ئۇ بارلىق غەم - ئەندىشىلىرىدىن خالىي بولغاندەك يېنىك نەپەس ئېلىپ ياتاتتى. نەرگىزە بولسا چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا چۆككەنىدى. ئۇ بۇ يېڭى بىر مەۋسۇمنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئويلىناتتى. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن پويىز بېيجىڭ ۋوگزالىغا كىرىپ كەلدى.

— قاراڭ نەرگىزە، مەكتىپىمىز بىزگە بىر خىل ئىللىقلىق ئاتا قىلىدىكەن، — ئۇلار تاكسى توسۇپ مەكتەپ ئالدىغا كەلگەن-دىن كېيىن ئەخمەت شۇنداق دېدى.

— ئۇغۇ شۇ... بىراق... — نەرگىزە سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرماي تۇرۇپلا ئەخمەت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— بىراق دەيسىزغۇ؟ كۆڭۈلسىز ئۆتكەن بارلىق ئىشلارنى

ئۇنتۇپ كېتىمەن. مانا مەن يېنىڭىزدا بارغۇ، ئەمدى سىزگە ھەرگىز كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارنى قىلمايمەن، دىلىڭىزنى رەنجىتمەيمەن...

— خۇدا خالىسا... — نەرگىزە شۇنداق دەپ ئەخمەتنىڭ گېپىنى تولۇقلىغاچ ئۇنىڭغا كۆلۈپ قويدى.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ ياتىقىغا ماڭدى.

مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە بىر خىل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئوقۇغۇچىلار تېخى ئۆيلىرىدىن كېلىپ بولالمىغانىدى. ھەممە يەردىن نەمخۇش توپىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

60

پولات ئۆيدە يالغۇز تۇرۇۋېرىشتىن زېرىكىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادىلەنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي ئىچى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى دوستى ئەركىننىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا ئۇرۇمچىگە قاراپ يولغا چىققانىدى. ئۇ مۇشۇ باھانىدە ئادىلەنى ئۇرۇمچىدىن ئىزدەپ بېقىشنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇ ئۇرۇمچىگە چۈشۈپلا ئەركىننىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە بىر مېھمانخانىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ھەرخىل زىننەت چىراغلار چاقناپ، ئوتتۇرا ئەسىر گېنېراللىرىدەك كىيىنىۋالغان مۇلازىملىرى قېتىپ تۇرغان ئالىي مېھمانخانا ئالدىدا تاكسىدىن چۈشتى. جاھاننىڭ ئىشلىرىمۇ قىزىق، بىر ئۆمۈر جاپا تارتىپ ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلار بۇنداق ئېسىل مېھمانخانا ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاددىي مېھمانخانىدىمۇ ئۆمرىدە نەچچە قېتىم ياتالايدۇ. مانا مۇشۇنداق باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان، باشقىلارنى ئوغرىلىقچە سېلىپ، زەھەرلىك بۈيۈملارنى سېتىپ بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىنى دوغا تىكىدىغانلارنىڭ تۇرمۇشى بولسا كۈندە باياشات

ئىچىدە ئۆتىدۇ. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەشۇ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشايدىغانلارنىڭ تۇرمۇشىدەك كۆڭۈللۈك بولمايدۇ، تاپقان پۇللىرىنىڭ بەرىكىتى يوق، كۆلكىسى ساختا بولىدۇ...

پولاتنىڭ تاكسىدىن چۈشكەندىكى خۇش چىراي ھالى ھېچبىر دەردى - غېمى يوق كىشىدەك مەغرۇر ئىدى. ئەمما ئىچىدىكى مىڭ پاتمان دەردنى پەقەت ئۆزىلا بىلەتتى. ئۇ تاكسىدىن چۈشۈپ مېھمانخانا ئىشىكىدىن ئىچىگە كىرىپ بولغۇچە ئۈستى - بېشىنى قار كۆمۈپ ئۈلگۈردى. لىفىت ئىچىدىكى رەقەم يىگىرمە بىرنى كۆرسەتكەندە، لىفىت ئۆرلەشتىن توختاپ ئىشىك ئېچىلدى. ئۇ جىمجىت كارىدورنى بويلاپ بۇلۇڭدىكى ياتاق ئالدىغا بارغاندا توختىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنى چەكتى. خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇچىسىدا ئالقانچىلىك ئەۋرەت ياپقۇچتىن باشقا كىيىمى يوق، كانىيىدىن قورسىقىغىچە چۈپۈر باسقان قارا كۆزەينەكلىك بىرى ئىشىكنى ئاچتى. بۇ ئەركىن ئىدى، ئۆي ئىچىدىن تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەركىن پولاتقا قاراپ كۈلۈپ قويدى:

— يەنە بىردەم كەلمىسەڭ تۇمۇچۇق ئىزدەپ سىرتقا چىقاي دەپ تۇرغان... تېز كىر.

پولات ئىشىكتىن كىرىشىگە ئەركىن ئىشىكنى ئىچىدىن چىڭ تاقىدى.

— خۇداغا شۈكۈر، ساق - سالامەت كېلىۋاپسەن. سەن ئولتۇرۇپ تۇر، مەن كىيىملىرىمنى كىيىۋېلىپ چىقىمەن، — ئەركىن شۇنداق دېگەچ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

پولات سافاغا يۆلەنگىنىچە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇردى.

بىر ئازدىن كېيىن ئەركىن چىقتى.

— ساڭا دېسەم بۇدا ئىشىمىزدىن چاتاق چىقتى، نەچچە كۈن ئالدىدا بىزنىڭ ئىككى ئادەمنى ساقچىلار تۇتۇۋاپتۇ. ئىتنىڭ سۆيدۈكىنى ئىچىپ چوڭ بولغانلار، مېنىمۇ ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ. شۇڭا بۈگۈن كەچتىلا شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىگە ماڭاي دەۋاتىمەن. سەن بىلىسەنغۇ، مېنىڭ بىر ئوغلۇم بارلىقىنى، بۈگۈن تېخى سەن كېلىشتىن بۇرۇن ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالىم تېلېفون قىلىپتىكەن. بالام هازىر دوختۇرخانىدا ئىكەن. ئەھۋالى سەل ئېغىر ئوخشايدۇ، يەنە ئاڭلىسام ساقچىلار مېنى ئىزدەپ يۈرۈپتىمىش... شۇڭا مەن سىرتقا چىقالماي ئولتۇردۇم. سەن ماڭا ياردەم قىلىپ بۇ پۇللارنى دوختۇرخانىغا بېرىپ ئايالىمغا بېرىپ قويساڭ، مېنى سورىسا خىزمىتى بەك ئالدىراش دەپ قويساڭ بولىدۇ، — ئەركىن شۇنداق دېگەچ سومكىسىدىن بىر بولاق پۇلنى ئېلىپ پولاتقا ئۇزاتتى، — سەن بۇ پۇللارنى ئايالىمغا ئاپىرىپ بېرىپلا قايتىپ كەل. مەن ئادىلەنىڭ دېرىكىنى ئالدىم، ئۇ هازىر بېيجىڭدا ئىكەن. ئۇ بىر يىگىت بىلەن كاۋاپ يەۋاتقان چاغدا بىزنىڭ بىر شورىكىمىزغا ئۇچراپتۇ. بىز بۈگۈن كەچتە بېيجىڭغا ماڭايلى، ئاندىن ئادىلەنى شۇ يەردىن تاپىمىز...

— ئادىلە؟ ئۇ... ئۇ قاچان بېيجىڭغا بېرىۋالغاندۇ؟

— ۋاقىت بەك قىس... سەن تېز بېرىپ بۇ ئىشلارنى بېجىرىپ كەل. مەن ئۇنىڭغىچە تەييارلىقلارنى قىلىپ تۇراي. سەن كەلگەندە ئالدىرىماي دەپ بېرىمەن...

پولات ئەركىنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇ بەرگەن ئادرېس بويىچە دوختۇرخانىغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىمۇ بەك قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى، ئادىلەنىڭ ئازراق بولسىمۇ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالىغىنىدىن ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ تاكسىدىن بىرنى توسۇپ دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدى.

ئەركىن چامادانلارغا كىيىم ـ كېچەكلەرنى سېلىپ ئالدىراش ئىدى، پولات چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشىك بىوش چېكىلدى.

— بۇ كالۋانىزە... يەنە نېمە بولغاندۇ بۇنىڭغا... — ئەركىن شۇنداق دەپ غۇدۇرىغىنىچە ئىشىكنى ئەمدى ئېچىپ تۇرۇشىغا، بىرنەچچە ساقچى يوپۇرلۇپ كىلىپ ئۇنى بېسىۋالدى.

پولات دوختۇرخانا ئالدىغا كەلگەندە تاكسىدىن چۈشتى. ئۇ دوختۇرخانا ئىچىگە كىرىۋېتىپ ئىچ يانچۇقىدىكى پۇلنى قايتا تۇتۇپ كۆردى، شۇئان ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كەلدى. ئۇ دوختۇرخانا ھاجەتخانىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋې-لىپ پۇلنى ساناشقا باشلىدى. ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە ساندى، بۇ ئاز پۇل ئەمەس ئىدى، توپتوغرا ئەللىك مىڭ يۈەن ئىدى. بىر- دىنلا پولاتنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. بىراقلا بۇ پۇلنى ئەركىننىڭ ئايالىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماي قالدى. ئۇ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرغاچ ئويلىنىشقا باشلىدى. توغرا، بۇنچە جىق پۇل- نى بىراقلا قولدىن چىقىرىۋېتىدىغان ساراڭمۇ مەن؟ ياخشىسى ئەركىن بىلەن كۆرۈشمەيلا بۇ پۇلنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالاي، ئەتىلا بېيجىڭغا بېرىپ ئادىلەنى ئۆزۈم ئىزدەرمەن... ئۇ بۇنچىۋالا جىق پۇلنىڭ ناھايىتى ئاسانلا قولىغا چۈشكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ كۈلۈپ كەتتى.

پولات قايتا دوختۇرخانىدىن چىقىپ تاكسىدىن بىرنى توسۇپ ئايروپىلان ئىستانسىسىغا بارماقچى بولۇپ ماڭدى. ئۇ ئەمدى تاكسىدىن بىرنى توساي دەپ تۇرغىنىدا كۆزى دوختۇرخانا ئىچى تەرەپتىن چىقىپ كېلىۋاتقان بىرسىگە چۈشتى، بۇ ئاينۇرخان ئا- نا ئىدى. ئاينۇرخان ئانىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى، بۇ تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشتىن پولات نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغانى- دى، ئاينۇرخان ئانا ئۇنىڭغا غەزەپلىك قاراپ تۇراتتى. پولات ئاي-

نۇرخان ئانىنى كۆرۈپ جايىدا قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن ماڭدى.

ـــ پولات! ـــ ئاينۇرخان ئانا ئاۋازىنى چىقىرىپ توۋلىدى. پولات ئاڭلىمىغانغا سېلىپ قەدەملىرىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ ماڭ ـ دى. شۇ چاغدا ئاينۇرخان ئانىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئۇنى توۋلىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ بىر ماشىنا قاتتىق تورمۇز قىلىنىپ پولاتنى سوقۇۋەتتى. پولات نەچچە ئون مېتىر يەرگىچە ئۇچۇپ كەتتى، ئەسكىنىڭ جېنى چىق دېگەندەك، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا بىر قارىدى ـ يۇ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قېيىپ يەنە ياتقان يېرىدە يېتىپ قالدى.

61

ئادىلە كارىۋاتتا كۆزىنى ئاچقىنىچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى، ئۇ بۇ ئاخشامۇ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ كاللىسى بەكمۇ قالايمىقان بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشى ئۈستىدە كۆپ ئويلىناتتى، لېكىن ئۆزى قانائەتلەنگۈدەك بىرەر جاۋابقا ئېرىش ـ شەلمەي قىينىلاتتى. ئۇ خىياللارغا بەنت بولۇپ ئۆزىنىڭ قا ـ چانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى.

بىر چاغدا ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سائەتكە قارىۋىدى، سائەت دەل ئۈچ بولغانىدى. ئۇ، چىراغنى يو ـ رۇتۇپ ياتاققا بىر قۇر سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىنلا ئۆزىنى قارا بېسىپ قالغانلىقىنى بىلدى. قەيەردىندۇر سوزۇلۇپ ئۇنىڭ گېلىنى بوغقىلى تۇرغان قارا قولنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىردەم ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تازى ـ لىق ئۆيىگە كىرىپ سوغۇق سۇ بىلەن باش ـ كۆزلىرىنى ئۇزاق ـ قىچە يۇدى ۋە شۇ ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى.

ئەتىسى ئادىلە ئۆزى تۇرغان مېھمانخانا ئەتراپىدىكى بىر خۇيـ
زۇ ئاشخانىسىدا غىزالانغاندىن كېيىن بازارغا چىقتى. ئۇ نۇرغۇن
دۇكانلارغا كىرىپ ئۇنى ـ بۇنى كۆرۈپ كۆڭلى خېلىلا ئېچىلىپ
قالدى. ئۇ شۇ ھالەتتە خېلى ئۇزۇن بازار ئايلاندى، بىر چاغدا ئۇ-
نىڭ قورسىقى ئېچىپ تاماق يېيىش ئۈچۈن مۇسۇلمانچە ئاشخانا
ئىزدەپ ماڭدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزى سومكىسىنى مۆرىسىگە
ئېسىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالغا چۈشتى. ئادىلەنىڭ بىر-
دىنلا قوللىرى قىچىشىپ ئۆزىمۇ بىلمەيلا ئۇ ئايالنىڭ ئارقىسى-
دىن ئەگەشتى.

دەل شۇ چاغدا شەھىدە ئۆزىنىڭ بىر قىز ساۋاقدىشى بىلەن
بازارغا چىققانىدى. ئۇلار دۇكانلارغا كىرىپ ئۆزلىرى ياقتۇرغان
نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشتى. ئۇلار پاراڭلاشقاچ ئەخمەت بىلەن
نەرگىزەنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئاداش، قارا ئاۋۇ كىم؟ — شەھىدەنىڭ ساۋاقدىشى ئۇلار-
نىڭ ئالدىدا كېتىپ بارغان قىزنى كۆرسىتىپ دېدى.

— ۋاي ئالla، زامان ئاخىر بولۇۋاتامدۇ نېمە؟ كىمنىڭ گېپىد-
نى قىلساق شۇ كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولۇۋاتقىنىنى، بۈگۈن بۇ
ساراڭ ئۆزى يالغۇز بازارغا چىقىپ قاپتىغۇ؟ ئەخمەت بىرگە
چىقمىغانمىكىنە...

ئۇلار ئادىلەنى نەرگىزە دەپ تونۇۋېلىشقانىدى.

— ئۇنى چاقىرامدۇق؟... — ساۋاقدىشى شەھىدەگە قارىدى،
شەھىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

— نەر... — ساۋاقدىشى ئەمدى توۋلاي دەپ تۇرۇشى بىلەن
شەھىدە ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى ھەم پەس ئاۋازدا ئېيتتى:

— شۈك... قارا، قارا ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

ئادىلە بۇ چاغدا ئالدىدىكى ئايالغا يېتىشىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ
سومكىسىغا قول سېلىۋاتاتتى، بۇلارنى شەھىدە كۆرۈپ ھەيراد-

لىقتىن ئاغزىنى ئېچىپلا تۇرۇپ قالدى.

— ۋاي خۇدايىم، ئۇ پەسكەش، نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، ئۇ بىر يانچۇقچىكەنغۇ؟ ۋاي توۋا... ۋاي توۋا... ئاداش ئەكىلە تېلېفونۇڭنى، بۇ قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان يانچۇقچى بۆرىنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى بىر ئېچىۋەتمەيدىغان بولسام... — شەھىدە شۇنداق دەپ ساۋاقدىشىنىڭ تېلېفونىنى ئېلىپ ئادىلەنىڭ ئۇ ئايالنىڭ سومكىسىغا قول سېلىپ پورتمانىنى ئوغرىلىۋالغان كۆرۈنۈشىنى سىنغا ئېلىۋالدى.

ئادىلە سومكىدىن پورتماننى ئېلىۋالغاندىن كېيىن تېزلا بۇرۇلۇپ كەينىگە قاراپ ماڭدى. شەھىدە بىلەن ساۋاقدىشىمۇ ئۇنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ياندىكى بىر دۇكانغا كىرىۋالدى. ئادىلە ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ ئۇ ئايالنىڭ تېخىچە سەزمىگەنلىكىنى بىلىپ سۇس كۈلگىنىچە ئاشخانا ئىزدەپ ماڭدى.

شەھىدە بىلەن ساۋاقدىشى ئادىلەنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ دۇكاندىن چىقىشتى. شەھىدە بايا تارتىۋالغان سىن كۆرۈنۈشىنى قايتا - قايتا كۆرۈپ كۈلگىنىچە ئۆز - ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ كەتتى. ئۇ ساۋاقدىشى بىلەن تاكسىدىن بىرنى توسۇپ مەكتەپكە ماڭدى. ئۇ توختىماي كۈلەتتى... نەرگىزەنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىگە يەنە بىر تۇرۇپ ھەيران قالاتتى. ئۇ يەنە بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ تېلېفونىنى ئېلىپ نەرگىزەگە تېلېفون قىلدى ھەم ئاۋازغا ئېلىش كۇنۇپكىسىنىمۇ بېسىپ قويدى.

نەرگىزە بۇ چاغدا كۇتۇپخانىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى، ئەخمەت بولسا بىر دوستىغا كومپيۇتېر ئېلىشىپ بەرمەكچى بولۇپ بازارغا چىقىپ كەتكەنىدى.

— ئاپپاق خان، نەدە ئۆزۈڭ؟ — شەھىدە ئەتەي ئۇنىڭدىن سورىدى.

— كۇتۇپخانىدا كىتاب كۆرۈۋاتىمەن... — نەرگىزە سوغۇقلا

جاۋاب بەردى.
ــ ھە؟ كۆتۈپخانىدىمۇ سەن؟ ئەخمەتچۇ؟ ئىككىڭلار بىللىما؟
ــ ئەخمەت بازارغا چىقىپ كەتكەن، بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟
ــ ياق... ياق... مۇنداقلا سوراپ قويدۇم. ئەمىسە كىتابىڭنى كۆرۈۋەر، تىرىشچان قىز.
شەھىدە شۇنداق دەپ نەرگىزەگە خوشمۇ دېمەي تېلېفوننى قويۇۋەتتى، ئاندىن ئەخمەتكە تېلېفون قىلدى.
ــ ئەخمەت، نەدە ئۆزىڭىز؟ ھە، بىلدىم. ئەمىسە مەكتەپكە قايتقىنىڭىزدا ماڭا بىر تېلېفون قىلغان بولسىڭىز، سىزگە دەيدىغان بەك مۇھىم بىر گەپ بار ئىدى. ھە، ماقۇل ئەمىسە، خوش، تېلېفونىڭىزنى كۈتىمەن.
شەھىدە بەك خۇشال ئىدى، ئۇ توختىماستىن ۋىلىقلاپ كۈلەتتى، يېنىدىكى ساۋاقدىشى بولسا بۇگۈنكى ئىشقا بىر ئىشەنسە، بىر ئىشەنمەي توۋا دەپ خىيال بىلەن ئولتۇراتتى.
ــ خەپ توختاپتۇر، ئەمدى سېنىڭ قانداق قىلىدىغىنىڭنى بىر كۆرەي. ئەپت ـ بەشىرەڭنى بىر ئېچىۋەتمىسەم...
شەھىدە ساۋاقدىشىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا كۆزىنى قىسىپ قويدى.
بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدىلا دەرستىن چۈشۈپ ياتىقىغا ماڭغان نەرگىزە شەھىدەنىڭ چاقىرىشى بىلەن توختاپ قالدى.
شەھىدە نەرگىزەنىڭ يېنىغا كېلىپ قاتلانغان بىر پارچە خەتنى «ئەخمەت بەردى» دەپلا نەرگىزەنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلماي كېتىپ قالدى.
نەرگىزە جايىدىلا خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى، ئوقۇدى ـ يۇ، كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:
«شۇ تاپتا سىزنى نېمىدەپ ئاتاشنى بىلمەيۋاتىمەن، سىز

راستتىنلا ئۆتۈپ كەتكەن ھىسلىگەر، پەسكەش، رەھىمسىز، ئىپلاس قىز ئىكەنسىز. سىزگە قول قويدۇم، تېخى مەن شەھەرد-بانىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. سىزنىڭ بۇنچىۋالا يامان ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن. توۋا... توۋا... ئاشۇ چىرايىڭىز، ئادەتتىكى ئېغىر-بېسىقلىقىڭىز بىلەن سىزنى بىر ئوغرى دېسە زادىلا كاللامدىن ئۆتمەيدۇ ھەم سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنداق پەسكەش ئىش قىلىدىغانلىقىڭىزنىمۇ بىلمە-دىم، ئەمدى بىلىشنىمۇ خالىمايمەن. سىرتتا ئوغرىلىق قىلىپ يۈرگۈچە قانداق قىيىنچىلىق تارتسىڭىز ماڭا دېگەن بولسىڭىز مەن سىزگە چوقۇم ياردەم قىلاتتىم، تېخى سىز ئۈچۈن ئاسماد-دىكى ئاينى ئۈزۈپ بېرىشكىمۇ تەييار ئىدىم. شەھىدە ماڭا ھەممىنى چۈشەندۈردى. مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەي ئۇنىڭ يەنە بىر ساۋاقدىشىدىن سورىدىم. پەقەت ئويلىمىغان بولغىيتتىڭىز، سىزنىڭ ئوغرىلىق قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشىڭىزنى ئۇلار سىنغا ئې-لىۋاپتۇ. سىننى قايتا-قايتا كۆرۈپ ئاخىر ئۇلارغا ئىشەنمەي تۇرالمىدىم. بولدىلا، ئاخىردا دەيدىغىنىم: مەن تۇنجى سۆيگۈنۈم-نىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايمەن. تېخى كۈپكۈندۈزدە شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئارىسىدا ئوغرىلىق قىلىشقا قانداق ۋىجدانىڭىز چىدىغاندۇ؟ ئاشۇنداق ئوغرىلىق قىلىپ يۈر-گەن بىرسىگە ئەمدى ئۆز سۆيگۈمنى بېرىشنى خالىمايمەن. پەقەت توۋا دەپ ياقامنى تۇتماقتىن باشقا ئامال قالمىدى. مەكتەپتە ياخشى ئوقۇسىڭىز باشقىلار سىزگە ياردەم قىلماي قالارمىدى؟ ھەي... بولدىلا جىق سۆزلەپ ئۆزۈمنىڭ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلد-ماي، سىز مېنىڭ سۆيگۈمنى ئالدىڭىز، ئۆزۈم تۇنجى ياخشى كۆرگەن قىز مېنى ئالدىدى، ئەمدى ھەر ئىككىلىمىز ئۆز يولد-مىزغا ماڭايلى، ئەڭ ياخشىسى سىز ماڭا چۈشەندۈرمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، سىزنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىڭىز ھاجەت ئەمەس ھەم

ئاڭلاشنىمۇ خالىمايمەن. ئاخىرىدا سىزگە بولغان نەسىھەتىم بۇنداق پەسكەش ئىشتىن قول ئۈزۈڭ، باشقىلار ئاڭلىسىمۇ، كۆرسىمۇ كېيىنكى ئىستىقبالىڭىزغا ياخشى ئەمەس. ئەمدى مېنى ھەرگىز ـ ھەرگىز ئىزدىمەڭ... كۆڭلى قاتتىق ئازار يېگەن ـــ ئەخمەتتىن.»

نەرگىزە خەتنى يىرتىپ ـيىرتىپ تاشلىۋەتتى.

ـــ مەن ئوغرىلىق قىلىپتىمەنما؟! ھا... ھا... ھا... نېمانداق كۈلكىلىك، شەھىدە، سەن بەك رەزىل ئىكەنسەن، سەندەكمۇ دوست بولامدۇ؟ ئىست، سېنى دوست دەپ يۈرگىنىم... مېنى باشقا بىر نېمە دېگەن بولساڭمۇ كارى چاغلىق ئىدى، مېنى باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلايدىغان ئوغرىغا چىقىرىپسەن. خەپ...

نەرگىزە ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دەيتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلەتتى. شەھىدەنىڭ قىلىۋاتقىنى پەقەت كالللىسىدىن ئۆتمەيۋاتاتتى.

ـــ ئەخمەت، شەھىدە، مېنى پەسكەش ئوغرى قاتارىغا چىقىرىپسىلەر، خەپ، مېنى نومۇسسىز دېگىنىڭ ئۈچۈن، كۆرۈپ تۇر، مەن قانداق قىلىمەنكىن...

نەرگىزە ياشلىرىنى سۈرتكەچ رىياتقا تېلېفون بەردى.

ـــ ۋەي رىياتمۇ؟ ھازىر ئىشىڭىز يوقتۇ؟ يوق بولسا بىرىنچى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە چىققان بولسىڭىز... ئىشىم يوق دېدىڭىزما؟ بولىدۇ ئەمىسە، شۇ يەردە تۇرۇپ تۇراي.

نەرگىزە تېلېفوننى قويۇپ رىيات بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ماڭدى.

ـــ رىيات، مېنى دوست قاتارىدا كۆرسىڭىز ماڭا ياردەم قىلىڭ، ـــ نەرگىزە رىياتنى كۆرۈپلا شۇنداق دېدى.

ـــ سىز ئەلۋەتتە مېنىڭ دوستۇم. قانداق ياردەم دېسىڭىز مەن

تەييار، ـــ دېدى رىيات.

ـــ ئۇنداقتا بۈگۈندىن باشلاپ سىز مېنىڭ ئوغۇل دوستۇم بولۇڭ.

ـــ چاقچاق قىلماڭ، ـــ رىيات كۈلۈپ كەتتى.

ـــ سىزگە چاقچاقتەك تۇيۇلغان بولسا بوپتۇ ئەمىسە، مەن كېتەي، ـــ نەرگىزە شۇنداق دېگىنىچە كەينىگە بۇرۇلدى.

رىيات مېڭىشقا تەمشەلگەن نەرگىزەنىڭ قولىنى تارتىپ ئۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى.

شۇ تاپتا رىيات قاتتىق ھاياجانلانغانىدى.

ـــ نەرگىزە، بىلسىڭىز، مەن سىزنى سۆيىمەن. لېكىن سىز بىلمەي يۈردىڭىز.

رىيات شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرىگە لېۋىنى ياقتى، نەرگىزە بولسا كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە جىمجىت تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزىدىن چىققان بىر تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى...

## 62

پولات ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقىنىدا ئۆزىنى دوختۇرخانىنىڭ كارىۋىتىدا كۆردى. ئاينۇرخان ئانا ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇراتتى. يانىدىكى ئورۇندا زۆھرە بىلەن يارقىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. پولات ئاينۇرخان ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ باشقا ياققا قارىۋالدى. ئۇ شۇ تاپتا ئاينۇرخان ئانىدىن خىجىل بولۇۋاتامدۇ ياكى ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتامدۇ، بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى.

ـــ ۋاي تۇۋا... قانداق ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ـ ھە. ئانا، ئۇنى ئادىلنىڭ دادىسى دېدىڭىزمۇ؟ ـــ يارقىن ئاينۇرخان ئانىدىن سورىدى. ئاينۇرخان ئانا جاۋاب ئورنىدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇ-

دى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغان بولۇپ، ئەينى يىللاردى-
كى ئازابلىق ئۆتمۈشلەر كۆز ئالدىغا كېلىۋالغانىدى. پولاتنىڭ
گېلىدىن بوغۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغۇسى كېلەتتى. لېكىن ئۇ
يارقىنىنىڭ ئاخشام دېگەن «ئەگەر ئۇ ئادىلىنىڭ دادىسى بولسا قان
تېپى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش چىقىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن
سۆزلىرىنى ئويلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تۇراتتى. ئانىنىڭ قەلبىد-
دىكى جاراھەت مەڭگۈ ساقىيىدىغاندەك ئەمەس، يارا ئوتلىرى تې-
خىمۇ لاۋۇلداپ كۆيەتتىكى، ھەرگىز پەسلىمەيتتى. ئۆز
بالىسىنى تاشلاپ قويۇپ قېچىپ كەتكەن بۇ نومۇسسىز، پەسكەش-
نىڭ بۆرىكىنى ئۆز ئوغلىغا سېلىشنىمۇ خالىمايتتى، لېكىن
ھازىر ئوغلىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشتىكى بىردىنبىر ئامال
پولاتنىڭ بۆرىكىنى ئوغلىغا بېرىش ئىدى. ئانا پولاتنىڭ ھوشىغا
كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ گەپنى قەيەردىن باشلاشنى بىلمەي قالدى،
ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراشنىمۇ خالىمايتتى. تۇنۇگۈن ئۇنى ماشىنا
سوقۇۋەتكەننى كۆرگەندە ئۇنىڭ شۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن ئۆلۈپلا
كېتىشىنى تىلەپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا ئازراق
ئىچ ئاغرىتىپمۇ قالدى. ئانا دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان،
شۇنداق، ئۇلارنىڭ قەلبى ۋاقتى كەلگەندە تاشنىمۇ ئېرىتەلەيدۇ.
ئەگەر ئاينۇرخان ئانا نەچچە ئېغىز ياخشى گەپلەرنى قىلىپ قالسا
پولاتقا ئوخشاش تاش يۈرەك كىشىلەرنىڭ قەلبىمۇ ئېرىپ قېلىد-
شى، ئۆز پۇشتىدىن تۆرەلگەن ئوغلىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئازراق
قۇربانلىقلارنى بېرىشىمۇ مۇمكىن.

— قانداق، ھوشىڭىزغا كەلدىڭىزمۇ؟ سەل ياخشى بولۇپ قال-
دىڭىزمۇ؟ — ئاينۇرخان ئانا پولاتتىن سورىدى.

پولات ئۈندىمىدى، ئۇ بېشىنى تامغا بۇراپ ياتقان بولۇپ، يەل-
كىسى بىلىنەر - بىلىنمەس سىلكىنىپ تۇراتتى، ئۇ يىغلاۋاتاتتى،
ئۆزىنىڭ ئاينۇرخان ئانىغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئاخىرقى

قېتىم بولسىمۇ ئويلاپ يەتكەنىدى. ئۇ ئاينۇرخان ئانىغا نىمىلەرنى قىلمىدى، شۇنچە سوغۇقتا ئۇنى ئالداپ، بارلىق پۇللىرىنى ئېلىۋېلىپ قېچىپ كەتتى. مانا ئەمدىلىكتە كېسەل كارىۋىتىدا ئىڭراپ ياتقىنىدا بولسا يەنە ئاينۇرخان ئانا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ تۇرۇپتۇ.

— دوختۇر خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى. باشقا ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق، نەچچە ھەپتە داۋالىنىپ ئارام ئالسا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دېدى، — ئاينۇرخان ئانا پولاتنىڭ زۇۋان سۈرمىگىنىنى كۆرۈپ شۇنداق دېدى.

— ئاينۇر... — پولات ئۆرۈلۈپ ئاينۇرخان ئانىغا قاراپ ئېيتتى، ئۇ كىچىك بالىلاردەك ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى، يىغلىغانلىقتىن ئاۋازىمۇ گەپكە كەلمەي قالدى، — مېنى كە... كەچۈرۈڭ. مەن ئادەم ئەمەس...

— مۇشۇلارنى بىلىپ يەتكىنىڭىزگە مىڭ شۈكرى. ئۇلۇغ ئاللانىڭ كۆزى بار ئىكەن. ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇنداق كۈنگە قېلىشىڭىزنى، مېنى قايتا ئۇچرىتىپ قېلىشىڭىزنى ئويلىمىغان بولغىيتتىڭىز، بولدى، ئۆتكەن ئىشقا سالىۋات... سىزگە دەيدىغان بىر ئىش بار ئىدى. سىز ئەينى ۋاقىتتا مېنى تاشلاپ كەتكەنىدە قورسىقىمدا تېخى تۇغۇلمىغان بىر بالىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟ — ئاينۇرخان ئانا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تەمكىن سۆزلەۋاتاتتى. قەلبى بولسا مەڭگۈ كۆرمەسلىككە نىيەت قىلغان بۇ چىرايىنى قايتا ئۇچراتقىنىدىن پۈچىلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

پولات بېشىنى لىڭشىتتى.

— شۇ بالىڭىزنىڭ ھازىر قانداق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇ ھازىر كېسەل كارىۋىتىدا ھېچنېمىنى بىلمەي ھوشسىز ياتىدۇ. يامانىنىڭ جېنى چىڭ دەپ سىزنىمۇ ماشىنا سوقۇۋەتكەنىدى، مانا ھېچنېمە بولماي ياتىسىز. جېنىم بالام،

ئاھ... ـــ ئاينۇرخان ئانىنىڭ كۆڭلى يەنە بۇزۇلدى، ـــ جېنىم بالام، ماشىنا ئۇنىڭ بەل قىسمىنى سوقۇۋەتكەن بولغاچقا، بۆرەك ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيەسى قىلىدىكەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدىكەن... پەقەت يېقىن تۇغقانلىرىنىڭلا ماس كېلىدىكەن. ئەگەر مېنىڭ ماس كەلگەن بولسا ئوغلۇم ئاللىقاچان ساقىيىپ كېتەر ئىدى. شۇڭا سىزنى مەجبۇرلىمايمەن. ئەگەر ئاشۇ گۇناھلىرىڭىزنى ئازراق بولسىمۇ يۇيۇشنى ئويلىسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئوغلىغا بىر تال بۆرىكىڭىزنى بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاينۇرخان ئانا سۆزلەپ بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى، يارقىن بىلەن زۆھرە بولسا پولاتنىڭ قانداق قارار چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ تۇراتتى. پولات ئاينۇرخان ئانىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى.

ـــ مەن... مەن... ئەگەر مېنىڭ ماس كېلىدىغانلا بولسا ئىككىلى بۆرىكىمنى ئۇنىڭغا بېرىشكە تەييارمەن...

پولاتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ زۆھرە بىلەن يارقىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى.

ئاينۇرخان ئانا پولاتنىڭ ئوغلىغا بۆرىكىنى بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى بىلىپ خۇددى ئوغلى ھازىرلا ساقىيىپ قالىدىغاندەك بولۇپ يۈرەكلىرى ئازراق بولسىمۇ ئەمىن تېپىپ قالدى.

زۆھرە بىلەن يارقىن دوختۇرخانىدىن چىقىپ تاماق يېيىش ئۈچۈن بىر ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى. يارقىن تاماق يېگەچ زۆھرەگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى. بۇ خىل قاراشتىن زۆھرە سەل خىجىل بولۇپ قالغانىدى.

ـــ مېنى تۇنجى ئۇچراتقاندەك ئەجەب بىر قاراپ كەتتىڭىز، بۇرۇن مەندەك چىرايلىق قىزنى كۆرمىگەنمىدىڭىز؟ ـــ زۆھرە

كۆلگەچ چاقچاق تەلەپپۇزىدا ئېيتتى.
— شۇ... شۇ... بۇرۇن پەقەت چىرايلىق قىزلارنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. سىزنى كۆرۈپ قارىسام ـ قارىسام قارىغۇم كې-لىپ شۇ... — يارقىنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى. ئۇنىڭ بۇ گېپى-دىن زۆھرە تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.
— راست گەپ قىلسام زۆھرە، سىزنى بۇرۇن بىر يەردە كۆر-گەندەك قىلىمەن، لېكىن زادىلا ئېسىمگە ئالالمىدىم. سىز ئويلاپ بېقىڭە، بىز بۇرۇن بىر يەردە ئۇچراشقانمىدۇق؟...
يارقىنىنىڭ بۇ سۆزىدىن زۆھرە ھەيران قالدى.
— مۇنداق دەڭ، مېنى بۇرۇن قەيەردە كۆرگەن بولغىيتتى-ڭىز؟... — زۆھرە شۇنداق دەپ سەل ئويلىنىۋېلىپ ئاندىن سىر-لىق قىلىپ ئېيتتى، — بۇرۇن بىرەر سىڭلىڭىزنى كىچىكىدە يىتتۇرۇپ قويغان بولسىڭىز، مېنى كۆرۈپ شۇ سىڭلىڭىز ئېسى-ڭىزگە كېلىپ قالدىمۇ ـ يا؟
— بىر يەردە كۆرۈشكەنلىكىمىزنىڭغۇ پەقەتلا ئېسىمگە ئالال-مىدىم. ئەجەب بۇ غەلىتە سوئالنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟ نېمىشقا بۇنداق سورايسىز؟
— ئۆزۈمچىلا...
— ئەمەلىيەتتىغۇ، مېنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىم كىچىكىدە يىت-تىپ كەتكەن. تا ھازىرغىچە ئىزدەپمۇ زادىلا ئىز ـ دېرىكىنى قىلالمىدۇق. تاغام شۇ قىزىنىڭ دەردىدە بەك تۈگىشىپ كەتتى...
— ھە؟! — زۆھرە چۆچۈپ كەتتى، — راست دەۋاتامسىز ياكى...
— سىزگە يالغان سۆزلەپ نېمە قىلاي... تاغامنى ھەر قېتىم كۆرسەم ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ كېتىدۇ. ئەگەر قىزىنى تاپالىغان بولسا قانچە ياخشى بولۇپ كېتەر ئىدى... بىر قىز بار ئىدى، ئۇ-نى ئۇچرىتىپ تېخى تاغامنىڭ قىزى شۇ بولسا كېرەك دەپ يۈر-

گىنىمىزدە ئۇ قىزمۇ يوقاپ كەتتى. بىچارە تاغام شۇنداق تۇرۇق-لۇقمۇ قىزىنى تېپىۋالىدىغانغا ئىشەنچ قىلىپ ياشاۋاتىدۇ...

— ئۇ تاغىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — زۆھرە يارقىننىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن سۆزلىرىدىن ھەيران بولۇپ قالغانىدى.

— ساقچى.

— نېمە؟ زۆھرە ئۆزىنى بىلمەيلا توۋلاپ سالدى. ئاشخانىدىكى ھەممەيلەن ئۇلارغا قاراشتى. يارقىن ئۇنىڭ بۇنچە ھەيران قىلىنىشىنى چۈشىنەلمەي كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى.

زۆھرە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كىچىكىدە باشقىلار تەرىپىدىن ئوغۇرلىنىپ ئىچكى ئۆلكىگە ئاپىرىپ ئوغۇرلۇققا سېلىنغانلىقىنى، شۇ جەرياندا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئازابلىق كەچۈر-مىشلىرىنى كېيىن تەقدىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھازىرقى ئاتا - ئانىسىغا ئۇچراپ پۈتۈن ھاياتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى تەپ-سىلى سۆزلەپ بەردى. يارقىن زۆھرەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇ-زىنى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك سەزمەكتە ئىدى.

— مەن سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرەي... — زۆھرە شۇنداق دەپ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى يارقىنغا سۆزلەشكە باشلىدى.

## 63

— مېنىڭ ئېيتقىنىم راستمىكەن، نەرگىزەنىڭ ئوغرىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى خېلى جىق بالىلار كۆرۈپ قاپتۇ. تېخى ئۇ نو-مۇسسىز رىيات بىلەن ئارىلاشقىلى تۇرۇپتۇ، — دەيتتى شەھەردە ئەخمەتكە.

— بولدى قىلىڭ، ئۇلار ئارىلاشسا ئارىلىشىۋەرسۇن، نەرگى-زەنىڭ ئوغرىلىق قىلىشى بىلەنمۇ كارىم يوق، ئۇ قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. بۇنىڭ مەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، — ئەخمەت ئاغزىدا شۇنداق دەۋاتقان بىلەن كۆڭلىدە نەرگىزەگە پەقەت چىدى-

مايۋاتاتتى.

شەھىدە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپ قالغاندەك مۇنداق دېدى:

— تولا باشقىلارنىڭ كەينىدىن قاراپ شۆلگەيلىرىڭىزنى ئېقىتىپ يۈرمەڭ. نەرگىزە بەك نومۇسسىز بىر نېمە ئىكەن. تېخى ئۆزىنىڭ قىلغانلىقىغا تەن ئالماي ھالىنى چوڭ تۇتۇپ يۈرۈيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى يۇيۇۋېتەمگەن بولسىڭىز ئۇنىڭغا بىر كۆرسىتىپ قويسام. شۇ ۋاقىتتىدا نېمە دەركىن ئۇ... ئۇنى مەن ئوغرىلىق قىلار دەپ پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن. ئاشۇنداق ئوغرىلارنىڭ دەستىدىنغۇ بىزدەك ئوقۇغۇچىلارغا ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوقۇشمۇ تەس بولۇۋاتىدۇ ھازىر. تېخى كارىم يوق دەيسىز، ئۇ سىزدىن ئايرىلىپلا رىياتنى تېپىپتۇ. رىيات دېگەنغۇ قاپاقباش بىر نېمە، ئۇنىڭ مەن ئوغرى ئەمەس دېگىنىگە ئىشىنىپ قالغان چېغى. نەرگىزە دېگەن سۆيۈق سىزنىڭ كۆزىڭىزچىلا رىياتنى ئارقىسىغا سېلىپ ئەگەشتۇرۇپ يۈرۈيدۇ. سىزمۇ ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويۇڭ، ئىچى تازا قىزارسۇن...

— نېمە دېمەكچى؟ — دېدى ئەخمەت چۈشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن.

— سىز راستىنلا بەك دۆت - ھە؟! مەن سىزنى بىرەر قىز بىلەن ئارىلىشىڭ دەۋاتىمەن.

— سىزمۇ بىلىسىز، مېنىڭ قىز تونۇشلىرىم يوق دېيەرلىك، پەقەت يېقىن سىردىشىپ ئۆتىدىغان دوستۇم سىز، نەدىنمۇ قىز دوست تاپارمەن؟...

— ئەخمەق، — دېدى شەھىدە مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ، — يېنىڭىزدا مەن تۇرسام، يەنە نېمىگە غەم قىلىسىز؟

ئەخمەت ھەيران قالدى.

— سۆزىڭىز راستمۇ شەھىدە، راست بولىدىغانلا بولسا سىز

مېنىڭ قىز دوستۇم بولۇڭ.
ئەمەلىيەتتە ئەخمەت شەھىدەنىڭ سۆزلىرىنى چاقچاق دەپ چۈشەنگەنىدى. كۈتۈلمىگەندە شەھىدە كۈتۈلمىگەن جاۋابلارنى بېرىپ ئەخمەتنى ئېرىتىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىنىستىتۇتتىكى بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ئايلاندى.
قار يېغىپ پۈتكۈل ئەتراپ ئاپئاق تون بىلەن پۈركەنگەن بولۇپ، ئىنىستىتۇت ئىچى قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغانىدى. دەرسى يوق ئوقۇغۇچىلار ئۆزئارا قار ئېتىشىپ ئويناپتتى، بەزىلىرى قار بوۋاي ياساپتتى. ئىشقىلىپ ئوقۇغۇچىلار بۇ گۈزەل مىنۇتلارنى كەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك ئالدىراش ئويناشاتتى. قارىماققا ئۇلار پۈتۈن قايغۇ ـ ئەلەم، دەرد ـ ھەسرەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇغاندەك قىلاتتى.
دەل مۇشۇ ۋاقىتتا رىيات، شەھرىبان، نەرگىزەلەر مەيداندا قار ئېتىشىپ ئويناۋاتاتتى. سەل نېرىدا ئەخمەت بىلەن شەھىدەمۇ بۇ ئويۇندىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.
ــ ئەخمەت، كېلەر شەنبە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، قانداق ئۆتكۈزسەك بولار، ــ دەپ سۆز باشلىدى شەھىدە قار ئېتىشتىن توختاپ.
ئەخمەت شەھىدەنىڭ بۇ سۆزى بىلەن قار ئېتىشتىن توختىدى.
ــ سىز مەن ئۇچراتقان قىزلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى. يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە سىز ماڭا كۆپ ياردەملەرنى قىلدىڭىز، دەردىمگە دەرمان بولدىڭىز، شۇڭا بۇ قېتىم سىزگە جاۋاب قايتۇرغىنىم بولۇپ قالسۇن، سىز قەيەرنى خالىسىڭىز شۇ يەردە تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى ئۆتكۈزۈپ بېرەي، بولامدۇ؟
ئەخمەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ شەھىدەنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئەكس ئەتتى.
ــ سىز بەك ياخشى جۇمۇ، ــ شەھىدە شۇنداق دېگىنىچە

ئەخمەتنى قوچاقلىدى. ئەخمەتمۇ ئۇنى قۇچاقلىدى. بىر دەملىك شىرىن دەقىقە تېزلا ئۆتۈپ كەتتى.

نېرىدا قار ئېتىشىپ ئويناۋاتقان نەرگىزلەر ئۇلارنىڭ ئىسىماش - چىرماش بولۇپ كەتكىنىنى كۆردى. بۇنىڭ بىلەن نەرگىزە «توڭلاپ كەتتىم» دېگەننى باھانە قىلىپ شەھربانىنى ئېلىپ ياتاققا كىرىپ كەتتى، رىياتمۇ ياتىقىغا قايتتى.

رومانتىك بېزەلگەن تورتخانىنىڭ ئايرىمخانىسىدا ئەخمەت بىلەن شەھىدە ۋە ئۇلارنىڭ بىر قانچە دوستلىرى شەھىدەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ سورۇنى تازا قىزىغاندا شەھىدەنىڭ تېلېفونى سايراپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭلار، — شەھىدە شۇنداق دېگىنىچە تېلېفوننى ئېلىپ ئايرىمخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— ئەخمەتجان، سەنمۇ يۇمشاقباش بىر نېمىكەنسەن؟ سۆيگۈنۈڭگە تېلېفون كەلسە نېمىشقا يېنىڭدا تۇرۇپ پاراڭلاشماي، سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ؟ — دېدى ئولتۇرغانلار ئارىسىدىكى بىرى.

— ھەقاچان ئۆيدىكىلىرى قىلغان تېلېفونمىكىن... — ئەخمەت ئاغزىدا بۇنداق دېگىنى بىلەن شەھىدەنىڭ قىلىقىغا تازا ئاچچىقلانغانىدى.

ئولتۇرغانلار ئارىسىدىكى سەل كەيىپ بولۇپ قالغان بىرسى يەنە سۆزلىگىلى تۇردى:

— ئاداش، سۆيگۈنۈڭ ئۆيدىكىلىرى بىلەن رومان ئېيتىشىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ ئەجەب كىرمەيدا؟...

ئەخمەت بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى - دە، شەھىدەنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى. شەھىدە پۇكەينىڭ ئالدىدىكى ئېگىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئەخمەتنىڭ كەلگىنىنى تۇيماستىن تېلېفوندا بىرى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— ئىشقىلىپ بىر ئامال قىلمىساڭ بولمايدۇ، مەسئۇلىيەتتىن

قاچىمەن دەپ خام خىيال قىلما. قاچچۇق ئىشلىتەيلى دېسەم ئۆزۈڭ كۆنەلمەيدىكەنمەن دەپ ئۇنىمىدىڭ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ھازىر ئەخمەت مېنىڭ تۇغۇلغان كۇنۇمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭ قورسىقىمدا قالغانلىقىنى بىلىپ قېلىشىنى خالىمايمەن. شۇڭا تېزرەك پۇلىنىڭ ئامالىنى قىل، بالىنى ئالدۇرۇۋېتەيلى. ھەراست، رىيات، نەرگىزە بىلەن نېمىشقا ئاردىلىشىسەن دەيمەن. ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ كۆڭلۈڭ قانداق كۆتۈرىدىغاندۇ؟ لېكىن ئۇنىڭغا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ جۇمۇ. ھى... ھى... قاراپ تۇرۇپ ئەخمەت تەرىپىدىن تاشلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. نەرگىزە سېنىڭ، ئەخمەت مېنىڭ بولدى. ئىككىمىز راستتىنلا بەك قالتىس ئىكەنمىز. ئىككىيلەن كىنودا رول ئالساقمۇ چانمايمىز دېگىنە؟ نېمە؟ ئەخمەت قورسىقىمدا قالغانلىقىنى سەزدىمۇ؟ ۋاي، توۋا بىر دېگىنە، ئۇ ماڭا تاغدەك ئىشىنىدۇ. لېكىنزە... ئويلاپ باقسام بەك رەزىل ئىكەنمەن. بولدىلا «كۆڭۈل دېگەن سارالڭ ئىكەن» مەن ئەخمەتنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم. ۋاي، نېمىگە ئەنسىرەيسەن؟ ھەممە ئىشلار جايىدا، ئۇ ھەرگىز سېزىپ قالمايدۇ، ھە شۇنداق قىل، ئەتىلا پۇلىنىڭ ئامالىنى قىل، ئەمدى ساقلىيالمايمەن...

ئەخمەت شەھىدەنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ھەممە سۆزلەرنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلگەندى.

— ئەمىسە يوقاپ كەتمە - ھە. ماڭا بېرىدىغان سوۋغىتىڭنى مەكتەپكە بارغاندا ئېلىۋالىمەن. ئەتىگىچە ۋاقىت چىقىرىپ دوختۇرخانىغا بېرىپ ماۋۇ قورسىقىمدىكى شۇمنى يوق قىلايلى. ھە، ماقۇل ئەمىسە. خوش... — شەھىدە تېلېفوندىكى سۆزىنى تۈگىتىپ كەينىگە بۇرۇلدى، بۇرۇلدى - يۇ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى يالقۇنجاپ تۇرغان، قوشۇمىلىرى چىڭ تۈرۈلگەن ئەخمەتنى كۆرۈپ

چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ۋۇ رەسۋا، پاسكىنا بۇزۇق... سەنمۇ ئادەممۇ؟ — ئەخمەت شۇنداق دېگىنىچە شەھىدەنىڭ يۈزىگە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى تەستەك ئۇرۇپ، كەينىگىمۇ قارىماستىن چىقىپ كەتتى. شەھىدە بولسا مەڭزىنى تۇتقىنىچە تۇرغان جايىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

ئەخمەت تورتخانىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئىنستىتۇتقا كېلىپ نەرگىزەنى ئىزدىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى نەرگىزەدىن كەچۇرۇم سوراش ئىدى. ئۇ ئوغرى بولسا نېمە بوپتۇ، بەلكىم ئۇنىڭ مەن بىلمەيدىغان قىيىنچىلىقى باردۇ؟ ئۇنىڭغا تەربىيە قىلسام، مېنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرسە بۇ ئەسكى ئىشتىن قول ئۈزسە بو ـ لىدۇ ئەمەسمۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ يىراقتىن رىيات بىلەن بىللە كېلىۋاتقان نەرگىزەنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى.

— نەرگىزە، ئازراق ۋاقتىڭىزنى چىقارغان بولسىڭىز، سىز بىلەن پاراڭلىشاي دېگەن...

— مەن بىلەن پاراڭلىشامتىڭىز؟ كەچۈرۈڭ ئەخمەتجان، ۋاقتىم يوق، كۆرمىدىڭىزمۇ؟ يىگىتىم بىلەن ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن بازارغا مېڭىۋاتىمەن، — نەرگىزە قەستەن شۇنداق دېدى.

— ۋاقتىڭىز بولمىسىمۇ ۋاقتىڭىزنى چىقىرىڭ. سىزگە بىر ئىشنى ئېيتماقچىمەن.

— نېمانداق يولۇمنى توسۇيسىز؟ باشقىلار ئۈچۈن ۋاقتىمنى چىقارسام چىقىرىمەنكى، سىز ئۈچۈن ھەرگىز ۋاقتىمنى چىقار ـ مايمەن. ھازىر كەچ بولدى ئەمەسمۇ، بازارغا چىقىپ جىقراق پۇل ئوغرىلاپ كەلمىسەم بولمايدۇ.

نەرگىزەنىڭ ھەربىر تەنە گەپ ـ سۆزلىرى ئەخمەتنىڭ ئىچ ـ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتتى. شەھىدەگە بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ

يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ئۇ قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقان رىيات بىلەن نەرگىزەنىڭ كەينىدىن قاراپ لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى.

— كەچۈرۈڭ، تېلېفون كەپ قالدى، — رىيات شۇنداق دەپ تېلېفوننى ئېلىپ نەرگىزەدىن خېلى نېرىغا كەتتى.

رىيات تېلېفوندا جىددىي سۆزلىشىۋاتاتتى. «ئۇنىڭ سۆزلىرى خېلى ئۇزۇنغىچە تۈگىمەيدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان نەرگىزە يول قىرىدىكى ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ قاچان بىلىپ قالدى؟ نېمە؟ ئىككىمىز تېلېفوندا پاراڭلىشىۋاتقاندا كەينىمدە تۇرۇپ ھەممە گەپنى ئاڭلاپتۇ؟ بولدى يىغلىما، ئەسلىي بىز ئۇ ئىشنى تېلېفوندا دېيىشمىسەك بولاركەن، نەرگىزەمۇ؟ ئۇ ۋاقىتتا يېنىمدا يوق ئىدى، بىز تېخى بايا ئۇچراشتۇق. ئەخمەت دېگەن گومۇش بايا نەرگىزەنى ئىزدەپ كەپتىكەن. ياق... ياق... نەرگىزە ئۇنىڭ دەككىسىنى بېرىپ قويدى. نېمە؟ ئەخمەت ئۇردى؟ ئۇ ئىتنىڭ بالىسى سېنى ئۇرۇشقا پېتىنىدىما؟ بولدى، ئىچىڭنى پۇشۇرماي ياتقىنىڭغا قايتىپ ئارام ئېلىپ تۇر، بىز كۆرۈشكەندە ئاندىن پاراڭلىشايلى. خوش...

رىيات تېلېفوننى قويۇۋېتىپ نەرگىزەنىڭ يېنىغا باردى.

— كىمدىن كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى نەرگىزە رىياتقا قاراپمۇ قويماي.

— ئۆيدىكىلەر... — رىيات شۇنداق دەپلا گەپنى تۈگەتتى.

## 64

بۈگۈن ئابلەت ساقچىنىڭ ھاياتىدا ئاجايىپ بىر كۈن بولدى. قىزى مۇنىرە ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئاخىر ئۇنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئابلەت ساقچى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خۇشاللىقنىڭ نېمىلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان بۇ غېرىبانە كەپىسىنىڭ

ئەمدىلىكتە ئارزۇ ـ ئۈمىدنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان شادلىق گۈلىستانىغا ئايلانغىنىغا ئىنتايىن خۇشال ئىدى.

ئۇ يارقىنىنىڭ تېلېفوننى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا ئۇرۇمچىگە قاراپ يولغا چىققانىدى. يۈرەكلىرى بولسا شادلىق ئىلكىدە قاتتىق سوـ قۇپ يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالغانىدى، ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەملەردەك ھېس قىلاتتى.

زۆھرەمۇ ئۆز دادىسىنىڭ تېپىلغانلىقىدىن ئالەمچە خۇشالـ لىقلارغا چۆككەنىدى. ئۇ دادىسىنىڭ دوختۇرخانا تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا، يارقىن بىلەن دوختۇرخانا ئالدىغا چىدـ قىپ ساقلاپ تۇرغانىدى. ۋاقىت زۆھرە ئۈچۈن ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە، يۈرەكلىرى بولسا دۈپۈلدەپ سوقۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا ئاران ـ ئاران قالغانىدى.

بىر چاغدا دوختۇرخانا ئالدىدا ماشىنا توختاپ، ئابلەت ساقچى چىقىپ كەلدى. زۆھرە تېزلا يارقىنغا قارىدى، يارقىن مەنىلىك كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئابلەت ساقچى ئۇلارنىڭ ئالـ دىغا كېلىۋاتاتتى، زۆھرە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايلا دادىسىنىڭ ئالدىـ غا يۈگۈرۈپ باردى. دادىسىنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى، كۆزـ لىرىدىن تۆكۈلەي ـ تۆكۈلەي دەپ قالغان ياشلارنى كۆرۈپ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. مۇشۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا ئابلەت ساقچى قىزىنىڭ دەردىدە تولا قايغۇرۇپ شۇ قەدەر قېرىپ، يۈزـ لىرىگە چوڭقۇر قورۇقلار چۈشۈپ، چاچلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەنىدى. زۆھرە «دادا» دېگىنىچە ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى.

— قىزىم، — ئابلەت ساقچىنىڭ ئاۋازى تۆۋەن، بوغۇق چىقـ تى. ئۇ قىزىنى چىڭ قۇچاقلىدى، شۇ تاپتا ئۇزىنى چۈش كۆـ رۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، قىزىنى كۆرەلىگەنلىكىدىن، تاپالىغانـ لىقىدىن خۇشال بولۇپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتتى. ئۇ بىر نېـ مە دېمەكچى بولاتتى، لېكىن نېمىدۇر بىر نېمە گېلىغا قاپلىشىـ ۋېلىپ، باش ـ ئاخىرى قاملاشمايدىغان ئالدىقاناداق بىر گەپلەردىن

بۆلەك ھېچ نەرسە دېيەلمەيتتى. زۆھرە دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.
— قىزىم، سېنى ئاخىر تاپتىم، — دېدى ئابلەت ساقچى زو-رۇققان ھالدا، — كۆزلىرىمگە ئىشەنگۇم كەلمەيۋاتىدۇ...
— دادا، مېنى كەچۈرۈڭ. سىزنى ئازابلاپ قويدۇم، سىزنى دەردتە قويدۇم...
— ئەمدى مەڭگۇ ئازابلانمايمەن...
— دادا، مەنمۇ سىزنى بىر كۆرۈۋالسام دەپ كېچە-كۈندۈز تىلەيتتىم...
— سېنى چوقۇم تاپالايدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم قىزىم، ئاللاغا مىڭ شۈكرى، سېنى مانا تېپىۋالدىم. ئادەم قېرىغانسېرى يالغۇزچىلىق تارتىپ قالىدىغان گەپكەن، ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. سېنى تاپالىدىم، ئەمدى ھەرگىز سېنى يوقىتىپ قوي-مايمەن.
ئۇلار خېلى ئۇزۇن بىر-بىرىنى چىڭ قۇچاقلىشىپ تۇردى، ئۇزۇن يىل كۆرۈشەلمىگەن دادا-بالىنىڭ قەلبىدە شادلىق ئۇچ-قۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى. بىر-بىرىنىڭ ھىدلىرىنى پۇرىشات-تى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرىدە بولسا خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلمەكتە ئىدى.
يارقىن ئابلەت ساقچىنىڭ ئاخىر ئۆز قىزىنى تاپالىغانلىقى-دىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبىمۇ ھاياجان ئىلكىگە جۆر بولغا-نىدى، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە قېنىشماي قۇچاقلىشىپ تۇرغىنى-نى كۆرۈپ دادا-بالا مېھرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يەتكەندەك بولۇپ، ئىختىيارسىزلا دادا-بالا ئىككىيلەننى تەڭلا قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.
— رەھمەت بالام، قىزىمنى تېپىپ بەرگىنىڭگە رەھمەت!
ئۈچ قېرىنداش خېلى ئۇزۇنغىچە يىغا-زارە قىلىشتى.

65

پولات ئادىلغا ئۆزىنىڭ بۆرىكىنى بېرىشكە قوشۇلدى. دوخ-
تۇرلار ئۇنىڭ قان تېپىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ ئادىل بىلەن ئوخ-
شاش ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. بۇنىڭدىن ئاينۇرخان ئانىنىڭ
دەردى بىردەملىك بولسىمۇ يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. دوخ-
تۇرلار ئەمدى پولاتنىڭ كېسىلى ياخشى بولۇپ كەتسىلا بىر قاتار
تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ بۆرەك ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسى-
يەسىنى باشلايدىغانلىقىنى دېدى. ئادىل تېخىچە ھوشسىز ياتات-
تى، دوختۇرلار ئۇنى ئالاھىدە كۆزىتىش ئۆيىدە داۋالاۋاتقان
بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا تېخى ھېچكىمنى كىرگۈزمىگەنىدى. ئاي-
نۇرخان ئانا كۇندە دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ ئوغلىنىڭ ھوشسىز يات-
قانلىقىنى كۆرۈپ ئازابلىناتتى، ئۆزىنىڭ ئوغلى ئۇچۇن ھېچنې-
مە قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن يۈرىكى پىچاق تىققاندەك بولۇپ
ئېچىشاتتى.

ئاينۇرخان ئانا يەنە پولاتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنىمۇ ئۇن-
تۇمىدى، كۇندە ئۇنىڭ تاماقلىرىنى ۋاقتىدا ئەكىرىپ بېرىپ
تۇردى. بۇگۈنمۇ ئۇنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى ئەكىرىپ بېرىپ ئۇ-
نىڭ تاماق يېيىشىگە قاراپ بۇرۇنقى ئازابلىق كۈنلىرىنى ئەسلەپ
ئولتۇراتتى. پولاتمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۆمرىدە قىلغان ئەسكى ئىشلى-
رىنى، ئادىلەگە، ئاينۇرخان ئانىغا قىلغان يامانلىقلىرىنى ئويلاپ
يۈرەكلىرى ۋىجدان ئازابىدا پۇچۇلىناتتى.

— ئاينۇرخان ئانا، ... ئادىلنى ئايرىم ياتاققا ئېلىپ كىرىش-
تى، — زۆھرە ئىشىكتىن كىرىپلا شۇنداق دېدى. ئاينۇرخان ئانا
تېزلا ئورنىدىن تۇرۇپ زۆھرەنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. پولات
ئادىل دېگەن بۇ تونۇش ئىسىمنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى.

— خۇش خەۋەر، بىمارىڭلار ئايرىم ياتاققا چىقتى، — ئاينۇر-

خان ئانا بىلەن زۆھرەنى كۆرگەن بىر سېستىرا قىز ئۇلارغا ئېيتتى.

— راست دەۋاتامسىز؟ — ئاينۇرخان ئانا خۇشاللىقىدا يەنە كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى.

— شۇنداق... ئۇنى ھازىر ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىدۇ. بىردەم تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كىرسەڭلار بولىدۇ...

سېستىرا قىزنىڭ بۇ گېپىدىن ئاينۇرخان ئانا خۇشال بولۇپ كۆز يېشى قىلغىنىچە زۆھرەنى قۇچاقلىۋالدى.

— ئۇلۇغ ئاللاغا مىڭ شۇكرى... يا رەببىم... — ئانا ئاللاغا سېغىنىپ ئوغلىنىڭ تېزرەك ياخشى بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىپ دۇئا قىلدى.

— مانا دېدىمغۇ ئانا، ئادىل چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ دەپ، مانا خۇش خەۋەر دېگەن...

يارقىن بىلەن ئابلەت ساقچى ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

زۆھرە ئاينۇرخان ئانىنىڭ خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆز خۇشاللىقىنى باسالمايلا قالدى.

— دادا... — ئۇ شۇنداق دەپلا ئابلەت ساقچىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. بۇ خۇشاللىق مىنۇتلاردا ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق ياشلىرى لىغىرلاپ تۇراتتى.

— ئەمدى ئۇنىڭ قېشىغا كىرسەڭلار بولىدۇ، — مەسئۇل دوختۇرنىڭ شۇنداق دېيىشى بىلەن ھەممەيلەن ئادىلنى ئورۇنلاشتۇرغان ياتاققا كىرىپ كەلدى.

— ئوغلۇم... ئوغلۇم... مېنىڭ يۈرەك پارەم... — ئاينۇرخان ئانا ياتاققا كىرىپلا كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان ئادىلغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ئادىل...

— ئوغلۇم، ئادىل، قانداق ئەھۋالىڭ بالام؟

— بەك چارچىتىپ قويماڭلار، ئەتىگىچە ھوشىغا كېلىپ قا-

لىدۇ، ــ مەسئۇل دوختۇر ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئېيتتى.
ــ ئەھۋالى خېلى ياخشىمۇ؟ ــ ئابلەت ساقچى مەسئۇل دوختۇردىن سورىدى.
ــ ماس كېلىدىغان بۆرەك تېپىلىپ ئوپېراتسىيە قىلىنغۇچە مۇشۇ ئەھۋالدا تۇرۇشى كېرەك، شۇڭلاشقا ھەممىمىز بىرلىكتە ياخشى قارايلى.
ــ قارايمىز، قارايمىز...
سېسترا قىز ئۇنىڭغا ئوكۇل ئېسىۋاتاتتى، ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى كېسەل كارىۋىتىدا كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ياتقان ئادىلغا تىكىلگەنىدى.
ــ ئاللا ئاسانلىق بەرسۇن! ــ سېسترا قىز شۇنداق دېگەچ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.
ــ رەھمەت قىزىم... ــ ئاينۇرخان ئانا شۇنداق دېگەچ ئاستا ئادىلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى، كۆزلىرىدە بولسا ياشلار يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلەتتى، ئۇ ئوغلىغا يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە يېنىك بىرنى سۆيۈپ قويدى. ئادىل ئاستا كۆزىنى ئاچتى.
ــ جېنىم بالام، ئۇلۇغ ئاللانىڭ شاپائىتىدە چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسەن. ساڭا ماس كېلىدىغان بۆرەكمۇ بار بولدى. ئۇلۇغ ئاللا كېسىلىڭگە تېزرەك شىپالىق بەرسۇن، ــ ئادىل ئانىسىغا خېلى ئۇزۇن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىمۇ ياشلار سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى.

66

ــ ئايرىلىپ كېتەيلى، ــ دېدى نەرگىزە بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن.

— نېمە دەيسىز؟ قىزىپ قالمىغانسىز؟ — رىيات ھەيران بولۇپ سورىدى.

— مەن ساق، ئەخمەتكە ھەم ئۇنىڭ مېنى ئوغرى كۆرگىنىگە قېيداپ سىز بىلەن يۈرگەنلىكىمنى بىلىسىز. سىز ماڭا كۆپ ياردەملەرنى قىلدىڭىز، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق رەھمەت ئېيتسام ئەرزىيدۇ.

— توختاڭ، ئالدىرىماي پاراڭلىشايلى. مەن سىزنى تۇنجى كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغان. سىز بىلەن يۈرۈپ «خۇشال كۈنلىرىم ئەمدى يېتىپ كەلدى» دەپ يۈرگىنىمدە سىز بۇنداق دېيىشىڭىز بولمايدۇ. ئۆزىڭىزنىلا ئويلىماي مېنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ، — دېدى رىيات نەرگىزەنىڭ يۈزىنى ئۆزىگە قارىتىپ.

— ئۇنداقتا سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى دەپ سىز بىلەن ئايرىلىپ كەتمەسلىكىم كېرەكمۇ؟

— ئالدىڭىزدا خاتا قىلغان ئىشلىرىم بارمۇ؟ قايسى ئىشلىرىم كۆڭلىڭىزگە ياقمىدى؟ — رىيات يەنە سورىدى.

— مەن بىلىمەن، ھەممە ئىشلىرىڭىز مەن ئۈچۈن. باشقىلارنىڭ ھەممىسى مېنى ئوغرى كۆرۈشۈۋاتىدۇ، مېنى كۆرسە ئارقامدىن بىر نەرسىلەرنى دەپ كۇسۇرلىشىۋاتىدۇ، لېكىنغۇ سىزنىڭ ماڭا ئىزچىل ئىشىنىپ كەلگەنلىكىڭىزگە كۆپ رەھمەت. بىراق...

— ئۆتۈنەي نەرگىزە... مېنى تاشلىۋەتمەڭ. ئالدىمدا تىزلان دېسىڭىزمۇ تىزلىناي، — رىيات يىلىنىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

نەرگىزە بىر ئوغۇل بالىنىڭ بوكۇلدەك بىچارە ھالىتىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ رىياتقا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— بولدى، تىزلىنىمەن دېمىۇ ئاۋارە بولماڭ. سىزدىن ئايرىلىپ كەتمىسەملا بولىدىغۇ؟

رىياتنىڭ يۈزلىرىگە بىردىنلا كۈلكە يۈگۈردى.

## 67

ئادىلە كارىۋاتتا يەنە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. بەدەنلىرى بىرسى
ئۆرۈپ - چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى. ئۇ بۇ كېچە يەنە
قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەنىدى، چۈشىدە دادىسى ئۇنىڭ دەردىدە
تۇگىشىپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. ئادىلە
ئەسكى بولسىمۇ دادىسىنى سېغىنىپ قالدى. بىر خىل پەرىشان-
لىق ئۇنى قىيناۋاتقانىدى، خۇددى گۈزەل ياشلىق مەزگىللىرى
بىھۇدە، ئەھمىيەتسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، ئۆزى-
نى زىمىستانغا يۈز تۇتقان قۇرۇق قاقشال دەرەختەك ھېس قى-
لىۋاتاتتى.

ئۇ بۈگۈن سىرتقا چىقىپ بازار ئايلاندى، كۆزىگە نېمە چىراي-
لىق كۆرۈنسە شۇنى سېتىۋالدى. ئۇ بىر كۈن بازار چۆرگىلەپ
ھېرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۆزى تۇرغان مېھمانخانىغا
قاراپ ماڭدى. ئويلىمىغان يەردە ئۇچرىمىغان ئېيىق ئۇچراپتۇ
دېگەندەك، ئۇ ئالدى تەرەپتە ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان
قوشنىسى مەمەتنى كۆرۈپ ھەيكەلدەك قاراپ تۇرۇپ قالدى. مە-
مەتمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېلىپ ئۇنى ئۇچرىتىپ قالغانلىقى-
دىن ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ
جاھانمۇ ئانچە كەڭ ئەمەس ئىكەن، رەقىبلەر تار كوچىدا ئۇچرى-
شىدۇ دېگەننى راستمىكىن يا...

— بۇ يەردە ئۇچراپ قالغىنىمىز قىزىققۇ؟ — مەمەت ئادىلەنى
كۆرۈپ ھىجىيىپ تۇرۇپ ئېيتتى. ئادىلە ئۈندىمىدى...

— سىنىڭ بېيجىڭغا قېچىپ كېلىۋالغانلىقىڭنى پەقەتلا بىل-
مەيدىكەنمەن. داداڭمۇ سېنى كۆپ ئىزلىگەنىدى، — دېدى مەمەت
ئادىلەنىڭ زۇۋان سۈرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ.

— دادام؟ ئۇ... ئۇ ھازىر ياخشىمۇ؟

مەمەت ئادىلەنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلەتتى، دادىسىنىڭمۇ ئۇنى كۆپ ئىزدىگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى.

ــ هەئە، داداڭ خېلى ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ... بۇ يەرگە قاچان كېلىۋالغانىدىڭ؟

ــ خېلى بولدى. ئۆزۈڭچۇ؟ سەن قاچان كەلدىڭ بۇ يەرگە؟ دادام هازىر قەيەردىدۇ؟...

مەمەت ئادىلەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆڭلىگە بىر شۇملۇق كەلدى.

ــ هەئە، بىز كەلگىلى تېخى ئىككى كۈندەك بولدى...

ــ بىز؟ بىز دەيسەنغۇ؟ ــ ئادىلە ئۇنىڭ بىز دېگىنىنى ئاڭلاپ يۈرىكى گۈپپىدە سوقۇپ كەتتى.

ــ شۇنداق، داداڭ بىلەن ئىككىمىز سېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەنىدۇق، بىلسەڭ داداڭنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس... سېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىدى، سېنىڭ دەردىڭدە كېسەل ئازابى تارتىپ يۈرىدۇ.

ــ دادام؟ ئۇ... ئۇ هازىر قەيەردە؟

ــ مەن داداڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىمەن. ساڭا دەي ئادىلە، داداڭ ماڭا قىزىم ئادىلەنى بىر كۆرۈۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق دېدى، ئۇ سېنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. شۇڭا مەن بىلەن بېرىپ بىر قېتىم بولسىمۇ داداڭنى كۆرۈۋېلىپ كەلگىن...

ئادىلە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، دېمىسىمۇ دادىسى ئەسكى بولسىمۇ ئادىلەنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكى هەم قوغدىغۇچىسى ئىدى. دادىسىنى ئۆزىمۇ سېغىنىپ قالغانىدى.

«بەلكىم دادام بۇ چاغقا مېنى كەچۈرۈۋەتكەندۇ؟ مېنى ئەمدى بۇرۇنقىدەك خورلىماس...» ئۇ كۆڭلىدە شۇلارنى ئويلاپ بېشىنى لىڭشىتتى. مەمەت ئۇنىڭغا سىرلىق بىر تۇستە قاراپ ھىجايغىنىچە يول باشلاپ ماڭدى، ئادىلە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

ئۇلار تاكسىدىن بىرنى توسۇپ ئاددىيلا قىلىپ ۋىۋىسكا ئې-

سىلغان بىر مېھمانخانا ئالدىغا كەلدى. ئۇلار مېھمانخانا ئىچىگە كىرىپ كېلىشتى.

— بىز تۇرغان مېھمانخانا مۇشۇ شۇ، ھەراست، ئۆزۈڭ قەيەر-دە تۇرۇۋاتىسەن، — مەمەت خىيالغا چۆكۈپ تۇرغان ئادىلەدىن سورىدى.

— ھەئە، بىر مېھمانخانىدا...

— مېھمانخانىدا؟ سالاھىيەت كىنىشكاڭ چىققان ئوخشىما-دۇ؟ بۇ يەردە سالاھىيەت كىنىشكىسى بولمىسا ياتاق ئېچىپ بەر-مەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسەن...

— پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ، بىر نەچچە يۈز يۈەننى ئارتۇق بەرسەم ياتاق ئېچىپ بەردى، — ئادىلە ئۇنىڭغا سوغۇقلا جاۋاب بەردى.

— ئايدەك چىرايىڭغا كۆز تېگىپ قالمىسۇن، — دېدى مەمەت ھىجىيىپ.

ئادىلە لام - جىم دېمەي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.

— قارىسام بىر مۇنچە نەرسىلەرنى سېتىۋاپسەن، بىرەرسىنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىۋالغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى مەمەت ئادىلەنىڭ قولىدىكى سولياۋ سومكىلارنى كۆرۈپ.

— ياق... — دېدى ئادىلە ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

— ئەمىسە چوقۇم بىرەرسىنىڭ يۈرىكىنى ئوغرىلىۋاپ-سەن، — دېدى مەمەت ئاغزىنى كالاچتەك قىلىپ ھىجىيىپ.

— تولا گەپ ساتماي، مېنى تېززەك دادام بار ياتاققا باشلاپ بارا — ئادىلە ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويدى.

— مانا كەلدۇق، مۇشۇ ياتاق شۇ، — مەمەت ئىشىككە ئاچقۇچ سېلىۋېتىپ ئېيتتى. ئادىلە دادىسىنى كۆرسە قانداق بولۇپ كې-تىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بىردىنلا يۈرەك سوقۇشىنىڭ رىتىم-مى تېزلەشتى.

— قېنى كىرمەمسەن؟ — مەمەت ئىشىكنى ئېچىپ بولۇپ ئېيتتى.

ئادىلە ئورنىدا بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋې-لىپ ياتاق ئىچىگە كىرىپ كەلدى، مەمەت ئادىلەنىڭ ياتاق ئىچىد-گە قاراپ قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ياتاق ئىشىكىنى ئىد-چىدىن تاقىۋالدى.

ئادىلە ياتاق ئىچىگە نەزەر سالدى، دادىسى ھېچ يەردە كۆرۈن-مەيتتى.

— قېنى دادام؟ — ئادىلەنىڭ سوئال ئارىلاشقان كۆزلىرى مە-مەتكە ئوقتەك تىكىلدى.

— بەلكىم سىرتقا چىقىپ كەتكەندۇ، بىردەم تۇرۇپ قايتىپ كېلىدۇ، — مەمەت شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كەلدى. ئا-دىلە شۇندىلا مەمەتنىڭ ئۆزىگە قىلتاق قۇرغانلىقىنى ھېس قىد-لىپ ئۈلگۈردى. ئۇ غال - غال تىترىگەن ھالدا كەينىگە داجىدى. مەمەت بولسا خۇددى ئوۋنى كۆرگەن غالجىر ئىتتەك ئۇنى قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شەھۋانىيەت ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. ئادىلە تامغا يۆلىنىپ قالدى، ئۇنىڭغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلگەن مەمەت سول مەڭزىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئۇرغان ھېلىقى كاچىتىنىڭ ئىسىڭدىمۇ؟ يۈزۈم ھازىرمۇ ئوتتەك ۋىلىلداپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى.

مەمەت كۆزىگە شەھۋانىيەت قىزىللىقى تولغان ھالدا ئېغىر ھاسىرايتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سېسىقچىلىقنى پۇراپ قېلىپ ئادىلەنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى.

— جېنىڭغا ھېزى بول، ماڭا چېقىلما! — ئادىلە مەمەتنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىمەن دەپ قولىنى شۇنداق سوزۇشىغا مەمەت كاپپىدە ئۇنىڭ قولىنى بېغىشىدىن تۇتۇۋالدى. ئۇ ھەدەپ قولىنى بوشىتىۋېلىشقا تىرىشتى.

— ئۇنداق قىلما، ئامرىقىم، بىلسەڭ سېنى بەك ياخشى كۆرد-
مەن...

— ئۇنداق لاۋزا گەپلىرىڭنى خانئاچىلىرىڭغا بېرىپ ئېيتىپ
بەر!

— ھا... ھا... لېكىن بىلەمسەن؟ سېنى كۆرۈپ قولۇم بەك
قىچىشىپ كېتىۋاتىدۇ. زىلۋا بەدىنىڭنى بىر تۇتۇپ كۆرۈپ باق-
قۇم، سېنى بىر ھۇزۇرلاندۇرۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ، — مەمەت
سۆزلەۋېتىپ ئادىلەنىڭ بېلىدىن كاپپىدە قۇچاقلاپ ئۇ يەر - بۇ-
يەرلىرىنى مىجىقلىغىلى تۇردى.

— ھۇ ھايۋان، مېنى قويۇۋەت. بولمىسا ئادەم چاقىرىمەن! —
دېدى ئادىلە ئۇنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ.

— توۋلىغىنىڭ بىلەن ھېچكىم كىرمەيدۇ... ھا... ھا... تولا
مەن بىلەن قارشىلاشما. ئۆزۈڭنى پەرىشتە چاغلايدىغان ئوخشىد-
مامسەن؟ بىلىپ قوي، سەن دېگەن ھەممە كىشى يىرگىنىدىغان
بىر ئوغرى! — مەمەت شۇنداق دەپ يېنىدىن بىر پىچاقنى شارت-
تىدە چىقىرىپ ئادىلەگە تەڭلىدى.

مەمەتنىڭ ئادىلەنى ئوغرى دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلاقلىرد-
غا ئەكس سادا بولۇپ ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇ خۇددى ئەسىرگە
چۈشكەن جىنايەتچىدەك ئەتراپىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. مەمەتنىڭ
قولىدىكى پىچاق كەچكى شەپەقنىڭ ئاجىز نۇرلىرىدا لاۋۇلدايت-
تى. مەمەت پىچاقنى تۇتقىنىچە ئادىلەگە تېخىمۇ يېقىنلاپ كەل-
دى، ئادىلە يانغا بۇرۇلۇپلا قاچماقچى بولغانىدى، بىر نەرسىگە
پۇتلىشىپ كېتىپ يەردىلا يېتىپ قالدى. مەمەت ئۇنىڭ يېتىپ
قالغانلىقىنى كۆرۈپ تېزلا پۇتۇن ئېغىرلىقى بىلەن ئۇنىڭ كۆك-
سىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى مىجىقلاشقا
باشلىدى. ئادىلە بولسا يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتىشكە تىرمىشىپ
تىپىرلاپ باقتى، ئەمما كۈچى يەتمەي، جان - جەھلى بىلەن ئۇ-

نىڭ قولىنى چىشلىۋالدى. مەمەت ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىرىۋەت-تى، يەنە بىر قولىدىكى پىچاقمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئادىلە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ يەردىكى پىچاقنى تېزلا قولىغا ئېلىۋېلىپ ئورنىدىن تۇرۇۋالدى. قولىدىن قان تې-مىپ تۇرغان مەمەت ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى.

ئادىلە سىرتقا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. لېكىن بۇدا ئۆزىمۇ بىلمەي ئىشىك تەرەپكە توختىماي قويۇلغان ئورۇندۇققا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى.

— ماڭما يېقىن كەلمە، يېقىن كەلسەڭ پىچاقنى تىقىۋېتىمەن، — ئادىلە قورقۇنچ ئارىلاشقان ئاۋازدا توۋلىدى.

— مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلما، ۋۇ بۇزۇق، — مەمەت شۇنداق دەپ ئادىلەگە يەنە ئېتىلىپ كەلدى. ئادىلە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىمەن دەپ پىچاقنى بىر شىلتىۋىدى، پىچاق ئۆزىگە ئېتىلىپ كەلگەن مەمەتنىڭ قورسى-قىغا كىرىپ كەتتى. مەمەت شۇئان يەرگە يىقىلدى. ئادىلە بولسا تېزلا ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان دەقىقە ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشتىن گاڭگىراپ قالدى. مەمەتنىڭ قور-سىقىدىن قىپقىزىل قانلار ئېقىۋاتاتتى، ئادىلە بۇلارنى كۆرۈپ قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئۇنىڭ قوللىرىمۇ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇئان قولىدىكى قان تامچىلاپ تۇرغان پىچاقنى يەرگە تاشلىۋەتتى. ئۇ بىر مىنۇت بەلكىم ئۇنىڭدىمۇ قىسقىدۇر، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قال-دى. بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ تېزلا ئىشىكنى ئېچىپ ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. ئۇ خۇددى مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ يۈگۈرگىنىچە مېھمانخانا ئىچىدىن چىقىپ كەتتى. بىر كۈتكۈچى قىز ئۇنىڭ يۈگۈرۈپ چىقىپ كې-تىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى...

## 68

پولاتنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىشقا باشـ
لىدى. ئۇ ئاينۇرخان ئانىنىڭ ئۆزىنىڭ ھالىدىن ئىزچىل ياخشى
خەۋەر ئېلىپ تۇرغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ھەمدە ئوغلىنىڭ
دەردىدە تولا يىغلاپ تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بۆرەكـ
نى تېزرەك ئوغلىغا بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىگە ئوكۇل
ئالماشتۇرۇپ تۇرۇۋاتقان سېستىرا قىزدىن سورىدى:

— قىزىم، مېنىڭ ئەھۋالىممۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالدى،
سىلەر دېگەن تەكشۈرۈشلەرنى تېزرەك باشلىساق بولارمۇ؟

سېستىرا قىز ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي ئۇنىڭغا سوئال نەزەـ
رى بىلەن قارىدى.

— مەن ھېلىقى بۆرەك ئالماشتۇرمىسا بولمايدىغان ئادىل دېـ
گەن يىگىتنىڭ دادىسى بولىمەن. ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ بۆرىكىمنى
بەرمەكچى بولۇۋاتىمەن. تەكشۈرۈشلەرنى بۈگۈنلا باشلىساق
بولارمۇ؟

— مېنىڭچە بولىدىغۇ دەيمەن. مەن مەسئۇل دوختۇرلاردىن
سوراپ باقاي. ئەگەر ئۇلار قوشۇلسا ئالدى بىلەن تەكشۈرۈش
گىراپىلىرىنى تولدۇرىسىز. كېيىن بىر قاتار تەكشۈرۈشلەرنى
ئېلىپ بارىسىز.

سېستىرا قىز ئوكۇللارنى ئالماشتۇرۇپ بولۇپ چىقىپ كەتتى.
ئۇزۇن ئۆتمەي ئاينۇرخان ئانا كىرىپ كەلدى.

— بۈگۈن خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

پولات بېشىنى لىڭشىتتى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆز گۇناھلىرىغا توۋا
قىلىپ كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى.

— ئاينۇر، مەن بۈگۈن ئوغلۇمنى كۆرۈپ چىقسام بولامدۇ؟
ئۆتۈنۈپ قالاي... — ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى بوش چىقتى. ئايـ

ىنۇرخان ئانا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خېلى ئۇزۇن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

يارقىن، زۆھرەلەر پولاتنى يۆلەپ ئادىل ياتقان ياتاققا ئېلىپ چىقىشتى. ئادىل بۇ چاغدا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغان هالدا كارىۋاتتا ياتاتتى. پولات كارىۋاتتا ياتقان تونۇش چىرايىنى، ساقچى باشلىقى ئادىلنى كۆرۈپ هەيرانلىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى. ئۆز ئوغلىنىڭ ساقچى باشلىقى يەنە كېلىپ ئۆزى بىلىدىغان، ئۆزى تونۇيدىغان ساقچى باشلىقى ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ چۇشۇشكە باشلىدى.

— ئوغلۇم، جېنىم بالام، ئادىل... كۆزۈڭنى ئاچقىنا بالام...

ئاينۇرخان ئانىنىڭ سۆزى بىلەن ئادىل كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇ كۆز ئالدىدا پولاتنى كۆردى، شۇئان ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ غەزەپلىك ئۇچقۇنلار چاقناشقا باشلىدى. ئۇ لېۋىنى ئاستا ئېچىپ ئانىسىغا قاراپ ئېيتتى.

— ئانا... ئۇ... ئۇ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ئانىنىڭ كۆزلىرىمۇ لىق ياشقا تولغانىدى، ئۇ پولاتقا نەپرەتلىك تۇستە قارىۋەتكەندىن كېيىن ئادىلغا قاراپ ئېيتتى.

— ئوغلۇم... ئۇ... ئۇ... ئۇ بىر تۇغقىنىمىز، — ئاينۇرخان ئانا ئادىلغا پولاتنىڭ ئۆزىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنى خالىمىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئادىلنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.

— تۇغقىنىمىز؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ بوش ئاڭلىناتتى، — ئۆز قىزىنى ئوغرىلىققا سېلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ - تىللاپ يۈرگەن كىشى بىزنىڭ تۇغقىنىمىز؟ ياق... ياق...

— جېنىم بالام... ئۇنداق دېمە. هەرگىز ئۇنداق دېمە. ئادەم دېگەن ئەقىلسىز بولىدىكەن. بۇ ئادەممۇ بۇرۇن كۆپ خاتالىقلارنى

سادىر قىلغان. ھازىر ئۇلۇغ ئاللا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب ئاتا قى-
لىپ، ئەمدى سىنىڭ جىنىڭنى قوتقۇزۇپ قالماقچى بولۇۋاتىدۇ...
پولات ئادىلغا نىمە دېيىشنى بىلمەي خۇددى گاچا ئادەملەر-
دەك، گۇناھىنى تىلەپ تۇرغان جىنايەتچىدەك ئۇنىڭ ئالدىدا بې-
شىنى سىلىپ تۇردى. ئاينۇرخان ئانىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرى-
كىگە تەگكەنىدى، ئالدىدا ئۆز پۇشتىدىن تۆرەلگەن ئوغلى كېسەل
ئازابىدا ئىڭراپ ياتسا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى
ئېيتالماسلىقتىنمۇ ئېغىر ئازاب بولمىسا كېرەك. ئۇلۇغ ئاللا
بەندىلىرىنىڭ بېشىغا بۇنداق كۈننى نېسىپ قىلمىسۇن.
— ئادىلە... ئۇ... ئۇ... ئۇ قەيەردە؟ ئۇنى تاپتىڭلارمۇ؟ — ئا-
دىل جىنايەتچىنى سوراق قىلىۋاتقاندەك پولاتتىن سورىدى.
— ئۇ... ئۇ... ئۇ ھازىر بىيجىڭدا ئىكەن، — پولات كېكەچلەپ
ئاران مۇشۇلارنىلا دېيەلىدى.
— نىمە؟ بىيجىڭدا؟ بۇ...
— بولدى، بىمارنى چارچىتىپ قويماڭلار، — سېستىرا قىز
ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، ئادىل ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە
ياتاتتى.
— ئوغلۇم، ياق... ئادىلجان... مېنى كەچۈرۈڭ... مېنى كە-
چۈرۈڭ. مەن بىر گۇناھكار، چوڭ جىنايەتچىمەن. ھازىر شۇ گۇ-
ناھلىرىمغا توۋا قىلىۋاتىمەن، قىزىمنى ئوغرىلىقتا سالدىم، ئۆ-
زۈم نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلدىم، — پولات شۇنداق دېگى-
نىچە ئادىلنىڭ ئايىغىغا يۈكۈنۈپ ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلاپ
كەتتى. ئادىل زۇۋان سۈرمىدى.
— ئەپەندىم، بايىقى گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ بۇنداق قىلى-
سىڭىز بىمارنى چارچىتىپ قويىسىز... — سېستىرا قىز پولاتقا
شۇنداق دېگەچ، ئاينۇرخان ئانىغا قاراپ، — بولدى، ئەمدى چىقىپ
كېتىڭلار، بىمار ياخشى ئارام ئالمىسا بولمايدۇ. بۇنداق قىل-

ساڭلار بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈپ قويىسىلەر...
يارقىن بىلەن زۆھرە پولاتنى يۆلىگىنىچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئاينۇرخان ئانا تېخىچە ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقلىرى، تارتقان ئازابلىرى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ يۈرىكىنى لەختە قىلىۋەتكەنىدى.
— ئەپەندىم، سىېسترا قىز ماڭا تەلىپىڭىزنى ئېيتتى. سالا-مەتلىكىڭىز بارا-بارا ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر خالىسى-ڭىز بۈگۈنلا تەكشۈرۈشنى باشلىساق بولىدۇ... — مەسئۇل دوخ-تۇر پولاتقا قاراپ شۇنداق دېدى.
— بولىدۇ، بولىدۇ... ئەمىسە تەكشۈرۈشنى ھازىرلا باشلايلى.
پولاتنىڭ سۆزىدىن كېيىن بىر قانچە دوختۇر، سىېستىرالار ئۇنى بىر كېسەل كارىۋىتىغا سېلىپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ كىرىپ كەتتى. زۆھرە بىلەن يارقىنىنىڭ چىھرىدە خۇشاللىق، ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.
— بۇ ئادەم ئادىل ياخشى كۆرىدىغان ئادىلە دېگەن قىزنىڭ دادىسى شۇمۇ؟ — زۆھرە تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى. يارقىن زۆھرەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىرىنچىدىن ئېغىر زەربە يېگەن كىشىدەك بولۇپ قالدى، زۆھرە يارقىنىنىڭمۇ ئادىلەنى ياخشى كۆ-رىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.
— شۇنداق... لېكىن ئالدىنقى كۈنى ئۇ يالغۇز قالغاندا ئۇنىڭ-دىن ھەممە ئىشلارنى سورىدىم. ئۇ ئادىلەنى كىچىكىدە بېقىۋالغاندى-كەن.
— ئۇنداقتا ئادىلە بىلەن ئادىلنىڭ ھېچقانداق قانداشلىق مۇ-ناسىۋىتى يوق ئىكەنغۇ؟ — زۆھرە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇ-شۇلارنى ئويلاپ ئادىل ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرگەنىدى. يارقىنىنىڭ سۆزلىرىدىن بۇ تۈگۈنلەرمۇ يېشىلىپ كۆڭۈل ئازادىچىلىكىگە چىقىپ قالغاندەك بولدى. يارقىن زۆھرەنىڭ سوئالىغا جاۋاب

بەرمىدى، ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى ئادىلە تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالغانىدى.

— ئۇنداقتا، ئادىلەنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىدىڭىزمۇ؟

يارقىن زۆھرەنىڭ بۇنچە تەپسىلىي سوراپ كېتىشلىرىدىن بىزار بولۇپ قالدى. زۆھرە ھەر قېتىم ئادىلەنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغىنىدا يارقىنىنىڭ يۈرىكى ئاللىقانداق ئازابلار ئىلكىدە ئاچچىق تولغىناتتى.

— ھەئە... ھازىر بېيجىڭدا ئىكەن. ئېنىق ئورنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن... — يارقىن شۇنداق دەپ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ چەككىنىچە دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتى.

69

ئادىلە بىر نەچچە كۈندىن بېرى مېھمانخانىدىن چىقماي خىياللارغا غەرق بولۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مەمەتنىڭ قانغا مىلەنگەن ھالدا ئىڭراپ ياتقان كۆرۈنۈشى كېلىۋالاتتى، ئۇ بولۇپ ئۆتكەن بارلىق ئىشلارنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى، ھەممىسىنىڭ بىر قاباھەتلىك چۈشكە ئايلىنىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەنىدى، ئۇنى ئۆزگەرتىمەن دەپمۇ ئۆزگەرتەلمەيتتى. شۇ زامان ئادىلەنىڭ چىرايى زەپەدەك سارغىيىپ، ئەزايى ـ بەدىنى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلدى. ئۆزىنىڭ ھەربىر ئىش ئىزلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كىنولاردىكىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى. باشقىلارنىڭ سومكىلىرىغا قول سېلىپ ئوغرىلىق قىلىشلىرى، پەسكەش مېھمانخانا غوجايىنى بىلەن ئاشخانا غوجايىنىنىڭ ئۇنىڭغا شەھۋەت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ زورلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇشى، ئادىل، يارقىن، دېڭىزنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان مېھرىبانلىقلىرى، ئادىلنىڭ ھەممە ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا ئۆز سۆيگۈسىنى

ئىزھار قىلىشى، ئاخىردا... مەمەتنىڭ قانغا مىلەنگەن ھالدا ئۇ- نىڭ كۆز ئالدىدا تىپىرلاپ يېتىشلىرى... ئويلا - ئويلا ئۇنىڭ يۈ- رىكى پىچاق تىققاندەك ئازابلانغىلى تۇردى... ئۇ مەمەتكە بىرەر ئىش بولۇپ قالماسلىقىنى تىلەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا بىرەر قۇت- قۇزۇش ماشىنىسى بولسىمۇ چاقىرىپ قويمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. لېكىن ئەمدى ئۇ كېچىككەنىدى.

70

دېگىز يولدا پەرىشان ھالەتتە كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ قەلبى قانداقتۇر بىر ئازابلىق تۇيغۇلار ئىلكىدە ئاچچىق تولغىناتتى. ئۇ يەنە بىر سىڭلىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئې- چىشتى، كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى.

دېگىز تېلېفون كارتىسىنى تولۇقلاپ ئادىلەگە نەچچە قېتىم تېلېفون قىلغان بولسىمۇ ئالالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر شۇم- لۇقنى سەزگەندەك بولۇپ، كاماندىروپكىدىن يېنىپ كېلىپلا ئا- دىلە ئىشلىگەن ئاشخانىغا كىردى. ئەمما بۇ يەردە ئادىلە ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— ئادىلە قېنى؟ ئۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئادىلە... ئۇ... — ئاشخانا خوجايىنى دېگىزنىڭ ئادىلەنى ئىزدەپ كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى، ئۇ داكا بىلەن تېڭىلغان بېشىنى سىلىغىنىچە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — ئادىلە بۇ يەردىن كېتىپ قالدى. ئۇنى بىرسى ئىزدەپ كەپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كەتتى، — دېدى.

دېگىز ئاشخانا خوجايىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ يوققا چىقىپ ئاشخانىدىن روھسىز ھالەتتە يېنىپ چىقتى.

— ئادىلە، جېنىم سىڭلىم، شۇ تاپتا قەيەردە يۈرىدىغانسەن؟

ئەجەب كېتىش ئالدىدا ماڭا تېلېفونمۇ قىلىپ قويماپسەن؟ مەند-
دەك بىر ئاكاڭنى تاشلاپ نەلەردە يۈرىدىغانسەن؟...
دېڭىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىمۇ بىلمەي نەچچە تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى.

## 71

جاڭ مۇئەللىم بالدۇرلا ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق جىلۋە قىلاتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ يولدىشى بىلەن توي قىلغانلىقىنىڭ سەككىز يىللىق خاتىرە كۈنى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئېرى ئىشتىن چۈشۈپ كەلگۈچە ھەرخىل سەي - قورۇمىلارنى قورۇپ ئۇنى بىر خۇش قىلمۇقچى بولۇۋېتىشنى ئويلىدى. ئەمدىلا ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ تۇرغان جاڭ مۇئەللىم ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. يولدىشى بالدۇرلا ئىشتىن قايتىپ كەلگەنىدى، ئۇ بېيجىڭ شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىشخانا مۇدىرى ئىدى. جاڭ مۇئەللىم يولدىشىنىڭ چىرايىدىكى ھارغىنلىقنى، ئۇنىڭ چىرايىدىنىڭ بىر قىسمىلا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئېيتتى:
— بۈگۈن بالدۇرلا ئىشتىن چۈشۈپ كەپسىزغۇ؟
يولدىشى ئۈندىمىدى. جاڭ مۇئەللىم ئېرىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سېزىپ ئارتۇقچە سوئال سورىمىدى.
بىردەمدىن كېيىن ھەرخىل قورۇمىلارنى تەييار قىلغان جاڭ مۇئەللىم يولدىشىنى چاقىرىش ئۈچۈن ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەلدى. يولدىشى كومپيۇتېر ئېكرانىدا چىقمۇاتقان سىن كۆرۈنۈشىدگە قاراپ قېتىپ قالغانىدى. جاڭ مۇئەللىم مۇنداقلا قارىۋىدى، تونۇش بىر چىرايىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ سىنىپىدىكى تىدرىشچان ئوقۇغۇچى نەرگىزە ئىدى.

— بۇ؟ بۇ قىزغا نېمە بولۇپتۇ؟ — جاڭ مۇئەللىم سورىدى.

— بۈگۈن بىر مېھمانخانىدا قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بېرىپ، شىنجاڭلىق بىر يىگىت نەق مەيداندا ئۆلۈپتۇ. مېھمانخانىنىڭ سىن ئاپپاراتىدا بۇ قىزنىڭ ئۆلگۈچى بىلەن بىللە كىرىپ كېتىۋاتقان ھەم ئۆزى يالغۇز قايتىپ چىققان كۆرۈنۈشى چىقىپ قالغان. شۇڭا بىز تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىردىنبىر گۇمانلىق جىنايەتچى دەپ مۇشۇ قىزنى بېكىتتۇق...

— توۋا... توۋا... بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن. بۇ بىر ساددىلا قىزغۇ؟ ئۇ مېنىڭ سىنىپىمدا ئوقۇيدىغان ھەممە جەھەتتە تالانتى بار، تىرىشچان بىر قىز ئىدى.

— نېمە؟ ئۇ قىزنى تونۇمسىز؟ — يولدىشى بۇ ۋەقەدىكى گۇمانلىق جىنايەتچىنى تېزلا تاپقىنىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

## 72

— نەرگىزە!

ئالدىراپ دەرسكە ماڭغان نەرگىزە ئارقىسىدىن بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ئۇنى چاقىرغان باشقا بىرى بولماستىن، دەل ئەخمەت ئىدى، ئەخمەت نەرگىزەنىڭ يېنىغا كەلدى.

— نەرگىزە، گەرچە بىز ئايرىلىپ كەتكەن بولساقمۇ، سىزگە دوستلارچە نەسىھەت قىلىپ قوياي، رىيات بىلەن ئايرىلىپ كېتىڭ. ئاندىن ھېلىقى ئەسكى ئىشتىن قول ئۈزۈڭ.

— ھا... ھا... بۇ ئەمدى قەيەرنىڭ بەگزادىسىدۇر، ماڭا نەسىھەت قىلغىنىڭىزمۇ بۇ. بىلىپ قويۇڭ. مەن سىز ئويلىغاندەك قىز ئەمەس ھەم باشقىلار ئالدىدا ھېچقانداق خىجىلچىلىق تارتىدىغان ئىشىممۇ يوق... بۇ گەپلىرىڭىزنى ئاشۇنداق ئىش قىلىپ

يۈرگەن كىشىلەرگە بېرىپ ئېيتىپ بېرىڭ، ــــ دېدى نەرگىزە ئۆنىڭ ئۆزىنى يەنە ئوغرى دەپ قاراۋاتقانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ.

ــــ نەرگىزە، ماڭا بىرەر قېتىم بولسىمۇ پۇرسەت بەرگەن بولسىڭىز.

ــــ پۇرسەت؟ بولدى قىلىڭ ئەخمەت، ئەمدى ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇ ئىشلارنى ئويلاشنىمۇ خالىمايمەن. ئەينى ۋاقىتتا شەھىدەنىڭ گېپىگە كىرىپ مېنى ئۇرغانىدىڭىز، شۇ ۋاقىتتا سىزگە پۇرسەتنى بىر قېتىم بېرىپ بولغانمەن. ياخشىسى بىز ئەمدى ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى، سىزنى بۇرۇن دەرستە ياخشى، تىرىشچان، ئەقىللىق دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدىم. ئەمما سىز بەكمۇ دۆت ئىكەنسىز. مەن دەرسكە كېچىكىپ قالىمەن. ھېلى شەھىدەرىڭىز كۆرۈپ قېلىپ چاچلىرىمنى يۇلۇۋالمىسۇن مېنىڭ، خوش... ــــ نەرگىزە سۆزلىرىنى تۈگىتىپ كېتىپ قالدى.

ئەخمەت نەرگىزەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى بەك ئازابلاندى ھەم ئۇنىڭ ئۆزىنى كەچۈرمەيدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى.

ــــ نەرگىزە، بۇياققا چىق!

ئەمدىلا ئەخمەت بىلەن خوشلىشىپ دەرسكە كىرىپ ئولتۇرغان نەرگىزە ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. سىنىپتىكى باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزلىرىمۇ ئىشىك تەرەپكە تىكىلگەنىدى. ئىشىك تۈۋىدە رىيات قاپاقلىرىدىن مۇز ياغدۇرغان ھالەتتە تۇراتتى، ئوقۇغۇچىلار بىردە رىياتقا قارىسا، بىردە نەرگىزەگە قارايتتى. نەرگىزە نومۇس قىلغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى، ئەگەر نەرگىزە رىياتنىڭ يېنىغا بارمىسا، رىياتنىڭ دەرسخانا ئىچىگە كىرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى، ئۇ ئامالسىز ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار بىللە بىنادىن چۈشتى.

— گەپ بولسا مۇشۇ يەردە دەڭ، مەن كىرىپ كەتمىسەم بولـ-
مايدۇ.
— ساڭا سەت تۇرارمىكىن، خالىي يەرگە بارايلى، — رىيات شۇنداق دېگىنىچە بىنانىڭ كەينى تەرىپىگە قاراپ ماڭدى.
— ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ، بىز بۇرۇندىن تارتىپ بىر - بىـ-
رىمىزنى «سىز» دەپ ئۆتكەن، ھازىرمۇ شۇنداق دەپ ئاتارسىز...
— ۋاي شۇنداق قىلاي خېنىم، خاپا بولمىسىلا، — رىيات شۇنداق دەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
نەرگىزە ئۇنىڭ ئۆزىنى مازاق قىلىشلىرىغا چىداپ تۇرالمىدى.
— بولدى قىلىڭ، سىز بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇشقا ۋاقتىم يوق، گەپ بولسا تېز ئېيتىڭ.
— بولىدۇ، بايا سەن ئەخمەت بىلەن كۆرۈشتۈڭ، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق، ئۇ مېنى ئىزدەپ كەپتىكەن. دەككىسىنى بېرىپ قويدۇم، — دېدى نەرگىزە ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.
— توۋا، سەندەكمۇ پەس قىزلار بار ئىكەن دۇنيادا، بايا شەـ-
ھىدە ماڭا ئۇچۇر يېزىپتىكەن. ئىككىڭنىڭ سىرتتا ئاپاق - چاـ-
پاق بولۇپ تۇرغىنىڭنى كۆرۈپتۇ. تېخى ئىشەنمەي سەندىن سوـ-
رىسام دەككىسىنى بېرىپ قويدۇم دەيسەنغۇ. كونا يارىڭنى تېخىچە ئۇنتالماي قالغان ئوخشىمامسەن؟ ئۇنداقتا مەن سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە زادى؟
نەرگىزە ھەيران بولدى، ئۇ شەھىدەنىڭ بۇنداق قىلىشىنى، رىياتنىڭ ئۆزىگە بۇنداق دېيىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقـ-
مىغانىدى.
— مەن سىزگە بىر نەچچە قېتىم «ئايرىلىپ كېتەيلى» دېـ-
دىم، بىراق، سىز قوشۇلمىدىڭىز، لېكىن مەن ئۆزۈمنى سىزدىن ئايرىلىپ كەتتىم، دەپ ھېسابلايمەن، — دېدى نەرگىزەمۇ ئاچچىـ-

قىغا چىدىماي.
— نىمە دېدىڭ؟ — رىيات نەرگىزەنىڭ قولىنى سىلكىپ تۇتتى.
— سىلكىمەڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىلىمىز ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى.
— بۇنداق ئاسان ئىش يوق، مەن سەندىن ئايرىلىپ كەتمەيمەن. لېكىن بىر ياخشى يېرى، سېنى ئىزدەپ ئاۋارە قىلمايمەن. بىر يامان يېرى، سېنى ئەخمەت بىلەن يەنە بىللە كۆرۈپ قالسام، يا سەن ئۆلىسەن، يا مەن ئۆلىمەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ مۇشۇ سۆزلىرىمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت.
رىيات سۆزلىرىنى تۈگىتىپ كېتىپ قالدى.
نەرگىزە خۇددى ساراڭغا ئوخشاش يېنىدىكى قار قاپلاپ كەتكەن سېمونت ئورۇندۇقتا قارنىڭ ئۈستىگىلا ئولتۇردى، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە نەرگىزەگە پۈتۈن يەر - جاھان پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئۇ شۇ تاپتا ھېچبىر سوغۇقنىمۇ سەزمەيۋاتاتتى. ئۇ سوغۇق يەردە قانچىلىك ئولتۇرغىنىنىمۇ سەزمەي قالدى.
— نەرگىزە، سىزنى ئىككى ساقچى ئىزدەپ كەپتۇ، — بۇ ئاۋازدىن نەرگىزە چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا سىنىپىدىكى بىر ساۋاقدىشى تۇراتتى.
— نىمە دېدىڭىز؟ مېنى ساقچى ئىزدەپ كەپتىمۇ؟ — نەرگىزە ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالغانىدى.
— شۇنداق، ئۇلار سىنىپىڭ ئالدىدا قالدى...
نەرگىزە ساقچىلارنىڭ ئۆزىنى نېمىگە ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ساۋاقدىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىغا ئەخمەت ۋە بىر قانچە ساۋاقدىشىنىڭ ئۆزىنى ئوغرى دەپ يۇرگەنلىكى كېلىپ چۆچۈپ كەتتى. «ئۇلارمۇ مېنى ئوغرى دەپ ئويلاپ ئىزدەپ كەلمىگەندۇ -

يا...» دېگەن خىيالدىن ئۆزىمۇ ھودۇقۇپ كېتىۋاتاتتى.

نەرگىزە ساۋاقدىشى بىلەن سىنىپ ئالدىغا كەلگەندە ئىككى ساقچى ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى.

— دەل مۇشۇ قىز شۇ... — دېدى بىر ساقچى نەرگىزەنى كۆرۈپلا.

— سىنىڭ ئىسمىڭ نەرگىزە نۇرلانمۇ؟ — يەنە بىر ساقچى خۇد-دى جىنايەتچىنى سوراق قىلىۋاتقان تەلەپپۇزدا ئۇنىڭدىن سورىدى.

— شۇنداق... — نەرگىزەنىڭ ئاۋازى تىترەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى تېخىچە ئاڭقىرىپ بولالمايۋاتاتتى.

— ئۆزۈڭنىڭ نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگىنىڭنى بىلەمسەن؟ — ساقچى يەنە سورىدى.

— ياق...

— ئۇنى ئېلىپ ماڭ! — ساقچى يەنە بىر ساقچىغا بۇيرۇق قىلدى، ئاندىن نەرگىزەگە قاراپ، — ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىش قىل-غانلىقىڭنى ھېلى بىلىپ قالىسەن...

ئۇلار نەرگىزەنى ساقچى ماشىنىسىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىش-تى. نەرگىزەنىڭ ساۋاقداشلىرى دېرىزىدىن قاراپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كۇسۇرلاشماقتا ئىدى.

## 73

زۆھرە پەرىشان ھالدا دېرىزە سىرتىغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. يارقىن ياتاققا كىرىپ كەلدى، لېكىن زۆھرە ئۇنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى. يارقىن زۆھرەنىڭ بۈگۈن باشقىچە بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— زۆھرە، نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟

زۆھرە بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى. يارقىن ئۇ-نىڭغا سوئال نەزەرلىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى.
— ھېچنېمىنى، شۇ ئۆزۈمچە...
يارقىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ چەككەچ سۆزلىدى.
— ئاخىر ئۆز دادىڭىزنىمۇ تېپىۋالدىڭىز. قارىسام سىز خۇشال بولماق يوق، پەرىشان ئولتۇرىسىز...
— مېنىڭ خىيال قىلىۋاتقىنىمۇ دەل مۇشۇ، شۇ تاپتا ئۆز دادامنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانغا چۆمۈلۈپ ئولتۇرۇپتىمەن. لې-كىن مېنى بېقىۋالغان ئاتا-ئانامغا بۇ ئىشلارنى تېخى دېمىدىم. ئۇلار بىلسە مەندىن خاپا بولارمۇ دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن. ماڭا ئۆز قىزىدەك كۆيۈنۈپ، ياخشى تەربىيەلەپ، ئوقۇتۇپ مۇشۇنچىلىك قىلغۇچە نۇرغۇن جاپالارنى چەكتى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇلارغا ئۆز دادامنى تېپىۋالدىم، دەپ ئېيتسام ئۇلارنىڭ كۆڭلى چوقۇم يېرىم بولىدۇ. شۇ تاپتا ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلىسام...
بۇ سۆزلەرنى ياتاققا ئەمدىلا كىرىپ تۇرغان ئابلەت ساقچى ئاڭلاپ قالدى، ئۆز قىزىنىڭ شۇنداق مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل قىز بولغانلىقىدىن دىلى سۆيۈنۈپ ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ كەتتى. يار-قىن ئەمدى سۆز ئاچاي دەپ، يېنىغا قاراپ ئابلەت ساقچىنى كۆردى.
— ھە... تاغا، قاچان كىرگەنىدىڭىز؟
— ھازىر كىرىشىم...
— دادا...
ئابلەت ساقچى زۆھرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى مېھرىبانلارچە سىلىدى، قىزىغا ئىچىدە بەخت تىلىدى.
— قىزىم... بايىقى گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىدىم. ئادەم ھەر دائىم

ئۆزىگە مەدەت بېرىپ بىر ئىشنى چوقۇم قىلالايمەن دەپ تۇرسا، ئاخىردا شۇ ئىش ئۇستىدىن غەلىبە قازىنالايدىكەن. مەن سىزنى يوقىتىپ قويغاندىن بىرى كېچە ـ كۈندۈز ئۆزۈمگە ئىشەنچ ئاتا قىلىپ سىزنى تاپالايمەن دەپ ئويلايتتىم، مانا ئاخىر ئۇلۇغ ئاللا ـ نىڭ ھىمايىسىدە سىزنى تاپالىدىم. سىز باشقا ئىشتىن ئەنسىرى ـ مەڭ قىزىم، ئادىلنىڭ ئوپېراتسىيەسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەن سىز بىلەن بېقىۋالغان ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، قىزىمنى ئەقىللىق، ئاق كۆڭۈل، مەدەنىيەتلىك قىلىپ تەربىيە ـ لىگەن ئۇ مېھرىبانلارغا رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. ئۇلارغا قانچى ـ لىك رەھمەت ئېيتساممۇ ئازلىق قىلىدۇ، سىز بۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلىڭىز قايسى ئۆينى خالىسا شۇ يەردە تۇرسىڭىز بولىدۇ قى ـ زىم. سىزنى بېقىپ مۇشۇنچىلىك قىلغان ئاتا ـ ئانىڭىزدىن بۇنداق ئاسانلا سىزنى تارتىۋالسام بولمايدۇ.

زۆھرە دادىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ دادىسىنى چوڭقۇر مېھرى بىلەن چىڭ قۇچاقلىدى.

بۇ چاغدا ئاينۇرخان ئانىمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرگەنىدى. دادا ـ بالىنىڭ چىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تەسىرلىنىپ، ئوغلى ئادىلنىڭ تېزرەك ساقىيىشىنى تىلەپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— ئانا، تەكشۈرۈشلەر قانداق بولدى؟ ئوپېراتسىيەنى قاچان باشلايدىكەن؟ — يارقىن ئاينۇرخان ئانىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ سورىدى.

— خۇداغا شۈكرى، تەكشۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىرلى ـ شىپتۇ. دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، پولاتنى يەنە بىر نەچچە كۈن كۆ ـ زەتكەندىن كېيىن ئوپېراتسىيەنى باشلايدىكەن. ئۇلۇغ ئاللا ئوغ ـ لۇمغا شىپالىق ئاتا قىلار...

ئانىنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ چىھرىگە كۈلكە يۈگۈردى. ئۇلار ئادىلنىڭ تېزرەك ساقىيىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

74

تاھىرنىڭ ۋۇجۇدىدىن شادلىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى كاۋاپ سېتىشقىمۇ چىقمىغانىدى. ئۆيدىن سىرتقا چىقماي زۆھرە كېتىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان ياسىنجان سادىق چوغلانىڭ «باھادىرنامە»رومانىنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇۋاتاتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ كىتابتىكى مۇھەببەتلىك ئابزاسلارنى ئوقۇپ ئۆزىچە كۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم ھېسابلايتتى، زۆھرەنىڭ ئۆزىنى كاۋاپچى دېمەي كۆڭلىنى بېرىشى، تېخى ئالدىنقى كۈنى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ رازىلىقىنى ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ كىچىك بالا ھېيتلىق ئالغاندەك خۇشال بولۇپ سەكرەپ كەتكەنىدى. زۆھرە ھەقىقەتەن ھەممە جەھەتلەردىن ئېسىل قىز ئىدى، تاھىر تىرىشىپ ئىشلەپ كېيىن زۆھرەنى جاپادا قويماسلىقنىمۇ كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئىشلىرىنى تېزرەك تۈگىتىپ، قېشىغا قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى...

* * *

سىم - سىم يامغۇر ياغماقتا ئىدى، يەنە تۇرۇپ - تۇرۇپ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيتتى. ئېرىقلاردا شارقىراپ ئېقىۋاتقان يامغۇر سۇلىرى ئاجايىپ شاۋقۇن سالاتتى. نۇرلان ئاكا شېغىل يېيىتىلغان پاكىز، كىچىك كوچىدىن ئۆتۈپ، يامغۇر ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ، چوڭ يولدا چوڭقۇر خىيال بىلەن كېتىپ باراتتى. ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى نەرگىزە بىلەن پەقەت ئالاقىلىشالمىغانىدى. ئۇنىڭغا تېلېفون قىلغىنىدا تېلېفونى ھەمىشە ئېتىك ھالەت

تە ئىدى. نۇرلان ئاكا قىزىدىن ئەنسىرەپ قالدى.
— ئۇلۇغ ئاللا، قىزىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. ئۇنىڭ-
غا ئاساyىشلىق، بەخت ئاتا قىلغايسەن...

75

سوراقخانا ئىچى ناھايىتى سۈرلۈك ئىدى. ئىككى ساقچى ھە-
دەپ نەرگىزەنى سوراق قىلىۋاتاتتى، بىر ساقچى ئۇنىڭ دېگەنلى-
رىنى خاتىرىلەۋاتاتتى.
— ئىسمىڭ نېمە؟ — بىر ساقچى قوپال ئاۋازدا ئۇنىڭدىن
سورىدى.
— نەرگىزە نۇرلان... — نەرگىزەنىڭ كۆز چاناقلىرى لىق
ياشقا تولغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق كۈنگە
قالدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئۇنى خاتا چۈشىنىپ
قېلىۋاتقىنىنى، زادى نېمە ئۈچۈن ساقچىلارنىڭ ئۇنى بۇنداق
سوراق قىلىۋاتقىنىنى چۈشەنمەي يىغلامسىراپ ئولتۇراتتى.
— نېمە ئىش قىلىسەن؟
— بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نېمىس تىلى فاكۇلتې-
تىدا ئوقۇيمەن.
— ئۆزۈڭنىڭ نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگىنىڭنى بىلەمسەن؟
— ياق... مەن پەقەت چۈشىنەلمەي قالدىم. مېنى نېمىشقا
بۇنداق سوراق قىلىسىلەر؟ مەن زادى نېمە جىنايەت ئۆتكۈزۈپتى-
مەن؟ — نەرگىزە ناھايىتى بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.
— ئاز گەپ قىل... نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگىنىڭنى ھازىر بى-
لىپ قالىسەن.
— بۇ سۈرەتتىكى كىشىنى تونۇمسەن؟ — يەنە بىر ساقچى
ئۇنىڭغا بىر سۈرەتنى كۆرسەتتى، بۇ مەمەتنىڭ قانغا مىلەنگەن
ھالدا ياتقان سۈرىتى ئىدى، نەرگىزە سۈرەتنى كۆرۈپلا قورقۇپ

كەتتى. ئۇ باشقا ئىشتىن ئەمەس، ئۇنىڭ قانىغا مىلەنگەن هالدا ياتقان سۈرىتىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەنىدى. لېكىن ساقچىلار ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىگە قاراپ ئۇنىڭدىن تېخىمۇ گۇمانلىنىشقا باشلىدى.

— ياق... بۇ كىشىنى تونۇمايمەن، — نەرگىزە كەسكىن جاۋاب بەردى.

— سۈرەتكە ئوبدان قارا... راست تونۇمامسەن؟

— راستتىنلا تونۇمايمەن... — نەرگىزە مىشىلدىغىلى تۇردى.

— سۈرەتتىكىنى تونۇماس بولۇۋال، بۇنى كۆرسەڭ نېمە دەيسەن... — ساقچى شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا مېھمانخانا سىن ئاپپاراتىدا تارتىلغان كۆرۈنۈشلەرنى قويۇپ بەردى. نەرگىزە سىن لېنتىسىدا ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان قىزنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي هەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئاچقىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى هەمدە كۆز ياشلىرى يۇم - يۇم تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ سىن ئېكرانىدا چىقىۋاتقان سەن شۇمۇ - ئەمەسمۇ؟

— ياق... مەن ئەمەس. ماڭا ئىشىنىڭلار... ئۇ راستتىنلا مەن ئەمەس... — نەرگىزە ئۆزىنىڭ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئەقلىگە زادىلا سىغمايۋاتاتتى.

— ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا، سەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن قەيەردە ئىدىڭ؟

نەرگىزە سەيشەنبە كۈندىكى ئىشلارنى ئويلىدى. چۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا دەرس بار ئىدى، چۈشتىن كېيىن دەرس بولمىغاچ رىيات بىلەن بازارغا چىقىپ كەچتە قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى تەپسىلىي قىلىپ ساقچىغا سۆزلەپ بەردى.

— سىنىڭ چۈشتىن كېيىن بازارغا چىققىنىڭغا كىم گۇۋاھ بولالايدۇ؟
— رىيات.
— رىيات دېگىنىڭ كىم؟
— بىر يېقىن دوستۇم.
— بولىدۇ، ئۇ دوستۇڭ سېنىڭ بىلەن بىللە ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشى كېرەك.
نەرگىزە ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ باقماقچى بولۇپ ساقچىلار-دىن سورىدى، بىر ساقچى ئۇنىڭغا تېلېفوننى بېرىپ تۇردى ھەم تېلېفون ئاۋازىنى سىرتقا ئاڭلىنىدىغان قىلىپ قويدى.
— ۋەي، رىياتمۇ؟
— ھەئە مەن، بۈگۈن ئەجەب تېلېفون قىلىپ قاپسەنغۇ؟
— رىيات، بىر ئىش چىققان ئوخشايدۇ. ساقچىلار ھازىر مەن-دىن گۇمانلىنىپ مېنى تۇتۇۋېلىشتى. سەيشەنبە كۈنى ئىككى-مىزنىڭ بىللە بازارغا چىققىنىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟
— نېمە؟ سېنى ساقچىلار تۇتۇۋالدىمۇ؟
— مەن سىزدىن سوراۋاتىمەن. شۇ كۈنى ئىككىمىز بىللە بازارغا چىققانىدۇق. ئېسىڭىزدىمۇ دەيمەن؟
— ھەئە، ھەئە... ئېسىمدە.
رىياتنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ساقچى نەرگىزەنىڭ قولى-دىكى تېلېفوننى سىلكىپ ئېلىۋالدى.
— ھەئە، بۇ قىز بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن دېگەن گۇمان بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتىدۇ. سەن بىز بىلەن ماسلىشىپ ساقچىخانىغا كېلىپ بۇ قىزغا گۇۋاھلىق بېرىشىڭ كېرەك.
— نېمە؟ بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن؟ — نەرگىزە بۇ سۆزلەرنى قايتا تەكرارلاپ ئۆزىمۇ بىلمەي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ چۈشتى.
— بولىدۇ، بولىدۇ... — رىيات ساقچىنىڭ سۆزىدىن ھودۇقۇپ

قىلىۋاتاتتى. ئۇ تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن نەرگىزەدىن ئەنـ ـسىرەپ ئاغزىنى تۇتۇپلا قالدى.
— نېمە بولدۇڭ؟ نېمانداق جىددىيلىشىپ كەتتىڭ؟ كىمئۇ ساڭا تېلېفون قىلغان؟ ھەقاچان نەرگىزە دېگەن مەينەت تېلېفون قىلغاندۇ؟ — شەھىدە ئۇنىڭدىن سورىدى. ئەسلىدە ئىككىسى بىللە شەھىدەنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن بىر كىچىك شەخسىي دوختۇرخانىغا كەلگەنىدى.
— نەرگىزەنى ساقچىلار تۇتۇۋاپتۇ...
— ۋاي نېمە دېدىڭ؟ ھېچ چۈشىنەلمەي قالدىمغۇ؟
— ساقچىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن دېگەن گۇمان بىلەن تۇتۇپ تۈرۈلۈۋېتىپتۇ.
— ھا... ھا... ئادەمنى ئەجەب خوش قىلدىڭغۇ؟ — شەھىدە بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
رىيات ئۇنىڭ بۇ ئەپتىدىن يىرگىنىپ كەتتى.
— بەك رەزىل ئىكەنسەن؟ نەرگىزە ساڭا نېمە يامانلىق قىلـ ـغان؟ — ئۇ ئاچچىقىدا شەھىدەگە بىرنى ئالىيىپ قويدى.
— ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىمغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتىم. ئۇنى ساقچىلار تۇتۇۋالسا نېمە ساڭا تېلېفون قىلىپ يۈرىدۇ؟
— سەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. شۇڭا ساقچىلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىم كېرەك ئىكەن.
— نېمە؟ سەن ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ — شەھىدە ئۇ ـ نىڭغا ئاجايىپ بىر قورقۇنچلۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويدى.
— سەن نېمە بولدۇڭ ئەمدى؟ — رىيات ئۇنىڭ باشقىچە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سورىدى.
— ئىشقىلىپ مەن سېنىڭ ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىشىڭگە قارشى، سەن ساقچىلارغا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەمەس دېگىن،

ئەگەر بۇنداق قىلمىساڭ، مەن بۇ بالىنى ھەرگىز چۈشۈرۈۋەتمەي-مەن...

رىيات ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتىن تۇرۇپ قال-دى. ئۇ شەھەدەنى بۇنچىۋالا رەزىل دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي ئويلىنىپ قالدى.

نەرگىزە ئۆزىنىڭ بىر يىگىتنى ئۆلتۈردى، دېگەن گۇمان بىد-لەن قولغا ئېلىنغانلىقىنى بىلگىنىدە خۇددى بېشىغا توقماق تەگكەندەك كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

— ياق... ياق... مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم، — دەپ توۋلاپ كەت-تى ئۇ ساقچىلارغا يالۋۇرۇپ، — ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، مەن راستىنلا ئادەم ئۆلتۈرمىدىم.

يىراقتىن گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى، نەرگىزەنى تۇ-تۇپ تۇرۇش ئورنىغا سولاپ قويغان بولۇپ، ئۇ خۇددى دەھشەتلىك قارا قۇيۇننىڭ ئىچىدە قالغاندەك جاقىلداپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

76

نۇرلان ئاكا ساقچىلارنىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئاي-لىنىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ئۇ قىزىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە زادىلا ئىشەنمەيتتى، شۇندىلا ئۇنىڭ قوشكېزەك قىزى نەفىسە كۆز ئالدىغا كېلىپ بۇ يەردە بىر ئۇقۇشماسلىقنىڭ يۈز بەرگەن-لىكىنى بىلدى. نەرگىزەنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا قىسمەتلەرگە ئېچىنىپ، ساقچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە نەرگىزەگە گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن بېيجىڭغا قاراپ يول ئالدى.

نەرگىزە رىياتنىڭ تېزرەك كېلىپ ساقچىلارغا ئۆزىنىڭ سەيشەنبە چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتاتتى. رىيات كەچكە يېقىن ساقچىخانىغا كىرىپ كەلدى. ساقچىلار نەرگىزەنمۇ سوراقخانىغا

ئېلىپ چىقىشتى.

رىياتنى كۆرۈپ نەرگىزە خۇددى ئۆز ئىجاتچىسىنى كۆرگەن-دەك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇمىد ئارىلاشقان كۆزلىرىنى تىكىپ قارى-دى. رىيات ئۇنىڭغا لەپپىدە بىرنى قاراپ قويۇپ كۆزلىرىنى ئۇ-نىڭدىن ئېلىپ قاچتى.

— ئىسمىڭىز؟

— رىيات.

— كەسپىڭىز؟

— بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇ-غۇچىسى.

— سىز نەرگىزەنى قاچاندىن بېرى تونۇيسىز؟ — بىر ساقچى جىددىي قىياپەت بىلەن ئۇنىڭدىن بەزى مەسىلىلەرنى سوراۋاتات-تى، يەنە بىر ساقچى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى بىرمۇبىر خاتىرىلەپ مېڭىۋاتاتتى.

— نەرگىزە ئەسلى مېنىڭ قىز دوستۇم ئىدى. كېيىن بىز ئايرىلىپ كەتكەن.

— نېمە ئۈچۈن ئايرىلىپ كەتتىڭلار؟

ساقچىنىڭ بۇ سوئالىدىن نەرگىزە بىلەن رىيات تەڭلا بىر-بىرىگە قارىشىپ قالدى. ئۇلار ساقچىنىڭ بۇنداق سوئال سورى-شىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

— باشقىلاردىن ئاڭلىسام نەرگىزە ئوغرىلىق قىلىدىكەن، مەكتەپتىكى جىق باللار ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىۋاتقىنىنى كۆ-رۈپتىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىلىپ كەتكەندۇق...

رىياتنىڭ بۇ جاۋابى باياتىن بېرى پۇت-قولىنىڭ جېنى چى-قىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغان نەرگىزەنى تۇيۇقسىز ھەيران قال-دۇرۇۋەتتى. ئۇ رىياتقا نەپرەتلىك قاراپ قويدى. ساقچى ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بەرگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىككىڭلار بىللىمىدىڭلار؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نەرگىزە چۆچۈپ كەتتى، رىياتنىڭ چىرايىدىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان تەشۋىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

— ئۇ كۈنى مەن بىر يېقىن دوستۇم بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن، نەرگىزە بىلەن بىللە ئەمەس ئىدىم.

نەرگىزە ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەمدى زادىلا چىدىيالماي ۋارقىراپ تاشلىدى.

— يالغان! يالغان! ئۇ يالغان سۆزلەۋاتىدۇ! مەن شۇ كۈنى ئۇ-نىڭ بىلەن كەچكىچە بىللە ئىدىم. رىيات، سەن نېمىشقا بۇنداق سۆزلەيسەن؟ مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان؟ سېنىڭ ۋىجدانىڭ بارمۇ؟...

نەرگىزە ۋارقىراپ يىغلايتتى، ئۇ رىياتنىڭ بۇنداق دېيىشىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغان، ئۇنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدى ھەممىسى نۆلگە تەڭ بولغانىدى.

## 77

ئاينۇرخان ئانا ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا ئۇيان-بۇيانغا مېڭىپ يۈرەتتى. ئابلەت ساقچى، يارقىن، زۆھرەلەر ئورۇندۇقتا جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. پولات بىلەن ئادىلنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كىرىپ كەتكىلى خېلى ئۇزۇن بولغانىدى. ئاينۇرخان ئانا ئوغلىغا دۇئا قىلىپ ئوپېراتسىيەنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەيتتى...

بىر چاغدا ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ يېشىل چىرىغى يېنىپ بىر دوختۇر چىقىپ كەلدى. ئاينۇرخان ئانا تېزلا دوختۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن قارىدى.

— ئىنشائاللا، ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بولدى. بىردەمدىن

كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ چىقىدۇ. ئوغلىڭىز ئۆزۈڭغا قالماي ساقىيىپ كېتىدۇ. يولدىشىڭىز ئوزۇقلىنىشقا، داۋالىنىشقا ئەھمىيەت بەرسە ئۇمۇ تېزلا ئەسلىگە كېلىپ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ...

دوختۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئاينۇرخان ئانىنىڭ خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى، ئۇ زۆھرەنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

78

نۇرلان ئاكا بېيجىڭغا كېلىپلا قىزى نەرگىزەنى ئىزدەپ ساقچىخانىغا كەلدى. كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان ئاتا ـ بالا يىغلىشىپ كۆرۈشتى. نەرگىزە دادىسىنى كۆرۈپ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالماي قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇپ قالغانىدى.

— جېنىم دادا، مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم، ماڭا ئىشىنىڭ، — ئۇ دادىسىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ ئېيتتى، — مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيلا قالدىم دادا... بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟ باشقىلار نېمىشقا ماڭا ئىشەنمەيدىغاندۇ؟... سىز ئېكرانىدا پەيدا بولغان ماڭا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان قىز زادى كىم؟

دادىسىمۇ قىزىنىڭ سارغايغان چىرايىغا، يىغلاپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ قاتتىق ئازابلانماقتا ئىدى.

— قىزىم، مەن ساڭا ئىشىنىمەن. سەن ھەرگىز ئادەم ئۆلتۈرمەيسەن، — نۇرلان ئاكا شۇلارنى دەۋېتىپ نەرگىزەگە چوڭقۇر مېھرى بىلەن قاراپ قويدى، — مەن ھازىرغىچە سەندىن بىر ئىشنى يوشۇرۇپ كەلگەنىدىم. سېنىڭ ساڭا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىر قوشكېزەك ھەدەڭ بار ئىدى... بەلكىم...

نەرگىزە دادىسىنىڭ بۇ گېپىدىن ھەيرانلا قالدى. دادىسى ئەزەلدىن نەرگىزەگە بۇنداق گەپلەرنى ئېيتىپ باقمىغانىدى...

— نېمە دەۋاتىسىز دادا؟ بۇ... بۇ... بۇ زادى قانداق ئىش؟

نۇرلان ئاكا قوشكېزەكلەرنىڭ تۇغۇلۇشى، كېيىن نەفسەدىن ئايرىلىپ قېلىشى... قاتارلىقلارنى قىسقىلا قىلىپ نەرگىزەگە سۆزلەپ بەردى، نۇرلان ئاكا شۇ تاپتا قىزلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ پېشكەللىكلەرنى ئويلاپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالغانىدى.

— ئاھ خۇدا... بۇ زادى نېمە ئىش دادا؟ ئۇنداقتا ئەسلىي قاتىل مېنىڭ ئۆز ھەدەممىدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن...

نەرگىزە دادىسىغا ئېسىلىپ تېخىمۇ ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ كاللىسىدا ھەممە ئىش ئايدىڭ بولغانىدى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى دوستلىرىنىڭ ئۇنى ئوغرى دەپ تىللاشلىرى، ساقچىلارنىڭ ئۇنى قاتىل دەپ تۇتۇۋېلىشلىرى...

— ئەمدى چۈشەندىم دادا، بىر قېتىم بىرسى مېنى ئادىلە دەپ خاتا تونۇۋالغانىدى، تېخى كىچىك ۋاقتىمىزدا ئوغرىلىق قىلاتتۇق دېگەن، يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچىدە ماشىنىغا چىقىپ تۇرسام بىرسى ئارقامدىن ئادىلە دەپ توۋلىغانىدى...

بۇلار تېزلا نەرگىزەنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئۇ دادىسى قوشكېزەك ھەدىسىنىڭ بارلىقىنى دېمەستە بۇلارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

نۇرلان ئاكا جىمىپ كەتتى. نەرگىزە بولسا ئۆز ھەدىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى پەرەز قىلماقتا ئىدى.

— قىزىم، سەن ئەنسىرەپ كەتمىگىن. مەن ھەممە ئىشلارنى ساقچىغا ئېيتتىم. ئۇلار بىزگە بىر ئادۋوكات تېپىپ بەرمەكچى، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ساڭا سوت ئېچىلىدىكەن، ئۇنىڭغىچە مەن بار ئامالالارنى قىلىپ ھەدەڭنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشىمەن. ھەدەڭ سېنى چوقۇم قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ...

— لېكىن دادا... ھەدەمنى تاپساق بىز يەنە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالارمىزمۇ؟ — نەرگىزە ئەمدىلىكتە تېخى كۆرۈپمۇ باقمىغان

قوشكېزەك ھەدىسىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ غېمىنى يەۋاتاتتى. نۇرلان ئاكا ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئەگەر ھەدەم راستتىنلا قاتىل بولۇپ چىقسا ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشى مۇمكىن، ئۆزىنى قوغداش ۋە ياكى باشقا سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭغا قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن يەنە ئايرىلىپ قالارمىزمۇ؟ جېنىم ھەدەم، ھازىر قەيەردىدۇر؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغاندۇ؟...

— ئۆزۈڭنى ياخشى ئاسرا قىزىم... مەن سېنى قۇتقۇزۇپ چىقىشقا تىرىشىمەن...

نەرگىزە دادىسى بىلەن يىغلاپ خوشلاشتى، ئۇ دادىسى كەتكەندىن كېيىن ئىزچىل ھەدىسىنى خىيال قىلدى. نەرگىزە ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان قوشكېزەك ھەدىسىنى كۆرسە زادى قانداق بولۇپ كېتەر ھە...

«ئەگەر دادام ھەدەمنى تاپالماي قالسا، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان ئادەم مەن بولۇپ قالارمەنمۇ...» نەرگىزەنىڭ خىيالىغا بۇلار كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى تىترەپ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ قاپلىۋالدى.

## 79

دوختۇرلارنىڭ ئەستايىدىل كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن ئادىل نەچچە كۈندىن كېيىن خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ ياخشى بولۇپ قالدى. ئاينۇرخان ئانا ئوغلىنىڭ بارا ـ بارا ياخشى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. پولاتنىڭ ئەھۋالىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىشقا باشلىدى، ئاينۇرخان ئانا ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىنى ئويلاپ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى بارلىق كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى، ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. ئابلەت ساقچى، زۆھرەلەر ئادىلنىڭ ئوپېراتـ

سىيەسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ بېقىۋالغان ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يۇرتقا قايتىپ كەتكەنىدى. بۈگۈن ئەتىگەن يارقىنمۇ ئىدارىسىدىن قايتىپ كېلىش ئۈقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا ئاينۇرخان ئانا بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى.

ئادىل ئۇخلاپ قالغانىدى، ئاينۇرخان ئانا پولاتنىڭ تامىقىنى يېگۈزۈپ بولۇپ، ئادىل ياتقان كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ چۈشۈپ قالغان بىر تال تۈگمىسىنى قاداۋاتاتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن تۈگمە قادىغاچ، ئوغلىنىڭ تېزرەك ساقىيىپ كېتىشىنى تىلەپ، ئۇنىڭغا غەمكىن قاراپ قوياتتى.

## 80

بۈگۈن بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ زالى ئىچىدە ئادەمنىڭ جىقلىقىدىن تۇرارغا جاي قالمىغانىدى. گەرچە بۇ يەردە كۈندە دېگۈدەك ھەرخىل ئەنزىلەرگە سوت ئېچىلىپ تۇرۇلىدىغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى جاۋابكار چىرايلىق بىر ئۇيغۇر قىزى بولۇپ قالغانلىقى، يەنە كېلىپ بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى تېخىمۇ ئاشقان. نەرگىزەنىڭ ساۋاقداشلىرى، مەكتەپداشلىرى، شەھەر ئاھالىلەر ۋەكىللىرى، ئادۋوكاتلار ۋە ھەر قايسى گېزىتلەرنىڭ مۇخبىرلىرىمۇ چەتتىن ئاڭلاش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا كېلىپ ئورۇن ئىگىلىۋېلىشقانىدى.

ھەممە كىشىنىڭ نەزىرى جاۋابكار ئورنىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان نەرگىزەگە مەركەزلەشكەنىدى. چەتتە ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ماختاشسا، بەزىلىرى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ سۆزلەيتتى، يەنە بەزىلەر كۇسۇرلىشىپ نېمىنىمدۇر دېيىشەتتى. نەرگىزە ئۆزىنىڭ ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتى بولغان ۋېيى ئادۋوكاتنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىۋاتقان گۇۋاھ-

چىلارغا قورقۇپ قاراپ قوياتتى.

ۋېي ئادۇوكات نەرگىزەنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاش ئۇ-چۇن ئۇنى پۇتۇن كۈچى بىلەن ئاقلاۋاتاتتى. بىراق نەق مەيدان پاكىتلىرى ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ سۆزلىرى ئۇنى قولايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتاتتى.

ئەخمەت بىرىنچى بولۇپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئورۇن-دىن تۇرغان چاغدا نەرگىزە ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. قانداقتۇر بىر قورقۇنچ ئىچىنى تاتىلىغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ر-ياتقا ئوخشاش ۋىجدانسىزلىق قىلىپ ئۆزىنى تىگى كۆرۈنمەس ھاڭغا ئىتتىرىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ئادۇوكات ئەخمەتتىن سوئال سوراشقا باشلىدى.

— ئىسمىڭىز؟

— ئەخمەت.

— كەسپىڭىز.

— بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى.

— سىز جاۋابكارنى قاچاندىن بېرى تونۇيسىز؟

— بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەندىن بېرى.

— ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى؟

ئەخمەت بۇ سوئالنى ئاڭلاپ جاۋابكار ئورنىدا تۇرغان نەرگى-زەگە قاراپ قويدى.

— ئىككىمىز بىر مەزگىل ئارىلاشقان...

— سىز جاۋابكار بىلەن بىر مەزگىل ئارىلىشىپسىز. ئۇنداق-تا سىز ئۇنى خېلى ياخشى چۈشىنىدىكەنسىز؟ سىزنىڭچە، ئۇ راستىنلا بۇ دېلودىكى ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلمىدۇ؟

— مەن نەرگىزەنى ياخشى چۈشىنىمەن. ئارىمىزدا بەزىبىر ئۇقۇشماسلىقلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈ-رۈشكە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن.

— سىز سوتقا چىقىشتىن بۇرۇن ماڭا بىر قىسىم ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەنىدىڭىز، شۇلارنى بۇگۇن ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا قايتا سۆزلەپ بېرەمسىز؟

— بىر قېتىم نەرگىزە ئىككىمىز بازار ئايلىنىپ كاۋاپ يەپ تۇرغىنىمىزدا يېنىمىزغا بىر ناتونۇش بالا كېلىپ ئۇنى ئادىلە دەپ چاقىرغانىدى ھەم بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا بىللە ئوغرىلىق قىلاتتۇق، دېگەن، بىز ئاڭلاپ ھەيران قېلىپ ئاچچىقىمىز كېلىپ كېتىپ قالغان. كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچىدە ماشىنىغا چىقىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا بىرسى ئارقىمىزدىن ئۇنى ئادىلە دەپ چاقىرغانىدى. مېنىڭچە، دېلودىكى ھەقىقىي قاتىل نەرگىزە ئەمەس، بەلكىم نەرگىزەگە ئوخشايدىغان ئادىلە ئىسىملىك قىز بولۇشى مۇمكىن...

دەل شۇ چاغدا تەپتىش خادىم ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ھۆرمەتلىك سوتچى ئەپەندى، گۇۋاھلىق بەرگۇچىنىڭ سۆزى ھېچقانداق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. بىر ئادەمنى بىرسى بىلەن ئوخشايدۇ دېسەكمۇ پۇتۇنلەي قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە جاۋابكارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مېھمانخانىغا ئۆلگۇچى بىلەن كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن گۇۋاھچى بار. سىن ئاپپاراتىمۇ تولۇق...

شۇ چاغدا مېھمانخانا كۇتكۇچىسى گۇۋاھلىق بېرىش ئۇچۇن مەيدانغا چىقتى. تەپتىش خادىم ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئىسمىڭىز.

— خۇي خۇي.

— كەسپىڭىز؟

— مېھمانخانىنىڭ كۇتكۇچىسى.

— سىز ئەينى ۋاقىتتا ساقچىلارغا دېلو مەلۇم قىلغاندا جاۋابكارنى تونۇپ بەرگەن ئىدىڭىز، بۇگۇن ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا

جاۋابكارنىڭ ئۆلگۈچى بىلەن مېھمانخانىغا كىرىپ كەتكەن قىز ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يېرەلەمسىز؟

كۈتكۈچى قىز بېشىنى لىڭشىتىپ نەرگىزەنىڭ قېشىغا كەلدى. نەرگىزە ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بۇ قىزغا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ قارىدى.

— دەل مۇشۇ قىز شۇ... — كۈتكۈچىنىڭ جاۋابىدىن نەرگىزە لاسسىدە بولۇپ پۇت - قوللىرى بوشىشىپ كەتتى.

— ھۆرمەتلىك سوتچى، مانا بۇ قىزنىڭ ئۆلگۈچى بىلەن بىللە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ قىزنىڭ ئالدىراش چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن گۇۋاھچى. پاكىتلارنىڭ ھەممىسى تولۇق تۇرغان يەردە، بىزنىڭ بىلىملىك ئادۋوكاتىمىزنىڭ يەنە جاھىللىق بىلەن ئۇنى گۇناھسىز دەپ ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مەن چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. ساقچى تەرەپنىڭ مەلۇماتى، گۇۋاھچىلارنىڭ سۆزلىرى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، جاۋابكار شۇ كۈنى ئۆلگۈچى بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن مېھمانخانىغا بارغان. كېيىن ئىككىسى مەلۇم ئىشلار تۈپەيلىدىن تاكاللىشىپ ئۇرۇشۇپ قالغان، بۇ چاغدا جاۋابكار ئاچچىقىغا پايلىماي ئۆلگۈچىگە پىچاق تىقىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن. شۇڭا مەن ئاتاقلىق ئادۋوكات بۇرادىرىمگە شۇنى نەسىھەت قىلىپ قويماقچىمەنكى، يەنە كاجلىق بىلەن ئۇنى ئاقلاۋەرمىسۇن. سوتنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنىمۇ بىھۇدە ئىسراپ قىلدۇرمىسۇن...

— ھۆرمەتلىك سوتچى، — ۋېي ئادۋوكات رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام ئەتتى، — مەنمۇ ئاتاقلىق تەپتىشكە شۇنداق نەسىھەت قىلىپ قوياي، بىزنىڭ قانۇنىمىز تولىمۇ ئادىلدۇر. گۇناھسىز بىر ئاق كۆڭۈل ئالىي مەلۇماتلىق قىزنى ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل دەپ ئۇنىڭ ھاياتىنى نابۇد قىلىۋەتمىسۇن، — ئۇ

سەل توختىغۇبىلىپ يەنە مۇنداق دېدى، ـــ ھۆرمەتلىك سوتچى، ھا-زىر ئالدىمىزدا تۇرغان بۇ قىز پۈتۈنلەي گۇناھسىز. جاۋابكارنىڭ دادىسى بۇ قىزنىڭ يەنە قوشكېزەك ھەدىسىنىڭ بارلىقىنى ئېيت-تى، ئۇ كىچىكىدە يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئىز ـ دې-رىكى بولمىغان. دادىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار تۇغۇلۇشىدىمۇ قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاش ئىكەن. بايا گۇۋاھچى ئەخمەتمۇ باش-قىلارنىڭ نەرگىزەنى بىر قانچە قېتىم خاتا تونۇپ «ئادىلە» دەپ چاقىرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، بەلكىم بۇ دېلودىكى قاتىل دەل قىزنىڭ قوشكېزەك ھەدىسى.

ۋېي ئادۋوكاتنىڭ بۇ سۆزى زالدىكىلەرنى ۋاقتىنچە تىنجىت-تى، سەلدىن كېيىن خەقلەر كۇسۇلدىشىپ كەتتى. نۇرلان ئاكا ئادۋوكاتنىڭ سۆزىگە گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققانىدى.

ـــ ئىسمىڭىز؟

ـــ نۇرلان.

ـــ كەسپىڭىز؟

ـــ سەيپۇڭلۇڭ بىلەن شۇغۇللىنىمەن.

ـــ جاۋابكار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز؟

ـــ ئۇ مېنىڭ ئۆز قىزىم.

ـــ سىز جاۋابكارنىڭ قوشكېزەك ھەدىسى توغرۇلۇق بىزگە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

نۇرلان ئاكا قوشكېزەكلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. ئەمدى ئەتراپنى پۈتۈنلەي جىمجىتلىق قاپلىغاندى. ھەممەيلەن نۇرلان ئاكىنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاۋا-تاتتى.

نۇرلان ئاكا سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن تەپتىش نۇرلان ئاكى-دىن سورىدى:

— سىز بىزگە قوشكېزەكلەر تـوغرۇلۇق سۆزلـەپ بەردىڭـىز. جاۋابكارنىڭ قوشكېزەك ھەدىسىنىڭ بـارلىقـىغا بىزگـە ئىسپـات كۆرسىتىپ بېرەلەمسىز؟

— ئىسپات بار، — دېدى ئادۋوكات، — مانا بۇ قوشكېزەكلـەر تۇغۇلۇپ بىر ياشقا كىرگەندە تارتىلغان سۈرەت، — ئۇ سۈرەتنـى ئېلىپ باش سوتچىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

— مەن قارشى، — دېدى تەپتىش ئارقىدىـنلا، — بـىر ياشقـا كىـرگەندە تارتـىلغان بـىر پارچە سـۈرەت ھېچنـېمىگـە ئىسپـات بولالمايدۇ. بىر پارچە سۈرەتكە قاراپلا بۇلار قوشكـېزەك، بۇ قىـز قاتىل ئەمەس، قاتىل باشقا بىرسـى دېسەك سەل ئـەخمىقـانىلىـك بولارمىكىن...

تەپتىشنىڭ سۆزىدىن كېيىـن زالنى يەنە جىمجىتلىـق قاپلىـدى. باش سوتچى يېنىدىكى سوتچى، زاسداتىللار بىلـەن بىر نـەرسىنى مۇنازىرە قىلىشىۋاتاتتى. ئارقىدىن باش سوتچى ئۇستەلگـە قاتتىق بىرنى ئۇرۇپ قويدى:

— گۇۋاھچىلارنىڭ ۋە پاكىتلارنىڭ تولۇق بولمىغانلىقى سـەۋەبىـدىن، بۈگـۈن سـوت مۇشۇ يەردە ئـاخىرلاشتـى، سوت كېلـەر ھەپتە مۇشۇ كۈندە داۋاملىشىدۇ. جاۋابكارنىڭ ئادۋوكاتى ئاخىرقى سوتقىچە جاۋابكارنىڭ قوشـكېزەك ھەدىسـىنى تېپىـپ چـىقىشى كېرەك. ئەگەر تاپالماي، باشقىچە ئىسپات كۆرسىتەلمىسە جـاۋاب-كارنى ئادەم ئـۆلتۈردى دېگەن ئەسلىدىكـى يەكۈن كۈچـكە ئىگـە بولىدۇ، سوت تامام!

باش سوتچىنىڭ سۆزىدىن كېيىـن نەرگىزە ئۆزىنـى يۆتۈنلـەي يوقىتىپ قويدى، نۇرلان ئاكا قىزىنىڭ تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىـقىنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى، كۆزلىرىگە ياش كەلـدى. نەرگىزە ئۆزىنىڭ مۇشۇنداقلا ۋەيران بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى. ھازىـر ئۇنىڭ ئـادۋوكاتىمـۇ

ئامالسىز ئەھۋالدا قالغانىدى، ئەگەر سوتچىنىڭ سۆزى بويىچە نەرگىزەنىڭ قوشكېزەك ھەدىسىنى تاپالمىسا، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى مۇمكىن ئىدى.

## 81

زۆھرە بارلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ مەكتىپىگە قايتىپ كەلدى. نەچچە كۈن پويىزدا ئولتۇرۇپ ھېرىپ كەتكەن زۆھرە ياتاقتا شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىنى تاھىرنىڭ ئۇرغان تېلېفونى بۇزۇۋەتتى. ئاخشام تېلېفوندا ئىككىسى بۇگۈن كۆرۈشمەكچى بولۇشقانىدى.

ئۇلار كۆرۈشكەندە ئاسماننىڭ قەھرى باشقىچە بولۇپ، سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

— يامغۇردا زۇكام بولۇپ قالماڭ، بىرەر يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشامدۇق؟ — دېدى تاھىر زۆھرەگە كۈيۈنگەن ھالدا.

— ياق... ياق... ئەقىللىق بولغىنىڭىز بىلەن بەزىدە تۇرۇپلا گومۇشلۇقىڭىز تۇتۇپ قالىدۇ ھە سىزنىڭ؟ — دېدى زۆھرە چاقچاق تەلەپپۇزىدا، — ئازراق رومانتىك بولۇپ بېقىڭە سىزمۇ؟! مۇشۇنداق سىم - سىم يامغۇرلۇق كۈندە بىر يەرگە كىرىۋېلىپ نېمە قىلىمىز، يامغۇر تاماشاسى قىلغاچ ئايلانامدۇق؟...

ئىككىسى كۈلۈشكىنىچە بىللە ئايلىنىشقا باشلىدى.

— زۆھرە، مەن كۆپ ئوقۇمىغان، كىتابىي سۆزلەرنى قىلىشنىمۇ ئانچە بىلمەيمەن. بەلكىم سىزلا مېنىڭ قەلبىمنى چۈشىنىدىغانسىز، مەن سىزنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن، بۇنداق دېسەم تۇرۇپلا بۇ گەپنى دېگۈسى كېلىپ قاپتۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. بۇ مېنىڭ چىن يۈرەك سۆزۈم، سىز ئۆيگە كەتكەندىن بېرى خىيالىمدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدىڭىز، سىزنى بەكلا سېغىندىم زۆھرە...

تاھىر بۈگۈن زۆھرە بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئويلاپ كىچىككىنە كىرپىك قاقماي چىققانىدى، ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىنى قايتا ـ قايتا دەپ يادلاپمۇ بولغانىدى، يۈرىكىدىكى گەپلىرىنى ئۇنىڭغا دەۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى بىردىنلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

ــ بىلىمەن تاھىر، سىز ئاق كۆڭۈل، ياخشى يىگىت، مەن سىزنى ئىزچىل ھۆرمەت قىلىمەن. بىز تونۇشقاندىن باشلاپ ھا ـ زىرغىچە نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈردۇق. مۇھەببەت ئىنسان قەلبىدىكى ئەڭ نازۇك تۇيغۇ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىشىمىز مۇمكىن، شۇڭا بىز قەتئىي بوشاشماي تىرىشايلى!

زۆھرەنىڭ سۆزلىرىدىن تاھىر باشقىچىلا راھەتلىنىپ كەتتى. شۇ تاپتا زۆھرە ئۇنىڭ قەلبىدە ئەڭ يۈكسەك ئورۇنغا چىققانىدى. مۇھەببەتمۇ پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان بۇ دەۋردە زۆھرەدەك پاك ـ لىق، ساداقەت، ۋاپا، ئىشەنچكە ئىنتىلىدىغان قىزلار كەمدىن ـ كەم ئۇچرايتتى. زۆھرە تاھىرنىڭ قەلبىدە ئىنسانلار غايىۋى مەدھىيەلەيدىغان ھەقىقىي «پەرىشە» سىياقىدا كۆرۈنۈۋاتاتتى.

ئەتراپ بۈگۈن شۇنچىلىك گۈزەل تۇسكە كىرگەنىدىكى، تاھىردەك يامغۇرنى ياقتۇرمايدىغان ئادەممۇ، يۇت ـ قولىنىڭ مۇزلىغىنىنى سەزمەستىن بۇ گۈزەل مەنزىرىگە زور ئىشتىياق بىلەن قارايتتى. يامغۇرلۇق ھاۋا ئەسلىي يالغۇز ماڭسا مەنىسىز تۇيۇلغىنى بىلەن، كۆڭۈلدىكى ئادەمى بىلەن بىرگە ئايلانسا تو ـ لىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدىكەن ئەمەسمۇ...

تۇيۇقسىز زۆھرە ئەپچىللىك بىلەن تاھىرنى قولتۇقلىۋالدى.

ــ تاھىر، مەن سىز بىلەن مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۇزاق ـ ئۇزاقلارنى بىرگە باسسام دەيمەن.

تاھىر خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالغا-
نىدى.

— نېمە؟ يەنە بىر دەڭە زۆھرە، يەنە بىر ئاڭلاي، — دېدى تا-
ھىر قاتتىق ھاياجانلىنىپ.

— قۇلاق قېتىش! ئاڭلىمىدىڭىزما؟ ئاڭلىمىغان بولسىڭىز
بوپتۇ، ئەمدى دېمەيمەن، — دېدى زۆھرە نازلىق خۇيلىنىپ.

تاھىر شۇئان زۆھرەنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— ماڭا ئىشەنگىنىڭىزگە رەھمەت زۆھرە، ئاللا خالىسا بېشىم
تېنىمدىلا بولىدىكەن، قولىڭىزنى ئەمدى ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن.
سىزنى چوقۇم بەختلىك قىلىمەن.

تاھىرنىڭ كۆزلىرىدىن ئىشەنچ نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.

## 82

— ئىنشائاللا، بىمارنىڭ ئەھۋالى كۈنسېرى ياخشى بولۇپ
كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئادىلنىڭ مەسئۇل دوختۇرى ئۇنى تەكشۈ-
رۈپ چىقىپ.

— سىلەرگە كۆپ رەھمەت، ئوغلۇمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ
قالدىڭلار، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە قانچىلىك رەھمەت ئېيتساممۇ
ئازلىق قىلىدۇ... — ئاينۇرخان ئانا دوختۇرلارغا ئۆزىنىڭ رەھ-
مىتىنى بىلدۈردى.

— بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيە-
تىمىزنى ئادا قىلدۇق. ئەگەر يولدىشىڭىز ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇ-
نىڭغا ئۆزىنىڭ بۆرىكىنى بەرمىگەن بولسا. . .

ئادىل تېخىچە ئۇخلاۋاتقانىدى. ئاينۇرخان ئانا دوختۇرنىڭ
سۆزىنى ئاڭلاپ كۆزىنى بوش قىسىپ قويدى ھەم پەس ئاۋازدا:

— دوختۇر، ئوغلۇم بۆرىكىنى تەقدىم قىلغۇچىنىڭ ئۆز
دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، بولسا مۇشۇ گەپنى قايتا دېمە-

گەن بولسىڭىز... — دېدى.

— دوختۇر، دوختۇر... ياندىكى ياتاقتىكى بىمار يوقاپ كەت-تى، — بىر سېسترا قىز ئالدىراش كىرىپ كەلدى.

ئاينۇرخان ئانا سېسترا قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران قال-دى، ياندىكى ياتاقتا پولات داۋالىنىۋاتاتتى. ھەممەيلەننىڭ چىرا-يىدە بىلگىلى بولماس جىددىيلىك تۈس ئالدى. دوختۇر سېسترا قىزغا ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى، ئاينۇرخان ئانىمۇ ئۇلارنىڭ ئار-قىسىدىن ئەگەشتى.

— ئەتىگەن ئوكۇل ئالماشتۇراي دەپ كىرسەم يوق تۇراتتى، تېخى ھاجەتكە چىقىپ كەتتىمىكىن دەپ، مەنمۇ دىققەت قىلماپ-تىمەن. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن كىرسەم يەنە يوق... دوختۇرخا-نىنىڭ ئىچىنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى... — سېسترا قىز بولغان ئىشلارنى دوختۇرغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

ئاينۇرخان ئانا تېزلا پولات ياتقان كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ئۈس-تەلنى ئېچىپ قارىدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ كىيىم -كېچەكلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— بۇ قانداق بولغىنى؟ يولدىشىڭىز قەيەرگە كەتتى؟ ئۇنىڭ ئەھۋالى تېخى پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كەتمىگەن، — مەسئۇل دوختۇر ئاچچىقلانغان ھالدا سۆزلىدى.

ئاينۇرخان ئانىنىڭ كۆزلىرى ئۈستەل ئىچىدىكى بىر ۋاراق قەغەزگە چۈشتى. ئۇ قەغەزنى ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى:

«ئاينۇر، شۇ تاپتا گەپنى قەيەردىن باشلاپ قەيەردە ئاخىرلاش-تۇرۇشنى بىلمەي تۇرىمەن. ئالدى بىلەن بۇرۇن قىلغان بارلىق گۇناھلىرىم ئۈچۈن سىلەردىن كەچۈرۈم سورايمەن. كېسەل كارى-ۋىتىدا يېتىپ نەچچە كۈندىن بۇيان كۆپ ئويلاندىم، ئۆزۈمنىڭ جىنايەت بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىمغا ئېچىندىم. ئەمدى مىنىڭ پۇشايمان قىلغىنىم بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. بۇ قېتىم سىلەر-

نىڭ ماڭا گۇناھىمنى يۇيۇش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگىنىڭلارغا،
دوختۇرخانىدا ياتقان كۈنلەردىن بۇيان كۆپ كۆيۈنۈپ، ھالىمدىن
ياخشى خەۋەر ئالغانلىقىڭلارغا رەھمەت. ئوغلۇم ئادىل، ياق...
ياق... ئۇنى ئوغلۇم دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ. مەن دادا بولۇشقا مۇ-
ناسىپ ئەمەسمەن. مەن ئۆز ئوغلۇمنى، ئايالىمنى تاشلاپ كەتكەن
مۇناپىق، تاش يۈرەك ئىنسانمەن. ئادىلغا مېنىڭ دادىسى ئىكەنلىد-
كىمنى مەڭگۈ ئېيتماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ قېتىم ئۇ-
نىڭ ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ بېرەلىگىنىمدىن بەكمۇ خۇشال-
مەن. ئۇلۇغ ئاللا ئوغلۇمغا ۋە سىلىگە ئاسايىشلىق، بەخت ئاتا
قىلسۇن. مەن قىزىم ئادىلەنى ئىزدىمەكچى بولۇپ ماڭدىم، خۇدا
خالىسا قىزىمنى ئەمدى تېپىۋالسام ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايد-
مەن. ئۇنىڭغا تىزلىنىپ تۇرۇپ مېنى كەچۈرۈۋېتىشىنى تىلەيد-
مەن. بىچارە قىز، ئۇنى بېقىۋالغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بىد-
رەر قېتىم بولسىمۇ ئۆز قىزىمدەك مۇئامىلە قىلىپ باقماپتىد-
مەن. ھەدېسىلا ئۇنى ئۇرۇپ - تىللاپ ئوغرىلىق قىلىشقا مەج-
بۇرلاپتىمەن. شۇنداق قىلىپ تۇرساممۇ مېنى دادا دەپ ۋاقتىدا
ئاش - تاماقلىرىمنى ئېتىپ، كىر - قاتلىرىمنى يۇيۇپ ھالىمدىن
ياخشى خەۋەر ئالاتتى. خۇدا قىزىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن.
ئاخىردا سىلەردىن يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈم سورايمەن. ئادىل
ئىككىڭلارنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، ئۆزۈڭلارنى كۆپ ئاسراڭلار...
پولاتتىن»

ئاينۇرخان ئانا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ كۆزلىرى نەملىشىپ ئۆ-
زىنى تۇتالمايلا قالدى.

83

يەنە بىر كۈندىن كېيىن نەرگىزەگە ئەڭ ئاخىرقى سوت ئې-
چىلاتتى، نۇرلان ئاكا نەرگىزەنىڭ قوشكېزەك ھەدىسى نەفىسەنى

كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، پەقەت تاپالمىدى، بىپىجىڭدەك بۇ چوڭ شەھەردە ئۇنى ئىزدەش خۇددى دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەنگىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— ئەگەر ئاخىرقى سوت ئېچىلغۇچە يەنە بىر قىزىڭىزنى تاپالمىسىڭىز مەنمۇ ئامالسىز قالىمەن. ھازىرمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىمەن. لېكىن ئۇنى ئاقلاپ چىقىشقا ئائىت ئىسپات، گۇۋاھچىلار يېتەرلىك ئەمەس... — ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ نۇرلان ئاكىنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

84

ئادىلە نەچچە كۈندىن بېرى ياتاقتىن سىرتقا چىقماي تەييار چۆپ ئېچىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. يېتىپ يېسەڭ تاغمۇ توشۇ-ماپتۇ دېگەندەك، ئۇنىڭ يېنىدىكى پۇللارمۇ تۈگىگەنىدى. ئۇ مە-مەتنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن تېخىچە خەۋەرسىز ئىدى. شۇ چاغدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئويلىسىلا بەدەنلىرىگە تىترەك ئو-لىشىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلۇققا تولاتتى. ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولماسلىقىنى تىلەيتتى.

ئۇ ئاخىر ئۆزى خالىمىسىمۇ يەنىلا ئامالسىز قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ بازارغا چىقتى. كۆڭلىدە بىرەر ئولجا ئۇۋلىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىپ ماڭدى.

*　　*　　*

ئەخمەت نەرگىزە بىلەن ئۆتكەن كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى ئويلى-غانسېرى كۆڭلى يېرىم بولاتتى، ئۆزىنىڭ ئۇنى قىلچىلىك چۈ-شەنمەي خاتا قاراشتا بولغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. نەرگىزەنىڭ ھازىرقى ھالى-تىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ يۈرەكلىرى پىچاق بىلەن تىلغاندەك

ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغاننى ئاز دەپ ئۆزىمۇ ناھايىتى بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى.

ئەخمەت ئىككى كۈندىن بېرى دەرسكىمۇ چىقمىدى. ئۇ بۈگۈن نەرگىزە بىلەن بۇرۇن ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى ئەسلەش ئۈچۈن سىرتقا چىققانىدى. ھەر قېتىم ئىككىسى بىللە كەلگەن تونۇش جايلارنى كۆرگەندە كۆز ئالدىغا نەرگىزە كېلىۋېلىپ ئۇنى ۋىجدان ئازابى قىيناۋاتتى.

ئادىلە پىيادىلەر يولىدا ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا قارىغاچ ئولجا ئىز ـ دەۋاتاتتى. قېرىشقاندەك سىم ـ سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.

ھەممەيلەن يامغۇردىن دالدىلىنىش ئۈچۈن ئالدىراپ مېڭىشات ـ تى. ئادىلەمۇ بىرەر جاينى تېپىپ ئارام ئالغاچ يامغۇرنىڭ توخ ـ تىشىنى كۈتۈپ تۇرماقچى بولۇپ ماڭدى. ئۇ ئەمدى بېشىنى كۆ ـ تۈرۈپ تۇرۇشى ئۆزىمۇ بىلمەي قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىرسىگە سوقۇلۇپ كەتتى. ئادىلە تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ سوقۇلۇپ كەتكەن كىشىگە قارىدى، سوقۇلۇپ كەتكەن كىشىمۇ خىجىلچىلىق ھېس قىلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئادىلەگە قارىدى. ئادىلەگە سوقۇلۇپ كەتكەن كىشى دەل ئەخمەت ئىدى. ئۇ كۆز ئالدىدا تۇرغان ئادىلەگە قاراپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئادىلە ئۇ ـ نىڭغا سوغۇق بىرنى قارىۋېتىپ ئۆز يولىغا ماڭدى. ئەخمەت كۆز ـ نى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك دەقىقە ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى، شۇندىلا بارلىق ئىشلارنى چۈشەنگەندەك بولۇپ ئادىلەنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

ـــ ئادىلە، ئادىلە توختاپ تۇرۇڭ، ـــ ئۇ بىۋاسىتە ئادىلەنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ توۋلىدى. ئادىلە بىرىنىڭ ئۆزىنى توۋلاۋاتقاندـ لىقىنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى. كۆز ئالدىدا بايا ئۇ ـ زىگە سوقۇلۇپ كەتكەن ناتونۇش بىر يىگىت تۇراتتى.

ـــ ئادىلە، بۇ سىزمۇ؟ ـــ ئەخمەت ئۇنىڭدىن سورىدى.

ئادىلە ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قال-دى، ئۇنى بىرەر يەردە كۆرگىنىنىمۇ ئەسلىيەلمىدى.
— سىز مېنى قانداق تونۇيسىز؟
— سىز مېنى تونۇمايسىز. لېكىن سىزنى بىر كۆرۈپلا تو-نۇۋالدىم. ئەگەر خالىسىڭىز نەچچە مىنۇت ۋاقتىڭىزنى چىقارغان بولسىڭىز. سىزگە دەيدىغان بەك مۇھىم ئىش بار ئىدى، — ئەخ-مەت شۇ تاپتا گەپنى قەيەردىن باشلاشنى بىلمەي، گەپلىرىمۇ قولاشماي قالدى.
— لېكىن مەن سىزنى تونۇمايمەن، — ئادىلە كەسكىن جاۋاب بەردى.
— مېنى تونۇمىغىنىڭىز بىلەن مېھمانخانىدا ئۆلۈپ كەتكەن بىر يىگىتنى ياخشى تونۇيسىزغۇ دەيمەن...
ئەخمەتنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئادىلە چۆچۈپ كەتتى، بەدەن-لىرىمۇ بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى.
— سىز... سىز... سىز زادى كىم؟
— ئەگەر خالىسىڭىز بىرەر يەردە ئولتۇرۇپ تەپسىلىي پاراڭلاشساق بولامدۇ؟ — ئەخمەت سىرلىق تۇستە ئادىلەگە قاراپ قويدى. ئادىلە ئۆزىمۇ بىلمەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئەخمەت ئادىلەنى نەرگىزە ئىككىسى دائىم كىرىدىغان بىر قەھ-ۋەخانىغا باشلاپ كىردى. ئادىلە ئەخمەتنىڭ بايا دېگەن سىرلىق سۆزلىرىنى ئويلاپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دېگەندى.
— مېنىڭ ئىسمىم ئەخمەت... بىيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمەن، — ئەخمەت ئۆزىنى تونۇشتۇرغاچ نەرگىزە بىلەن بول-غان ئىشلارنى تەپسىلىي قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئادىلە ئادەم-نىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالدى.
— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي... سىڭلىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇۋې-لىڭ، — ئەخمەت ئاخىرىدا ئۇنىڭغا يېلىنىپ تۇرۇپ ئېيتتى.

پورتمانىنىڭ ئىچىدىن نەرگىزەنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ ئادىلەگە كۆرسەتتى. ئادىلە سۈرەتنى ئېلىپ ئۆزىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان قىزنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ چاچلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشايتتى.

— نەرگىزەگە ئەتە ئەڭ ئاخىرقى سوت ئېچىلىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالمىسىڭىز ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا بىر ياردەم قىلغان بولسىڭىز...

ئادىلە ئەخمەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ۋە بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. شۇندىلا دادىسىنىڭ ئۇنى ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇرلايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشىنىپ يەتتى. قوشكېزەك سىڭلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ قىسمەتلەردىن يۈرەكلىرى پۇچۇلىنىپ، بارلىق ئىشلارنىڭ سەۋەبچىسى بولغان ئۆزىدىن يىرگىنىپ كەتتى.

— بولىدۇ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن چوقۇم سىڭلىمنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمەن!

ئادىلە شۇنداق دەپلا ئەخمەت بىلەن خوشلىشىپ ئۇنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىماستىن ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. سىرتتا يامغۇر تېخىچە توختىمىغان بولۇپ، شارىلداپ يېغىۋاتاتتى. يىراقتا گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاسماننى قاپقارا بۇلۇتلار قاپلىغان بولۇپ، چاراس - چۇرۇس چاقماق چېقىپ كەتتى. تۇيۇقسىز ئادىلە ۋارقىراپ كەتتى:

— ياق... ياق... ياق...

ياتاق ئىچىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. ئادىلە ياتاقنىڭ چىرىغىنى يورۇتماي كارىۋاتتا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى، بۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ناھايىتى جىق بولۇپ،

ئۇنىڭ كۆلۈپ يۈرگەن كۆڭلىرى بەكمۇ ئاز ئىدى.

— نېمىشقىمۇ تۇغۇلغان بولغىيتتىم. مەندەك شور پېشانە قىز ھازىرغىچە ياشاپ نېمە جاپالارنى تارتمىدىم. بۇنداق ياشىغىدىنمىدىن ئۆلۈپلا كەتسەم بولماسمىدى؟

ئادىلە ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دەپ بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىر كۆڭۈلەرنى ئويلاپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى. بۇگۈن ئەخمەت بىلەن كۆرۈشكەندىن بۇيان يەلكىسىنى خۇددى ئېغىر بىر تاغ بېسىۋالغاندەك بولۇپ قالغانىدى. خىياللىرىنىڭ ئايىغى چىقمايتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ سارائگلاردەك چاچلىرىنى تارتىپ كېتەتتى.

— قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۇ يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرى راستىمدۇ؟ راستىنلا قوشكېزەك سىڭلىم بارمىدۇ؟ ئۇ بىچارە سىڭلىم مېنىڭ ئورنۇمدا نېمە كۆڭۈلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟...

ئادىلە ئۆز ـ ئۆزىگە سوئاللارنى ياغدۇراتتى. بۇ سوئاللىرىغا قانداق جاۋاب تېپىشنى بىلمەي قالغانىدى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئىش كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويغان سومكىسىنى ئېچىپ ئاختۇرۇپ بىر كىچىك قەغەزنى ئالدى.

بۇ قەغەزدە ئۈرۈمچىدە ئۆزىنى ئۇچرىتىپ ئۇنى نەرگىزەمدىكىن دەپ قالغان قىزنىڭ تېلېفون نومۇرى بار ئىدى. ئادىلە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇ قىزنىڭ تېلېفون نومۇرلىرىنى كىرگۈزۈشكە باشلىدى. تېلېفوندىن يېقىملىق مۇزىكا، ئارقىدىنلا:

— ۋەي، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئادىلە ئۇ قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ۋەي، كىمۇ؟

— ...

— گەپ قىلمىسىڭىز تېلېفوننى قويۇۋېتىمەن جۇمۇ!

— ياخشىمۇسىز؟ سىز نەرگىزەنىڭ ساۋاقدىشى بولامسىز؟ — ئادىلە تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ سورىدى.
— نەرگىزە؟ قايسى نەرگىزە؟
— بېيجىڭدا ئوقۇيدىغان نەرگىزەنىڭ.
— ھەئە، شۇنداق. مەن نەرگىزەنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدىكى ساۋاقدىشى بولىمەن. ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟
— ...
ئادىلە ئۈندىمىدى.
— ۋەي، سىز كىمۇ دەۋاتىمەن؟
— ...
— ساراڭمۇ نېمە؟ — قىز شۇنداق دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى، ئادىلە بولسا تېلېفوننى قولىغا تۇتقىنىچە كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى نېمە قىلارىنى زادىلا بىلمەي قالغانىدى، قىزنىڭ سۆزىدىن ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن بىر قوشكېزەك سىڭلىسىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ يەتكەنىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولۇپ كۆزلىرىدىن ياشلار تارامىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇ ناھايىتى مۇھىم بولغان تاللاش ئۇستىدە ئويلىنىۋاتاتتى، ئەگەر ئۇ ئەتە سوتقا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلسا ئۆزىنىڭ مەمەتنى ئۆلتۈرۈپ قويغان جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. لېكىن ئۇ سوتقا بارمىسا كۆرۈپمۇ باقمىغان سىڭلىسىنىڭ ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ياش تامچىلىرى سىرغىپ چۈشۈۋاتقان كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ ئەڭ ئاخىرقى قارارىنى چىقاردى، ئارقىدىنلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق ئاۋازدا ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى.

85

ــــ خۇداغا شۈكرى ئوغلۇم، مانا بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېـ-تىۋاتىسەن. مەسئۇل دوختۇر كېسىلىڭنىڭ بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، سېنى يەنە بىر ھەپتە كۆزىتىدىغانلىقىـ-نى ئېيتتى. ئەگەر باشقا مەسىلە كۆرۈلمىسە كېلەر ھەپتە دوخـ-تۇرخانىدىن چىقىپ يۇرتقا قايتىپ ئارام ئالساڭ بولىدىكەن، ــــ ئاينۇرخان ئانا كارىۋاتتا يېتىپ گېزىت ئوقۇپ تۇرغان ئادىلغا قاراپ ئېيتتى. ئانا ئوغلىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن چەكسىز خۇشاللىقلارغا چۆمگەنىدى.

ئادىل ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدى.

ــــ ئانا، ماڭا بۆرىكىنى تەقدىم قىلغان كىشى ــــ ئادىلەنىڭ دادىسى بىلەن بىر كۆرۈشسەم بولاتتى، ــــ ئادىل ئانىسىغا قاراپ ئېيتتى.

ئاينۇرخان ئانا ئادىلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلـ-مەي كۆزلىرىنى تېزلا ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى. بۆرىكىنى بەر-گۈچىنىڭ ئادىل قورسىقىدا تېخى تۇغۇلمىغان ۋاقتىدا تاشلاپ كەتكەن، يۈرىكىگە ئېغىر ئازاب يارىلىرىنى قالدۇرغان ئۆز دادىـ-سى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنى زادىلا خالىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىل كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆز دادىسىنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ بىـ-لەتتى. پولاتمۇ خېتىدە ئادىلغا بۇ ئىشلارنى ئېيتماسلىقنى تاپىـ-لىغانىدى.

ــــ ئۇ... ئۇ... ئۇ ئادەم ھازىر دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىپـ-تۇ. سېنىڭ بىلەن بىرلا قېتىم كۆرۈشتى، كېيىن مەنمۇ جىق كۆرۈشەلمىدىم، ــــ ئاينۇرخان ئانا تېزلا يالغاندىن بىرنى توقۇدى.

ــــ ھەي... ئۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ ئادىلەنىڭ قەيەردە ئىـ-كەنلىكىنى بىلىۋالغان بولسام، يەنە ئۇنىڭغا ھاياتىمنى قۇتقۇ-

زوۋالغانلىقىغا رەھمەتتىمەنى بىلدۈرۈۋالغان بولسام، — ئادىل ئېغىر خورسىنىپ قويدى، — ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا بۇ چاغ-قىچە ھايات قالمىغان بولاتتىم...

ئاينۇرخان ئانا تېزلا ئادىلنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى.

— بۇنداق گەپلەرنى دېمە بالام، يامان بولىدۇ. سېنىڭ كېسەلىڭنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشى ئۇلۇغ ئاللانىڭ شاپائىتى، شۇنداقلا دوختۇرلارنىڭ جاپالىق داۋالىشىدىن بولدى ئوغلۇم. ئەگەر سەندىن ئايرىلىپ قالسام مەنمۇ ياشاپ نېمە قىلاتتىم... — ئاينۇرخان ئانىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئادىل ئانىسىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئويلىمايلا دېگەن گېپىگە پۇشايمان قىلدى.

— بولدى، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ئانا، مانا ياخشى بولۇپ كەتتىمغۇ...

— سەن ئوبدان بىلىسەن، ئوغلۇم. مېنىڭ يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. سەندىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايمەن، شۇ كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنىم، كۆزۈم يورۇق ۋاقتىدا ئۆي - ئوچاقلىق بولساڭ، نەۋرەمنى بېقىپ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى خۇشال ئۆتكۈزسەم...

ئادىل ئانىسىنىڭ سۆزلىرىدىن بىردىنلا ئادىلەنى ئەسلەپ قالدى. يۈرىكىدىكى ئاشىقلىق ئوتى تېزلا ئۇلغىيىپ كۆيۈشكە باشلىغانىدى. تېخىچە ئادىلەنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىغانلىقىدىن بىئارام بولۇپ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ئادىلەنىڭ دادىسىدىن سوراپ بىلىۋېلىشنى ئىستىگەنىدى، ئەمدى ئۇ ئويلىرىمۇ يوققا چىقتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ ئانا. سىزنىڭ بۇ ئارزۇيىڭىزنى تېزلا ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، — ئادىل شۇنداق دەپ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

## 86

پولات دوختۇرخانىدىن چىقىپلا بېيجىڭغا قاراپ يول ئالغانىدى. ئۇ بېيجىڭ ئايرودۇرۇمىدىن چىقىپلا قەيەرگە بېرىشىنى بىلمەي قالدى. سائەت بېيجىڭ ۋاقتى 9 دىن ئاشقانىدى. بېيجىڭدەك بۇ چوڭ شەھەردە ئادىلەنى قەيەردىن ئىزدەشنى، ئۇنىڭ ئىزدېرىكىنى قەيەردە قىلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپ كەتكەنىدى. شۇندىمۇ ئادىلەنى ئىزدەپ تاپالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلمۇاتاتتى. ئۇ تاكسىدىن بىرنى توسۇپ ئۆزىنى بېيجىڭ خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتى. ئۇ نەچچە يىل ئالدىدا بۇ يەرگە كەلگەندە بېيجىڭ خەلق تىياتىرخانىسى يېنىدىكى مېھمانخانىدا تۇرغانىدى، ئۇ يەردە بىر مۇسۇلمانچە ئاشخانىمۇ بار ئىدى.

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن پولات بېيجىڭ خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدا تاكسىدىن چۈشتى. ئۇ تاكسىدىن چۈشۈپ ھەيۋەتلىك، ناھايىتى كۆركەم سېلىنغان تىياتىرخانىغا بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن يانىدىكى مېھمانخانا ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

## 87

شەھىدە دەرستىن چۈشۈپ ياتىقىدا چىرايلىق ياساندى. بۈگۈن بېيجىڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر تونۇشىنىڭ دىسكوخانىدا تۇغۇلغان كۈنى ئۆتكۈزۈلمەكچىدى.

— ۋۇي ئاداش، بۇنداق چىرايلىق ياسىنىپ سەپەر قاياققا؟ — ياتاقتا كىرگەن ساۋاقدىشى ئۇنىڭدىن سورىدى.

— بىر دوستۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، شۇ يەرگە باردىمەن. ھەراست، سەنمۇ بارامسەن يا؟ بىللە بارايلى...

— مەن يا ئۇ دوستۇڭنى تونۇمىسام، كەچتە ئۈچ سائەت دەرس بار تېخى... بولدىلا ئۆزۈڭ بارغىن. كەچتىكى دەرسكە چىقمامسەن؟

— مېنى ئاغرىپ قېلىپ ياتاقتا يېتىۋاتىدۇ دەپ رۇخسەت سوراپ قويغىن، بۈگۈن ئۇ يىغىلىشقا بارمىسام زادى بولمايدۇ.
— بولىدۇ، ئەمىسە ياخشى ئويناپ بالدۇر يېنىپ كەل، مەن كۇتۇپخانىغا چىقىپ كىرەي، — ساۋاقدىشى ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.
شەھىدە چىرايلىق ياسىنىپ ئۇنىۋېرسىتېت دەرۋازىسىدىن چىقتى. تاكسىدىن بىرنى توسۇپ شەھەردە خېلى داڭقى بار دىسكوخانىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ دىسكوخانىغا بېرىپ دوستلىرى بىلەن قانغۇچە ئوينىدى. ئۇلار ئويۇن - تاماشا بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋاقىتنىڭ بۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قېلىشقانىدى. بىر چاغدا رىياسەتچىنىڭ بۈگۈنكى كەچلىك ئولتۇرۇش مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى، دېگەن سۆزىدىن كېيىنلا شەھىدە سائەتنىڭ 12 بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.
ھەممەيلەن سورۇندىن تارقاپ ئۆز مەكتەپلىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. شەھىدەمۇ دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەتە كېتىدىغان مەكتەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ دېگەنلىرىگىمۇ قارىماي مەكتەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە تاكسىدىن چۈشتى. ئەتراپ ئىمتاس بولۇپ پۈتۈن ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلىغانىدى. شەھىدە ئالدىراش مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئەمدى كىرەي دەپ تۇرۇشى ياندىن بىر ئادەم چىقىپ كاپلا قىلىپ ئۇنى تۇتىۋالدى. شەھىدە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە يەنە بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئەتكىنىچە سۆرەشتۈرۈپ ماشىنىغا ئېلىپ چىقتى. شەھىدە تىپىرلاپ قارشىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ ئۇلارغا كۈچى يەتمىدى.
ئۇلار شەھىدەنى شەھەر سىرتىدىكى بىر ئۆيگە ئېلىپ بېرىشتى. شەھىدە قورقۇپ كەتكەن بولۇپ، توختىماي ياش تۆكەتتى.
— ماڭا رەھىم قىلىڭلار ئاكىلار، مېنى قويىۋېتىڭلار. مەن بىر ئوقۇغۇچى، — شەھىدە ئۆزىنىڭ قارشىلىق قىلغىنى بىلەن

بۇ يەردىن ساق چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ئۇلارغا يالـ
ۋۇرۇشقا باشلىدى.

— ھا... ھا... بۇ ئەجەب چىرايلىق پاسكىنا ئىكەن. چەت ئەلـ
لىككە ئەجەب ئوخشايدىكىنە... — دېدى ئارىدىن سېمىز قورساق
بىرسى سەت ھىجايغىنىچە.

— ئۆزۈڭنى ئوقۇغۇچى دېدىڭما؟ ئوقۇغۇچى تۇرۇپ يېرىم
كېچىدە سىرتتا نېمە بار ساڭا؟ — دېدى بىرى ئۇنى دۈشكەلەپ
تۇرۇپ.

— راست مەن ئوقۇغۇچى، ماڭا رەھىم قىلىڭلار. مېنى قويۇـ
ۋېتىڭلار... سىلەردىن خۇش بولۇپ قالاي، — شەھىدە بەك قورـ
قۇپ كەتكەندى. ئۇ توختىماي يىغلىغىنىچە ئۇلارغا يالۋۇراتتى.

— ئاز گەپ قىلىپ كىيىملىرىڭنى سال جالاپ، — دېدى
بىرسى ئۇنى كارىۋاتقا ئىتتىرىپ تۇرۇپ، — بۈگۈن سېنىڭ تەـ
لىپىڭ بار ئىكەن. بىز ئۈچىمىز كېچىچە سېنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ
قويايلى.

شەھىدە قارشىلىق قىلىشقا باشلىدى. سېمىز قورساق ئۇنىڭ
ئاسان ئەيۋەشكە چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلىپ كاچىتىغا كېلىشتۈـ
رۈپ بىرنى سالدى.

شەھىدە مەجبۇرىي يالىڭاچلاندۇرۇلدى. ئۈچى نۆۋەت بىلەن
ئۇنىڭغا تاشلاندى. ئۇنىڭ زارلىنىشلىرى، قاقشاشلىرى ئۇلارنىڭ
خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمايتتى.

ئەتىسى ئۇلار شەھىدەنى ئىتتىرىپ، دۈشكەللەپ ماشىنىغا
سېلىپ، شەھەر ئەتراپىدىكى بىر قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان جايغا ئاـ
پىرىپ ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ كېتىپ قېلىشتى. شەھىدە
ئاچلىق ۋە ئازابتىن ماغدۇرى قالمىغان قەدەملىرىنى تەسلىكتە
يۆتكەپ تاكسىدىن بىرنى توسۇپ مەكتەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ
كۆزلىرىدىن ياش توختىمايتتى...

سوت داۋاملىشىۋاتاتتى. نەرگىزە ئادۋوكاتنىڭ ھەربىر سۆزىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىماقتا ئىدى.

— جاۋابكارنىڭ بارماق ئىزى بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ قورسىقىغا تىقىلغان پىچاقتىكى بارماق ئىزى شۇنى ئېنىق چۈشەندۇرۇپ تۇرۇپتۇكى، جاۋابكارنىڭ بۇ ۋەقەدە ھېچقانداق مەسئۇلىيىتى يوق. بەزى گۇۋاھچىلارنىڭ ھەم جاۋابكارنىڭ دادىسىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرى جاۋابكارنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مەن باش سوتچى ۋە سوتچىلارنىڭ ئەستايىدىل ئويلىنىپ جاۋابكار نەرگىزەنى گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىدىشىنى تەلەپ قىلىمەن، — ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان نەرگىزە خۇددى ھازىرلا گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىدىغاندەك باش سوتچىغا ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويدى.

— باش سوتچى، ئادۋوكاتنىڭ سۆزلىرى جاۋابكارنىڭ گۇناھسىزلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ھەممىمىز جاۋابكارنىڭ نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. جاۋابكار بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى ئالدىنئالا پىلانلىغان. ئۇ چوقۇم پىچاقتا ئاۋۋال باشقا بىرىنىڭ بارماق ئىزىنى چۈشۈرگەن، ئاندىن ئۆلگۈچىنى دەل شۇ پىچاق بىلەن بارماق ئىزى چۈشۈرۈلمىگەن ھالەتتە قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئۆلتۈرگەن. ئەپسۇس، بۇ ئەقىللىق جاۋابكار ئۆزىنىڭ مېھمانخانا سىن ئاپپاراتىغا چۈشۈپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن. مېھمانخانا تەمىنلىگەن سىن ئاپپاراتىدىكى جاۋابكارنىڭ ئېنىق چىرايى ھەم مېھمانخانا كۈتكۈچىسىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرى جاۋابكارنىڭ بۇ ۋەقەنى پەيدا قىلغۇچى باش جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئالدىنقى قېتىملىق سوتىمىزدا جاۋابكارنىڭ

دادىسى ئۇنىڭ يەنە قوشكېزەك ھەدىسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، لېكىن ئۇنىڭ قوشكېزەك ھەدىسى بۈگۈنكى ئاخىرقى سوتتىمۇ ئوتتۇرىغا چىقمىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋپ تۇرۇپتىمىزكى، ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتلار ۋە جاۋابكارنىڭ دادىسىنىڭ ئېيتقانلىرى پۈتۈنلەي ئويدۇرما. ئۇلار يالغان سۆزلەپ سوتنىڭ تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغان... شۇنىڭ ئۈچۈن باش سوتچى ۋە سوتچىلارنىڭ ئاقىلانە پىكىر يۈرگۈزۈپ ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — تەپتىش خادىمىنىڭ سۆزلىرى تۈگىشى بىلەن سوت ئىچىنى تىمتاسلىق قاپلىدى. ئادۋوكات نۇرلان تاغىغا چۈشىنىكسىز نەزەردە قاراپ قويدى.

— سوتچى ئەپەندىم، جاۋابكارنىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ھەدىسىنىڭ بار ئىكەنلىكى ئېنىق. لېكىن ئۇ كىچىكىدىنلا يوقاپ كېتىپ تا ھازىرغىچە ئىز - دېرىكى بولمىغان. قىسقىغىنا بۇ بىر ھەپتە جەريانىدا بىز بار ئاماللارنى قىلىپ ئۇنى ئىزدىگەن بولساقمۇ تېخىچە تاپالمىدۇق، — ئادۋوكات چۈشەندۈرۈپ ئېيتتى.

سوت بىر سائەتلەرگىچە داۋام قىلىدى. ئاقلىغۇچى ئادۋوكات ۋە تەپتىش خادىم ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى بايان قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ھالىتى بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشۋاتقان يىرتقۇچلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. بۈگۈنمۇ ئاخىرقى يەكۈن چىقىرىلمىدى، باش سوتچى سوتنىڭ ئەتە داۋام قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ سوتنى ۋاقىتلىق توختاتتى. سوتقا قاتناشقان ھەممە ئادەم ئاخىرقى يەكۈننىڭ قانداق چىقىرىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقىنىچە سوت مەيدانىدىن ئايرىلىشتى.

## 89

— تاھىر، مەن بىر ئىشتىن سەل ئەنسىرەۋاتىمەن، — دېدى زۆھرە نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى ئۆزىنى تەشۋىشكە سېلىپ تۇرغان

سوئالغا جاۋاب تاپماقچى بولۇپ.

تاھىر شۈبھىلىنىپ زۆھرەگە قارىدى.

— مېنىڭ ئوقۇشۇم توگەيدىغانغىمۇ نەچچە ئاي ۋاقىت قالدى. سىزگە ھەممە ئەھۋالىمنى تەپسىلىي دەپ بەردىم. ھازىر ئۆز دادامنىمۇ تېپىۋالدىم. ئۇلار مېنىڭ يۇرتقا قايتىپ كېتىشىمنى ئۈمىد قىلىشىدۇ. مەنمۇ كىيىنكى ئۆمرۈمدە بېقىۋالغان ئاتا ـ ئانام ۋە ئۆز دادامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆتكۈزگۈم بار. شۇڭا سىزدىن سەل ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن. سىزنى بېقىپ مۇشۇ ھالغا ئەكەلگۈچە ئاتا ـ ئانىڭىز كۆپ جاپالارنى چەكتى، ئەمدىلىكتە بولغاندا ئۇلاردىن ئايرىلىپ مەن بىلەن كېتىمەن دېسىڭىز، ئۇلار نېمە دەر؟ ئۇلار رازىلىق بېرەرمۇ؟

تاھىر زۆھرەنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ زۆھرەنىڭ تۇيۇقسىزلا بىر ئىشتىن ئەنسىرەپ قالدىم، دېگىنىنى ئاڭلاپ ئوي ـ پىكرى بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە يەتكەن تاھىرنىڭ چېھرىگە كۈلكە ياماشتى.

— ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ قورقۇتقان بارمۇ؟ — دېدى تاھىر كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن تېخى نېمە ئىشكىن دەپتىمەن. ئۇ ئىشلاردىن ئەنسىرەپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ زۆھرە. مەن ھەممە ئىشلارنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتتىم. ئۇلارمۇ مېنىڭ بەختلىك بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. ھە راست، پات يېقىندا ئاكامنى شىنجاڭدىكى تۇرمىگە يۆتكەيدىغان بولۇپتۇ. ئانام ماڭا «زۆھرەنىڭ گېپىنى يەرما، ئۇ نېمە دېسە ماقۇل دېگىن، سەندىن ئۆمۈرۋايەت رازىمەن ئوغلۇم، خۇدايىم بۇيرۇسا زۆھرەنىڭ ئوقۇشى توگىگەن ھامان ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈپ تويۇڭلارنى قىلىپ قويىمەن. بىزنىڭمۇ بۇ ياقا ـ يۇرتتا سەرگەردان بولۇپ يۈرگۈمىز يوق. بىزمۇ سىلەر نەدە تۇرساڭلار شۇ يەرگە كۆچۈپ كېتىمىز»

دېدى. شۇڭا بىز ئەڭ ياخشىسى كۆپ ئىشلاردىن ئەنسىرەپ يۈر-مەيلى. ھازىرچە سىزدىن كۈتىدىغان ئەڭ چوڭ ئۈمىدىم — ئو-قۇشىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشى.

زۆھرە خۇشاللىقىدا تاھىرنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. بىر جۈپ يۈرەك ھاياجاندىن رىتىمسىز سوقماقتا ئىدى.

## 90

ئادىلە سوتتا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ سىڭلىسى نەرگىزەنى قۇ-تۇلدۇرۇپ چىقىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇ بىر كىچە كىرپىك قاقماي كۆپ ئويلاندى، ئۇنىڭچە بولغاندا ھېچقانداق خولۇق كۆر-مىگەن بۇ ھاياتنىڭ ئۇنىڭغا كېرىكى قالمىغانىدى. سىڭلىسىنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ قېچىپ كېتىش بولسا ئۇنىڭ يا-شاش پىرىنسىپىغا پۈتۈنلەي مۇخالىپ ئىدى. ئۇ ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆكۈپ كەتكەنىدى. ئۇ سوتقا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلسا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، لېكىن كېچىكىپ بول-سىمۇ ئۆز دادىسىنى بىر قېتىم كۆرۈۋالسا، قوشكېزەك سىڭلى-سىنى مېھىر بىلەن قۇچاقلىۋالسا، دادىسىدىن نېمە ئۈچۈن ئۆزد-نى باشقا بىرىگە بېرىۋەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ بىلىۋال-سا، ئەسكى بولسىمۇ دادىسىنى، يەنە... يەنە ئادىلىنىڭ سىماسىنى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم كۆرۈۋالغان بولسا، ئۇنىڭ ئارمىنى يوق ئىدى. ئۇ شۇندىلا بۇ قىسقىغىنا ھاياتىدىن رازى بولغان بولاتتى.

ئادىلە ئەينەكتىن ئۆز سىماسىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى، ھاياتتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىنى ئۈزگەن، نۇرسىز، يىغلامسىراپ تۇرغان كۆزلەر ئۇنىڭغا ئۈمىدسىز ھالدا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ قول ياغلىق ئالماقچى بولۇپ كۆزلىرىنى سومكا ئىچىگە تىكتى، تۇيۇقسىز پۈرلىشىپ يىرتىلىپ كېتىشكە ئاز قالغان بىر كىچىك قەغەزچە كۆزىگە چېلىقتى. ئۇ قەغەزنى ئېلىپ كۆردى، كۆردى —

يۈ، يۈرىكى دۈپپىدە قىلىپ سوقۇپ كەتتى. قەغەز ئۈستىدە ئا-دىلنىڭ تېلېفون نومۇرى يېزىقلىق تۇراتتى. ئادىل بىلەن دەسلەپ تۇنجى قېتىم ساقچىخانىدا كۆرۈشكەندە ئۇ ئۆزىنىڭ نومۇرىنى ئادىلەگە يېزىپ بەرگەن. لېكىن ئادىلە تا مۇشۇ كەمگىچە بىرەر قېتىم ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرۇپ باقمىغانىدى. ئۇ تېلېفون نومۇ-رىغا قاراپ ئادىل بىلەن ئۆتكەن ئەھمىيەتلىك، گۈزەل مىنۇتلارنى ئەسلەشكە باشلىدى. ئادىلنىڭ ئۇنىڭغا دېگەن ھەربىر سۆزىنى ئويلاپ ئىچى ئاچچىق بولۇپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرماقچى بولدى. تېلې-فون نومۇرلىرىنى بېسىۋاتقان قوللار ئىختىيارسىز بىلىنەر - بىل-لىنمەس تىترەيتتى، كۆزلىرىدىن بولسا ياشلار يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا ئادىل ئۆزى يالغۇز كېسەل كارىۋىتىدا تورۇسقا قاراپ ياتقىنىچە ئادىلەنى خىيال قىلىۋاتاتتى. ئادىلەنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالالمىغانلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ، ئادىلە ئۈچۈن ھېچ-نېمە قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. تۇ-يۇقسىز ئۇنىڭ يانفونى ئەنسىز سايراشقا باشلىدى. ئۇ ناتونۇش نومۇرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، كۆڭلىدە بولسا تېلېفون ئۇرغۇ-چىنىڭ ئادىلە بولۇپ چىقىشىنى تىلەپ ئۈمىد بىلەن تېلېفوننى ئالدى.

— ۋەي، ئەسسالام ئادىل!

تېلېفوندىن چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئادىلنىڭ يۈرىكى قات-تىق سوقۇپ كەتتى، تېلېفوندىن ئادىلەنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتاتتى.

— سالام ئادىلە، بۇ سىزمۇ؟ — شۇ تاپتا ئادىل خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

— ئاۋازىمنى بىر ئاڭلاپلا بىلىۋاپسىز - ھە؟! — ئادىلە ئادىل-نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ

تۇرماقتا، شۇنداقتىمۇ ئادىلغا ئۆزىنىڭ هازىرقى هالىتىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشقا تىرىشماقتا ئىدى.

— ئادىلە، سىز هازىر قەيەردە؟ ماڭا ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ راست گەپ قىلىپ ئۆزىڭىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، بولامدۇ؟

— ئاخىرقى قېتىم؟ — ئادىلە بۇ سۆزلەرنى تەكرارلاپ ئېيتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى يىغلاۋاتاتتى، ئۆزى چىن قەلبىدىن سۆيگەن يىگىت ئۇنىڭدىن ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ راست گەپ قىلىشىنى ئۆتۈنۈۋاتاتتى. ئادىلە شۇندىلا ئۆزىنى زادىلا بېسىۋالالماي قالدى.

ئادىل تېلېفوندىن ئادىلەنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى، ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ قاتتىق ئازابلانماقتا، ئۆزى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان قىز شۇنچە ئۇزۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلغىنىدىن شادلىققا چۆمۈپ خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى.

— ئادىل... مەن... مەن هازىر بېيجىڭدا، — ئادىلە يىغلامسىراپ تۇرۇپ ئېيتتى، — سىزگە ئاخىرقى قېتىم راست گەپ قىلاي ئادىل. مەن بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم. شۇ تاپتا تېلېفوندا سىزگە بۇ ئىشلارنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى، قانداق ئېيتىشنى بىلمەيۋاتىمەن. شۇنداقتىمۇ سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىۋالغىنىمدىن ئۆزۈمنى چەكسىز خۇشال هېس قىلىۋاتىمەن. بىردەمدىن كېيىن سوتقا بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىمەن. بەلكىم ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىشى مۇمكىن. سىزنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغان، ماڭا ئۇمىد، ئىشەنچ ئاتا قىلىدىغان سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىيالمايدىغان بولدۇم. مېنى كەچۈرۈڭ ئادىل، مەندەك گۇناھ پاتقىقىغا پاتقان، ئاجىز بىر قىزنى كەچۈرۈڭ. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ. خوش...

ئادىل ئادىلەنىڭ هەربىر سۆزىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتقانىدى، ئادىلەنىڭ ئاخىرىدا خوش دېيىلا ئۆزىگە سۆزلەش

پۇرستى بەرمەي تېلېفوننى قويۇۋەتكەنلىكىدىن قاتتىق ئازابلاندى. ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ تېلېفون ئۇرغانىدى، ئادىلەنىڭ تېلېفونى ئېتىك چىقتى. ئادىلەنىڭ بايا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئادىلنىڭ يۈرىكى بىرسى زەربە بىلەن پىچاق تىقىۋەتكەندەك ئېچىشىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەي قاتتىق ئاۋازدا توۋلىۋەتتى:

— ياق... ياق... بۇ مۇمكىن ئەمەس! ياق، ئادىلە!

## 91

پولات ئەتىگەن سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇدى. قورسىقىنىڭ ئېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېقىن ئەتراپتىكى مۇسۇلمانچە ئاشخانىغا بېرىپ تاماق يېيىش ئۈچۈن ماڭدى. ئاشخانىغا يېقىن ئەتراپتا بېيجىڭ خەلق سوت مەھكىمىسى بار ئىدى، ئۇ سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا قاتار - قاتار توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىلارنى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنەرلىك نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى.

ئادىلە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئادىل بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈۋالغىنىدىن ئۆزىنى خۇشال سەزمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باغرى ئېزىلىپ كەتتى. ھەممە نەرسىدىن، ھەممە كىشىلەردىن، ئۆزى شۇنچە ئىنتىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئارامىلىق بەرمەيۋاتقان بۇ رەزىل رېئاللىقتىن ئۈمىد ئۈزۈپ سوت مەيدانىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان قوشكېزەك سىڭلىسىنى، ئۆز دادىسىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان يۈرەكلىرى ئەنسىز سالاتتى، يۈرەكلىرى خۇددى كۆكرەك قەپىسىدىن ھازىرلا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەيتتى.

ئادىلە تاكسىدىن چۈشۈپ خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە پۇتلىرى تىترەپ ئۆزىنى زادىلا باشقۇرالماي قالدى.

ئۇ ئاچچىق رېئاللىق ئالدىدا قىينىلىۋاتقانىدى، شۇنچە خور-لۇقلارنى، ئازابلارنى تەقدىم ئەتكەن بۇ ھاياتىنىڭ، تەقدىرىنىڭ ئۇنىڭغا بۇنداق چاقچاق قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى سالماق تۇتۇشقا تىرىشتى، كۆز ئالدى قاراڭ-غۇلىشىۋاتقان بولۇپ، پۇت - قولى تولىمۇ جانسىز ئىدى.

سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئادىلە چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالدى.

— ئادىلە، ئادىلە!

سوت مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئەمدى كىرەي دەپ تۇر-غاندا، ئارقىسىدىن ئاڭلانغان تونۇش ئاۋاز ئۇنى توختىتىپ قويدى. ئادىلە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. پولات ھاسىرىغان ھالدا ئۇنىڭغا تەلمۈرگىنىچە قاراپ تۇراتتى.

— دادا! — ئادىلە پولاتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى، پولات ئۇزۇندىن بېرى تاپالمايۋاتقان، ئىز - دېرىكىنى ئالالمايۋاتقان قىز-زىنىڭ تۇيۇقسىزلا ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن خۇشال بو-لۇپ ئۆزىنى تۇتالمايلا قالغانىدى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ياشلار تۆكۈلەتتى، ئادىلەنىڭ باشلىرىنى مېھىر بىلەن سىلايتتى.

— جېنىم قىزىم، سېنى ئاخىر تېپىۋالدىم.

شۇ تاپتا ئادىلەنىڭ ئاغزىغا ھېچنېمە كەلمەيۋاتاتتى، ئۇ ئۆكسىگىنىچە پولاتقا ئېسىلىپ قاتتىق يىغلاۋاتاتتى.

— يىغلىما قىزىم، يىغلىما. ئەمدى سېنىڭ يىغلىغان ھالى-تىڭنى، ئازابلىنىشىڭنى كۆرۈشنى خالىمايمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا پۈتۈن بارلىقىمنى ئاتايمەن. مەن بىر يارىماس، ئىپلاس دادا! مېنى كەچۈرگىن، مېنى كەچۈرگىن... — پولات يىغلامسىراپ تۇرۇپ ئادىلەنىڭ ئۆزىنى كەچۈرۈۋېتىشىنى ئېيتتى.

— مەن سىزنى ئاللىبۇرۇن كەچۈرۈۋەتكەن، ھېچقاچان سىز-دىن خاپا بولۇپ باقمىدىم.

— رەھمەت قىزىم... رەھمەت... ئەمدى سىنى مەجبۇرلايدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. سىنى كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمەن...

ئادىلە پولاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندى. ئۆزىنى چۇش كۆرۈۋاتقاندەك، ھېلىلا چۇشىدىن ئويغانسا ھەممە نەرسە يوقاپ كېتىدىغاندەك سېزىشكە باشلىدى.

— ئاخىرقى قېتىم... ئەڭ ئاخىرقى قېتىم... ئۇلۇغ ئاللا ساڭا رەھمەت. ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ مېنىڭ ئارزۇلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرغىنىڭغا رەھمەت... — ئادىلە تۆۋەن ئاۋازدا پىچىر-لىدى، پولات ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۇشەنمەي ئۇنىڭغا مېھرىبانلارچە تىكىلدى.

— دادا، سىزدىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار. ماڭا راست گەپ قىلىد-شىڭىزنى ئۇمىد قىلىمەن... — ئادىلە كۆزلىرىدىكى ياشلارنى قولى بىلەن سۈرتكەچ ئېيتتى.

— ئېيت قىزىم، ئېيتقىن... قانداق گېپىڭ بولسا دېگىن... مەن چوقۇم ساڭا راست گەپ قىلىمەن.

— مەن سىزنىڭ ئۆز قىزىڭىز ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ — ئادىلە كۆزلىرىنى پولاتقا تىكتى.

— بۇ... بۇ... قىزىم... — پولات نېمە دېيىشىنى بىلمەي دۇ-دۇقلاپ قالدى.

— راستىنى ئېيتىڭ دادا، سىزدىن ئۆتۈنەي...

— شۇنداق قىزىم، سەن مېنىڭ ئۆز قىزىم ئەمەس. مەن سې-نى كىچىكىڭدە بېقىۋالغان... — پولات بۇلارنى دەۋاتقاندا ئادىلە-دىن يەنە بىر قېتىم ئايرىلىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى، — مېنى كەچۈر قىزىم، ئەسلىي ساڭا ئۇنداق مۇئامىلە قىلمىسام بولاتتى، مېنى كەچۈر. مەندەك ئىپلاس ئادەم-نى كەچۈر...

— رەھمەت دادا... سىزگە كۆپ رەھمەت. ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ ماڭا راست گەپ قىلغىنىڭىزغا، ئۆزىڭىزنىڭ خاتا قىلـ-غىنىڭىزنى تونۇپ يەتكىنىڭىزگە رەھمەت. لېكىن ئەمدى ھەمـ-مىسى تۈگىدى، ھەممىسى ئاخىرلاشتى، — ئادىلە ئەلەم بىلەن شۇنداق دېدى.

— ياق قىزىم، ئاخىرلاشمىدى، ئاخىرلاشقىنى يوق... ئەمدى بىز ھەممىنى قايتىدىن باشلايلى...

— دادا، مەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويدۇم! — ئادىلە ئاۋازىنى چىـ-قىرىپ يىغلىۋەتتى، رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ ئاچچىق ئازابلىرى ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى قورت غاجىلىغاندەك ئازابلاۋاتاتتى. پولاتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، ئادىلەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھوشىـ-دىن كەتكىلى تاسلا قالدى.

— نېمە دەۋاتىسەن قىزىم، مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيلا قالـ-دىمغۇ؟...

— دادا!

ئاقلىغۇچى ئادۋوكات بېشىنى چايقاپ ئامالسىز قالغانلىقىنى بىلدۈردى، سوتتا ئولتۇرغان بارلىق كىشىلەر بۇ چىرايلىق قىز-غا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قايغۇغا چۆكۈشكەنـ-دى. سوت ئىچى ھەتتا چىۋىن ئۇچۇپ يۈرسىمۇ ئاڭلانغۇدەك دەرىـ-جىدە جىمجىتلىققا چۆكتى. نۇرلان ئاكا قىزىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ قىسمەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي ھوشىدىن كەتكەندى. بىر نەچچە كىشى ئۇنى سۇنئىي نەپەسلەندۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— جاۋابكار نەرگىزە سوت يىپىلىشتىن بۇرۇن دەيدىغان قانداق سۆزلىرىڭىز بار؟

باش سوتچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان نەرگىزە ھەممەيلەنگە بىر قۇر قاراپ چىقتى، دادىسىنىڭ بۇ ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلـ-

مەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ بۇ پېشكەللىكلەرگە يولۇقۇۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا بۇ ئادالەتسىز تۇرمۇشتىن غەزەپلىنىپ چىشلىرى غۇچۇرلايتتى.

— دا... دا... ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ... مەن... مەن... — نەرگىزە مۇشۇلارنى دەپلا باشلىرى قېيىپ ئۆزىنى كونترول قىلالمايلا يىقىلىپ چۈشتى، ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى.

ئادىلە بولغان ئىشلارنى بىرمۇ بىر پولاتقا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، مەمەتنىڭ قىلتاق قۇرۇپ داداڭنى كۆرسىتىمەن، دەپ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانلىقىنى، كېيىن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا پىچاق تىقىۋەتكەنلىكىنى... ھەممە... ھەممىنى سۆزلەپ بەردى. پولات بۇلارنى ئاڭلاپ ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بولۇپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ لاسسىدە بولۇپ قالدى.

— ئۇ ئىپلاس، مېنىڭ بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ئېيتتىمۇ؟ — پولات يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراپ كەتتى. ئادىلە ئۈندىمىدى.

— قىزىم، كەلگۈلۈك كەپتۇ. سەندىن ئۆتۈنەي، ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلمىغىن، بىز باشقا يەرگە، ساقچىلار بىزنى تاپالمايدىغان يىراق يەرلەرگە قېچىپ كېتەيلى...

— ياق دادا... مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. گەرچە سىزنىڭ بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان بولسامۇ، بىر قورساقتىن بولغان ئۆز سىڭلىمنى تېگى كۆرۈنمەس ھاڭغا ئىتتىرىپ قويۇپ قېچىپ كېتەلمەيمەن. مېنى ئۆتنۈپ كېتىڭ، مەندەك قىزىڭىز بار ئىكەنلىكىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ... — ئادىلە شۇنداق دەپ سوت مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

— قىزىم، ئۇنداق ئەخمەقانىلىق قىلمىغىن... — پولاتنىڭ ئاۋازى ھاۋادا لەيلەپ قالدى.

ئەمدىلا سوت مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن قەدەم ئالغان ئا-دىلەنىڭ ئالدىنى ئامانلىق قوغدىغۇچى خادىم توسۇپ قويدى. ئا-دىلە خەنزۇچىنى ياخشى بىلمىگەچكە ئۇنىڭغا نېمە دەپ چۈشەن-دۈرۈشنى بىلمەي قالدى. ئامانلىق قوغدىغۇچى خادىم ئۇنىڭ خەنزۇچە بىلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ بىرسىگە تېلېفون ئۇردى. بىر مىنۇتقىمۇ يەتمەيدىغان ۋاقىت ئىچىدە قاياقتىندۇر ساقچى فورمىسى كىيگەن ياش ئۇيغۇر يىگىت ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— سوت مەھكىمىسىگە بۇنداقلا ئۇسۇپ كىرسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى ساقچى يىگىت ئادىلەگە قاراپ. ئادىلە ئۇنىڭغا قىسقىلا قىلىپ بولغان ئىشلارنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

— بۇ ئىشتىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار. ھەممەيلەن ئەسلىي قاتىل جاۋابكارنىڭ قوشكېزەك ھەدىسى ئىكەن، ئەمما ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ دېيىشىۋاتاتتى. ئاپلا، ھازىر دەل سىڭلىڭىزغا ئاخىرقى سوت ئېچىلىۋاتىدۇ. بەلكىم ئاخىرقى ھۆكۈمىنىمۇ ئېلان قىلىپ بولدىمىكىن...

ساقچى يىگىتنىڭ سۆزلىرى ئادىلەنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى. ئۇ نەرگىزەنىڭ گۇناھسىز تۇرۇپ جازاغا ھۆكۈم قىلىنىد-شىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا بىر ياردەم قىلىسىڭىز. سىڭ-لىمنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىڭىز... — ئادىلە يىغلامسىرىغان ھالدا ساقچى يىگىتكە يېلىندى.

— سىز مۇشۇ يەردە بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ. مەن ھازىرلا كې-لىمەن، — ساقچى يىگىت شۇنداق دېگىنىچە تېز - تېز قەدەملەر بىلەن سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرى، ساقچى تەرەپنىڭ ئالاقىدار ئىسپات - ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، سوتىمىز شۇنداق

يەكۈن چىقىرىدۇكى، جىنايەتچى نەرگىزە... — باش سوتچى نەر-گىزەگە ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئېلان قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بىرىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىچى ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولدى. سوتچى ۋە ئادۋوكاتلار بىر نىمىلەرنى دېيىشىپ كۇسۇرلىشىۋاتاتتى. باش سوتچى ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئېلان قىلىشتىن توختاپ قالدى. ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىغا تەن بەرگەن ئاقلىغۇچى ئادۋوكات بىردىنلا روھلىنىپ كۆزلىرى خۇ-شاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتتى.

— دىققەت! دىققەت! — باش سوتچى ئۇستەلگە بىرنى ئۇرۇپ قويغاندىن كېيىن يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتتى، — ھازىر بەزىبىر ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقى ئۈچۈن سوت يېرىم سائەتتىن كېيىن داۋام قىلىنىدۇ.

سوتچىنىڭ گېپىدىن كېيىن زالدا كۇسۇرلىشىشلار باشلاندى. بارلىق ئادۋوكات، تەپتىش خادىملىرى سوت زالىنىڭ يېنىدىكى ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى.

ۋاقىت ئاستا - ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى. ئولتۇرغانلار تاقەتسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلار سوت ھۆكۈمنى تېزرەك ئاڭلاشقا ئال-دىرايتتى. ئارىدىن ئالاھەزەل يېرىم سائەت ئۆتۈپ سوت خادىملى-رى زالغا قايتا كىرىپ كېلىشتى. ئەتراپنى بىرخىل جىددىي كەيپىيات قاپلىغانىدى.

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىز ئىزدىگەن ھەقىقىي جاۋابكار بۈگۈن ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ كەلدى، ھازىر جاۋابكار ئورنىدا تۇرغان نەرگىزە پۈتۈنلەي گۇناھسىز، ئەسلىي جاۋابكار ئادىلە! — ۋېي ئادۋوكاتنىڭ سۆزىدىن كېيىن ھەممەيلەن باشلىرىنى بۇراپ قاراشتى. جاۋابكار نەرگىزە بىلەن قويۇپ قويغاندەك ئوخشاش بىر قىز سوت مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. پەقەت ئۇلارنىڭ كى-يىۋالغان كىيىملىرىلا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. سوتقا

قاتنىشىپ تۇرۇۋاتقان ھەممەيلەن ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپ قېلىشتى.

باياتىن بېرى ھوشىدىن كەتكەن نۇرلان ئاكا ھوشىغا كەلگەندى، ئۇ كۆز ئالدىدا تۇرغان قوشكېزەك قىزى نەفىسەنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى يېرىلىپ كېتىشكە تاسلا قالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تونپى يېرىپ چىقىپ قىزى ئادىلەنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى.

— مېنىڭ قىزىم، نەفىسە! جېنىم قىزىم...

ئامانلىق قوغدىغۇچىلار ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالماقچى بولغانىدى، باش سوتچى بېشىنى لىڭشىتىپ ئىشارە قىلىپ قويدى.

ئادىلە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان نۇرلان ئاكىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئۆزىمۇ تۇيمىغان بىرخىل تۇيغۇلار ئىلكىدە ئاچچىق تولغاندى، ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان دادىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— جېنىم قىزىم. مېنىڭ يۈرەك پارەم... — نۇرلان ئاكا ئادىلەنى باغرىغا چىڭ بېسىپ توختىماي يىغلايتتى. ئادىلە بولسا قېتىپ قالغان ھەيكەلدەك ئورنىدا مىدىر قىلماي تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى جاۋابكار ئورنىدا تۇرغان ئۆزى بىلەن قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاش سىڭلىسى نەرگىزەگە چۈشكەنىدى. نەرگىزەنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن ئىششىپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئادىلە بولارنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىپ كەتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ ئىشلارنى بىلمەي سىڭلىسى نەرگىزەنى قاتتىق ئازابلارغا، دەردلەرگە قويغىنىدىن ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلىمەكتە ئىدى.

— نەرگىزە... جېنىم سىڭلىم! — ئادىلەنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىغان ئاۋازى سوت مەيدانىدا ئەكس سادا بولۇپ جاراڭلايتتى. ھەممەيلەن بۇ ئىككى قوشكېزەك ھەدە - سىڭىللارغا ئەجەبلىنىش ئىلكىدە قارايتتى، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيتتى.

— سوت مەيدانىنى قالايمىقان قىلماڭلار! — باش سوتچى

ئۈستەلگە قاتتىق بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ ئېيتتى، — سوتىمىزنى داۋام قىلايلى!

92

— ئوغلۇم، بۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟ سالامەتلىكىڭ تېخى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ بولمىغان تۇرسا... ئۇنداق قىلـ ـمىغىن. يەنە بىر نەچچە كۈن بولسىمۇ دوختۇرخانىدا داۋالانغىن... — ئاينۇرخان ئانا ئادىلغا توختىماي يالۋۇراتتى. ئاـ دىل ئادىلەنىڭ تېلېفوننى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىنلا دوختۇرـ خانىدىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا ئۇنى ئىزدەپ بارماقچى بولغانىدى.

— جېنىم ئانا... مۇشۇ بىرلا قېتىم مېنىڭ تاللىشىمغا يول قويۇڭ. مەن ئادىلەنى قەيەردىن بولسىمۇ ئىزدەپ تاپمىسام بولمايـ ـدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇنداقلا ئۆزىنى ۋەيران قىلىۋېتىشىگە مەن چىداپ تۇرالمايمەن. ماڭا ئاق يول تىلەڭ...

ئاينۇرخان ئانا ئوغلىنىڭ سۆزىنى رەت قىلالمىدى، لېكىن ئۇنىڭ دوختۇرلارنىڭ رۇخسىتىسىزلا دوختۇرخانىدىن ئايرىلىپ سالامەتلىكىگە تەسىر يېتىشىنى خالىمايتتى.

— بوپتۇ بالام، بارغىن... مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. لېكىن مېنىمۇ ئېلىۋالغىن. مەنمۇ باراي... — ئوغلىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىـ ـغا چىداپ تۇرالمىغان ئانا ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى.

ئادىل ئانىسى بىلەن ئۈرۈمچى ئايرودۇرۇمىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئادىل شۇ تاپتا ئادىلەنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭـ ـدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، كۆزلىرىدىن بولسا ياش تامچىلىرى سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى

93

— ئىسمىڭىز؟

— ئادىلە.

— كەسپىڭىز؟
تەپتىش خادىم ئادىلەنى سوراق قىلىۋاتاتتى. ئادىلە بۇ سوئالغا نىمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالدى، باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى ئوغرى دەپ ئاتاشنى توغرا كۆرمىدى.
— سىزدىن سوراۋاتىمەن، كەسپىڭىز؟ — تەپتىش خادىم جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى.
— بىكارچى.
— ئۆلگۈچى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭىز بار؟
— ئۇ ئىلگىرى بىزنىڭ قوشنىمىز ئىدى.
— ئۆزىڭىزنىڭ ئۆلگۈچىنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭىزنى تەن ئالامسىز؟
ئادىلە بۇ چاغدا ھەممەيلەنگە تەكشى نەزەردە قاراپ چىقتى. سىڭلىسى نەرگىزەگە بولسا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن جىلۋە قىلىپ قويدى، ئۇنىڭ يۈرەكلىرى لەختە - لەختە بولۇپ كەتكەندى. ھەي رەھىمسىز رېئاللىق، ھەي ئاچچىق ھايات!
— شۇنداق، تەن ئالىمەن، ئادىلە كەسكىن ھالدا جاۋاب بەردى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئاللىقانداق ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. سوت ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىدى، ھەممەيلەن ئادىلەنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېتىپ قېلىشقانىدى.
— ئۆلگۈچىنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردىڭىز؟ زادى نېمە سەۋەب سىزنى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى؟
— ئۇ كۈنى سىرتقا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى چىقىپ كەچكە يېقىن ياتاققا قايتىپ ماڭدىم. تۇيۇقسىز ئالدىمدا مەمەت پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن بېقىۋالغان دادام بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدىم. ئۇ ماڭا دادام بىلەن بىرگە مېنى ئىزدەپ بېيجىڭغا كەلگەنلىكىنى، دادامنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشە-

نىپ دادام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەمەتكە ئەگىشىپ مېھمانخا-
نىغا كەلدىم. ياتاققا كىرىپ كەلگىنىمدە بولسا ئۇ ماڭا رەزىل
مەقسىتىنى ئاشكارىلىدى. شۇندىلا ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا
چۈشكەنلىكىمنى بىلىپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم، ئۇ بار-
غانسېرى يېقىنلاپ ماڭا چېقىلماقچى بولدى، مەن ئۇنىڭغا قار-
شىلىق قىلدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن
يېنىدىن پىچاقنى چىقىرىپ ماڭا تەھدىت سالدى، مەن قاچماقچى
بولۇپ ئىشىك تەرەپكە يۈگۈرۈۋېدىم، ئورۇندۇققا پۇتلىشىپ يىقى-
لىپ چۈشتۈم. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقى بىلەن مېنى بېسى-
ۋېلىپ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىمنى تۇتۇشقا باشلىدى. بۇ خورلۇقلارغا
زادىلا چىداپ بولالماي، غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ قولىنى چىشلىۋال-
دىم. ئۇ ۋايجانلىغىنىچە يېتىپ قالدى، قولىدىكى پىچاقمۇ چۈ-
شۈپ كەتتى. مەن تېزدىن پىچاقنى قولۇمغا ئېلىۋېلىپ ئۆزۈمنى
قوغدىماقچى بولدۇم. ئۇ كۆزلىرىدىن قان - ئۇچقۇنلارنى چاچرات-
قىنىچە ماڭا ئېتىلىپ كەلدى، قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن
كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ پىچاقنى ئۇنىڭغا شىلتىدىم. ئويلى-
مىغان يەردىن پىچاق ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتتى، ئۇ قور-
سىقىنى تۇتقىنىچە يەردە يېتىپ قالدى. مەن بۇ كۆزنى يۇمۇپ-
ئاچقۇچە بولغان دەقىقىدە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ئۆزۈمنى يوقى-
تىپلا قويدۇم. مەن ئۇنىڭ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا زومىگەرلىك
قىلىشىدىن قورقتۇم، يەنە كېلىپ ھېچنېمىنى ئويلىماستىن
قولۇمدىكى پىچاقنى تاشلىۋېتىپ قېچىپ كەتتىم. مەن ئۇنىڭ
ئۆلۈپ كېتىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدىم، نەچچە كۈنلەردىن بېرى
بۇ ئىشلار كاللامغا كىرىۋېلىپ زادىلا ئارامىمنى قويمىغان، ئال-
دىنقى كۈنى ئەخمەت ئىسىملىك بىر بالىدىن يۈز بەرگەن بارلىق
ئىشلارنى ئاڭلاپ، ئۆز سىڭلىمنىڭ خاتا ھالدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋات-
قانلىقىدىن قاتتىق ئازابلاندىم. ئاخىر بۈگۈن ئۆزۈمنى مەلۇم قى-

لىش ئۇچۇن كەلدىم، مەمەتنى ئۆلتۈرگەن ھەقىقىي قاتىل دەل مەن. شۇڭا ماڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن... — ئادىلە يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ئىشلارنى بايان قىلدى. ھەممەيلەن پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى.

— باش سوتچى ئەپەندىم، جاۋابكار ئۆزىنىڭ مەمەتنى ئۆلتۈرگەن ھەقىقىي قاتىل ئىكەنلىكىنى...

— ئۇنى ئۆلتۈرگەن ھەقىقىي قاتىل دەل مەن! — ئارقا تەرەپتىن يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىلغان بۇ ئاۋاز تەپتىش خادىمنىڭ سۆزلىرىنى توختىتىپ قويدى. سوتتا قاتنىشىۋاتقان ھەممە كىشىلەر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراشتى، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يىغلامسىراپ تۇرغان ئادىلەمۇ بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، قارىدى ـ يۇ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي چۆچۈپ كەتتى. پولات كۆزلىرىدىن بىلگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئۇچقۇنلارنى چاچراتقىنىچە ئارقا تەرەپتىكى ئورۇندا ئۆرە تۇراتتى. سوت ئىچىنى يەنە قالايمىقانچىلىق قاپلىدى.

— دىققەت، دىققەت! — باش سوتچىنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىلغان ئاۋازىدىن كېيىن ھەممەيلەن بۇ تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقان قاتىللىق ئەنزىسىنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا قىزىقىپ سوتچىلارغا قارىدى.

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — تەپتىش خادىم پولاتتىن سورىدى.

— مەن ئادىلەنى بېقىۋالغان دادىسى بولىمەن، — پولات بۇلارنى ئېيتىۋېتىپ ئادىلەگە ناھايىتى بىچارە قىياپەتتە بىر قېتىم قارىۋالدى، ئادىلە ئۆيلىمىغان يەردىن دادىسىنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ھېچ چۈشىنەلمەي بېشى قېتىپ قالغانىدى، شۇ تاپتا ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىيالمايۋاتاتتى...

— مەمەتنى ئۆلتۈرگەن ھەقىقىي قاتىل دەل مەن! — پولات

يۇقىرى ئاۋازدا يەنە بىر قېتىم ئېيتتى، ــــ ئۇ كۈنى مەن مەمەت بىلەن قىزىم ئادىلەنى ئىزدەپ بېيجىڭغا كەلگەنىدۇق. كېيىن ئۇ ئايلىنىپ كىرەي دەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. مەنمۇ ياتاقتا يال-غۇز يېتىپ زېرىكىپ قالغاچقا ئايلىنىپ كىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتىم. كەچكە يېقىن ياتاققا يېنىپ كىرسەم مەمەت قورسىقىنى تۇتقان هالدا ئىشىك ئالدىدا يېتىپتۇ. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بول-غانلىقىنى سورىسام، ئۇ پەقەت «ئادىلە، ئادىلە دېگەن بۇزۇق... ئۇ...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. مەن قىزىم ئادىلەنىڭ سەۋەب-سىزلا ئەخمىقانە ئىش قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئۇنىڭ گېپىدىن ئىشنىڭ ئەسلىي ماهىيىتىگە يەتكەندەك بولدۇم. ئۇ-نىڭدىن قىزىم ئادىلەنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى سورىسام، ئۇ جاۋاب قايتۇرمىدى. مەنمۇ جىلە بولۇپ تۇراتتىم. شۇ ۋاقىتتا ئاچچىقىمنى باسالماي يەردىن پىچاقنى ئېلىپ ئۇنىڭ قورسىقىغا پىچاق كىرىپ كەتكەن يەرگە قايتا كۈچەپ بىرنى تىقىۋەتتىم. ئاندىن نەرسىلىرىمنى ئېلىپ ياتاقتىن ئايرىلدىم.

ــــ ها... ها... ها... ــــ تەپتىش خادىم پولاتنىڭ گېپىدىن كېيىن قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. ئادىلە پولاتنىڭ دېگەنلىرىنى هېچ چۈشىنەلمەي هەم نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي كۆزلىرىنى پولاتقا تىككىنىچە قېتىپ قالغانىدى.

ــــ ئەپەندىم، سىز بىزنى ناهايىتى دۆت كۆرۈپ، قانۇننى هېچنېمىگە ئەرزىمەس چاغلاپ قالدىڭىزمۇ قانداق؟ ــــ تەپتىش خادىم كۆزلىرىنى پولاتقا تىكىپ تۇرۇپ كەسكىن ئاۋازدا، ــــ سىزنىڭ مېهمانخانىغا كىرگەنلىكىڭىزگە، ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى-ڭىزگە گۇۋاه بولىدىغان گۇۋاهچى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈس-تىگە نەق مەيدان پاكىتلىرى هەم گۇۋاهچىلارنىڭ سۆزلىرى هە-قىقىي قاتىلنىڭ دەل ئادىلە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. سىز سو-

تىمىزنى قالايمىقان قىلماڭ.
باياتىن بېرى پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئاقىلغۇچى ئادۋوكات ئەيىبلىگۈچى ئادۋوكاتنىڭ سۆزىدىن كېيىن قول كۆتۈرۈپ سوتـ چىدىن سۆز قىلىشقا رۇخسەت ئالدى.
— ھۆرمەتلىك باش سوتچى، سوتچىلار، ھاياتلىق ھەممە ئادەم ئۈچۈن ناھايىتى قەدىرلىك، كىم بولسۇن بىر كۈن بولسىمۇ كۈنـ نىڭ سىرىقىنى كۆرسەمكەن دەپ ئويلايدۇ. بىزنىڭ قانۇنىمىز ناـ ھايىتى ئادىلدۇر. جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر قانۇننىڭ تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەمما قانۇن ھەرگىز بىر بىگۇناھ ياش قىزـ نىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈپ قويمىسۇن. بۇ كىشى ئۆزىنىڭ جىـ نايەت ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئىقرار بولۇپ، ئۆز قىلمىشىغا توۋا قىدـ لىۋاتىدۇ. مەن بۇ كىشىدىن بىر قانچە سوئاللارنى سورىماقچىمەن.
— مەن قارشى، — تەپتىش خادىم ئۆزىنىڭ پاسسىپ ئەھۋالدا قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئاقىلغۇچى ئادۋوكاتنىڭ سۆزىگە رەدـ دىيە بەرمەكچى بولدى.
— قارشىلىق ئىناۋەتسىز! — باش سوتچى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتتى، — ئاقىلغۇچى ئادۋوكات، سوئالىڭىزنى داۋام ئەتسىڭىز بولىدۇ.
— سىز ئۆزىڭىزنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىڭىزگە ئىقرار بولدىڭىز. دېمەك، ئۆزىڭىزنىڭ قانداق جازاغا ھۆكۈم قىلىنىدىـ غانلىقىڭىزنى ياخشى بىلىسىز، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق... — پولات بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى.
— سىز ئالغۇدىكى كۆرۈنۈشتە سىزنىڭ ياتاقىا كىرىپ ـ چىققان كۆرۈنۈشىڭىز چىقمىغان، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟
— مەن... مەن... — پولات ئەمدى نېمە دېيىشىنى بىلمەي دۇدۇقلاپ قالدى، شۇنداقتىمۇ چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشتى.

— شۇ كۈنى مەن ياتاقتا بەك كەچ قايتقانىدىم، سىن ئالغۇنىڭ ئىشىدىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق.

— ياخشى... ياخشى... — ئادۋوكات مەمنۇنلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن سوتتىكىلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقىپ، — باش سوتچى، مەن مېھمانخانىنىڭ سىن ئالغۇ كۆرۈنۈشىنى قايتا بىر تەكشۈرۈپ چىقىشىنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى.

ئەمەلىيەتتە ئادۋوكات سىن ئالغۇ كۆرۈنۈشىنى قايتا - قايتا كۆرگەن، سىن ئالغۇ كۆرۈنۈشىدە قانۇن دوختۇرىنىڭ مۆلچەرى بويىچە پەقەت ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى ئۈچ سائەت ۋە ۋە-قە يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىنكى ئۈچ سائەتتىكى كۆرۈنۈشلەر بار ئىدى. ئادۋوكات مېھمانخانىغا بېرىپ ئامانلىق ساقلىغۇچى بىلەن كۆرۈشكەن، ئامانلىق ساقلىغۇچى ھەر بىر ھەپتىلىك سىن كۆرۈنۈشنىڭ ھەپتە ئاخىرى ئۆزلۈكىدىن يۇيۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ۋېي ئادۋوكات ساقچىلارنىڭ كەچتىكى سىن كۆرۈنۈشىنى تەمىنلىمەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدى. دېگەن-دەك ھەممە ئىشلار ئادۋوكاتنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقتى. بۇ كى-چىكىنە يوچۇق ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتقا كۆپ پايدا بولدى.

— باش سوتچى، ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، بۇ كىشى كەچتە ياتاقتا قايتىپ كەلگەن. لېكىن ساقچىلار پەقەت ۋە-قە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى ۋە ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىنكى نەچچە سائەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆچۈرۈۋالغان، كەچتىكى كۆرۈ-نۈشلەرنى كۆچۈرۈۋالمىغان، جاۋابكار ياتاقتا كىرگەندىن كېيىن مەمەتنىڭ يەردە قانغا مىلەنگەن ھالدا ياتقىنىنى كۆرگەن، لېكىن مەمەت بۇ ۋاقىتتا تېخى ئۆلمىگەن. كېيىن ئۇ مەمەتنىڭ ئۆز قى-زىغا پەسكەشلىك قىلماقچى بولغىنىنى بىلىپ ئاچچىقىنى با-سالماي بۇ پاجىئەلىك ۋەقە كېلىپ چىققان. ۋەقەدىكى ھەقىقىي جاۋابكار دەل بۇ كىشى، مەن سوتتىكىلەرنىڭ ئەتراپلىق ئويلى-

نىپ ئادىلە ۋە نەرگىزەلەرنى گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىشىنى، بۇ كىشىنىڭ ئۆز قىلمىشىغا ئىقرار بولۇپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن يېنىكلىتىپ جازا بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن... — ئادۋوكات شۇنداق دەپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— باش سوتچى، مەن بىر ئىشنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن، — تەپتىش خادىم رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى، — بۇ كىشى ئۆلگۈچىنى مەن ئۆلتۇردۇم دەپ ئېيتتى، لېكىن قانۇن دوختۇرىنىڭ بىزگە بەرگەن تەكشۈرۈش دوكلاتىدا پىچاقتا بۇ كىشىنىڭ ھېچقانداق بارماق ئىزى بايقالمىغان. بۇ كىشى قاراپ تۇرۇپ سوتنى قالايمىقان قىلىۋاتىدۇ، مەن ئەسلىدىكى ھۆكۈمنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىنى، جاۋابكار ئادىلەگە قانۇن بويىچە جازا بېرىلىشىنى ھەم بۇ كىشىنىڭ يالغان ئېيتىپ سوتنى قالايمىقان قىلغان قىلمىشى ئۈچۈن جازا بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن.

— پىچاقتا پەقەت ئادىلە ۋە ئۆلگۈچى مەمەتنىڭ بارماق ئىزى بايقالغان. ئاشۇ پىچاق بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭىزگە قانداق ئىسپات كۆرسىتىپ بېرىسىز؟ — سوتچى پولاتتىن سورىدى.

پولات سوتچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نەچچە دەقىقە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن سۆزىنى ئۇزۇپ - ئۇزۇپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— مەن ئادەتتە... دېلو ۋەقەلىكى تەسۋىرلەنگەن كىنولارنى كۆپ كۆرىمەن. دەل شۇ ۋاقىتتا پىچاقنى تۇتۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم، پىچاقتا بارماق ئىزىم قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتىم. شۇنىڭ بىلەن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ بىر سولياۋ خالتىنى قولۇمغا كىيىۋېلىپ ئاندىن ئۇنىڭغا پىچاقنى كۈچەپ تىقىۋەتتىم، كېيىن ئۇ سولياۋ خالتىنى سىرتتىكى ئەخلەت چېلەكگە تاشلىۋەتتىم.

پولاتنىڭ بۇ سۆزى بىلەن سوت ئىچىنى يەنە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلىدى. باش سوتچى ۋە سوتچىلار دېلو ۋەقەلىكىنى ئۆزئارا مۇلاھىزە قىلىشماقتا ئىدى، نەرگىزە ئاخىردا قانداق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىراپ كەتكەنىدى، ئادىلە دادىسىنىڭ مەمەتنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ھەرخىل پەرەز قىلىپمۇ ئۆزى قانائەتلەنگۈدەك ئېنىق جاۋابقا ئېرىشەلمەي يۈرىكى ئەنسىز سوقماقتا ئىدى. دادىسى ئۆز قىزىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلەۋاتاتتى، ئادىلە بۇلارنى سېزىپ تۇردى، ئۇ ئاخىرىدا ئەسكى بولسىمۇ دادىسىنىڭ گۇناھسىز تۇرۇپ جازاغا ھۆكۈم قىلىنىشىنى خالىمىدى.

— دادام يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، — دېدى ئادىلە يۇقىرى ئاۋازدا، — مەمەتنى ئۆلتۈرگەن ھەقىقىي قاتىل دەل مەن. دادامنىڭ بۇ ئىش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئۇ مېنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلەۋاتىدۇ. بايا دادام بىلەن كۆرۈشكىنىمدە ئۇ تېخى تونۇگۈن بېيجىڭغا ئايروپىلاندا كەلگەنلىكىنى ئېيتقان. مەن دادامنىڭ گۇناھسىز تۇرۇپ جازاغا تارتىلىشىنى خالىمايمەن، ماڭا قانداق جازا بەرسەڭلار مەن رازى...

ئادىلەنىڭ سۆزىدىن كېيىن ھەممەيلەن ئىچىدە بۇ ئاق كۆڭۈل قىزغا ئاپىرىن ئېيتىشتى. نۇرلان ئاكا بىلەن نەرگىزە يىغلاۋاتقانىدى. ئادۋوكات ئادىلەنىڭ سۆزىدىن كېيىن لاسىدە بولۇپ قالدى. ئۇ باش سوتچىنىڭ قانداق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىغا قىزىقىۋاتاتتى.

— دىققەت... دىققەت! — باش سوتچىنىڭ سۆزىدىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆز پاراڭلىرىنى توختىتىپ باش سوتچىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇشتى. پولات كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلاتتى، ئادىلەنىڭ گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىشىنى تىلەيتتى.

— بۈگۈن سوتىمىز شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇ: سوتىمىزدا بىر مەزگىل ئادەم ئۆلتۈردى دەپ خاتا تۇتۇپ تۇرۇلغان نەرگىزە پۈتۈنلەي گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلسۇن. ئۆلگۈچى جاۋابكارغا يامان نىيەتتە بولغان، ئادىلە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن تىرمە-شىۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن پىچاق ئۆلگۈچىنىڭ يۈرەك قىسمىغا كىرىپ كەتكەن، يەنە كېلىپ ئۆلگۈچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان پىچاق ئارقىلىق قىزغا تەھدىت ئىشلەتكەن. ئادىلەنىڭ قىلمىشى تامامەن يوللۇق قوغدىنىشقا كىرىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن ماددىلىرىغا ئاساسەن، جاۋابكار ئادىلەنىڭ قىلمىشى يوللۇق قوغدىنىش دەپ بېكىتىلسۇن، ئۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ كەلگەن ھەم سوتتىكى ئىپادىسى ياخشى بولغاچقا، جازاسى يېنىكلىتىلىپ ئۈنىڭغا ئۈچ يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلسۇن!

جاۋابكار پولات سوتنى قالايمىقان قىلغانلىقى ھەم بېقىۋالغان قىزى ئادىلەنى خورلاپ، ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ، سوت بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئايرىم جازا ھۆكۈم قىلىدۇ، سوت تامام!

باش سوتچىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن سوت ئىچىدە گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياغرىدى، ھەممەيلەننىڭ چېھرىدە خۇشاللىق جىلۋە قىلاتتى، نەرگىزەنىڭ گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىشى، ئادىلەگىمۇ يېنىكلىتىپ جازا بېرىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بارلىق كىشىلەر شادلىققا چۆمگەنىدى. نۇرلان ئاكا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي خۇشاللىقىدىن كۆز يېشى قىلدى. ئادىلە بولسا جايىدا خۇددى قېتىپ قالغان ئادەمدەك مىدىر قىلماي تۇراتتى، پولاتنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ياخشى يولغا مېڭىشنى ئەمدىلا قارار قىلغىنىدا تېزلا ئۆزىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى

زادىلا ئويلىمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ قىزى ئادىلەنىڭ بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتكىنىگە شۈكرى قىلىۋاتاتتى.

سوت ئاخىرلىشىپ ساقچىلار پولاتنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى، ئادىلە بولسا پولاتقا قاراپ قانداق قىلىشىنى بىلمەي جايىدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى، ئۇ پولاتنى دادا دەپ چاقىرغۇسى كېلەتتى، لېكىن خۇددى ئاغزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ئاۋازىنى چىقىرالمايتتى،

— دادا! — ئادىلە جانسىز توۋلىغىنىچە جايىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. پولات ئارقىسىغا نەچچە قېتىم داجىپ ئادىلەگە قارىۋالدى، ئۇ ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ ئادىلەنى چوڭقۇر دادىلىق مېھرى بىلەن باغرىغا بېسىۋېلىشنى ئويلايتتى، لېكىن شۇ تاپتا بۇنىڭغا قىلچە ئىمكانىيەت يوق ئىدى.

نۇرلان ئاكا نەرگىزەنى چىڭ باغرىغا بېسىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالماي يىغلاپ كەتتى، نەرگىزەنىڭمۇ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلەتتى. نەرگىزە بىر چاغدا ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ جايىدا ئولتۇرۇپ قالغان ئادىلەنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھەدە، جېنىم ھەدە!

نەرگىزەنىڭ زىل ئاۋازى ئادىلەنى خىياللار قوينىدىن تارتىپ چىقتى، ئۇ كۆز ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان، چىرايى قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان سىڭلىسى نەرگىزەنى كۆرۈپ ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى، ئۇزۇن يىل كۆرۈشەلمىگەن قوشكېزەك ھەدە ـ سىڭىللار يىغا ـ زارە ئىچىدە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە زادىلا قېنىشمايتتى، خۇشاللىق، ئازابتىن ئېتىلىپ چىققان ياشلار كۆزلەردىن توختىماستىن تۆكۈلمەكتە ئىدى.

باش سوتچى ئادىلەنى ئېلىپ كېتىشكە تەييارلىنىپ تۇرغان ساقچىلارنىڭ قولىغا پىچىرلاپ قويدى. سوتچى بۇ ئۇزۇن يىل

كۆرۈشمىگەن قوشكېزەك ھەدە ـ سىڭىللارغا خوشلىشىۋېلىشقا ئازراق ۋاقىت بېرىشنى مۆۋاپىق كۆرگەنىدى.
ئادىلە بىلەن نەرگىزە بىر ـ بىرىگە قانماي قارىشاتتى، ئەمدى بىر ـ بىرىنى زادىلا يوقىتىپ قويۇشنى خالىمىغاندەك قىلىپ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. نۇرلان ئاكا چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەنىدى. دەل شۇ چاغدا ئادىلە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان تونۇش بىر سىمانى كۆرۈپ ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئادىل قولىدا بىر دەستە ئەتىرگۈلنى كۆتۈرگىنىچە ئۇ- نىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.
— ئادىل!
ئادىلە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇنىڭغا قاراپ تۇۋلىدى، ئادىل يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئادىلەنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنى باغرىغا باس- تى، ياندا ئۇلارغا قاراپ تۇرغان نەرگىزە خىجىل بولۇپ كۆزلىرى- نى باشقا يەرگە ئېلىپ قاچتى. ئۇ يان تەرەپكە قارىدى ـ يۇ، ئۇ- زىمۇ بىلمەي چۆچۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئەخمەت كۆزلىرىدىن مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان ھالەتتە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. نەر- گىزە ئاستا قەدەملەر بىلەن ئەخمەتنىڭ يېنىغا كەلدى.
— نەرگىزە! — ئەخمەت نەرگىزەنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ناھا- يىتى پەس ئاۋازدا ئېيتتى.
— ئەخمەت، سىزنىڭ سوتتا ماڭا گۇۋاھچى بولۇپ بەرگىنى- ڭىزگە، ھەدەمگە ھەممە ئىشلارنى چۈشەندۈرگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت. بەك خۇش بولدۇم... — نەرگىزە ناھايىتى ئېغىر - بې- سىقلىق بىلەن شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆتمۈشنىڭ سايىلىرى خىرە ئەكس ئەتمەكتە ئىدى.
— نەرگىزە، ماڭا... ماڭا... يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرەلەر- سىزمۇ؟ — ئەخمەت ئەلەم ئىچىدە نەرگىزەگە قاراپ ئېيتتى، ئۇ- نىڭ كۆزلىرىدىن ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى يېلىنجاپ تۇراتتى.

— ئەخمەت... بولدى قىلايلى، سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز سۆيگۈنىڭىزگە ئىشىنىشىڭىزنى، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئال-دىراپ يەكۈن چىقارماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. خوش، بەخت-لىك بولۇڭ! — نەرگىزە يىغلاپ سالماسلىق ئۈچۈن ئالدىراپ ئۇ-نىڭ بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى. ئەخمەت پۇشايمان ئىلكىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ئادىلە ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ، ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ ئۈچ يىل ۋاقىت تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، مەن سىزنى دائىم يوقلاپ تۇرىمەن، سىز تۈرمىدىن چىققۇچە سىزنى ساقلايمەن. ئەمدى مەندىن ھەرگىز ئايرىلماڭ. مەن سىزنى سۆيىمەن. سىزنى چوقۇم بەختلىك قىلىمەن، بىز ھەممىنى قايتىدىن باشلاي-لى... — ئادىل ئادىلەنى چىڭ قۇچاقلىغان ھالدا ئۇنىڭغا ئوتلۇق ۋەدىلەرنى بەرمەكتە ئىدى. ئۇلارغا قاراپ تۇرغان ئاينۇرخان ئانا ۋە نۇرلان ئاكا بۇ ئىككى جۈپنىڭ بەختىنى تىلىمەكتە ئىدى.

94

چېھرىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ، ئاشىق كەبى ناخشا ياڭرىتىپ كەلگەن گۈزەل باھار پەسلى بىلەن يەر - زېمىن جانلاندى. پۈتكۈل كائىنات باھار ناخشىسىنى باشلىۋەتكەندى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان دەريا ئاشۇ ناخشىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ، قىرغاقلارغا ئۇنچە مارجان چېچىپ شوخلۇق بىلەن ئاقتى. دەل - دەرەخلەر گۈزەل ياز پەسلىنىڭ ئىللىق سۆيۈشلىرىدىن ياشىرىپ، ھۆسن - جاما-لىنى بېزەشكە باشلىدى. گۈل - گىياھلار ۋەسلىگە يېتىپ، قۇشلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغانىدى.

ھەممەيلەننى تەققەززا قىلغان ئۈچ يىل تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئادىلە جازا مۇددىتىنى ئاياقلاشتۇرۇپ تۈرمىدىن چىقتى. نەرگى-زەمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ يۇرتى-

غا قايتىپ كەلدى. ئادىلە، ياق نەفىسە بىلەن نەرگىزە كۆنبويى ئايرىلماي بىللە يۈردى. ئۇلار ئۈچ ۋاخ تاماقنى بىللە يەيتتى، قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ تاماقنى بىللە ئېتىپ يەيتتى. نۇرلان ئاكا قىزلىرىنىڭ تاماق ئېتىشىگە ياردەملەشكەچ قىزىق - قىزىق چاقچاقلىرى بىلەن كۈلدۈرەتتى. قوشكېزەكلەر ئاخشاملاردا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەدىيالنى ئېلىپ يېزىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئۆستەڭ بويىغا باراتتى. ئەدىيالنى ئۆستەڭ بويىغا سېلىپ، گازىر چېقىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆز - لىشەتتى. پۇتلىرىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇپ بىر - بىرىگە سۇ چېچىشاتتى. نەفىسە تولۇنئاينىڭ سۇتتەك نۇرى ئاستىدا سىڭ - لىسى نەرگىزەنىڭ سۇزۇك ئاۋازى بىلەن ئېيتقان مۇڭلۇق ناخ - شىلىرىدىن ھۇزۇر ئالاتتى.

— ئاپئاق سىڭلىم، ناخشا ئېيتىپ بېرە، خۇددى ئانامنىڭ باغرىدا يېتىپ ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلىغاندەك ھالەتتە ئۇيقۇغا كېتەي، — نەفىسە يېنىدا ياتقاچ تاتلىق گەپلەرنى قىلىپ بې - رىۋاتقان نەرگىزەگە ئېيتتى.

— بولىدۇ ھەدە، ھازىرلا. سىز بارغانسېرى كىچىك بالىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىسىز جۇمۇ... ھا... ھا... ھا ... بالا، كىچىك بالا... — نەرگىزە تاتلىق كۈلگىنىچە نەفىسەگە شوخلۇق بىلەن ئەركىلىدى.

— مەن كىچىك بالىمۇ؟ ئۇنداقتا سىزچۇ شەيتان؟ سىز زادى نېمە؟

— سىز كىچىك بالا، مەن دېگەن ئوماق بالا، — نەرگىزە شۇنداق دەپ كۈلدى، نەفىسەمۇ سىڭلىسىنىڭ تاتلىق گېپىدىن بارلىق غەم - قايغۇ، ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ ئىچ - ئىچىدىن چىقىد - رىپ ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى.

— بالام، قەيەرگە ماڭدىڭ؟ بۈگۈن يەكشەنبە كۈنىغۇ، يەكشەن-بە كۈنىمۇ ئىشلەمسىلەر؟ — ئاينۇرخان ئانا سىرتقا چىقىپ كې-تىۋاتقان ئادىلدىن سورىدى.

— ھە... بۈگۈن بىر دوستۇم بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم. شۇڭا...

— ئادىل، جېنىم بالام، ساڭا بىر ئىشنى ئېيتاي دېگەن...

ئادىل نېمە ئىش دېگەن مەنىدە ئانىسىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، مۇشۇ نەچچە كۈندىن بۇيان ئادىلنىڭ كەيپىياتى بەكمۇ ياخشى ئىدى، چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيتتى، تېخى بەزىدە شوخ-لۇق قىلىپ ئۆزىچە بىر ناخشىلارغا غىڭشىپ قوياتتى.

— يەنە قايسى ئىش بولاتتى جېنىم بالام، شۇ سېنىڭ توي ئىشىڭ...

— مۇشۇ ئىشلار بىلەنلا قالدىڭىزغۇ جېنىم ئانا، مەن سىزگە دېدىمغۇ؟ مەن ئادىلەدىن باشقا قىزغا ئۆيلەنمەيمەن دەپ... — ئا-دىل ئانىسىغا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويدى.

— لېكىن بالام... مەن... مەن ئۇ قىزنىڭ ئۆيىدىكىلىرى بى-لەن كۆرۈشۈپ، دېيىشىپمۇ بولدۇم. ئۇلار ھازىر بىزنىڭ ئاغزى-مىزغا قاراپلا قالدى، بۇدا مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلساڭ زادىلا بولمايدۇ.

ئادىل كۆڭلىدە ئانىسىنى يەنە قايسى قىزنىڭ گېپىنى قى-لىۋاتىدىكىن دەپ ئويلاپ ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالدى، ئۇ ئانى-سىنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى.

— ئانا! — ئادىل نارازى بولغاندەك قىلىپ سوزۇپ ئېيتتى.

— بالام، ئاۋۋال قىزنى بىر كۆرۈپ باق، ئەگەر ياقمىسا ئاندىن بىر نېمە دېسەڭمۇ كېچىكمەيسەن، — ئاينۇرخان ئانا شۇنداق دەپ

بىر پارچە سۈرەتنى ئېلىپ ئادىلغا ئۇزاتتى. ئادىلنىڭ چىرايى باشقىچە بولۇپ، ئانىسىنىڭ قولىدىن سۈرەتنى مەجبۇرلانغان هالدا ئالدى، ئۇ سۈرەتكە مۇنداق بىر قارىۋىدى، قارىدى ـ يۇ كۆزلىرى شادلىقتىن ئويناپ كەتتى، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي سۈ ـ رەتكە قايتا ـ قايتا قاراپ كەتتى. سۈرەتتە نەفىسە كۈلۈپ تۇرغان هالەتتە ئوتلۇق، شەهلا كۆزلىرىنى ئادىلغا تىكىپ تۇراتتى.

— ئانا! — ئادىل خۇشال بولۇپ ئانىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

## 96

تاغ تەرەپتىن گۈركىرەپ سوقۇۋاتقان سوغوق شامال قەبرىس ـ تانلىقتىكى توغ ـ ئەلەملەرنى ئېچىنىشلىق تىترىتەتتى. بۇ يەرگە كېلىپ قالغان ئادەملەرنى ئىختىيارسىز قورقۇنچ باساتتى. ئاشۇ توغ ـ ئەلەملەردەك تىترەپ كېتەتتى. ئاشۇ قەبرىستانلىقتىكى تو ـ پا يۆلەپ قويۇلغان قەبرە ئالدىدا بىر يىگىت يۈكۈنۈپ ئولتۇرات ـ تى. يۈرىكىدىكى ھەسرەتلىرىنى ئاشۇ قەبرىگە سىڭدۈرمەكتە. قەبرە ئاستىدا ياتقان سىڭلىسىغا قەلبىدىكى بارلىق ھېسسىياتنى ئۆكسىگىنىچە بايان قىلماقتا ئىدى، بۇ دېكىنز ئىدى.

دېكىنز قەبرىستانلىقتىن ئايرىلىپ ئادەمسىز چىغىر يولدا ئۈن ـ تىنسىز كېتىپ باراتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاكا!

«ئاكا» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ دېكىنزنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىد ـ لىپ قالدى. تېلېفوندىن ئادىلەنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتاتتى.

— ئادىلە؟ جېنىم سىڭلىم؟ ئادىلە... بۇ... بۇ سىزمۇ؟

— ئاكا، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ — ئادىلە شۇلارنى دەپ بولۇپ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلارنى قولى بىلەن سۈرتۈپ قويدى.

— مەن ياخشى سىڭلىم، ئۆزىڭىز ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ سىزنى كۆپ ئىزدىدىم، ئاشخانىغا ئىزدەپ بارسام سىزنى كېتىپ قالدى دېيىشتى. لېكىن كېتىش ئالدىدا ماڭا خەۋەر قىلىپمۇ قويماپسىز؟

— مېنى ئىزدەپ ئاشخانىغا باردىڭىزمۇ؟ — ئادىلەنىڭ كۆز ئالدىغا ئىپلاس ئاشخانا غوجايىنىنىڭ بەتبەشىرە چىرايى ئايان بولدى، ئۇ سەسكىنىپ كەتتى، — دېسەم گەپ بەك جىق ئاكا، ئا-رىدا نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى، سىزگە بۇ گەپلەرنى تېلېفوندا دەپ بولالمىغۇدەكمەن. ھە راست ئاكا، سىزگە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتاي، ئىككى كۈندىن كېيىن مېنىڭ تويۇم بولماقچى. سىزنىڭ تويۇمغا قاتنىشىپ بېرىشىڭىزنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن ئاكا...

— مۇبارەك بولسۇن سىڭلىم، مۇبارەك بولسۇن. سىزنىڭ بۇ قۇتلۇق تويىڭىزغا چوقۇم قاتنىشىمەن!

ئۇلار ئىككى كۈندىن كېيىن تويدا كۆرۈشىدىغان بولۇشۇپ تېلېفوننى قويدى. دېڭىز ئادىلەنىڭ ھاياجان، شادلىق چىقىپ تۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇشاللىققا تولدى.

97

بۈگۈن ھەممىنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق ئوينايتتى، قەلبلەر شادلىق ناخشىسىغا جۆر بولغانىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ چىقىۋاتقان كۈلكە ئاۋازى كىشىگە بىرخىل ئازادە تۇيغۇ بېغىشلايتتى. رەڭ-دار ئۆچىدىن چىقىۋاتقان شوخ مۇزىكىلار، تانسا - ئۇسسۇلغا چۈشكەن كىشىلەر، ئۇيان - بۇيانغا يۈگۈرۈشۈپ ئويناۋاتقان ئوماق كىچىك باللار... بۇ مەنزىرە كىشىگە ئىختىيارسىز ناھايىتى بەختلىك مىنۇتلارنى، بەختىيار كۈنلەرنى ھېس قىلدۇراتتى. كۆركەم بېزەلگەن ئۇستەلدە ناھايىتى چىرايلىق ياسانغان، ئەتلەس توي كۆڭلەكلىرى جامالىنى تولىمۇ نۇرلاندۇرۇۋەتكەن ئۇچ قىز بىلەن بادام دوپپا، كانۋاي كۆڭلەك كىيىپ ئۆز سالاپىتىنى، ياش-

لىق كۆچىنى نامايان قىلىپ تۇرغان ئۈچ يىگىت ئولتۇراتتى. ئۇلارنى ئورغۇنلىغان ياشلار چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان بولۇپ، توي بولغان بۇ بىر جۈپلەرگە بەخت تىلەشمەكتە ئىدى. نەفىسە بىلەن ئادىلنىڭ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى، نەرگىزە ھەدىسىگە قولداش، زۆھرە قىز بېشى، يارقىن ئادىلغا قولداش، تاھىر يىگىت بېشى بولغانىدى. ئادىل تۇرۇپ - تۇرۇپ يېنىدا ئولتۇرغان نەفىسەگە ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن قاراپ قوياتتى، نەفىسە ئىچ - ئىچىدىن خۇشاللىقتا چۆمگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئارزۇسى، ئۆزۈندىن بېرى تىلەۋاتقان ئارزۇسى، پەقەت چۈشلىرىدە، خىياللىرىدا ئۆزىگە ھەر دائىم ھەمراھ بولۇپ تۇرىدىغان ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقانىدى. نەفىسەمۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ شەھلا كۆزلىرى بىلەن ئادىلغا قارايتتى. ئۆزىنى ناھايىتى گۈزەل چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، خۇددى رىۋايەتلەردىكى مەلىكىلەردەك سەزمەكتە ئىدى.

— ئەمدى، بۈگۈن توپى بولغان بىر جۈپلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىز - ئوغۇل قولداشلىرىنى ئايرىم بىر مەيدان لىرىك تانسا ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىمىز! — رىياسەتچىنىڭ ئاۋازىدىن كېيىن رېستورانىنى قىقاس - چۇقان قاپلىدى. ھەممەيلەن بۇ خۇشال مىنۇتلاردىن ھوزۇرلىنىپ توۋلىشاتتى. ئادىل نەفىسەنىڭ قولىنى ئاۋايلاپ تۇتقىنىچە سەھنىگە چىقىپ كەلدى، ئارقىدىن يارقىنمۇ نەرگىزەنى ئېلىپ سەھنىگە چىقتى. پاراس - پۇرۇس قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۇلارنى تەبرىكلىشىپ چاچقۇ چېچىشتى. توي فىلىمىنى سۈرەتكە ئالىدىغانلار ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىش، سىنغا ئېلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— ئادىل، — نەفىسە پەس ئاۋازدا ئادىلغا قاراپ پىچىرلىدى.

ئادىل ئۇنىڭغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ مېھىر بىلەن تىكىلدى.

— پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، ئۆزۈمنى خۇددى رەڭدار چۈشلەر قوينىدا يۈرۈۋاتقاندەك سېزىۋاتىمەن. بۇ راستمۇ ئادىل؟

مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن؟

نەفىسەنىڭ پىچىرلاپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئادىل مىي-يىقىدا تاتلىق كۈلۈپ قويدى، ئۇ ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ نەفىسەنىڭ پېشانىسىگە ئوتلۇق لەۋلىرى بىلەن بىرنى سۆيۈپ قويدى ھەم ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى:

— نەفىسە... شۇ تاپتا ئۆزۈممۇ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن. لېكىن ئەمدى ھەرگىز سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن. سىزنى سۆيىمەن! مەڭگۈگە سۆيىمەن!

نەفىسە ھاياجان ئىلكىگە جۆر بولۇپ، بەختىنىڭ قۇچىقىدا ئەللەيلىنىشكە باشلىدى.

ئۇلاردىن نەچچە قەدەم يىراقلىقتا يارقىن بىلەن نەرگىزە، تاھىر بىلەن زۆھرە تانسا ئويناۋاتاتتى، يارقىن نەرگىزەگە قاراپ ـ قاراپ تويمايتتى، ئۆز ـ ئۆزىگە تۇۋا دېگۈسى كېلەتتى، جاھاندا مۇشۇنداق قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان قىزلارنىڭ بار ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. دەسلەپ ئۇ نەفىسەنىڭ ئادىل بىلەن توي قىلىدىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان بولسا، ئۆزى تولىمۇ تىرىشچان، ئەقىللىق، كۈلسە تولىمۇ ئوماقلىشىپ كېتىدىغان نەرگىزەنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا بارغانسېرى ئامراق بولۇپ قېلىۋاتاتتى. نەرگىزەمۇ يارقىننىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان قاراشلىرىدىن ئازراق خىجىللىق ھېس قىلىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ ھەدىسىدىن يارقىننىڭ نۇرغۇن ياخشى سۆزلىرىنى، ئالىيجاناب، ئېسىل يىگىت ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا قىزىقىپ قالغانىدى. ئەخمەتكە ئوخشاش مۇقىم مەيدانى يوق يىگىتلەردىن بۇ يىگىت كۆپ پەرق قىلىدىكەن دەپ ئويلاۋاتاتتى.

— ئەجەب جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ پاراڭلاشقاچ ئويناملدۇق؟— يارقىن كۈلگىنىچە نەرگىزەگە ئېيتتى.

— ئەمسە ئوغۇل بالا بولغاندىكىن گەپنى سىز باشلىماي-سىز؟ — نەرگىزە شۇنداق دەپ كۈلگىنىچە ئۇنىڭغا ئوماققىنە جىلۋە قىلدى، بۇنىڭدىن يارقىننىڭ نەرگىزەگە بولغان قىزىقىش-لىرى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتكەندەك بولۇپ، يۈرەكلىرى چىمىمدە قىلىپ كەتتى.

— سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم نەرگىزە، راستىنىلا... — يارقىن شۇنداق دەپ نەرگىزەنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە كۆزلىرىنى تىكتى. تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ سۆزدىن نەرگىزە گاڭگىراپ قالغانىدى، ئۇمۇ بىر ھازا يارقىننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى، يارقىن-نىڭ كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر ئۇچقۇنلارنى سەزگەندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراۋېرىشكە ماجالى يەتمەي تېزلا كۆزلىرىنى باشقا يەرگە ئېلىپ قاچتى.

— جاۋاب بەرمەيسىزغۇ؟ بۇنداق دېسەم مېنى ھەرگىز باشقىچە ئويلاپ قالماڭ نەرگىزە، مەن ئادەتتە بەكمۇ تۈز... — يارقىن ئۇ-نىڭ قولاق تۈۋىگە ئاغزىنى يېقىپ ئېيتتى.

— نېمىگە جاۋاب بېرىمەن؟

— بايىقى گېپىمگىچۇ؟ مەن سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم.

— ھا... ھا... ھا... مېنى ياقتۇرۇپ قالدىڭىزمۇ، ھەدەمنىمۇ؟ ھەدەمنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتمىگەنسىز؟ — نەرگىزە ئۇنىڭغا چاق-چاق قىلىپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. بۇ گەپتىن يارقىن قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپ كەتكەنىدى، بىردىنلا ئۇنىڭ چىرايى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى. نەرگىزە ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ئەمەلىيەتتە... ئەمەلىيەتتە... سىز مېنىڭ نەزىرىمدە بەكمۇ ياخشى يىگىت!

يارقىن نەرگىزەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى.

— رەھمەت سىزگە زۆھرە، سىزنىڭ مەندەك قولىدىن قارا ئىشتىن باشقا نەرسە كەلمەيدىغان يىگىتكە كۆڭلىڭىزنى بەرگە-نىڭىزگە كۆپ رەھمەت، — تاھىر ئۆزىدىكى مىننەتدارلىقنى يو-شۇرۇپ ئولتۇرماي زۆھرەگە ئېيتتى. زۆھرە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويدى:

— بۇنداق گەپلەرنى قىلىۋەرمىسىڭىزچۇ تاھىر، سىزنى دۇن-يادىكى ھېچقانداق بىرىگە تەڭ قىلمايمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا بىز-نىڭمۇ ئاز كۈندىن كېيىن ئادىل بىلەن نەفىسەدەك قۇتلۇق كۈنە-مىز بولىدۇ.

— ئۇلۇغ ئاللا بەختىمىزنى بەرسۇن زۆھرە، ئانام ئىككى كۈندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئۆيگە ئەلچى كىرگۈزمەكچى بولۇۋاتىد-دۇ... — تاھىر بۇ سۆزلەرنى ھاياجان بىلەن ئېيتتى.

— شۇ كۈنلەرنى تەقەززالىق ئىلكىدە كۈتۈۋاتىمەن. راست بىز دېگەن خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر جۇمۇ...

— راست دەيسىز زۆھرە، بىز دېگەن ھازىرقى زامانىدىكى تاھىر - زۆھرە...

بۇ گەپتىن ھەرئىككىلىسى ئىچ - ئىچىدىن چىقىرىپ كۈلۈ-شۈپ كېتىشتى.

— ئادىلە، سىزنى سىرتتا بىر يىگىت چاقىرىۋاتىدۇ. ئىچىگە كىرىڭ دېسەم ئۇنىمىدى، سىزگە دەيدىغان مۇھىم گەپلىرى بار ئوخشايدۇ، — بىر قىز ئەمدىلا تانسىدىن چۈشۈپ ئورنىدا ئول-تۇرغان ئادىلەنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى. ئادىلە كۆڭلىدە كەلگەن يىگىتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى. ئۇ ئادىل بىلەن بىرگە رېستوران سىرتىغا چىقتى. سىرتتا دىڭىز ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە تۇراتتى.

— ئاكا!

ئادىلە تولۇغىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ دىڭىزنى چىڭ قۇچاقلىد-دى، دىڭىزمۇ مېھىر بىلەن، ھەقىقىي ئاكىلىق مېھرى بىلەن ئۇ-

نىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

— مۇبارەك بولسۇن سىڭلىم، بەخت سىلەرگە قۇچاق ئاچ-سۇن، — دېگىنىز شۇنداق دەپ يانچۇقىدىن ناھايىتى نەپىس، كۆر-كەم ياسالغان ئالتۇن ئۇزۇكنى ئېلىپ ئادىلەنىڭ قولىغا تاقاپ قويدى.

بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەردىن ھەممەيلەننىڭ چېھرىدە خۇشاللىق بالقىيتتى، كۆزلىرىدە بولسا خۇشاللىق ياشلىرى ئەگىيتتى...

## خاتىمە

ھايات دەرياسى توختىماي شاۋقۇنلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ، ئىنسان ئاشۇ شاۋقۇنلۇق ئېقىندا گاھ ئۆرۈلۈپ، گاھ سوقۇلۇپ، گاھ شۇڭغۇپ ئۆزى ئارزۇ قىلغان غايىۋى نىشانلىرى، تەشنا بولغان بىغۇبار گۈزەللىك ۋە چىن مۇھەببەت ئۈچۈن تاكى ئاخىرقى مەنـ-زىلگە يەتكەنگە قەدەر ھايات مۇساپىسىنى بېسىپ ھاياتنىڭ ئاچ-چىق - تاتلىق، ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ نۇرغۇن تەجرىبىلەرگە، نەتىجىلەر-گە ئېرىشىدۇ، مانا بۇ ھايات!

ھايات تاڭ سەھەردە كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىغا ئوخشاش قە-دىرلىكتۇر! ھايات، ئۇ خۇددى ئانىنىڭ ئەللەي ناخشىسىدەك يې-قىملىق ھەم سۆيۈملۈكتۇر!

سىز ھاياتنى ئۆزىڭىزنىڭ قارشىسىدىكى خاسىيەتلىك ئەينەك دەپ چۈشىنىڭ. سىز كۈلسىڭىز، ئۇمۇ سىزگە قاراپ كۈلىدۇ. سىز يىغلىسىڭىز، ئۇمۇ كۆز ياشلىرىنى تۆكىدۇ. ئەگەر سىز ئىشەنچىڭىزنى يوقاتسىڭىز، ئۇمۇ ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ ئۇنى تاردەك ھېس قىلسىڭىز، شەك-سىزكى، ئۇ كۆز ئالدىڭىزدا تېخىمۇ تارلىشىپ كېتىدۇ؛ سىز ئۆ-

زىڭىزنىڭ ئۇمىدكە، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇرغىنىڭىزنى ئىپا-دىلىيەلىسىڭىز، ھاياتمۇ سىزگە كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ؛ ناۋادا سىز ھاياتنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر يۈك دەپ قارىسىڭىز، ئۇنىڭ غايەت زور يۈككە ئايلىنىپ، ئۆزىڭىزنى كاردىن چىقىرىۋاتقىنىنى ھېس قىلىسىز... ئىشقىلىپ، سىز ئۇنىڭدىن ئۆز ئەكسىڭىزنى كۆرە-لەيدىغانلىقىڭىزدىن شەكلەنمەڭ.

ھايات ـــ ئەسلىدىنلا مەۋجۇت نەرسە. بىزنىڭ تەۋەللۇت دە-قىقىلىرىمىزدىن تارتىپ ئۇ بىز ئۈچۈن يېڭىباشتىن باشلانغان بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، سىزنىڭ قەدەم ئىزلىرىڭىز ئۇنىڭغا چېكىلىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭدا سىزنىڭ «چىغىر يوللىرىڭىز» شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، سىزنىڭ ئۇنىڭ باغرىغا چەككەن، ئۇنىڭ باغرىدا ئاچقان يوللىرىڭىز قانداق يول بولسا، سىزنىڭ ماڭىدىغىنىڭىزمۇ شۇنداق يول بولىدۇ.

تامام

NIEDERSÄCHS.
STAATS. U. UNI.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN